# تالانت بوسۇغىسى

ئىسلامجان شېرىپ



شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى



ئىسلامجان شېرىپ

# تالانت بوسۇغىسى

شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى
1996 - يىل. ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: پالتاخۇن ئەۋلاخۇن
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئىمامھەسەن ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

# تالانت بوسۇغىسى

ئىسلامجان شېرىپ

شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھەر غالىبىيەت كوچا №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 18.375
1996 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—5.000
باھاسى: 15.80 يۈەن
ISBN 7-5631-0806-8/G·461

## نەشرىياتتىن

ئىسلامجان شېرىپ 1947 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەشكىرەم يېزىسىدا بىر باغۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1965 - يىلىغىچە يۇرتىدا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن. 1967 - يىلى سابىق مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ، 1975 - يىلىغىچە يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1980 - يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆ- لۈمىدە ئىشلىگەن. شۇ مەزگىللەردە ئۇ يەنە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. 1990 - يى- لىغىچە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئىجادىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1990 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەر- رىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئىسلامجان شېرىپ جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاز بولمىغان قىممەتلىك ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «تالانتلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى)، «ئەقىل ۋە پەزىلەت» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى)، «ئادەم ۋە ئىقتىدار» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى)، «تالانتشۇناسلىق» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى) قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئادەم ۋە ئىقتىدار» دېگەن كىتابى بىلەن «ئۈمىد ۋە ئارزۇ» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىجتىمائىي پەنلەر نادىر ئەسەرلىرىنى باھالاش كۆرىكىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئىسلامجان شېرىپ يۇقىرىدىكى نەتىجىلىرىدىن باشقا، پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، تالانتشۇناسلىق، سىياسىي نەزەرىيە جەھەتلەردە كەڭ دائىرىلىك تەرجىمە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جاڭ چيەن ھەققىدە ھېكايىلەر»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، «چەت ئەل تارىخى ھەققىدە ھېكايىلەر» (مەجمۇئە)، «بىلىش ۋە ھەقىقەت»، «تەجرىبىچىلىكمۇ ياكى ماركسىزممۇ»، «باھار» (رومان)؛ شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دۇنيانىڭ بەش مىڭ يىلى» (3 - تومى)، «يىلتىز» (رومان)؛ شىنجاڭ

پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «پەن - تېخنىكا تالانتشۇناسلىقى»، نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان «ئىختىراشۇناسلىق بوسۇغىسى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى بار. قولىڭىزدىكى «تالانت بوسۇغىسى» دېگەن بۇ كىتاب ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ئۇرغۇتۇش، ئالاھىدە تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تالانت بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىش ھەققىدىكى ئارزۇ ئارمانلىرىمىزنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىر ئىلمىي نەزەرىيۋى ئەسەردۇر.

بىز ئاپتورنىڭ نەزەرىيۋى تەتقىقات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تەبرىكلەيمىز ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قازىنىشىغا تىلەكداشمىز.

# مۇندەرىجە


I باب تالانت ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى .................. 1

§1. تالانت ئاتالغۇسى .................. 1

1. تالانت باغچىسى .................. 1

2. تالانت بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى .................. 8

3. تالانت ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ...... 15

§2. تالانتنىڭ شەكىللىنىشى .................. 23

§3. تالانت شەكىللىنىشىنىڭ ئومۇمىيلىقى .................. 54

II باب تالانتنىڭ ئاساسى .................. 71

§1. ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ مۇناسىۋىتى .................. 73

§2. ئەقلىي قابىلىيەت .................. 80

§3. ئەقلىي ئىقتىدار .................. 88

III باب تالانتنىڭ يېتىلىشىدىكى ئىككى چوڭ تەرەپ ... 109

§1. تالانت يېتىلىشىنىڭ ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى .................. 109

§2. تالانت يېتىلىشىنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى .................. 126

IV باب تالانت ئاساسىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى .................. 139

§1. كىشىلەر ئەقلىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ۋە زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈش .................. 140

1. كىشىلەر ئەقلىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى .................. 140

2. زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈش .................. 144

§2. ئەقلىي زىيادىلىك .................. 148

1. ئەقلىي زىيادە بالىلار بىلەن بالدۇر يېتىلگەن

بالىلارنىڭ پەرقى ........................ 149
2. ئەقلىي زىيادىلىك ئالامەتلىرى ........................ 151
§3. ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئاساسى ........................ 159
§4. ئەقلىي زىيادە بالىلارنى تەربىيىلەش ........................ 173
1. ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغان بالىلارنى تەربىيىلەش ........................ 174
2. ئەقلىي زىيادە بالىلارغا ئومۇمىي تەربىيە بېرىشنىڭ پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرى ........................ 175
3. دەسلەپكى ئومۇمىي تەربىيىنىڭ ئاساسى ۋە ۋاقىت تاللىشى ........................ 178
4. ئەقلىي زىيادە بالىلارنى ئوقۇشقا تەشكىللەش ئۇسۇللىرى ........................ 179
5. بالىلار پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ........................ 181
§5. ئەقلىي كەملىك ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........................ 183
1. ئەقلىي كەملىك ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ........................ 183
2. ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........................ 189
3. ئەقلىي كەم بالىلارنى ئەقلىي نورماللىققا، ھاملىلەرنى ئەقلىي زىيادىلىككە كۆتۈرۈش ........................ 195
V باب ئەقلىي زىيادە بالىلارغا ۋە ھامىلىلەرگە تالانت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ........................ 208
§1. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەقلىي زىيادە بالىلار ئالدىدىكى بۇرچى ........................ 208
1. ئەقلىي زىيادە بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى زىيادە ۋەزىپە ئۆتەش كېرەك ........................ 209
2. ئەقلىي نورمال بالىلارنى بالدۇر يېتىلدۈرۈش ۋەئۇلارنى ئەقلىي زىيادىلىككە كۆتۈرۈش ........................ 216
3. ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈش ........................ 222

§2. ھامىلىلەرگە تالانت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ...... 233

VI باب تالانتنىڭ جانلىق ھالىتى ...... 239

§1. ئىجادىيەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەركىبى ... 242

1. ئىجادىيەت ...... 242

2. ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەركىبى ...... 254

§2. ئىجادىي ئادەم ...... 270

§3. تالانتلىق ئادەمدىن ئالاھىدە تالانتلىق ئادەمگىچە... 285

VII باب ئىجادىي تەپەككۇر ...... 306

§1. ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ...... 306

1. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تەبىرى ...... 306

2. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى... 312

§2. ئىجادىي تەپەككۇر ۋە غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكىللىرى ...... 316

1. ئىلھام بىلەن بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرىنىڭ پسىخولوگىيىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ...... 316

2. ئىلھام تەپەككۇرى بىلەن بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرىنىڭ پەرقى ...... 322

3. ئىلھام ياكى ئىلھام تەپەككۇرى ...... 326

4. بىۋاسىتە سەزگۈ ...... 342

5. ئىجادىي تەسەۋۋۇر ...... 370

§3. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئۇسۇللىرى ...... 382

1. ئىجادىي تەپەككۇر زامانىۋى ئىلمىي ئۇسۇللارغا موھتاج ...... 382

2. ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ...... 386

3. ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپلىرى ...... 399

4. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئۇسۇللىرى ...... 427

VIII باب خاسلىق ۋە ئىجادىي خاسلىق ...... 487

§1. خاسلىق ۋە ئۆنىڭ ساغلاملىقلىقى ........................ 487
1. خاسلىقنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتتىكى ئورنى ......... 487
2. خاسلىقنىڭ تەبىرى ........................ 493
3. خاسلىقنىڭ ساغلاملىق ئالامەتلىرى ........................ 503
§2. ئىجادىي خاسلىق ........................ 514
1. ئىجادىي خاسلىقنى ئىگىلەشنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت
يېتىشتۈرۈشتىكى ئورنى ........................ 514
2. ئىجادىي خاسلىقنىڭ مەزمۇنى ........................ 519
3. ئىجادىي خاسلىق بىلەن زىچ باغلانغان
پسىخىك پەزىلەتلەر ........................ 544

# I باب  تالانت ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى

## §1. تالانت ئاتالغۇسى

### 1. تالانت باغچىسى

هەممە كىشى بەختلىك بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. بۇ ئىنسانلار تەبىئىتىدىكى نەرسە. ئەمما، بەخت باغچىسى قاتمۇقات توسۇقلار بىلەن ئورالغان تۇرسا، ئۇنىڭغا قورقۇنچاقلار كىرەلەمدۇ؟ تالانت بىزنىڭ بەختىمىز ئۇچۇن ئېچىلغان باغچە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۆجىزىلىك ئۇرۇقلار كۆمۈلگەن، ئۇنىمۇ يەڭمەك تەس بولغان خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلار ئوراپ تۇرىدۇ، ئىزچىل ئەمگەك بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىن باش تارتىدىغان قورقۇنچاقلار ئۇنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتەلەمدۇ؟

قورقۇنچاقلىق ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تارايتىدۇ، تۆت ئەزاسىنى رودىمېنتلاشتۇرىدۇ، تەپەككۇرىنى بېكىنمە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، روھىي دۇنياسىنى ئىسارەتتە قالدۇرىدۇ. بۇ ھالدا ئادەم جىسمانىي جەھەتتە يا ئىسسىققا، يا سوغۇققا چىدىيالمايدىغان، روھىي جەھەتتە غەزەپكىمۇ، قايغۇغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، گەپ - سۆزدە بىر دائىرىنىلا چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ - دە، بۇنداق ئادەمگە ۋەھىمە ئەرۋاھلىرىنىڭ كۆزى

چۇشىدۇ:

ــ هەي، قانداق، مەن ساڭا هالىڭغا بېقىپ ئىش قىل، پۇت - قولۇڭ كارغا كەلمىگەندىن كېيىن ئېگىز شاخلارغا ئېسىل-ما، نەزەر دائىرەڭ تار بولغاندىكىن چوڭقۇر خىياللارنى سۈرمە دېگەنغۇ؟!

ۋەھىمە ئەرۋاھلىرى غورقۇنچاقلارغا ئەنە شۇنداق ۋەھىمە سېلىپ، قانچىلىغان تالانت بىخلىرىنى ئېكەكلىۋەتكەندۇ، يەنە قانچىلىغان ئانچىكى ئادەملەرنى ئېگىز چوققىلارغا چىقىرىپ، تا-لانت بىخلىرى ۋەھىمە ئىچىدە ئېكەكلىنىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆرەڭلەتكۈزگەندۇ - ھە! قەتئىيەت بىلەن ھەرقانداق توسقۇنلۇق بويسۇندۇرۇلىدىغان يەردە، ئۆتمۈشتىكى ھەممە ئادەم ئاشۇنداق قورقۇنچاقلارغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، ئىنسانلاردىكى بۈگۈنكى گۈزەللىك قەيەرلەرگىمۇ كېتەر ئىدى؟

بىراق، ئادەم دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، كىشىلەر يەنىلا ئامەتلىك بولغان. ۋەھىمە ئەرۋاھلىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قورقىتىۋېتەلمىگەن. ھەربىر زاماندا ۋەھىمە ئەرۋاھ-لىرىدىن قورقمايدىغان ئادەملەرمۇ بولۇپ تۇرغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تالانت بىلەن بىللە ماڭىدىغان ھەقىقىي باتۇرلار بولسا، بەزىلىرى ۋەھىمىلىك بىلەن بىللە ماڭىدىغان قاراقچىلار بولغان. بۇنداقلار قانچە كۈچلۈك بولغاندىمۇ تارىخ ئېقىمىدا غىل - پال كۆرۈنۈپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان يولۇچىلارغا ئايلىنىپ، يا ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلانغان. يا لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلانغان. تەبىئىيكى بۇلار بىز ئۈچۈن سەلبىي مۇئەللىم. تالانت بىلەن بىللە ماڭى-دىغان پاراسەت دۇلدۇللىرى بولسا، باتۇرلۇقنى جايىدا ئىشقا سېلىپ، قەتئىيەت بىلەن ئېگىز چوققىلارغا ياماشقاندىمۇ مۇۋا-پىقلىق دەرىجىسىنى ئىگىلەپ، پۈتكۈل ھاياتىنى ۋە پۈتكۈل دۇن-يانى پاراسەت ئوقى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان دائىرىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ، پېشانىسىدىكى «ئەقىلسىزلىق» شورىنى يۇغان ۋە تالانت

باغچىسىغا كىرگەن. بۇ سەپەر ئۇستىدە ئۇلارنىڭ پاراستىدە تالانت باغچىسى ئۇراپ تۇرغان قىيىنچىلىقلارنى، ئۆزىدىكى ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىدىغان ماھارەت، بىلىمنىڭ ھەزىنىلىرىگە بۆسۈپ كىرەلەيدىغان جاسارەت بولغان، بۇنداق پاراسەت باتۇرلۇقى ئۇلارنى شۇ زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا باشلامچىلىق قىلىدىغان ئىجادىيەت ۋەكىللىرىگە ئايلاندۇرغان.

دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى پاراسەت چولپانلىرى ۋە بىزنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ناۋائى ھەمدە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىدەك ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىز ئەنە شۇنداق پاراسەت باتۇرلۇقى بىلەن بىللە مېڭىپ ئىنسان تەبىئىتىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلاردىن ئىبارەت ۋەھىمە ئىلاھلىرىنى ۋەيران قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ روھى ھېلىمۇ بىزگە تەلمۈرمەكتە، بىز ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ۋە زامانىمىزنىڭ ئېينىشتېيىن، ئېدىسوندەك چولپانلىرىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى ئىچىدە تۇرۇقلۇق، شۇنچە ئۇزاق زامانلار دۇنياغا يارامىلىق ئىجادىيەتلەر تەقدىم قىلالمايۋاتقان ناقابىللىقىمىزدىن خىجىل بولماي، يەنىلا ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزغا باش ئۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىزمۇ؟

تارىخنىڭ تەرەققىياتى — ئىنسانىيەت ئاللىقاچان چىقىپ بولغان چوققىلاردىن ئۇزلۇكسىز ھالقىپ ئۆتۈشتۇر. تارىخ بىلەن بىللە مېڭىش ئەنە شۇ ئىنسانلار ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چوققىلارغا پاراسەت باتۇرلۇقى بىلەن چىقىشتۇر. بىز تەكرارلانمايدىغان ھاياتىمىزدا بۇ چوققىلارغا چىقماي تۇرۇپ ۋىجدان ئالدىدا نېمە دەيمىز؟

زامان ئەھلى ئۇلۇغ ئەجداد ۋە دەۋرداش دانىشمەنلىرىنىڭ ئۈمىدى بولغان ۋىجدان ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشتە تالانتتىن ئىبارەت يۈكسەك گۈزەللىك ئۇرۇقىنى پەرۋىش قىلىشنى دانالىق بىلىپ مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

ئاۋۋال ساڭا خىتاب قىلىمىز تالانت، سەن تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى؛ سېنىڭ ياردىمىڭ بولمىسا ئېقىمغا قارشى كېمە ھەيدەپ جاپا چەككەن ھەم ئورۇنسىز ئەمگەك قىلغان بولاتتۇق؟ سەن سورتلۇق ئۇرۇقلارنى چاچىسەن، ئۇنى سەنئەت بولىقى بىلەن سۇغىرىپ، ۋايىغا يەتكۈزىسەن. تالانت، سەن مېھرىبانلىق بىلەن قولۇمدىن يېتىلەپ، تەبىئەتنىڭ سىرلىق قەسىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاددىي كىشىلەر ئېرىشەلمەيدىغان تىلسىملارنى كۆرسەتىسەن. مېنى تاۋلىغىن تالانت، ئەقىل نۇرلىرىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنى ئېنىق بىلدۈرگىن. كىشىلەر ھەممىشە تۇمان ئىچىدە گاڭگىراپ قېلىپ ئالدامچىلىق نەيرەڭلىرىگە چوقۇنىدۇ ھەمدە ئالدامچىلىقنىڭ ئۆزىدىن يىرگىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى ئالدىماقتا. مەسخىرە قىلىش زۆرۈر بولغىنى دەل ئۇلارنىڭ ئۆزى. تۇماننى قايرىۋەتسەڭ ئۆزىنى ئالداش ئەقىل - پاراسەت بىلەن بېزەلگەن، ئاچكۆزلۈك باياشادلىق نىقابىنى كىيگەن، ياۋۇزلۇق شان - شەرەپ قىياپىتىگە كىرىۋالغان. بۇلارنىڭ يۈزەكى نىقابلىرىنى ئېلىپ تاشلىگىلار! تالانت سەن پان، سىرۋانتىس، شېكىسپىرلارغا مەدەت بەرگەن پارلاق نۇرلىرىڭنى مەندىنمۇ ئايىمىغايسەن! كۆزۈمنى يورۇتۇپ، ئاتالمىش خىجىللىقنىڭ ئۆز ھاماقەتلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇش ئىكەنلىكىنى تونۇتقىن.

ئەمدى ساڭا خىتاب قىلىمىز، ئىنسانپەرۋەرلىك، سەن ھەقىقىي تالانت بىلەن مەڭگۈ بىللە، سەن شەپقەتلىك قەلبىڭنى بىزگە ئاتا قىلغىن، سەن ئەبەدىي قۇرۇماس بۇلاق، ئالىيجاناب، پاك دوستلۇق، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان گۈزەل مۇھەببەت، سېخىي مىجەز، قىزغىن، سەمىمىي تەشەككۈر، نازۇك، زىل ھېسداشلىق، شەخسىيەتسىز ئوچۇق - ئاشكارا نەسىھەتلەر سەندىن پەرۋىش تاپىدۇ. سەن ئاق كۆڭۈللۈككە قىزغىن كۈچ ئاتا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياجانلىق كۆز يېشىغا، خىجىللىقتىن قىزىرىشقا سەۋەبچى بولىسەن، ياكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئازاب،

خۇشاللىق ۋە غەمخورلۇق دولقۇنىنى ئۈرلىتىسەن.
يەنە ساڭا خىتاب قىلىمىز، بىلىم، سەن بولمىساڭ تالانت
دەرىخى قۇرۇپ كېتىدۇ، بىلىم، كەل مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا! بالىلىق
قىمدىن تارتىپلا ساڭا چوقۇنغانمەن. سادىق قەلبىم بىلەن ساڭا
بولغان ئىنتىلىشىمنى ئىزھار قىلاي، كەل، يىللارسېرى ئاۋۇۋاتقان
ئاشۇ چەكسىز، مول خەزىنەڭدىكى سەلتەنەتلىك پارلاق بايلىقلى-
رىڭنى تۆككىن! خەزىنەڭنىڭ دەرۋازىسىغا يېزىلغىنى قايسى خىل
يېزىق بولمىسۇن، ئاچقۇچىڭنى ماڭا بەر!
ئاخىرىدا ساڭا خىتاب قىلىمىز، تەجرىبە، سەن دانىشمەن-
لەر، دىيانەتكارلار، بىلىم ئىگىلىرى ۋە ئاكابىر ئەشرەپلەر بى-
لەن ئەزەلدىنلا دوست، ياق، سەن ئۇلار بىلەنلا دوست ئەمەس،
سەن مەنسەپدارلاردىن تارتىپ ئەسكەرلەرگىچە، گراف خانىملار-
دىن تارتىپ ئادەتتىكى ئاياللارغىچە بولغان ھەر خىل كىشىلەر
بىلەن دوست، ئىنسانلار ئۆزىنى بىلمەكچى بولىدىكەن، سەن
ئاچقان يوللار بىلەن مېڭىشى كېرەك. لېكىن كىتابخانىدىن
چىقمايدىغان بىلىم مەستانىلىرىنىڭ ئىقتىدارى قانچىلىك ئۈستۈن
بولمىسۇن، بىلىمى قانچىلىك كەڭ بولمىسۇن، بەرىبىر ئۇلار
ئىنسان تەبىئىتىنى ھەقىقىي، دەل بىلىپ يېتىشكە قادىر
ئەمەس①».
راست، تالانت، ئىنسانپەرۋەرلىك، بىلىم، تەجرىبىلەرنى
ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ زامان تەلىپىدە چۈشەنگەندە، خى-
تابىتىكى گۈزەللىك تەلەپلىرى گويا تەقدىرى مەڭگۈلۈك بىر-
بىرىگە چېتىۋېتىلگەن بىر پۈتۈن ھاياتتىكى ئەزالاردەك مۇجەس-
سەملىكىنىڭ كامالىتىدۇر. بۇنداق كامالەت ھەممە ئادەمدە بولۇ-
ۋەرمەيدۇ. بىراق، كىشىلەر تەبىئەتىنىڭ ئىلتىپاتىدىن، كۆرە، كۆپ-
رەك ئۆگىنىش ۋە مەشق ئارقىلىق كامالەتكە يەتكەچكە، بۇۋىجدان

① ئەنگلىيەلىك توم جونس: «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 93 - يىل
4 - سان 43 - بەت.

رىغبىتى بىلەن پاراسەت باتۇرلۇقىنى مەشق قىلىشنى ئالدىغا قويە‌غان ئادەمگە بۇمۇ چىققىلى بولمايدىغان چوققا ئەمەس. چۈنكى ئادەم باشقا مەخلۇقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئاجىز-لىقلىرىنى بىلىپ، ئۇنى تولۇقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئىنسانلار ئەنە شۇنداق ئاجىزلىقلىرىنى بىلىپ يېتەلىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆز-لىرىنى تولۇقلاپ ماڭالىغان. ئادەمنىڭ كۆرۈش قابىلىيىتى لاچىن-نىڭ كۆرۈش قابىلىيىتىگە يەتمىگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ بۇ ئاجىز-لىقىنى تولۇقلاش ئارزۇسىدا تېلېسكوپنى ئىجاد قىلىپ، لاچىننىڭ كۆرۈش قابىلىيىتىدىن مىليون ھەسسىلەپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئادەمنىڭ مېڭىش سۈرئىتى بەزى ھايۋانلاردىن ئاستا بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى تولۇقلاش ئارزۇسىدا دۈگىلەيدىغان چاق-نى، تۆمۈر قاناتلارنى ئىجاد قىلىپ، ھايۋانلار بىلەن زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تېز چاپىدىغان، ئۇچۇدىغان بولۇپ كەتكەن...... قىسقىسى، ئادەم ھەممە ئاجىزلىقلىرىنى بىلىپ يېتىپ، تولۇقلاش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ھايات كامالىتىنى يېتىل-دۈرۈپ، زاماننىڭ يۇكسەك چوققىلىرىغا چىققان. شۇنداق قىلىپ، بارلىق يۇكسەك نىشاننى قوغلاشقۇچىلار ئەڭ ئاقىلانىلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كەمتۈكلۈك - ئاجىزلىقلىرىنى كۆرۈپ يەتكۈچىلەر بولسا، ئۈمىدۋار مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىغا سەممىيەت بىلەن نەزەر سېلىپ، مىللىي ھاياتىنىڭ كامالىتىنى ئىزدىگەن، بۇنداق قىلمىغان قايسى ماختانچۇق ئادەم ۋە خەلق كامال تاپ-تى دەيسىلەر؟ بارلىق مەدەت، ئالقىشلار ئاخىرقى ھېسابتا يېڭىلىپ ئورنىدىن تۇرغان، يېڭىلىپ قېلىشتىكى ئاجىزلىقلىرىنى تولۇقلاش-نى بىلگەن تاكامۇللاشتۇرغۇچىلارغا مەنسۇپ. بىزمۇ ئاشۇنداق ئاقىلانە يولغا ماڭساق، خىتابىتىكى يۇكسەك گۈزەللىك چوققىسىغا چىقالامدۇق؟

بىلىنىسكىي مەنىۋى غايىلەرنى تۇغما پەزىلەت دېيىش ياكى تۇغما رېفلېكسنىڭ ئاقىۋىتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش،

گويا كىشى ئېلىپبەنى ئوقۇماي تۇرۇپمۇ بىلىۋېرىدۇ دەپ تەكىتلەش بىلەن باراۋەر. بىزنىڭ تالانت باغچىسىغا كىرىش ئۈچۈن قوغلىشىۋاتقىنىمىز مەنىۋى غايە. ئۇ ئىجادىيەت پاراستىنى قوغلىشىشقا موھتاج. ئەگەر ئۇنى ۋارىسلىق قىلىنغان مەدەنىيەت ئاساسىمىز بىلەن توختىتىپ قويساق، مەنىۋى غايىنى تۇغمىلىققا قىستاپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن. مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ ئىجادىي ئۆزگىرىشىنى قوغلاشمىساق، ئەقلىي ئىقتىدارىمىزنى يېتىشتۈرۈش جەريانىدا، ئۇنىڭغا باشقىچە بىر نېمە ئورنىنى باسالمايدىغان خاسلىق ئامىللىرىنى كىرگۈزۈشكە تىرىشمىساق، بۇنداق «ۋارىسلىق قىلىش» ۋە «يېتىشتۈرۈش» تىن سېلىنغان ئاتالمىش ئاساسىمىز خۇددى ئىچىدە مول بىلىم بولسىمۇ كىتاب ئىشكابىغا تىزىپ قويسا جىم تۇرغان كىتابلاردەك ھاياتىي كۈچى ئاجىز بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ - دە، خۇددى «تارىخىي ئادەم» (ۋارىسلىق قىلىشنىلا بىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىلمەيدىغان مەدەنىي ئادەم) لەردەك ئەمەلىيەتكە يۈزلىنەلمەيمىز، يېڭىلىققا ئۇيغۇنلىشالمايمىز، جىددىي ئۆزگىرىشلەرگە لايىقلىشالمايمىز. يەنە كېلىپ، ئادەم قىسمەن تارىخىي مۇھىت ۋە ئالاھىدە مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنىڭ بەھرى ئالغۇچىسى بولغانلىقتىن، ئومۇمىي كۆلەم ۋە كونكرېت تارىخىي چۆكمىلەردىن مەنىۋى ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلماستىن، بەلكى «ئالدىغا ئۇچرىغان» ئالاھىدە زامان، ماكاندىكى ئالاھىدە مۇھىتتىن ئەقىل تاپىدۇ. بۇنداق مۇقەررەرلىك بىزدىن مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئاساسلىرىمىزنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تاللاپ قوبۇل قىلىش، مەقسەتلىك جۇغلاش، قاراتمىلىقى بار ھالدا ئىزدىنىش، پىلانلىق ئىنتىلىش، نىشانلىق يول ئېچىش، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا چوڭقۇرلىشىش، ئۇسۇلى بولغان ھالدا پۇختا تەتقىق قىلىش ۋە ئاڭلىق تۈردە پاراسەت باتۇرلۇقىمىزنى ئاشۇرۇپ مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان

پاراسەت باتۇرلۇقى ئىككى خىل گۈزەل هايات، ئىككى خىل مەسـ ـلىسىز ئىجادىيەتكە هامىي بولىدۇ. ئىنچىكىلەپ ئېيتقاندا، مەنىۋى جەھەتتىكى غايىلەرنى تۇغىسلىق ۋە ياكى تۇغىسلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى بىلەن ۋارىسلىق قىلىپلا، ئىجادىيەت پاراسىتىنى قوغلاشماسـ ـلىقتا باغلاپ قويۇش، تۆرۈلۈۋاتقان ئەۋلادنىڭ ئالدىدىكى مۇـ قەددەس بۇرچىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان مەسـ ئۇلىيەتنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ گۇناھ بولىدۇ. بۇ گۇـ ناھ يولىدىن قانداق قايتىش كېرەك؟

بۇ كىتاب بىزنىڭ تالانت باغچىسىغا كىرىپ، گۈزەللىك چوققىلىرىغا چىقىشىمىزغا، ۋەھىمە سېلىپ تۇرغان ئاجىزلىقلىرىـ مىزنى تولۇقلاپ، بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ۋە ئەۋلادقا بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىك گۇناھىنى ئۆزىمىزدىن ساقىت قىلىش مەقـ ستىدە كىتابخانلارغا سۇنۇلدى. ئىزدىنىش سەۋرى ـ خاتالىقلارـ نىڭ يېنىدا بولغاچقا، مېنى خىجىللىق ئىلكىدە قىزارتىدىغان تەرەپلەرنى ئۇستازلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

## 2. تالانت بىلەن بىللە ئېيتىلىدىغان ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى

بىز ئۆگىنىمەكچى بولغان تالانت ئاتالغۇسى ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ياندىشقان بىر مۇنچە ھەمراھلار بار. ئۇلار گاھ تالانت تەركىبىگە كىرىپ تالانتنى تولۇقلايدۇ، گاھ ئۆزىدىن ئۇستۈن قابىلىيەتلەرگە يول بېرىپ تالانتنى قوغدايدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار تەركىبىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تالانت بولۇش ئۈچۈن، تالانتقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا باغلىنىدىغان بۇ ھەمراھ ئاتالغۇلارنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىۋېلىپ، توۋەن بالداقتا

تۇرىدىغان قابىلىيەتلەرنى يۇقىرى بالداقتا تۇرىدىغان ئىقتىدار ياكى تالانتقا تەڭ قىلىۋالماي، ئەقلىي ئىقتىدار ۋە تالانتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە تېخىمۇ تېز ئۆرلەيدىغان ئىدىيىۋى تەييارلىقتا تۇرۇشىمىز كېرەك.

تالانت تەتقىقاتىدا ئادەتتە ساپا، قابىلىيەت، ئەقلىي ئىقتىدار، تۇغما قابىلىيەت، زېھىن، ماھارەت، ئىجادىي قابىلىيەت، ئىقتىدار، تالانت قاتارلىق ئاتالمىلار قوللىنىلىدۇ. بۇلار تەتقىقاتتا باشقا - باشقا مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئادەتتە كىشىلەر ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى بىرىنى ھەممىنىڭ ئورنىغا قويىدۇ. ھەتتا بەزىلەر 120 خىل قابىلىيەت-تىن تەركىب تاپىدىغان ئەقىل تەركىبىدىكى بىر خىل قابىلىيەتنى ئەقىل، بىلىم، ماھارەت ۋە ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭمۇ مۇجەسسەمى بولغان ئىقتىدار ياكى تالانت نامى بىلەن ئاتايدۇ. بۇنداق مەسىلىلەر ھەتتا بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىمىز-دە ۋە گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، تالانتلىق ياكى ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ئادەملەرنىڭ بۇلارنى پەرق ئېتىشى ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايمىز.

ئىقتىدار بىلەن تالانت زىچ باغلىنىدۇ، ئەمما بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. تالانت دېگىنىمىز — ئادەم خاسلىقىنىڭ يۇقىرى چوققىسى بولۇپ، ئادەتتە ئىقتىدارنىڭ يۈكسەك ھەم تەكەممۇل تەرەققىي قىلىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان ئۆز ئارا تەسىرى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. ئۇ ھەرگىز تۇغما بولمايدۇ، تالانت بىلەن مۇھىت دىئالېكتىكىلىق بىرلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ - يۇ، ئادەمدە تالانت ئاساسى بولمىسا، مۇھىت ئۇنى بىۋاسىتە ھاسىل قىلالمايدۇ، ئادەم مۇھىتنى

ياخشىلايدۇ ـ يۇ، مۇھىتنى ئۆز ئالدىغا يارىتالمايدۇ. بۇ ئىككى
تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش ئارقىسىدا
قابىلىيەت، بىلىم، ماھارەت، ئىلمىي پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ
مۇجەسسەمىدىن ھاسىل بولغان ئالاھىدە ئىقتىدار ئىجادىيەت
مۇددىئاسى (ئېھتىياجى) بىلەن قوشۇلۇپ تالانتنى يېتىلدۈرۈپ
ماڭىدۇ. تالانتنىڭ پائالىيىتى داۋامىدا ئىپادىلىگەن قۇدرىتى
ئۇنىڭ تۇغما قابىلىيەت ئامىللىرى، ياش ئامىللىرى ۋە جىسمانىي
ئامىللىرى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. تالانت زىلزىلە پەيدا
قىلىدىغان ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا مۇھىتقا ئىكس تەسىر
كۆرسىتىدۇ، تالانت ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تالانتنىڭ
ئەڭ ئاساسلىق ئامىللىرى (قابىلىيەت، بىلىم، پەزىلەت، ماھارەت،
ماھىرلىق ۋە ئېھتىياج قاتارلىقلار) نى ئىگىلەشتە ئورتاق
تەلەپتە بولىدۇ. تالانت ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى تۇغما ساپا
ۋە تەبىئىي ماھىللىقنى ماددىي ئاساس قىلغان گەۋدە بولۇپ،
ئۇ ئەڭ ئەلا تۇغمىلىق شەرتى ئاستىدا بىلىش ۋە جەمئىيەت
كاتېگورىيىسىدە چېچەكلەيدۇ.

ئىقتىدار ئادەمنىڭ قابىلىيىتى، ماھارىتى، ماھىرلىقى،
بىلىش ئۇسۇلى ۋە بىلىمىدىن تەركىب تاپقان قۇرۇلما بولۇپ،
ئادەمنىڭ بىلىمى بىلەن ماھارىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ
مېڭىشى ئادەم ئىقتىدارىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىيلىقىنى پەيدا
قىلغان. بىلىم ئىنسانلار تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى
بولۇپ، پسىخولوگىيە نۇقتىسىنەزەرى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنى
كىشىلەر ئۇقۇم شەكلىدە ئىگىلەيدۇ؛ ماھارەت ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللىنىدىغان مەشغۇلات
تېخنىكىسى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر ھەرىكەت شەكلىدە ئىگىلەيدۇ.
ئادەمنىڭ ئىقتىدارى تەركىبىدە بىلىم بىلەن ماھارەتتىن
ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئامىل
بولغانلىقتىن، ئىقتىدار بىلەن قابىلىيەتنىڭ خاراكتېرى باشقىچە

پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ھەر قانداق بىر خىل ئىقتىدار ئۆزىگە مۇناسىپ ئۇقۇم سىستېمىسىنى ۋە مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالمىغاندا، مەلۇم پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئايلىنالمايدۇ. «ئىقتىدار» دېگەن بۇ ئۇقۇم كونكرېت تارىخىي دەۋردە تەرەققىي قىلغان. ئەمگەك پائالىيەت شەكلى بىلەن بىرلەشمەيدىكەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. دېمەك، ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق ئادەمدە ئابستراكت «ئومۇمىي ئىقتىدار» بولمايدۇ، بەلكى ئادەمنىڭ مەلۇم ئالاھىدە پائالىيەتنى ئورۇنداش - ئورۇندىيالماسلىقى بىلەن باغلانغان ئالاھىدە ئىقتىدار بولىدۇ. پسىخولوگ جاڭ جيەنمىننىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، مەلۇم پەن تەتقىقات ئورنىدا ياكى خىزمەت ئورنىدا بۆلۈنگەن خىزمەت تىپى بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايۋاتقانلار بار، «بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ باشقا جەھەتلەردە ئىقتىدارى يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىرلا كەسىپكە جاھىللىق بىلەن بېشىنى تىقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى بايقىۋېلىشنى چەتكە قاققانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ». بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ياكى ھاياتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. ئەمما، مۇشۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدارلارنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىي ھەم ئالاھىدە ئامىللار بىللە مەۋجۇت بولىدۇ.

مەسىلەن، مۇزىكا ئىقتىدارىدىكى مېلودىيىلىك ئاھاڭ سېزىمى، رېتىم سېزىمى ۋە مۇزىكا ئاڭلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىقلار ئومۇمىي قابىلىيەت بولسا، شۇ مۇزىكىنى ئىجاد قىلىش ھەم ئاككوردلاشتۇرۇشقا، مۇزىكا ئىقتىدارىدىكى بەزى ئالاھىدە ئامىللار كېرەك بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، مۇزىكا

ئىقتىدارىدىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنى زامانىمىزدىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئادەملەردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. يەنى ھازىرقى زامان ئادەملىرىمىزنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارى مۇشۇ زاماندىكى مەلۇم مۇزىكا پائالىيتى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان رېئال ئىقتىدارغا ئىگە.

قابىلىيەت بىلەن ماھارەت ئۆزئارا باغلىنىدۇ، ئەمما بۇ ئىككى ئۇقۇم بىرى - بىرىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. قابىلىيەت دېگىنىمىز — بىر ئادەمدە بەلگىلىك پائالىيەت (مەسىلەن، رەسىم سىزىش، ئويۇن قويۇش، مۇزىكا چېلىش ۋە ماھارەت كۆرسىتىشكە كېرەكلىك ماھارەت ۋە ماھىرلىقلار) نى تېز ھەم تاكامۇل ئىگىلەش ئۈچۈن ھازىرلانغان ئۆزگىچە پسىخىك پەزىلەت بولۇپ، ماھارەت ۋە ماھىرلىق دېگەنلەر بىر ئادەمنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيىتىدىكى ئالاھىدە ھەرىكەت (مەشغۇلات) نى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، قابىلىيەت بىلەن ماھارەتنىڭ پەرقىنى ئېنىق بىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. مۇقام ئېيتىش، ئەلنەغمە ئورۇنداش، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىش، مۇزىكا ماھارىتى ۋە ماھىرلىقى بولسا، مۇشۇنداق ناخشا ئېيتىش ئۇسۇلىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن. مۇتلەق يۇقىرى ئاۋاز، ئاڭلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش، مېلودىيىلىك ئاھاڭ سېزىمى، رېتىم سېزىمى بولسا مۇزىكا قابىلىيىتىدۇر. مىللىي رەسىم سىزىش ئۇسۇلى ياكى ماي بوياق رەسىم سىزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق رەسىم ئىجاد قىلىش، رەسىم سىزىشنىڭ ماھارىتى ۋە ماھىرلىقى بولسا، شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك رەسىمنى سىزىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن ئوچۇق - تۇتۇقلۇق سەزگۈسى، ئۇسلۇب سەزگۈسى، سېلىشتۇرۇش سەزگۈسى، ئارىلىق سەزگۈسى، كۆرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىقلار بولسا، رەسىم سىزىش

نىڭ قابىلىيىتىدۇر. ئىكتاك توپچىلارنىڭ توپنى ئۇرۇشى، ئېلىشى، ھەر خىل ئەگىتمە ھاسىل قىلىشى، ماھارەت ۋە ماھىرلىق بولسا، نېرۋا پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى، تەڭپۇڭلۇقى، جانلىقلىقى ۋە سىگناللىرىدىكى ئىنكاسىنىڭ سۈرئىتى ۋە كۈچى بولسا قابىلىيەتتۇر. قىسقىسى، قابىلىيەت ماھارەتكە ئوخشىمايدۇ. ماھارەت ۋە ماھىرلىق دېگەنلەر ئادەمنىڭ مەلۇم ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولسا، قابىلىيەت، ھەرىكەت ۋە پائالىيەتنى تەڭشەيدىغان پسىخىك جەريان (پسىخىك پائالىيەت) نىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، قابىلىيەت ئىندىۋىدتا مۇقىملاشقان، يىغىنچاقلانغان پسىخىك پائالىيەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

قابىلىيەت بىلەن ساپا بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىدۇ، قابىلىيەت تاشقىرىدىن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ، بەلكى ئادەمدە بار بولغان بەلگىلىك ساپا ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ساپا ئورگانىزمدا تۇغما مەۋجۇت بولغان ئاناتومىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئاساسلىقى نېرۋا سىستېمىسى، مېڭىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ھەرىكەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئادەمنىڭ ساپاسى ئاساسىدا يېتىلىدۇ. ئادەمنىڭ ساپاسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئادەملەر ئىقتىدارىنىڭ ھەممە ئامىللىرىدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق پەرقلەرنى ئىنكار قىلىش ياكى ساپا، قابىلىيەت، ئىقتىدارنىڭ تۇغمىلىقتىكى پەرق ئاساسىدا يېتىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش تالانت تەتقىقاتىنى تەبىئىيلىكتىن ئايرىۋەتكەنلىكى بىلەن بىرنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويىدۇ.

مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئومۇميۈزلۈك ياخشىلانغاندا، خەلقنىڭ ئەقىل تەرەققىياتى ۋە شۇ ئاساستا ئىقتىدار تەرەققىياتى

تېز بولىدۇ. ئەمما، مۇھىت ياخشىلانغان ھامان ھەممە ئادەم تالانتلىق بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن قىياستا بولماسلىق كېرەك. ئادەمدە سۇپەتلىك ساپا قۇرۇلمىسى بولغاندا، ئۇنىڭدىكى قابىلىيەت ئاندىن تېز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، ئادەمدە ناھايىتى ياخشى تۇغما قابىلىيەت بولغاندىلا، ئىجتىھات بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، تالانتلىق بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا بىز سۇپەتلىك تۇغۇش ۋە باللارنى سۇپەتلىك چوڭ قىلىشنى بىر ئىلىم تەرىقىسىدە ئۆگىنىمىز ھەمدە ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئۇنىڭغا پىلانلىق تۇغۇشنى قوشۇپ، دۆلەتنىڭ تۇپ سىياسىتى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىمىز.

لېكىن، ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەرنىڭ پەرزەنتلىرى ھەرگىز شۇلارنىڭ ئىرسىيەت ئامىللىرى تۈپەيلى ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولالمايدۇ. تالانت بىلەن ئىرسىيەت مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا دۇنيا بويىچە شۆھرەت قازانغان ئامېرىكىلىق ئالىملاردىن تېرمان، سېنفىلىد ۋە ئىتالىيان كىرىچمىرلارنىڭ تەتقىقاتىدا پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇلاردىكى ئورتاقلىق ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ئىرسىيەت ھالىتىدە پەيدا بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر. بولۇپمۇ سېنفىلىد ھازىرقى كۈندە ئامېرىكىدا باش كۆتۈرگەن 98 نەپەر مۇزىكانتنىڭ تارىخى ۋە مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، كۆپ ساندىكى مۇزىكا تالانتى بارلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدا مۇزىكا ئىقتىدارى بارلىقىنى، ئاز ساندىكى مۇزىكا تالانتى بارلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدا مۇزىكا ئىقتىدارى كەملىكىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، مۇزىكانتلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە $\frac{1}{4}$ قىسىم بالىنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇزىكا مۇھىتى مۇزىكا تالانتىنى

بىۋاستە پەيدا قىلالمايدۇ، دېگەن قاراشقا كەلگەن. تېرمانىمۇ
50 يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كۆز قارـ
شىنى ئۆزگەرتكەن.

## 3. تالانت ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

تالانت ئاتالغۇسى زامانىمىزدىكى ئىنگلىزلاردا
«TALENT»، رۇسلاردا «ТАЛАНТ» نامى بىلەن قوللىنىـ
لىپ، بىزگىمۇ شۇ بويىچە ئۆزلەشكەن. بۇ سۆز ئەسلىدە قەدىمـ
كى يۇنان، بابىلون، ئىران ۋە كىچىك ئاسىيا تەرەپلىرىدە ئىشـ
لىتىلگەن پۇل بىرلىكى بولۇپ، كەڭ دائىرىلىك ئىشلىتىلگەن
بۇ پۇل يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، كېيىنكى كۈنلەردە
تالانتنىڭ كۆچمە مەنىسى «بايلىق»، «تۇغما قابىلىيەت»، «ئىقتىـ
دار» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىپ كەتكەن ۋە ئەڭ ئاخىرى بىز
ئاتاۋاتقان هازىرقى «تالانت» مەنىسىدىكى دۇنياۋى ئاتالما بولۇپ
قالغان. هازىرقى كۈندە ئۇ دۇنيا بويىچە بىز دەپ يۈرگەن
«ئىختىساس ئىگىسى» مەنىسىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، مەملىكـ
تىمىزدە داڭلىق بولغان «人才» دېگەن ژۇرنالنىڭ خەنزۇچە
نامى ئاستىغا دۇنياۋى ئاتالغۇ سۈپىتىدە «TALENT» دەپ
يېزىپ قويۇلغان.

«ئىختىساس ئىگىسى» ــ خاس بىر كەسىپنىڭ ئەهلى، شۇ
كەسىپنىڭ ماهىرى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭغا بىز
ئاللىقاچان «مۇتەخەسسىس» دېگەن نامنى قويۇپ بولغان. بىز
ئۆزۈندىن بۇيان تەكىتلەپ كەلگەن «هەم قىزىللىشىش، هەم
مۇتەخەسسىسلىشىش» دېگىنىمىز ئەنە شۇنداق خاس كەسىپلەردە
خاس ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەرنىڭ پەزىلەت بابىدىمۇ ئەخلاقلىق
بولۇشنى ۋە بۇ ئىككى تەرەپتە تەڭ ئۆسۈپ كامالەت يېتىشتۇـ
رۇشنى تەكىتلەش بولۇپ، هەرگىزمۇ هەممىگە ئورتاق ئېيتىلىدىـ

غان «تالانت» نامى بىلەن ئاتاشقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت
تالانت بىلەن مەلۇم بىر خاس ساھەدىكى خاس ئىقتىدار ئارقى-
لىق باغلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، بىز بۇ «ئىختىساس
ئىگىسى» ياكى «مۇتەخەسسىس» نى تالانتنىڭ مەلۇم بىر تەر-
ىپىدىلا چۈشەنگەن بولىمىز. ئەمما، ئالىملار تالانتنى ئىختىساس
ئىگىلىرىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلاملىرىغا ئورتاق دەپ
قاراپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تالانت دائىرى-
سىگە كىرگۈزىدۇ. بۇلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنى بولسا، ئالاھىدە
تالانت (genius) دەپ ئاتايدۇ. خەنزۇچە مەلۇماتلاردا 天才
دەپ ئاتالغان ئادەملەر دەل ئەنە شۇلاردۇر. بۇ يەردە كۆزدە
تۇتۇلۇۋاتقان تالانتلىق ئادەم — ئالاھىدە ئىجادىي ئەمگەك نەتى-
جىسى بىلەن جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا غايەت زور
تۆھپە قوشقۇچى دېگەن مەنىدە بولغانلىقتىن، ئۇ «ئىختىساس
ئىگىسى» دېگەننىڭ نەلمۇ دەل يۇقىرى قاتلىمىدۇر. بۇنداق
يۇقىرى قاتلام ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ: بىرىنچىسى، بىرقەدەر
ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىپ سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار،
مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ساھەلىرىدە زور تۆھپە قوشقان داھىي
سۈپەتلىك ئادەملەردۇر؛ ئىككىنچىسى، تەرەققىيات يۆنىلىشى بىر-
قەدەر مەركەزلەشكەن، مەلۇم ساھەدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان
ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردۇر. بۇلار گەرچە يۇقىرى قاتلامدا تۇر-
سىمۇ، تالانت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، بىز ئالا-
ھىدە تالانتنى تار مەنىدىكى تالانت، خەلقئارادىكى «تالانت»
ئاتالغۇسىنى كەڭ مەنىدىكى تالانت دەپ چۈشىنىپ، بۇ كىتابتا
تار مەنىدىكى ئالاھىدە تالانتنىڭ (گېنىئاللىقنىڭ) بوسۇغىسىدىن
كىرىشكە ئائىت كۆز قاراش ۋە بىلىملەر بىلەن كەڭرەك تونۇشتۇ-
رىمىز، بەزى جايلاردا كەڭ مەنىدىكى تالانتقا كىرىدىغان تۆۋەن
قاتلاملارغىمۇ قاراپ ئۆتىمىز. ئەمما، كەڭ مەنىدىكى تالانتنى
تېخىمۇ تەپسىلىي ئۆگىنىشنى «تالانتشۇناسلىق» تىن كۆرۈۋې-

لىشنى تەۋسىيە قىلىپ، گەپنى «تالانت» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن چۈشەندۈرىمىز.

چەت ئەللەرنىڭ تار مەنىدىكى تالانت چۈشەنچىسىدە «ئەقلى زىيادە شەخسلەر» تۇرىدۇ ھەمدە ئۇ ئۆزئارا يېقىنلىشىدىغان، ئەمما ئازغىنا پەرقى بولغان ئىككى خىل مەنىدە ئېيتىلىدۇ. بىرىنچى خىل مەنىنىڭ ۋەكىلى ل. م. تارمان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئالاھىدە تالانت (genius) ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئەقىل سىناش مۇسابىقىلىرىدە نەتىجىسى كەۋدىلىك بولغانلاردۇر. تارماننىڭ قارىشى بويىچە، تار مەنىدىكى تالانت يالغۇز ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بولۇپ، ئۇ بىر خىل يوشۇرۇن قابىلىيەتتىن دېرەك بېرىدۇكى، نەتىجىنى كۆرسەتمەيدۇ. زېھنىي بۆلۈنمىسى 140 تىن ئاشقانلار «يوشۇرۇن تالانت» دائىرىسىگە كىرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تار مەنىدىكى تالانت نەتىجە يارىتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، ئەمما جەمئىيەت سازاۋەر بولغان بالىلار ئالدىدا «ئەقىللىق»، «دانىشمەن» ھېسابلانغان بالىلار بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنداق شەخسلەرنى «تالانتلىقلار» دەپ ئاتىماستىن، «تۇغما قابىلىيەتلىكلەر» دەپ ئاتىماقتا ھەمدە ئۇلارنى ئىككى دەرىجىگە بۆلۈپ، بىرىنچى دەرىجىلىك تۇغما قابىلىيەتلىك بالىلار ئاھالىنىڭ 0.1 پىرسەنتىنى، ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇغما قابىلىيەتلىك بالىلار ئاھالىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، دەپ قارىماقتا. ئىككىنچى خىل مەنىنىڭ ۋەكىلى ف. گالتون بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشى جامائەت ئىچىدە ناھايىتى زور ئالقىشقا ئىگە. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئالاھىدە تالانتلىقلار مەشھۇر نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان يۈكسەك ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇشى، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرىدىغان قىممەتكە ئىگە بولۇشى، نەسەب تەۋەلىكىدىكى (ۋارىسلىق قىلىنىدىغان پادىشاھلىق ھوقۇقىغا ئوخشاش) نەرسە بولماسلىقى كېرەك. لېكىن «ئالاھىدە

تالانت» بىلەن «تۇغما قابىلىيەت» سان ۋە سۈپەت جەھەتتە
ئوخشاش ئەمەس. «تۇغما قابىلىيەت» يالغۇز مەلۇم خىزمەتكە
قارىتا ئالاھىدە يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى تېز،
ناھايىتى ئاسانلىق بىلەن مەلۇم ماھارەتنى ئۆگىنىۋېلىش ماھارىتىنى
كۆرسىتىدۇ. «ئالاھىدە تالانت» ئۆزگىچە مۇستەقىللىك، ئىجادىيلىق،
تامامەن ناتونۇش مۇھىتتىمۇ تەپەككۇر قىلالايدىغان، خىزمەت قىلا-
لايدىغان ،مۇستەقىل هالدا دۇنياغا مىسلىسىز تۆھپە قوشالايدىغانلارنى
كۆرسىتىدۇ. ئالاھىدە تالانتلىقلار ھەرقاچان مەلۇم ئالاھىدە
ساھەدە غايەت زور تۆھپىلەر بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى
ناھايىتى ئۈستۈن بولىدۇ.

ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى، ئالاھىدە تالانت ئۇقۇمىدىكى
بۇنداق ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەۋاتقان ئالىملار، ئەمەلىيەتتە
ئوخشاش سۈپەتنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا
كېرەك. ئومۇمەن ئېيتقاندا، «ئالاھىدە تالانتلىق ھېسابلىنىدىغان
باللار» ۋە «يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئالاھىدە تالانتلىق ھېسابلىنى-
دىغان باللار» نىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى (زېھنىي بۆلۈن-
مىسى) ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، تەن قۇرۇلۇش ساپاسى،
كەيپىياتنى تەڭشەش ۋە جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش جەھەتلەر-
دىمۇ باشقا باللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. گالتوننىڭ قارىشىچە:
ئالاھىدە تالانتلىقلاردا گەۋدىلىك بولغان ئەقلىي قابىلىيەت،
قىزغىنلىق ۋە خىزمەت قابىلىيىتى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ستاتىستىكا
ئاساسىدا يېزىپ چىققان («ئىرسىيەتلىك تالانت» 1869 - يىل)
دا ئوتتۇرىغا قويغان مەزمۇنىدا، غايەت زور تۆھپە قوشقان ئالا-
ھىدە تالانتلىقلار كۆپىنچە ئوخشىشىپ كېتىدىغان جەھەتلەر بىلەن
مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. بىراق، بۇ ئىككى ئالىم بۇ تەلىماتلارنى
خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، شۇ چاغدىن باشلاپلا
بۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن نۇقسان چىقىرىپ تۇرغانلار بولغان.

ئۇلىغدىن كېيىن يەنە ئۇلاردىنمۇ ھالقىپ كەتكەن فىرويىدا، سىپارمان، كيولفورد، تۇررانىسە، ماسلوۋ، مالۇپ قاتارلىق كاتتا ئالىملار چىقىپ، تالانت ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تالاش - تارتىشلارنى قىلدى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى شاگىرتلىرىنىڭ بەس - مۇنازىرىلىرى ئارقىسىدا ھەقىقەت بارغانسېرى يورۇدى، تارمان بىلەن گالتوننىڭ قاراشلىرى تولۇقلاندى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە تالانت ھەققىدە مۇنداق ئومۇمىي قاراش شەكىللەندى: تالانت ئىرسىيەتتىكى ئۈستۈنلۈك بىلەن مۇھىتقا باغلىنىدۇ. تۇغما قابىلىيەتنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىش-بەرمەسلىكى، ناھايىتى كەم دېگەندىمۇ مەلۇم دەرىجىدە پۇرسەت ھەم مەشىققە باغلىق بولىدۇ. ھەقىقەت مانا مۇشۇنداق ئۇزاق يىللار داۋامىدا بارغانسېرى تولۇقلىنىپ كېتىۋاتقانىكەن، بىز ئىختىيارىمىزنى ھېس - تۇيغۇلارغىلا بېرىۋەتمەستىن، سىناق تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن ھەقىقەتلەر بويىچە تالانت ھەققىدىكى، بولۇپمۇ تار مەنىدىكى ئالاھىدە تالانت ھەققىدىكى تەلىماتلارنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىككە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كۆز تىكىدىغان ئاقىللاردىن بولۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئىلىمنىڭ ھازىرغىچە بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، تالانت دېگىنىمىز ئىجادىيلىق، ئىلغارلىق، ئىجتىمائىيلىققا ئىگە ئادەم بولۇپ، بۇنداق ئادەم تالانتنىڭ تۆرىدە تۇرىدۇ. چۈنكى ھەر كىم ئۆزىنىڭ قىممىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇرغاندەك، تالانتلىقلارمۇ ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىجادىيلىقنى تالانتنىڭ تۆرىگە ئېلىشىمىز، تالانتلىقلارنىڭ قىممىتى پاراسەت، بىلىم ۋە ماھارەتلىرىنى تەتبىقلاپ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغان ئىجادىي ئەمگەكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، 1923 - يىلى ئامېرىكىنىڭ فورد شىركىتىدە چوڭ تىپتىكى بىر گېنېراتوردا چاتاق چىقىپ قالغان. بۇ شىركەت

ئىنژېنېرلار جەمئىيىتىدىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ تەك-
شۈرتكەن، ئۇلار بىرنەچچە ئايغىچە تەكشۈرۈپ چاتاقنى تاپالمـ
ىغان، ئۇلار ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان
نېمىس ئالىمى ستانمونتىزغا ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇ ماقۇل بولـ
غان ۋە گېنېراتورنىڭ يېنىغا چېدىر ياساپ ئىككى كۈن دەم
ئالماستىن گېنېراتورنىڭ ئاۋازىنى كۆزەتكەن، تەكشۈرگەن، ھېسابـ
لىغان. ئەڭ ئاخىرىدا گېنېراتورنىڭ يېنىغا بور بىلەن بىر
سىزىق تارتىپ: «گېنېراتورنى ئېچىپ بەلگە قىلىنغان جايدىكى
سىم ئورامىدىن 16 ئورام ئازايتىڭلار، شۇنىڭ بىلەن چاتاق
ئوڭشىلىدۇ» دېگەن. ئىنژېنېرلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغان،
گېنېراتور شۇ ھامان تۈزۈلۈپ نورمال ئىشلىگەن. بۇ ئالىم ئىش
ھەققى ئۈچۈن فورد شىركىتىدىن 10000 دوللار تەلەپ قىلغان.
بۇنى ئاڭلاپ بەزىلەر: «بىر سىزىق تارتىپ قويغانغىمۇ 10000
دوللار ئالامدۇ؟»، «بۇ تولىمۇ ئىنساپسىزلىق بولدى» دېگەندە،
ستانمونتىز كۈلۈپ كېتىپ، پۇل ئېلىش تالونىغا: «بور بىلەن
بىر سىزىق تارتىش بىر دوللار، نەدىن سىزىق تارتىشنى بىلىش
9999 دوللار» دەپ يېزىپ قويغان. بازار ئىگىلىكى داۋامىدا
«بىر ئادەمنى توغرا تاللىسا، بىر يۇرت باي بولىدۇ. قابىل باشـ
لىقتىن بىرنى تاللىسا، بىر زاۋۇت گۈللىنىدۇ» دېگەندەك گەپلەر-
نىمۇ قىلىمىزغۇ؟ مانا بۇلار تالانتلىقلاردا ئىجادىيلىقتا ئىگە ساغـ
لام ئەمگەك خاسلىقى بولغاندىلا، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن
زور تۆھپە قوشالايدىغانلىقى بولماي نېمە؟ ئومۇمەن ئېيتقاندا،
تالانتلىقلار ئىجاد قىلماي مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئەمما، ھەممە
تالانتلىق ئادەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى بىر قېلىپتا بولمايدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مېڭىسى ساق ئادەملەرنىڭ ھەرقاندىقى
ھەر باب بىلەن ئىجاد قىلىپ تالانت دائىرىسىگە كىرىپ كېلەـ
لەيدۇ. رۇس يازغۇچىسى كوچېتوپ «ياشلىق باھارىنىڭ ئۆزىرىشى»
دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار ئارىسىدا ئۈچ خىل

ئىجادكار بولىدۇ: بىرىنچى خىلدىكىلەر، ئۆزلۈكسىز تۈردە جاسارەت بىلەن ئەمگەك قىلىدۇ، يىللارسىرى ئىرادە ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، بىر نۇقتىنى بۆسۈپ ئۆتۈش بىلەن ئۇلۇغ نىشانغا يېتىدۇ؛ ئىككىنچى خىلدىكىلەر، ئالاھىدە تالانت ئۇچقۇنلىرىغا تايىنىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلدىكىلەر، ھەر ئىككى ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ ياكى جاسارەت بىلەن ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان ئالاھىدە تالانت ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرىدۇ ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە، ئالاھىدە تالانت ئۇچقۇنلىرى ئىجادكارنى جاسارەت بىلەن ئەمگەك قىلىشقا، يىللارسىرى ئىزدىنىشكە يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىختىرا، ئىجادىيەت يولىنى يورۇتىدۇ». ئەگەر بىز بۇ يازغۇچىنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلساق، ئالىي، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلاملاردا تۇرىدىغان تالانتلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلغارلىق، ئىجتىمائىيلىقتىن قالسا، ئىجادكارلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ يازغۇچى كۆرسەتكەن بىرىنچى خىلدىكى ئادەملەر مۇتلەق كۆپ ساندا بولۇپ، ئۇلاردا مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىدىغان ئۆتكۈرلۈك، ئەتراپلىق ئويلايدىغان پىكىر قىلىش يولى، ئەپچىل بولغان ماھىرلىقلار يېتەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن چىدام، غەيرەت، تىز پۈكمەس جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھى، ئاخىرغىچە بەل قويۇپ بەرمەي مۇھىم نۇقتىنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان غەيرەت ۋە قۇدرەت بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىقتىداردا ئادەتتىكىچە كۆرۈنسىمۇ، كىشىلەر قەلبىنى رام قىلغۇدەك ئۇتۇق قازىنالايدۇ. ھاياتنىڭ مەزمۇنىنى ياشىغان يىللار بىلەن ئەمەس، بەلكى تىرىشچانلىق ئارقىسىدا قىلىنغان ئىشلار بىلەن ئۆلچىگەندە، بۇنداق كىشىلەر تالانت بابىدا قەدىرلىنىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى ئادەملەر ئالاھىدە تالانت ئۇچقۇنلىرىغا تايىنىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەرىجىسىنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلماق تەس. چۈنكى تالانت ئۇچقۇنلى-

رىنىڭ ئۆرغۈشى بەزى چاغلاردا ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن
قابىلىيەتنى تىرىشىپ ئىچىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ
بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇلار ئارىسىدىكى بەزى ئادەملەر
يەنە تۇغما قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ زۆرۈر ئەمگەك
بىلەن پۈتىدىغان مەشغۇلاتلارنى رەت قىلىش بىلەن ئۆزىدىكى
ئەقىل - پاراسەتنىڭ تولۇق ئېچىلىشىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە
بوغۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ئۈچىنچى خىلدىكى ئادەملەر ئىجادىيەت
پاراسىتىنىڭ تېپىك ۋەكىللىرى ۋە غايىۋى مودېلىدۇر. بۇنداق
ئادەملەردە جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەش روھى ۋە ئالاھـ
دە تالانت ئۇچقۇنلىرى بىر - بىرىگە ئىلھام بېرىش ھالىتىدە
تۇرىدۇ - دە، ئۇلاردا زۆرۈر بولغان ئەمگەكتىن ئىبارەت ئىجادىيـ
لىق ئامىلى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ، ئۈنۈمسىز ۋە تۆۋەن
ئۈنۈملۈك ئەمگەكلەرنىڭ سەرپىياتى ئۈزلۈكسىز تۈردە تۆۋەنـ
لەپ بارىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ زېھنى قۇۋۋىتىنى بارغانسېرى
ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. ئۇلاردىكى تالانت ئۇچقۇنلىرىنى يالقۇنغا،
كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇرغا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى، «يالقۇن
بىلەن نۇر بىر - بىرى بىلەن قانچىلىك ئۇيغۇنلاشقان بولسا،
ھايات بىلەن پائالىيەتمۇ بىر - بىرىگە شۇنچىلىك مۇستەھكەم
باغلانغان، نېمىكى نۇر چاچسا، شۈبھىسىز يورۇتىدۇ، نېمىكى
ياشاۋاتقان ئىكەن، سۆزسىز ھەرىكەتتە بولىدۇ①»، شۇڭا، ئالاـ
ھىدە تالانت نۇرى ئۇنى يالقۇنغا ئايلاندۇرىدىغان ئەمگەك
بىلەن بىرلەشكەندە ئادەمنى تالانت باغچىسىدا پەرۋاز قىلدۇرىدۇ.
مانا بۇ بىز تالانت بابىدا قوغلىشىدىغان ئۈلگە. دۇنيادىكى
ھەرقانداق بىرخىل مەۋجۇداتنىڭ ئېرىنچەكلىك، ھورۇنلۇق
ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايۋاتقانلىقىنى ئويلىغاندا، ئەمگەكـ
تىن ئايرىلغان تالانت نۇرلىرىنىڭمۇ ئۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى
تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بىز بۇلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش

① «تەپەككۇر گۈلشەنى» دىن ئېلىندى.

ئۇچۇن تالانتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەكىللىنىش ساھەلىرىگە نەزەر سالايلى.

## 2§. تالانتنىڭ شەكىللىنىشى

تالانت بارمۇ؟ بار. ئۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت نەرسە. لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى مۇتلەقلىك بىلەن نىسپىيلىكنىڭ بىرلىكىدۇر. تالانتنىڭ مۇتلەقلىقلىكى ۋاقىتلىق، نىسپىيلىكى مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇ ھەرقاچان ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن باغلانغاندىلا مەۋجۇت بولالايدۇ. ئۇ ناھايىتى بۇرۇنلا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدىن پەرقلىق بولۇشقا باشلايدۇ، ۋاھىغا يەتكەندە ئۇ ئىجاد قىلغان نەرسىلەر ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز دەۋاتقان مۇتلەقلىك ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ باشقىلاردىن غايەت ئۇستۇنلۇكتە تۇرۇشىدۇر. نىسپىيلىك بولسا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ بىر يۈرۈش ئىچكى ـ تاشقى شارائىتلارنىڭ تەقەززالىقىدا تۇرغانلىقى ۋە تالانتنىڭ ھەرقاچان تالانت بولۇۋەرمەيدىغانلىقىدۇر. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تالانت ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ۋە تاشقى مۇھىتتىكى ئامىللار ماسلاشقان، ئادەمنىڭ پاراسەت ۋە ئىرادە پەزىلەتلىرى تاكامۇل بىرلەشكەن چاغدا مەۋجۇت بولسا، ئۇلار بۇزۇلغاندا چېكىنىشكە قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ پەقەت ھەرقاچان تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىنىش جەريانىدىلا چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ. مۇھىت ۋەيران بولسا ياكى ئادەم ئۆزىنى تاشلىۋەتسە ئۇمۇ يوقىلىدۇ.

تالانتنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئالىم كىشىلەر تالانت ئىگىسى دەپ قارىغان بىر بالىنى مىسالغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ناھايىتى كىچىك بىر ئوغۇل بالا بولۇپ، ئۇ مۇزىكا

چېلىشقا ۋە رەسىم سىزىشقا ئۇستا ئىكەن. شۇنىڭغا قاراپلا جامائەت ئۇنى تالانت ئىگىسى دەيدىكەن. ئەمما، ئۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى «تالانت ئىگىسى» دېسە كۈلۈپ كېتىدىكەن. چۈنكى، ئاتا - ئانىسى ھەيدەكچىلىك قىلمىسا بۇ بالا مۇزىكا چالمايدىكەن، بوياقلىرىنى ئەكىلىپ بەرمىسە رەسىم سىزمايدىكەن. شۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ دادىسى جامائەتكە: «بالام ئەقىللىق، تالانتلىق ئەمەس. ھازىر بۇ تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا تالانتقا خاس بىر خىل مىجەزگە ئىگە بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ناتايىن» دەيدىكەن. بۇ بالىنىڭ دادىسى دەۋاتقان تالانتقا خاس مىجەز مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان جان كۆيدۈرۈش روھىدۇر. ئۇ بالا ئەقىللىق بولسىمۇ، ئۇنداق روھ يېتىلمىگەنلىكتىن، تالانت ئىگىسى ئەمەس.

ئالىم دەۋەتقان جان كۆيدۈرۈش روھى بىرەر نەرسىگە ۋە بىر قېتىملىق ئىجادىي پائالىيەتكە جان كۆيدۈرۈش بولماستىن، ھېچقانداق تاشقى بېسىم ۋە ياكى ھەيدەكچىلىك يوق شارائىتتىمۇ ھەرقاچان ئىچكى دۇنياسىدىن قوزغىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىنتىلىش كۈچى بولۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئىنتىلىش كۈچى تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ يېتىلىنىدىغان جانلىق پىكىر ئىگىلىرىدە بولىدۇ. ئادەمدىكى بۇنداق خاسىيەت تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئالايلۇق:

تۇرمۇشىمىزغا قارايدىغان بولساق، بىز بۇرۇن تەبىئىي ئۆسكەن قاپاقتا سۇ توشۇپ ئىچكەنىدۇق، ئۇنىڭدىن چوڭراق ئەقىل تاپقاندىن كېيىن، قاپاق يوق شارائىتتا كوزا ياساپ سۇ توشۇدۇق ۋە كېيىنچە يەنە چېلەكنىمۇ ياسىدۇق، مانا ئەمدى ئىچىملىك سۇيىمىزنى تۇرۇبا ئارقىلىق قەۋەتلىك بىنالارغا ئاقتۇردۇق. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى سۇ توشۇيدىغان قاپاق، كوزا، سوغا، چېلەكلەر ئەمەلدىن قالدى. شۇنىڭغا



ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىمۇ يېڭىلىنىش بولۇپ تۇرىدۇ. بىرمۇنچە نەرسىلەر بۇرۇنقى تۇرمۇشىمىزغا قورال - جابدۇق ياكى ئېستېتىك جەھەتتە مەيلى قانچىلىك زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا ئۈزلۈكسىز تۆھپە قوشالمىغانلىقى بىلەن بۇرۇنقىدەك ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. ئادەمنىڭ تالانت مۇۋەپپەقىيىتىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ. بۇرۇن زىلزىلە پەيدا قىلغان تالانتلىقلار كۆز ئالدىمىزدا يەنە كارامەت كۆرسىتەلمىگەنلىكى بىلەن ئېتىراپتىن قالىدۇ. شۇڭا، بىر ئادەمدىكى تالانت نامىنىڭ ساقلىنىشى ئەنئەنىۋى ئادىتىمىزدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ ئاسارەتلىرىگە چىرمىلىپ قالماي، بۆسۈپ چىقىدىغان بىر خىل قىزغىنلىققا، بۇرۇنقى شان - شەرەپلىرىگە مەستانە بولىدىغان غاپىللىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەيدىغان جاسارەتلىك روھقا تەقەززا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىنسان تەبىئىتىدە ھەر قاچان كونىدىن زېرىكىپ يېڭىنى خالايدىغان، يامانلىقتىن يىرگىنىپ ياخشىلىقنى ئىزدەيدىغان پسىخىكا ھۆكۈم سۈرگەنلىكتىن، كىمكى قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىدا بولمايدىكەن، بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كەلگۈسى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىدۇ. بىر ئادەمدىكى بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەتلەرگىلا مەستانە بولۇپ كېتىش روھىي ھالىتى ئۇنىڭ پىكىر دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، سۈيى قۇرۇغان كۆلچەكتە بېلىقلار ئۆلۈپ كەتكەندەك، بۇنداق ئادەمدە ئىلمىي سەنئەت دۇنياسىدىكى بوز يەرلەرنى گۈلبوستانلىققا ئايلاندۇرىدىغان روھ بولمايدۇ. ئىدىيىدە قۇرغاقلىشىشتىن ئىبارەت بۇنداق روھىي مەغلۇبىيەت ئىدىيىسى سۇ كىرىپ ئايىغى چىقىپ كېتىۋاتقان كۆلچەككە ئوخشاش بولدۇقلاپ تۇرىدىغان، «بۇ دۇنيادا يەنە بىردەم ياشايدىكەنمەن، شۇ بىردەملىك مۇۋەپپەق

يەت پۈرستى ئۈچۈن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىمەن» دەيدىغان پىكىردىكى كىشىلەرنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدىدا ئاشكارىلانغان ھامان، كىشىلەر ئۇلارنى تالانت سېپىدىن شاللاپ تاشلايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، تالانت ئىلكىدە بەختلىك ياشاش ئارزۇسىدىكى ئەقىللىق ئادەم ئۆز كۆڭلىدە «پۈتۈنلەي يېڭىچە مەن بولغاندا، پۈتۈنلەي يېڭى بىر دۇنيا مېنىڭ بولىدۇ» دېگەننى زىكرى قىلماق لازىم. ئادەم بىلەن تۇرمۇش سەنئىتىنىڭ بۇنداق بىرلىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، تالانت بىر كۆزىدە ئۇنى تەڭ كۆرىدىغان ۋە كۆرگەننى ئۇنتۇپ قالمايدىغان غارايىپلىق، بىلىپ بولمايدىغان تىلسىمات ۋە ياكى كۆز ئالدىدىكى بىر تۇركۈم كىشىلەرنىڭ قىياسەن باھاسى ئەمەس، بەلكى ئادەمدىكى تالانتقا خاس بولغان بىر خىل مىجەزدۇر. بۇنداق ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىجادىي قابىلىيەتلەرنىڭ جۇغلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆزلۈكىدىن ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جانلىق ھالىتى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ نەق ھالىتىدىن ھالقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدىغان ھاياجان ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تىل بىلەن ئىپادىلەش تولىمۇ قىيىن بولغان ئىلمىي گۇمانىستلىق، بەزىبىر شەيئىلەردىن ھەيران قېلىپ ئىزدىنىدىغان قوغلىشىش، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، مەنزىلگە يەتمىگۈچە توختىمايدىغان غالىبانە روھ بولىدۇ. مەشھۇر ئالىم مۇسا جارىللايوۋ «ھىدايەت تېپىش ئىقتىدارنىڭ ئەسىرى ئەمەس، ئىجتىھاتنىڭ سەمەرىسىدۇر» دېگەنىدە، ئىقتىدارنىڭ مۇشۇنداق روھ رىغبىتىدە ئىجتىھاتقا — ئىجادىي قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتىمۇ ھەرقانداق ئادەم ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماقچى بولغاندا، ئاز بولسىمۇ مۇشۇنداق روھتا بولۇپ بەل باغلايدۇ، ئەمما — بەزىلەرنىڭ بېلى چىڭ بولمايدۇ. تالانتقا خاس بولغان مىجەز — روھقا ئىگە ئادەمنىڭ بېلى ئەكسىچە



ئاجايىپ چىڭ بولىدۇ - دە، ئۇلار ئۆزى قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلەردىن قانائەت قىلمايدۇ، ئۆزىدە تەييارلانغان قابىلىيەتلەرگە باش ئەگمەيدۇ. ھەر قاچان شۇ تاپتىكى ھالىتىدىن ھالقىپ كېتىشنى ئويلايدۇ، بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزىنىڭ نەق بار قابىلىيىتىنىڭ سەۋىيىسىگە ناقايىللىق، نارازىلىق ھەتتا غەزەپ يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ ھالىتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ تېخىمۇ ئۈستۈن قابىلىيەتكە يېتىش ئۇلارنىڭ مەنزىلى بولىدۇ. شۇڭا، بەزى ھەقىقىي تالانتلىق ئادەملەر ھەتتا بۇ جەھەتتىكى ئۇقۇمسىز كىشىلەر تەرىپىدىن «سەۋدا» ياكى «ساراڭ» دەپ ئاتىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان بېسىمى بەزىدە شۇنداق ئېغىر بولىدۇكى، بۇ بېسىم ئۇلارنى گۇمران بولۇش گىردابىغا قىستاپمۇ قويىدۇ. ئىختىراچىلار پېشۋاسى ئېدىسوننىڭ قەلەم ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن بانكىغا بارغىنىدا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىشى، ئېينىشتېيننىڭ ئۆيىگە قايتىدىغان چاغدا ئۆز ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىگە ئالالماسلىقى، بەزى يازغۇچىلارنىڭ چاپىنىنى تەتۈر كىيىپ بازارغا چىقىپ قېلىشى ۋە شىمىنىڭ ئۈستىگە يۇڭ ئىشتان كىيىپ، مېھمانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قېلىشى، بەزى ئالىملارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە ھەقىقەتنى تونۇتىمەن دەپ جاھىللار ۋە خۇراپىي قۇزغۇنلار ئالدىدا ئۆلۈمدىن قورقماسلىقى ئەنە شۇنداق ئالامەتلەرنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشلىرىدۇر.

بۇنداق ئىكەن، تالانت ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن نېمىنى ئۆگەنسە شۇنداق ئىش قىلىش، ئالدىنقىلارنى بېسىپ چۈشۈشتىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى تاشقى بېسىم بولمىغاندىمۇ ئۆز ئىچىدىن قوزغىلىپ تۇرىدىغان ئىجادىي روھتا بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئىقتىدارى

تۇرۇپ ئىجادىي تەپەككۇر قىلالماسلىقى، مۇشۇنداق روھنىڭ كەملىكىدۇر.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ جازا لاگېرىغا كىرىپ قالغان بەزى يەھۇدىيلار ئاران - ئاران جېنىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان ئازغىنا يېمەكلىكلەرگىمۇ كۆمۈر، قەلەم ۋە قەغەز تېگىشىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھايال ئۆتمەي زەھەرلىك گاز قويۇۋېتىلگەن زىندانلارغا تاشلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ياداپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ كەتكەنلىكتىن قەلەم تۇتقۇدەك مادارى قالمىغان بولسىمۇ، سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقىدىن يانمىغان. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ چېكى بولغان ئۆلۈم ئالدىدا سەنئەتنى قوغلىشىشى ھايات - ماماتلىقتا ئورتاقلىشىپ كەتكەن تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ تەرىپىدىن بولغان بولۇپ، بۇنداق روھ بولمايدىكەن، تالانت ئىگىلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق روھتا بولغانلارنىڭ ھەممىسى تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كېتىشى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماي قېلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە «مەن دېگەن چىداملىق تالانت ئىگىسى» دېيەلەيدۇ، بۇنداق ئادەملەر ئۆز ھاياتىدىن ئەپسۇسلانمايدۇ. بىز مانا مۇشۇنداق روھنى تالانتنىڭ باش ھالقىسى دەيمىز.

بۇنداق باش ھالقىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان يەنە بىر نۇقتىمۇ باركى، تۈرلۈك ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالارنىڭ ماھىيىتى تالانت كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئىقتىدارىدا كۆرۈنگەنىدەك قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ زامانىمىزدا ئۆتكەن ئۇستازلىرىدىن تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىر كېچە - كۈندۈزگىچە توختىماي ئېيتسا تۈگىمەيدىغان 12 مۇقامىنىڭ تېكىست، مۇزىكا ھەم بارلىق ئاھاڭلىرىنى تولۇق خاتىرىسىدە



ساقلىشى بىلەن يۈسۈپ مامايىنىڭ قىرغىز خەلقىنىڭ مەشھۇر ئېپوسى «ماناس» نىڭ 200 مىڭ مىسرالىق بۆلىكى (ماناس، سەمەتەي، سەيتەك، كەنەنىم، سەيتى، ئاسىل باچا - بېك باچا، سوم بىلەك، چىگىتەي) نى خاتىرىسىدە ساقلىشى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. راست دېگەندەك زور ئىجادىي پائالىيەتلەر مۇشۇنداق تۇغما خاتىرە، قابىلىيەتلەرگە باغلىق بولىدۇ. لېكىن بۇنداق قابىلىيىتى بار بەزى ئادەملەرنىڭ تەپەككۇردا ئىجادىي بولالمايدىغانلىقى تۈرلۈك ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالارنىڭ ماھىيىتى بۇنداق قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئەگەر مۇشۇنداق قابىلىيەت ھەم ئىقتىدارلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالسۇن دېسەك، ئۇنداقتا بۇ قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارلارنى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدىغان بىر نەرسە كەم بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق بولىدىكەن، ئادەمدىكى ئىجادىي پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان ۋە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان قابىلىيەتلەر ھەرىكەتكە كېلەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، ئادەم ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق قابىلىيەتلەرنى — تەپەككۇرنى ئىجادىيلىققا كۆتۈرىدىغان قابىلىيەتلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان نەرسە نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ ئىستەكتۇر. ئادەتتە بىز ئىجادىيلىققا ئىگە دەيدىغان مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈدىغان جەريان ئىجادىيەت بولسا، بۇنداق جەرياننى ئىجادىيلىققا ئىگە قىلىدىغان نەرسە ئىستەكتۇر. مۇشۇ ئىككى تەرەپ قوشۇلغاندا ئىجادىيلىقتىن ئىبارەت مۇستەقىل ئۆزگىچىلىككە ۋە يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بولغان بۇ شەيئىنىڭ شەكىللىنىۋاتقان ئىجادىي مەھسۇلاتقا قانداق سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولىدۇ. يېقىندا مەن شىنجاڭ گېزىتىدىن يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ «يېزىش ئاسان، يازغۇچى بولماق تەس ......» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇغاندىمۇ مۇشۇنداق

ھېسسىياتتا بولدۇم. يازغۇچىمىزنىڭ كۆز قارىشىدىكى ئېگىزلىك مەزمۇنلارمۇ بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزغا يېقىنلاپ كېلىدىكەن. زوردۇن سابىر ھەقىقىي يازغۇچى بولۇشنىڭ ئۈچ شەرتىنى تىلغا ئالغاندا، بىرىنچى شەرتى قىلىپ «تۇغما تالانت» نى تەكىتلىگەن. مېنىڭچە، ئۇ دەۋاتقان تۇغما تالانت ئالدى بىلەن بىز قەيت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى چۆچۈتىدىغان ئالاھىدە قابىلىيەتنى، ئەدەبىياتقا خاس بولغان تىل قابىلىيىتىنى مەركەز قىلغان خاسلىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇ «بۇ خاسلىقسىز يازغۇچى بولۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. بىز ئادەتتە خاسلىق دېگەن ئىبارىنى ئادەمنىڭ ئىستەك پەزىلەتلىرىنى ئىپادىلەش تەرەپتە قوللىنىشنى تەكىتلەپ، يازغۇچىلىقتىكى تۇغما قابىلىيەتنى ئىپادىلەشكە قوللىنىشنى تەكىتلىمىسەكمۇ، بۇ يەردە يازغۇچىمىز قوللانغان خاسلىقنى تۇغما بولغان ئەدەبىي قابىلىيەتنىڭ باشقا ساھەلەردە كارامەت كۆرسىتىشكە تەبىئىي ئاساس بولىدىغان ئالاھىدە قابىلىيەتلەردىن پەرقلەندۈرۈلۈشى دەپ قاراپ، ئۇنى ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدىكى تەلەپلەر بويىچە تەتبىقلاشقا بولىدۇ. ئادەتتە يازغۇچى ياكى شائىر بولماقچى بولغان بىر ئادەم بىر يولىلا يارامىلىق ئاپتور بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەدەبىي ئاپتورلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم شەرت خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دەسلەپىدىلا خاتىرە يېزىشنى يازغۇچىلىقنىڭ ماھارەت يېتىشتۈرىدىغان مەشقى قىلىدۇ. ئەدەبىي ئاپتورلار ئىجتىمائىي پەننىڭ بەزى ساھەلىرىدىكى تۇپتۇز گەپ قىلىدىغان ۋە بەزى ھاللاردا بىر سۆزنى تەكرارلاۋېرىدىغان خادىملار بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە، كەيپىيات كۈچىدە بولمايدۇ، بەلكى، ئۇلارنىڭ تىل ماھارىتىدە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار يازغۇچىلىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، ئۆزگىچە ئۇسلۇب



ئۇرغۇزۇشتىن بۇرۇنلا ئاساسلىقى تىل بىلەنلا دوست بولىدۇ، تىل بايلىقىنى تەتبىقلاش ۋە يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئەدىبلەر ئالدىدا ماڭغانلىقتىن، قايسى مىللەتنىڭ يازغۇچىسى كۆپ بولسا، بولۇپمۇ پروزىچىلىقى تەرەققىي قىلغان بولسا، شۇ مىللەتنىڭ تىل بايلىقى مول بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ شۇنىڭدىندۇر. بىر شائىرنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئۇمۇ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ روھىي ئىنژېنېرى بولغانلىقتىن، خۇددى ئالىملاردەك ئەقلىي مەنتىقىگە بويسۇنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىپادىلەش مەنتىقىسى بىلەن ئالىملارنىڭ مەنتىقىسى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشاش بولمايدۇ. ئالىملارنىڭ مەنتىقىسىدە مەلۇم تەشەببۇس (ياكى قانۇن) بىلەن باشقا بىر تەشەببۇس (ياكى قانۇن) ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا بولغان سەزگۈرلۈك ئۈستۈن بولسا، شائىرلارنىڭ مەنتىقىسىدە ئۆز تىلىنىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ تۈرلۈك نازۇك تەرەپلىرىنى، ئادەم روھىي دۇنياسىدىكى تىلسىمات مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى راۋان ئىپادىلەپ بېرەلىگەن - بېرەلمىگەنلىكىگە مەنە جەھەتتىن ئاز - پاز بولسىمۇ پەرقلىنىدىغان سۆز - ئىبارىلەرنى توغرا ئىشلىتەلىگەن ياكى ئىشلىتەلمىگەنلىكىگە بولغان سەزگۈرلۈك ئۈستۈن بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم لوگىكىلىق ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشنى بىلمەيدىكەن، ھەرگىز ئالىم بولالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر بىر ئادەمدە تىل ۋە تىلنىڭ ئىچكى مەنالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز تەسىرگە بولغان سەزگۈرلۈك بولمايدىكەن، ئۇ ھەرگىز شائىر بولالمايدۇ. شۇڭا، شائىرلارنىڭ ئەڭ روشەن ئۆزگىچىلىكى تىلغا بولغان سۆيگۈ، تىلنىڭ ھەربىر ۋارىيانتلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش بولىدۇ. شائىر بولۇشنىڭ باشلىنىشى ئىدىيىسىنى ئاشكارىلاشقا بولغان ئارزۇ ئەمەس. بەلكى ئۇنى تىل بىلەن قانداق ئىپادىلەپ بېرىشتىكى ماھارەت بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئىچكى

دۇنياسىنى پەقەت تاۋلانغان ئەدەبىي تىل بىلەنلا تولۇق ئېچىپ بەرگىلى بولغانلىقتىن، پەۋقۇلئاددە ئۇسۇل بىلەن سۆز - ئىبارە، ماقال - تەمسىللەرنى، بولۇپمۇ باشقا شائىرلارمۇ ياقتۇرىدىغان ئىبارىلەرنى باشقىلاردىن پەرقلىق يادلاپ بېرەلەي-دىغان قابىلىيەت شائىرلىقتىكى تۇغما قابىلىيەت بولۇپ، بۇنداق ئالاھىدىلىك شائىرلىقتىكى باھاسىز گۆھەردۇر. مۇشۇنداق خاسلىق بولغان ئادەمنىڭ تالانتى ۋاقتىدا بايقىۋېلىنسا ۋە بۇنىڭغا سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى تەربىيە قوشۇلسا، ئاندىن بىر شائىر مەيدانغا كېلىدۇ. دېمەك، زوردۇن سابىر «يازغۇچى تەربىيىلىنىشنىڭ قوشۇلۇشىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. تەبىئىي تالانت بولمىغان كىشىنى تەربىيىلەش ياكى مەجبۇرلاش يولى بىلەن يازغۇچى قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ» دېگەندە، تۇغما قابىلىيەتنى يازغۇچىلىقنىڭ بىرىنچى شەرتى قىلسا، يازغۇچىلىقنىڭ تۇغما قابىلىيەتكە تەربىيىلىنىش قوشۇلغاندىلا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ يەردىكى تەربىيىلىنىش ئەلۋەتتە ئۇ ئۆز ماقالىسىدە يازغۇچىنىڭ ئىككىنچى شەرتى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان «ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلىيالاي-دىغان پىداكارلىق روھى» بولۇپ، بۇ روھ بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ئۆلۈم ئالدىدىمۇ «مەن دېگەن چىداملىق تالانت ئىگىسى» دەيدىغان ئىنتىلىش روھى شۇنداقلا زوردۇن سابىر كۆرسەتكەن يازغۇچىنىڭ تەربىيىلىنىشىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەرنىڭ گۈل تاجىسى بولغان ئىستەكتۇر. بۇنداق ئىستەك بولمايدىكەن، بىراۋنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ھەرقانچە ئۈستۈن بولغان تەقدىردىمۇ تەبىئىي قوزغىلىش كۈچىگە ئىگە بولالمايدۇ - دە، ھەرقانچە ياخشى بولغاندىمۇ يۇقىرىدا بىز مىسالغا ئالغان بالىدەك ئاتا - ئانىسى ھەيدەكچىلىك قىلمىسا مۇزىكا چالمايدىغان ئاتالمىش «تالانت ئىگىسى» بولۇپ قالىدۇ. مەيلى قايسى بىر جەھەتتە ھەرقانچە ئۈستۈن تۇغما قابىلىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،



ھەتتا ئۇ بايقىۋېلىنغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئىستەك بولمىسا ئۇ كۆمۈلۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز: ئادەمنى تالانت ئىگىسى قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان كەشپىياتلار ئادەم بىلگىلى بولمايدىغان ئالاھىدە جەريانلاردىن ھاسىل بولمايدۇ، بەلكى ھەربىرىمىزنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاددىي پسىخىك جەريان — مەنزىلگە يەتمىگۈچە توختىمىغان غالىبانە روھنىڭ يېتەكلىشىگە ئىگە بولغان جەرياندا ھاسىل بولىدۇ، نورمال بولغان پسىخىك جەريان مەلۇم تەرەپتىكى ئالاھىدە تۇغما قابىلىيەتكە ئىگە بولغان ئادەملەردە ئىجادىيلىقنىڭ — ئىستەكنىڭ يېتەكلىشىگە ئىگە بولغاندا، ئۇ ئىجادىيەت نەتىجىسى بولۇپ مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ قارايمىز ھەمدە تۇغما قابىلىيەت-نى قوزغاپ ئىجادىيلىققا كۆتۈرىدىغان روھنى، ئىستەكنى تالانت-نىڭ مەنبەسى قاتارىدا تېخىمۇ ئاگىرلەپ مۇئەييەنلەشتۈرىمىز.

ئەمما، تالانت ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ھەممە چاغ-لىرىدا ئوخشاش يۈز بەرمەيدۇ، بەلكى تالانت نۇرلىنىدىغان ياش چېكى ۋە ساھەلەرگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئەقلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، باش كۆتۈرۈپ چىققان تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئۈچ چوڭ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: (1) تالانتنىڭ بىخلىنىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچ تۇغۇلغان چاغدىن ۋەكىللىك خاراكتېرلىك ئەسىرى ئېلان قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ (2) تالانت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا تالانت ئىگىسىنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرى تولۇق پىشىپ يېتىلىدۇ ۋە شۇ تۈپەيلى ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىدۇ؛ (3) تالانتنىڭ چېكىنىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا تالانتلىق ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ۋە مېڭىسىنىڭ مېخانىزمى ئاجىزلاپ، سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە چېكىنىدۇ. ئەسەرلىرىنىڭ ئازلاپ

كېتىشى ياكى چىقماسلىقى، زور مەسىلىلەردە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش، قاتمال قاراشلاردا توختاپ قېلىپ، توغرا ئىدىيىدىكى يېڭى ئىجادكارلار بىلەن زىتلىشىش قاتارلىقلار بۇنداق چېكىنىشنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئەقىلشۇناس لېھمان ۋە بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئادەتتە تازا مەشھۇر ئالىملارنىڭ ناھايىتى يارامىلىق نەتىجە يارىتىدىغان ۋاقتى 30 — 39 ياشلاردا بولۇپ، 39 ياشتىن كېيىن بۇنداق زور تۆھپە كۆرسىتىشنىڭ سانى ۋە سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ. ئادەتتىكى ئىجادىيەت مېۋىلىرى 40 — 45 ياشلاردا يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. كومپوزىتورلارنىڭ بۇرۇنقى ياش چېكى يۇقىرىدىكى ياش چېكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ھازىرقى كومپوزىتورلاردىن 50 — 55 ياشلاردا خۇددى ئاشۇ ياشتىكىلەردەك ئىجاد قىلىۋاتقانلارمۇ بار. ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن تالانتلىق رەسساملارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن دەۋرى 32 — 36 ياشلاردا بولغان؛ مۇنەۋۋەر شائىرلارنىڭ 27 — 33 ياشلاردا بولغان؛ مۇنەۋۋەر پروزا ۋە نەسىرچىلەرنىڭ 35 — 42 ياشلاردا بولغان؛ ئىمارەت ئۇستىلىرىنىڭ 40 — 44 ياشلاردا بولغان. قوماندانلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەت يېشى باشقا ھەرقانداق ساھەلەرگە قارىغاندا كېيىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى 50 — 70 ياشلاردا بولىدىكەن. ئومۇمەن تالانتنىڭ ئەڭ ئەلا دەۋرى ئادەمنىڭ زېھنى تولۇق، شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى چوڭقۇر بولغان ياشلىق دەۋرىدە بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ياشلىق دېسە، ياشلىق دەپ كېتىۋاتقان ياشلىق باھار تالانتنىڭمۇ ئالتۇن دەۋرىدۇر.

شۇڭا، ياشلىقنىڭ ئالتۇن دەۋر ئىكەنلىكىگە مۇناسىپ بولغان بەزى قاراشلارنى ئەمەلىيەت ئاساسىدا تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر «تۇرمۇشتا گۆدەك، ئوقۇش تارىخى قىسقا



بولغان خام سويىملار» دا يېڭىلىق يارىتىش تالانتى كەم بولىدۇ. تالانت تويۇنغان ئوقۇش تارىخى، يېتىلگەن ياش چېكى، پىشقان پىسخىكا خىسلىتى ۋە غايە قاتارلىقلار ھازىرلانغاندا يېتىلىدۇ دەيدۇ. يەنە بەزى ياشلار ئەنە شۇنداق ئادەملەر «خام سويىما» دەپ قويسا ئەندىكىپ كېتىپ، جىددىي ئىنتىلمەيدىغان «كۈتۈپ تۇرۇش» پوزىتسىيىسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، كۈننىڭ چىقىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا دېگەندەك، «مەندەك ئادەملەر ئېغىر شاپاشلاپ كەتمىسەممۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ بەخىرامان يۈرۈۋېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىدا ئۇرغۇيدىغان تالانت بىخلىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ھاياتىي كۈچىنى قېرىتىۋېتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن تالانتنىڭ ئۇرغۇش دەۋرىنى نادانلىق ئىلكىدە دەپنە قىلىشتۇر. يەنە بىر خىل ياشلار باركى، ئۇلار تالانتنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە يۇقىرىقىدەك نادانلىقنىڭ قۇلى بولۇپ قالمىغان، داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىشنى خالايدىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ دىققەت نەزىرىنى بىز دەۋاتقان ۋەتەن، خەلق قايغۇسىدا ئىجاد قىلىشقا قاراتماستىن، تۇرمۇش بېزەكلىرىنى باشقىچە تەرەپلەردىن ئىزدەيدۇ ـ دە، تالانت كۆرسىتىشنى ئوتتۇرا ياش دەۋرىگە قالدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تالانت تەرەققىياتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى، ئۆگىنىش ۋە كەسپىي خىزمەتلىرىدە يېڭىلىق قوغلىشىشنىڭ تالانتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇرمۇشنىڭ يول تېپىش، مەنسەپ دەرىجىلەردە كۆتۈرۈلۈش، باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسىدىن ھوزۇرلىنىش، قىسقىسى، تۇرمۇش مەئىشىتى ياكى ماھىيەتلىك بولمىغان ئاللىقانداق تەرەپلىرىدە جامائەتنىڭ ئالدىدا كەتسىمۇ، ھاياتنىڭ چوڭ مېڭىدىكى تالانت كانىنى قېزىشتىن ئىبارەت ماھىيىتىنى ئاچالمىغانلىقى بىلەن ئىچى كاۋاك بولۇپ قالىدۇ ـ دە،

كۆرەڭلەپ كۈن ئۆتكۈزگەن خېلى بىر چاغلاردىن كېيىن ئۇنىڭ ھايات قىممىتى يەنىلا سودا سارايلىرىدىكى مودا ھەيكەللەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا قاراپ، بىز پاراسەتنىڭ يادروسى بولغان تالانت تەرەققىياتىنىڭ كىچىكلىك ياكى ياشلىق بىلەن زىددىيەتلەشمەي داۋاملىشىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز ھەمدە تالانت كانىنى ئاچىدىغان پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرمىگەن ياشلارنىڭمۇ ھاسىل قىلغان ئاساسىي بىلىملىرى ئاساسىدا تالانت كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈرەلەيمىز. بىز بۇ قاراشنى مۇستەھكەملەش يۈزىسىدىن 20 ياش ئىچىدە تالانت كۆرسەتكەن ئالىملارغا قاراپ ئۆتەيلى.

ئۆپپېنھېيم 12 يېشىدا نيۇ ـ يوركنىڭ ئىلمىي مۇنبىرىدە «مەنياتتون ئارىلىدىكى قورام تاش» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئىشتىراكچىلارنى ھەيران قالدۇرغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ دۇنيانىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى تەتقىق قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئالىمىغا ئايلانغان.

بوييل 13 يېشىدا ھاۋا بېسىمى بىلەن قايناش نۇقتىسى، ئېرىش نۇقتىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئىلمىي كۆز قارىشىنى ئېلان قىلغان. كېيىنچە ئۇ ئەنگلىيە خانلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەشھۇر تەشكىلاتچىسى بولۇپ يېتىلىپ، ئېلېمېنتلار ئۇقۇمى ۋە ماددا تەلىماتىنى ئىجاد قىلغۇچى دۇنياۋى ئالىمغا ئايلانغان.

پاسكال 16 يېشىدا كونۇس ئەگرى سىزىقى توغرىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرنى يازغان، 19 يېشىدا يەنە مەسىلە يېشىشنى ئىختىرا قىلىپ، ئاتاقلىق فرانسۇز ماتېماتىكى بولغان.

سىمېنىس 19 يېشىدا ئېلېكتر بىلەن ھەل بېرىش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلغان. كېيىنچە دۇنياغا مەشھۇر ئىختىراچى بولۇپ كەتكەن.

گالىلېي 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئەنئەنىۋى ئارىستوتېل



تەرەپدارلىرىغا جەڭ ئېلان قىلغان ھەمدە ئەركىن چۈشكەن جىسىمنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسىرىنى ئېلان قىلغان.

لاگرانگېي 19 يېشىدا ماتېماتىكا پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق ماتېماتىكى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە قارايدىغان بولساق، بۇنداق مىساللار تېخىمۇ كۆپ. بۇ پاكىتلار ياشلىقنىڭ تالانت دەۋرى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لېكىن، ھەرقانداق تالانت ئىگىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى يېگانە ھالدا يۈز بېرىدىغان ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇ باشقا مۇنەۋۋەر ئىجادكارلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ تۈرتكىسى ۋە شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئايرىلمىغان بولىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرى بار، ئۇلار ئېلىمىزنىڭ بىرمۇنچە مىللەتلىرىنىڭ تەڭ تىرىشچانلىقى بىلەن گۈللەنگەن تاڭ دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە شۇ چاغدىكى مىسلىسىز ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن ئوزۇقلۇق ۋە مەدەت ئالغان.

ئىدىقۇت مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئاپرىنچۇر تېكىن، كۆر تارقان، سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ، ئەنساڭ، ئاسىخ تۇتۇڭ قاتارلىق بۇددىچى شائىرلار، تەرجىمانلار، ئالىملار مۇشۇ چاغدىكى تۇرپاننى مەركەز قىلغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئېقىمىدىن ئوزۇق ۋە ئىلھام ئالغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى، ناۋائى قاتارلىق بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى خەلقتىن، جەمئىيەتتىن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى خەلققە بولغان مۇھەببەت شارابىدىن سۇغۇرۇلۇپ بارلىققا كېلىدۇ. خەلقىدىن ئايرىلغان

ۋە خەلقى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىجاد قىلىشقا ئاتلانمىغان تالانت ئىگىسى بارغانسېرى چېكىنىپ، ئۆزىنىڭ ھاماقەت ئىشلىرى بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئەخمەقلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

تالانت ئىگىلىرى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي شەخسلەر بولۇپ مەيدانغا چىقىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئاددىي ئادەملەر بىلەن پەرقى ئاساسىقى ئەقلىي ئىقتىداردا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئىپادىلىگەن ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدە ھەمدە بۇنداق قابىلىيەتنى ئەمەلىي مۆجىزاتقا ئايلاندۇرۇشقا قانات بولىدىغان پەزىلەت روھىدا بولىدۇ. كىمنىكى ئاددىي ئادەم بولسىمۇ، تۇغما ساپاسى بىرقەدەر ياخشى بولسىلا، تالانتلىقلارغا قاراپ مەيۇسلەنمەي ئەخلاق، بىلىم، قابىلىيەتلىرىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، بەل قويۇپ بەرمەي تىرىشسا تالانتلىقلارغا ئايلىنىدۇ، ئادەتتىكىلەرمۇ تالانت ئامىللىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلىسە ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزسە، تالانتلىق ئادەمگە ئايلىنىدۇ، تالانتلىق ئادەملەر جىسمانىي، ئەخلاق، بىلىم قابىلىيەتلىرىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى مۇستەھكەملىمىسە ياكى ئۇنى بۇزۇپ تاشلىسا تالانت ئىگىسى بولالمايدۇ، شۇڭا تالانتلىق ئادەملەرمۇ ھەرقاچان جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇپ ئۆگىنىشى ۋە تالانتنىڭ شەكىللىنىش شارائىتلىرىنى ياخشى ئىگىلىشى كېرەك.

تارىخىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندىمۇ، ھەرقانداق ئىشتا داڭق چىقارغان تالانتلىق كىشىلەر ئىجادىيەتتە ئۇلۇغۋار نىشانغا ۋە كەسپىي جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغاندىن باشقا، ۋەتەنگە، خەلققە، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىدىغان ساغلام ھەم غايىۋى پىسخىكىغا ۋە جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە بولغان. ئۇلاردىكى ئۇلۇغۋار نىشان — ئۇلارنىڭ ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا پائال ۋە جانلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە تۈرتكە بولغان بولسا، ئۇلاردىكى نىشان قوغلاشقان كۈچلۈك كەسىپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئۇلارنىڭ تەپەككۇر



تەرەققىياتىدىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغان، پۈتكۈل دۇنيا تارىخىنىڭ ھەربىر دەۋرىدە ھەممە مىللەتلەردە مۇھىم تۆھپە قوشقان تالانتلىقلار ئالدى بىلەن پىسخىكىسىدىكى ئاجىزلىقلارنى تونۇۋېلىپ تۈزىتىپ، خىسلەتلىك پەزىلەتكە ئىگە بولغان. ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە، خەلقىگە چەكسىز مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان. شۇ زاماننىڭ ئىجادىي تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى جانلىق تەتبىق قىلالايدىغان ۋە تەپەككۇرنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلالايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلاردىكى مانا مۇشۇنداق غايىۋى نىشان، كەسىپچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى يەنە ئۇلارنى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مىللەت، دۆلەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىرىپلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە سەۋەب بولغان. شۇڭا، ئۇلار ھازىرقى كۈندىمۇ ئۇلۇغ غايە، كەسىپچانلىق بىلەن خەلققە بولغان جاۋابكارلىقنى بىرلەشتۈرگەن، كاللىسىدىكى پىسخىك ئاجىزلىق ۋە تەپەككۇر توسالغۇلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەپەككۇر دائىرىسى كەڭ، ئويلايدىغانلىرى مول مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ، ئۇلار بىر دائىرىدە بىر نەرسىنى تەكرار ئويلاۋەرمەستىن، ئەگەشمە تەپەككۇرچىلار تۇرغۇن ئويلاۋاتقاندا، ئىجادىيەت مېۋىسىگە جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن سۇ قۇيۇپ بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئۆتكۈر، سەزگۈر بولۇپ، ساماننىڭ تېگىدىن سۇ قۇيۇپ بېرىدىغانلارنىمۇ بايقىۋېلىپ، ئۆزگىرىشلەرگە تېز ماسلىشىدۇ ـ دە، ئەمگەك سەرپ قىلمايدىغانلار چۆچۈرىنى خام سانىغۇچە ئىجادىيەت مېۋىسىنى ئۈزۈپ بولىدۇ. قىسقىسى، تالانت جەمئىيەتكە باغلانغان ھالدا، پىسخىك ئاجىزلىقلار ۋە تەپەككۇر قاتماللىقىدىن ئىبارەت ئىچكى ئاجىزلىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولماي، تاشقى بېسىملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىلا، ئىنسان ھۇزۇرىنى سۈرىدىغان يېڭى ھاياتقا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشىدۇ. زامان

ئەلىپىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە تالانتلىق ئادەملەرگە ئايلىنىش ئۈچۈن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۈيۈك كىشىلەرنى ئۈلگە قىلغان ھالدا ئۆزىمىزدىكى پسىخىك ئاجىزلىقلارنى ۋە تەپەككۇرىمىزدىكى توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

دۇنيادىكى ئەقلشۇناس ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىغا ھۆرمەت قىلغاندا، ئىقتىدارلىق ئادەملەر بىلەن تالانتلىق ئادەملەرنىڭ شەكىللىنىشىدە تۇغما قابىلىيەت، ئائىلە، ئىجادىي مۇھىت، مائارىپ تەربىيىسى ۋە مەشىق دەرىجىسى، ھەۋەسكارلىق ۋە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت بەش ئامىل ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. بىز مۇھىتنىڭ تالانتقا بولغان تەسىرى ھەققىدە ئايرىم توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇ ھەقتە نۇقتىلىق توختالماي، مەخسۇس تالانت مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئېھتىماللىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن ئادەم تەبىئەتتىن پەيدا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە تەبىئىيلىكلەر بولىدۇ، بولۇپمۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ تۇغما ھالىتىدە ئوخشىماسلىق بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىدە ئالاھىدە ئۈستۈنلۈك بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا باشقىلاردىن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولىدۇ. تەبىئىيكى بۇنداق شارائىت ئۇ ئادەمگە تالانتلىق بولۇپ كېتىش ئېھتىمالىنىمۇ بېرىدۇ. چۈنكى، تالانتلىق ئادەمنىڭ مەيدانغا كېلىشى تۇغما ھالەتنىڭ ياخشى بولۇشىنى، يەنى جىسمانىي ئۈستۈنلۈك ئاساسىدىكى زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشى بىز دەۋاتقان تالانتلىق ئادەم ئىنسانىيەتكە، ھېچبولمىغاندا ئۆز دۆلىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان كەشپىيات، ئىختىرا، ئىجادىيەتنىڭ ئىگىسىدۇر.

— ئۇلۇغ ئىجادىيەتچىلەردە ھەرقاچان تۇغما قابىلىيەت



بولىدۇ، — دەيدۇ مەشھۇر ئەقلشۇناس د. ن. پېر كىنس — مەيلى ماتېماتىكا، مۇزىكا، رەسساملىق ياكى باشقا ساھەلەردە بولسۇن، ئۇلار كەشىپ قىلغاندا، ئۇلاردىكى تۇغما قابىلىيەت ئۇلارنىڭ ئىجادىي تىرىشچانلىقىغا ياردەمدە بولىدۇ. بۇنداق تالانتقا مۇزاتنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى خاتىرە قابىلىيىتىنى مىسال قىلىپ ئېلىش مۇمكىن. ئاڭلىشىمىزچە، مۇزاتتا مۇزىكىغا نىسبەتەن مەيلى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى بولسۇن، خاسىيەتلىك خاتىرە قابىلىيىتى بار ئىكەن. مۇنداق خاسىيەتلىك خاتىرە قابىلىيىتى مۇزاتقا مەدەت بولۇپ، ئۇنىڭغا قەلبىدىكى ئاھاڭ ئىلھامىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بەرگەنىكەن. ھالبۇكى، مۇنداق ئۇسۇلنى باشقا ھېچقانداق ئادەم قوللىنالمايدۇ. بىز بۇ ئالىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا، كۆڭلىمىزدە تۇغما قابىلىيىتى ئەۋزەل بولمىغان ئادەملەر تالانتلىق بولمايدۇ، دېگەن سوئال نەزەرىدە بولىمىز. ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تالانتلىق ئادەم بولۇشقا كېرەكلىك ئەنە شۇنداق تۇغما قابىلىيەتنى تولۇقلاش ئارقىلىق تالانتلىق ئادەم بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭغا مىسال ناھايىتى كۆپ، قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن ناتىق دېموسپېن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 384 — 322) بۇنىڭغا تىپىكرەك مىسال بولالايدۇ. ئۇنىڭدا ناتىقلىق تۇغما قابىلىيەت يوق ئىدى، مەشھۇر ناتىقلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلاپ ناتىق بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەشھۇر ناتىقلاردىن تەلىم ئېلىپ ئۆگەندى، ئەمما مەيدانغا چىقىپ رەسمىي سۆزلىگەندە كېكەچلەپ قېلىپ كۈلكىگە قالدى. ئۇ مۇشۇنداق مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇغمىلىق جەھەتتىكى پايدىسىز ئامىللارنى تەكشۈردى، ئاۋاز ئاجىز بولۇش، غىڭشىلداش، تاۋۇش ئۇچۇق بولماسلىق، نەپەس سىقىلىش قاتارلىق پايدىسىز ئامىللارنى تاپتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاۋازنى ياخشىراق قىلىش ئۈچۈن ئادەم يوق يەرلەردە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ياكى تاغقا يا-

مىشىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ئۇزاق - ئۇزاق نۇتۇق ئېلان قىلدى؛ تاۋۇش ئوچۇق بولماسلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاغزىغا كىچىك تاش سېلىۋېلىپ تەكرار مەشق قىلدى، ئۆزىنى نۇتۇق سۆزلەشكە دائىم مەجبۇرلاش ئۈچۈن چېچىنىڭ يېرىمىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، مەخسۇس بىر ئۆيدە تۇرۇپ مەشق قىلدى. ئۇ ئەنە شۇنداق بوشاشماستىن تىرىشىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا ناتىقلىققا كېرەكلىك تۇغما ئاساسلارنى ھازىرلاپ، مەشھۇر ناتىق بولۇپ يېتىشتى. دېمەك، تىرىشچانلىق ئارقىلىق تۇغما قابىلىيەت جەھەتتىكى بەزى كەمتۈكلەرنى تولۇقلاشقا ۋە شۇ ئاساستا سەۋىيە يارىتىشقا بولىدۇ. لېكىن ھەر خىل كەسىپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئېتىبار قىلماي، بەزى تالانت ئالامەتلىرى بار بالىلارنى ۋاقتىدا تەربىيىلىمەسلىككە ياكى تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئورنىنى كەلگۈسىدە تىرىشسا، ئاندىن سەۋىيە يارىتىدىغان ئادەملەرگە ئېلىپ بېرىپ، تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلاش بىلەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا دەخلى قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، تالانت ئادەم بەدىنىدىكى بىر ياكى بىرنەچچە خىل ئۈستۈنلۈك ئاساسىدىكى تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇنداق ئۈستۈنلۈك بولمىغانلارنىڭ تولۇقلاش ئېلىپ بېرىشى ھەممىلا ئىشتا بولۇۋەرمەيدۇ.

ئەقلىدىكى قابىلىيەتلەر تەركىبىدە ئومۇمىي قابىلىيەت (ئىقتىدارنىڭ ئومۇمىي ئامىللىرى) ۋە ئالاھىدە قابىلىيەت بولغانىكەن، ئەقىل تەركىبى بولغان تۇغما قابىلىيەت تەركىبىدىمۇ ئومۇمىي تۇغما قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە تۇغما قابىلىيەت ئايرىمىسى بولىدۇ. ئومۇمىي تۇغما قابىلىيەت دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ پاراسەت قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ نورغۇن پائالىيەتلەرنى ئورۇنداشتا شەرت بولىدىغان فىزىئولوگىيىلىك شەرتتۇر؛ ئالاھىدە تۇغما قابىلىيەت مەلۇم بىر خىل كونكرېت پائالىيەت (مەسىلەن، مۇزىكا، رەسساملىق، ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىقلار) نى ئورۇنداشتا شەرت بو-



لىدىغان فىزىئولوگىيىلىك شەرتتۇر. ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تالانتلار ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تۇغما قابىلىيەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ماتېماتىكا ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى تۆۋەندىكى قابىلىيەتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ: (1) ئابستراكسىيىلەش قابىلىيىتى؛ (2) مەنتىقىلىق ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتى؛ (3) ئالاھىدە چۈشىنىش قابىلىيىتى؛ (4) بىۋاسىتە سەزگۈ قابىلىيىتى؛ (5) فورمۇلىلارنى تەتبىقلاش قابىلىيىتى. بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش تەلىپى: (1) ماتېماتىكىلىق ئىجادىيەتتە بولىدىغان بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇر قابىلىيىتى؛ (2) ماتېماتىكىلىق گۈزەللىك، نەپىسلىك ۋە رەقەم شەكىللىرىنىڭ ماسلىقى توغرىسىدىكى ھېسسىيات؛ (3) ماكان ئىدراكى بىلەن لوگارىفملىق مۇناسىۋەتنىڭ يىغىنچاقلىنىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ ماتېماتىكىلىق ئىقتىدارنىڭ ئاساسى بولغان ماتېماتىكىلىق تۇغما قابىلىيەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما مەيلى قايسى جەھەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاساس، ئەمەلىيەت ۋە تىرىشچانلىقتىن ئايرىلىدىكەن بىردەك بەربات بولىدۇ.

ئەمەلىيەت دېگىنىمىزدە، بىز ئاساسلىقى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئىقتىدارنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان تەسىرىنى نەزەردە تۇتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇنىڭدا ئۇلدى بىلەن ئائىلە بولىدۇ. كونكرېت ئائىلە مۇھىتى ئىقتىدارلىق ئادەم ياكى تالانتلىق ئادەمنىڭ يېتىلىشىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرۈشلەردە مەلۇم بولۇشىچە، كۆپ ساندىكى تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلىمخۇمار بولغان. ئۇلار بىلىمخۇمار ئاتا - ئانىسى ھاسىل قىلغان ئەۋزەل ئائىلە شارائىتىدا ئۆگىنىپ يۇقىرى ئۆرلىگەن. كۆپ ساندىكى تالانتلىقلار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ بىلىم ۋە كەسىپ تاللاش يولىدىكى مەغلۇبىيەتلىرىنى كۆرۈپ ئازابلانغان،

ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ تارتقان رىيازەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ يىغلىغان ۋە شۇ تۈپەيلى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ ھەقىقەت دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ چېنىققان.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تالانتلىق ئادەملەر ئاتا - ئانىسىنىڭ كەسپىي ئۈستۈنلۈكلىرىنى دوراش جەريانىدا ئۆزىدىكى بەزى تالانت ئالامەتلىرىنى ئۆستۈرگەن. ھازىرقى كۈلدىكى ئەھۋاللارغا قارايدىغان بولساقمۇ، بۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىمىز. تالانتلىق رەسسام غازى ئەمەتنىڭ ئوغۇللىرى يالقۇن، دولقۇنلار ئەنە شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇلاردىن باشقا ئاتا - ئانىسى ئوقۇتقۇچى ياكى باشقا بىلىم ساھەلىرىدە ئىشلەيدىغان ۋە ياكى ئەۋزەل ئورۇنلاردا تۇرۇۋاتقان بالىلارنىڭ يېتىلىشىدىمۇ ئۈستۈنلۈك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئېلىمىزنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەھۋالغا قارىساقمۇ كادىرلارنىڭ بالىلىرى ئىشچى - دېھقانلارنىڭ بالىلىرىغا قارىغاندا ھەر تەرەپتىن ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە بولۇپ يېتىلىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئائىلە دەسلەپ قىلىپ جەمئىيەت ۋە مائارىپ جەھەتتىكى بىرلەشمە ئۈستۈنلۈكنى بالىلىرىغا يەتكۈزىدۇ. ئەمما، بۇ مۇتلەق ئەمەس.

جەمئىيەتنىڭ تالانتلىق ئادەملەرگە بولغان تەسىرى ئاساسلىقى ئىجادىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشتە بولىدۇ. بۇنى ئاساسلىقى ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت بىلەن بېكىنمە ھالەتتىكى جەمئىيەتنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. تەربىيە بىلەن مەشق تالانتلىق ئادەمنىڭ يېتىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنى ئاساسلىقى مائارىپنى ئىجادىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى، ئاساس قىلغان ئوقۇتۇش بىلەن كونا شەكىلدىكى قۇلىقىغا قۇيۇپ قويۇش شەكىلدىكى مائارىپنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن



چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىجادىي مائارىپنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى شۇ يەردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇ ھەتتا كىچىككىنە ئادەمنى بەزى ھاللاردا چوڭ - چوڭ ئادەملەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئاجايىپ جىددىي ئىشلاردىمۇ ئادەمنى چارە - تەدبىرگە ئىگە قىلىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللار بۇنىڭ تىپىك دەلىلىدۇر:

بىر كۈنى ۋېنسۇئېلانىڭ ماراكەيبو شەھىرى يېڭى بىر داۋالاش مەركىزىنى قۇرۇش ئۈچۈن دوختۇرلار، ئاتا - ئانىلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن 20 ئادەمنى تەكلىپ، لايىھە كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىپتۇ، ئۈچ سائەتلىك مۇزاكىرىدە ھېچكىم پۇختىراق لايىھە قويالماپتۇ. شۇ چاغدا ئانىسى بىلەن بىللە كېلىپ قالغان 10 ياشلىق بىر بالا چىداپ تۇرالماپتۇ - دە، رىياسەتچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

1. ئاۋۋال نىشانىنى توغرا بېكىتىش؛
2. ئاندىن ئېھتىماللىق تاللاش ئېلىپ بېرىش؛
3. ئالدى بىلەن ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛
4. ئاندىن باشقىلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئويلاپ كۆرۈشتىن ئىبارەت تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇ بالىنىڭ پىكرىدە ئاساس بولغانلىقتىن، مەجلىس ئەھلى ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىپتۇ - دە، بىردەمدىلا كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان بىر پىلان لايىھىسى شەكىللىنىپتۇ. بۇ ئالاھىدە تۇغما تالانتلىق بالا بولماستىن، بەلكى ۋېنسۇئېلا ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنى بويىچە بېكىتكەن «مەكتەپلەردە ھەپتىدە ئىككى سائەت تەپەككۇر ئۇسۇلى مەشقى ئېلىپ بېرىش» بەلگىلىمىسىگە بىنائەن تەربىيە كۆرگەن بالا ئىكەن. باشقىلار ئۇنىڭدىن بۇ تەكلىپنى قانداق ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مەجلىس ئەھلىگە بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا «تونۇغرىلاش خاراكتېرلىك»

تەپەككۇر قۇرالىنى قانداق تەتبىقلىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەن. دېمەك، ئۇنىڭدىكى ئەقىل ئۇنچىلىرى ئىجادىي مائارىپنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى مەشىقىدىن كەلگەن. جەمئىيەت ئېچىۋېتىلگەن ئىجادىي مۇھىت يارىتىپ بېرەلىسە، مائارىپ ئەركىن تەسەۋۋۇرنى قوللايدىغان ۋە ئىجادىي ئويلاشنى يېتىشتۈرىدىغان ئىجادىيلىققا ئىگە بولسا، تالانتنىڭ يېتىلىشىنى ئالاھىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ يەردە تالانتنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك شۇنداق بىر نەرسىنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇرۇن بىز «تالانت — تىرىشچانلىقتا» دېگەن ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. ھېلىمۇ بۇ ئەقىدىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. لېكىن تالانتلىق ئادەملەرنىڭ يېتىلىشىدە تىرىشچانلىق يېگانە رول ئوينىماستىن، ئۇ تەبىئىيلىك ئاساسىدا بەدەن سالاھىيىتى — مېڭىسىدىكى مەلۇم تۇغما قابىلىيەت ئۈستۈنلۈكى ئاساسىدا رول ئوينايدۇ. يەنە كېلىپ، قابىلىيەت، ماھارەت، ئىقتىدار، تالانت قاتارلىق دەرىجىلەردە تىرىشچانلىق ئوخشاشمىغان دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. ھەر كىم تىرىشقان ھامانلا ئۆزى خالىغان بىر ئىشتا ياكى كۆپ ئىشتا تالانتلىق بولۇپ كېتەلمەيدۇ. بەلكى قابىلىيەتلىك، ماھارەتلىك، ئىقتىدارلىق بولۇپ ئىلگىرىلەپ، پەقەت تۇغما قابىلىيىتى بىلەن تىرىشچانلىقى زىچ بىرلەشكەن بىر ساھەدىلا تالانتلىق بولۇپ چىقالايدۇ. قابىلىيەت نېگىزلىك بىر شەرت بولۇپ، «تىرىشچانلىق» نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشتە تۆلەش شەرت بولغان بەدەلدۇر. مۇنەۋۋەر نەتىجىلەر بولسا «تالانت» ۋە «تىرىشچانلىق» نى باھالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى مىزاندۇر. بۇنى: تالانت + تىرىشچانلىق = مۇنەۋۋەر نەتىجە دەپ فورمۇلالاشتۇرۇش مۇمكىن. نەتىجىسى يوق ئادەم قانچىلىك بىلىملىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز تالانتلىق ئادەملەر قاتارىغا كىرەلمەيدۇ.



بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغانكى، «تالانت» ئادەمنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئالاھىدە قابىلىيىتى بولۇپ، ئادەملەرنىڭ بۇنداق ئالاھىدە قابىلىيەتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ياكى باشقا پەنلەرنىڭ يولىدا ماڭالمايۋاتقان ئادەملەر بار، بۇ ھال ئۇ ئادەملەرنىڭ باشقا جەھەتلەردە قابىلىيىتى يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىرلا كەسىپكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپ، جاھىللىق بىلەن شۇ ئىشقا بېشىنى تىقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى بايقىۋېلىشنى ئاڭسىزلارچە چەتكە قاققانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال. ياشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى، ھەۋىسىنى، قابىلىيىتىنىڭ قايسى جەھەتتە ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىپ، ئاندىن «تىرىشچانلىق» كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. چۈنكى تۇغما قابىلىيىتى زادىلا ئوخشاشمايدىغان ئادەملەر ئوخشاش تۇرمۇش شارائىتى ۋە مائارىپ تەربىيىسىدە بولسىمۇ، ئۇلاردىكى تۇغما ئالاھىدىلىك پەرقلىق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تەسىرلىنىش دەرىجىسى، ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ، مائارىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىمۇ ئېگىز - پەسلىك بولىدۇ. بۇ بىزگە تۇغما قابىلىيەتنى بايقاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىتتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، لېكىن مۇھىتنىڭمۇ تۇغما قابىلىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنى تەپتەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قادىر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇم جەھەتتىكى تۇغما قابىلىيەت ئۈستۈنلۈكى بىلەن تالانتلىق بولۇپ يېتىلىپ، كېيىنچە باشقا جەھەتلەردىمۇ تالانتلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئادەملەرمۇ بولۇپ، بۇلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ماۋ زېدۇڭنى ھەربىي ئىشلار، ئەدەبىيات، پەلسەپە، سىياسىي ... جەھەتلەردە ئەتراپلىق

تالانت كۆرسەتكەن ئادەم دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئەگەر بۇنى ئېتىراپ قىلماي تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا تالانتلىق بولىدۇ دېگەندە چىڭ تۇرىدىكەنمىز ياكى مۇھىتنى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ تۇرۇۋالىدىكەنمىز، ئۇنداقتا تەبىئىي پەنلەردە ئاتاقلىق بولغان ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىق ياكى بىراۋنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىق شائىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، بىر شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ تىرىشچانلىق ياكى بىراۋنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىق تەبىئىي پەنلەردە ئالىم بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولامدۇ؟ شۇڭا، تالانتنى تۇغما قابىلىيەت بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ بىرلىكىدىن چۈشەنگەن ياخشى. تۇغما قابىلىيەت بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىدە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك:

(1) مەلۇم جەھەتتىكى تۇغما قابىلىيەت ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغان (مەسىلەن، رەڭ تونۇيالمايدىغان، ئاۋازنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ۋە چوڭ مېڭىسىدە باشقا تۇغما توسالغۇلار بولغان) ئادەم بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىقتىدارى نورمال تەرەققىياتقا ئىگە بولالمايدۇ؛ (2) مەلۇم بىر جەھەتتە ئادەتتىكى تۇغما قابىلىيەتكە ئىگە بولغان بىر ئادەم، ئۆزىنىڭ شۇ ساھەدىكى ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشچانلىقى بىلەن ئەۋزەل ئىقتىدار شەكىللەندۈرۈپ، ئادەتتىكى ئالىم، سەنئەتكار، ئىسپورتچى، ناخشىچى بولۇپ كېتەلەيدۇ؛ (3) ئالاھىدە ئەۋزەل تۇغما قابىلىيەتكە ئىگە بولغان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تىرىشچانلىقى بىلەن باشقىلاردىن ھالقىغان تالانت ئىگىسىگە ئايلىنالايدۇ. قىسقىسى، ئىقتىدارلىق ئادەم بىلەن تالانتلىق ئادەمنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاللىقانداق بىر تەرەپ ئەمەس، تەبىئىيلىك بىلەن ئىجتىمائىيلىق، تاشقى سەۋەبلەر بىلەن ئىچكى سەۋەبلەر،



شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىقتىدارىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى رول ئوينايدۇ. ھازىرغىچە يارىتىلغان تەلىماتلاردىن ھېچقايسىسى تېخى مۇشۇنداق دىئالېكتىك بىرلىكىنى ئاساس قىلماي تۇغمىلىقنى ياكى تىرىشچانلىقنى، ئىچكى سەۋەبنى ياكى تاشقى سەۋەبنى تەكىتلەپ پايدا ئالالمىدى، ھەتتا ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملارمۇ ئاچچىقىغا پايلىماي بىر تەرەپنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالغان بولسا، ئاخىرىدا رەت قىلىشقا ئۇچرىدى. شۇڭا، بىز تالانتلىق ئادەملەرنى ھەم ئەقلىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە — بىلىش تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە، ھەم ئەمەلىيەتتە كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان ئىجادىيەتچى دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن تالانتلىق بولۇشنى ئويلىغۇچى ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش جەھەتتە راسا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن، تەپەككۇر ئۇسۇلى قالاق ئادەمدە كۈچلۈك ئىجادىي قابىلىيەت بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا داۋاملىق ئۈستۈرۈپ مېڭىش كېرەك، چۈنكى، تىرىشچانلىق ئەقلىي قابىلىيەتنى رېئاللاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى تولۇقلايدۇ. بولۇپمۇ، ھازىرقى دۇنيا ئەمەلىي قابىلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى تەكىتلەيدىغان، كەشپىيات، ئىختىرانى قەدىرلەيدىغان دۇنيا بولغانلىقتىن، تالانتلىق بولۇشنى ئويلىغان ۋە پەرزەنتلىرىنى تالانتلىق قىلىشنى ئويلىغان ئادەملەر ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە رول ئالىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

— بەزى تۇغما قابىلىيەتلەرنى مۇھىتنىڭ تەسىرى تۈپەيلى شەخسلەر ئۇچۇق ھېس قىلالايدۇ، — دەيدۇ. ئەقلىشۇناس جىن ما، — بەزى ھاشاراتشۇناسلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمىدىكى سەزگۈرلۈك ھەتتا پاشىنىڭ قانىتىنىڭ تىترەش قېتىم سانىغا ھۆكۈم قىلالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكى ئەنە شۇنىڭ دەلىلىدۇر.

لېكىن بەزى تۇغما قابىلىيەتلەرنى پەقەت ئىلمىي بولغان سىناش ئۇسۇلى ئارقىلىقلا بىلىۋېلىش مۇمكىن. ئامېرىكا جامسون ئاكونۇر فوندى جەمئىيىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شەخسلەرنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى سىناپ كۆرۈشتە 19 تۈرلۈك مەزمۇن قوللانغان بولۇپ، بۇنى باشقا ئەقىلشۇناسلار ئۆز ئەسەرلىرىدە نەقىل قىلىۋالغان ھەمدە مۇشۇ بويىچە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى دەڭسەپ كۆرەلەيدىغانلىقىنى. لېكىن ئادەتتە مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە سىناپ كۆرۈشكە سەل قارىغانلىقتىن، ئۆز تالانتىنى نىشانلىق ئۆستۈرۈش پىلانىنى تۈزەلمىگەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ سەزگۈ ئىدراكىنىڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى ئالاھىدە تالانتنىڭ نېگىزلىك شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇشۇ مەزمۇنلار بويىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سەزگۈ ئىدراك ئوبيېكتلىرىنىڭ دائىرىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش — تۇغما قابىلىيەتنى ئاشكارىلاش ۋە ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچلۈك ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

ئۆلچەم قىلىنغان مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە:

1. خاراكتېر: سىز باشقىلارغا ئوبيېكتىپ پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلالامسىز ياكى ئۆزىڭىزنى مەركەز قىلامسىز؟

2. سان ساناش: تالانت بىخى بار ئادەملەردە سان، شەرتلىك ئالامەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى بولىدۇ.

3. تەپەككۇر قىلىش: تالانت بىخى بار ئادەملەردە ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىپادىلەش قابىلىيىتى بولىدۇ.

4. قۇرۇلمىنى كۆرۈش: تالانت بىخى بار ئادەملەردە شەيئىلەرنى كۆرۈش سېزىمىدە كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى گەۋدىلىك تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ (بىر نەرسىنىڭ ئالدىنى كۆرۈپ كەينىنىمۇ پەرەز قىلىپ كۆرەلەيدۇ).

5. ئىندۇكسىيىلىك ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش: قىسمەن تالانت بىخى بار ئادەملەر پاكىتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، لوگىكىلىق



خۇلاسە چىقىرالايدۇ.

6. تەھلىلىي ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش: تالانت بىخى بار ئادەملەردە ئىجادىيەت ئىستىكىنى تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

7. قول بارماقلىرىنىڭ چاققانلىقى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە قول بارماقلىرى چاققانلىق بىلەن مەشغۇلات قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

8. قولنىڭ چاققانلىقى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە ئۇششاق ئەسۋابلارنى توغرا ئىشلىتىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

9. كۆزىتىش قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە شەيئىلەرنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزىتىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

10. نەقىش، گۈل، سىزما نۇسخىلارنى خاتىرە قىلىش قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە نەقىش، گۈل، سىزمىلارنى ئوقۇيالا ئېسىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

11. ئاۋازلارنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە كۈي، ئاھاڭلارنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىش، مۇزىكىنى ئاڭلاپ بىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

12. ئاھاڭنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە ئاھاڭلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى بولىدۇ.

13. رىتىمنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە ئاۋاز ياكى مۇزىكىنىڭ رىتىمىنى سېزىۋېلىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

14. تاۋۇش سۈپىتىنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە ئوخشاش تاۋۇشلارنىڭ مىقدارىنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى بولىدۇ.

15. سان قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەر نۇرغۇن شەيئىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا كۆڭلىدە ساقلىيالايدۇ.

16. نىسبەتنى باھالاش قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەر نىسپىيلىك بىلەن تەڭشەشنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

17. دېدۇكسىيىلەش ئۇسۇلى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە دائىم ئاڭلاپ تۇرمايدىغان سۆزلەرنى ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

18. ئالدىن كۆرۈش قابىلىيىتى: تالانت بىخى بار ئادەملەردە كېلەچەكنى ئېھتىياتەن كۆزىتىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

19. رەڭ، تۈس، خۇسۇسىيەت، ئۇسلۇبلارنى ئىدراك قىلىش: تالانت بىخى بار ئادەملەردە، رەڭ، تۈس، خۇسۇسىيەت، ئۇسلۇبلارنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى بولىدۇ.

جامسون ئاكوننور فوندى جەمئىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىدىكى ئۆلچەملەر بويىچە ھەر كىم ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتىنى سىناپ كۆرۈش ئارقىلىق، ئۆزىدە قايسى تەرەپتە تالانت ئۈستۈنلۈكى بارلىقىنى بايقىۋېلىش ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈش مۇمكىن.

لېكىن، تۇغما قابىلىيەتلەرنى بايقاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمىز، ئىجادىي پائالىيەت داۋاملىق رول ئېلىۋاتقان ئەقلىي ئىقتىدار نەزەرىيىۋى بىلىملەرنىڭ ئورنىنى باسىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. نەزەرىيە بىلىملىرى ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، نەزەرىيىۋى بىلىملىرى مول، پۇختا، مۇستەھكەم بولسا، ئەمەلىي ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ. مەيلى تۇغما قابىلىيەت ياكى بىلىم بولسۇن، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ئادەمنىڭ ئىشلىرىدا قازىنىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تەڭ بولمايدۇ. بۇلار پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدا رولىنى جارى قىلدۇرغاندىلا ئىقتىدار ياكى تالانتنىڭ ئىجادىي مېۋە بېرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بىزنىڭ بەزى تەسەۋۋۇرلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن تەتۈرسىچە بولۇپ قېلىشى ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت



جەريانىدا رول ئالىدىغان ئىجادىي قابىلىيەت ئارقىلىق تۇغما قابىلىيەت ۋە بىلىم، ماھارەتلىرىمىزنى ئىشقا سالالمىغانلىقىمىزدىندۇر. شۇڭا، ئالىملار ئىقتىدارلىقلار ۋە تالانتلىق ئادەملەرنى ئەمەلىي خىزمەتلىرى بىلەن قوشۇپ باھالايدۇ. ئالىملارنىڭ شۇنداق باھالىشى ھەربىر تالانتنىڭ ئادەمنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا ئەقلىي ئىقتىدارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئىجادىي مېۋە بېرىپ شەكىللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تالانتلىق ئادەملەرنى تەتقىق قىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ، بۇ تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىرىنچىدىن، تالانتلىق ئادەملىرىمىزنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى ئىلمىي يوسۇندا ئېچىپ بېرىپ، ئالدىن بىلىش ياكى بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىلىرىنى تەنقىدلەپ سېستېمىشقا ئاساس يارىتىدۇ. شۇنداقلا، مېخانىك ماتېرىيالىزم بىلەن تەڭ تەقسىماتچىلىقنىڭ ئىچى كاۋاك يەرلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تالانتلىق ئادەملەرنى تەتقىق قىلىش بىز بىلەن ياشاۋاتقان ئاز ساندىكى بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئايرىم ئىپادىلىرىنى تەتقىق قىلىش بولماستىن، بەلكى ئىقتىدارلىق ئادەملەر خاسلىقىنىڭ قانداق قىلىنغاندا تەڭكەش ھالدا تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىنى، كىشىلەر ئىقتىدارىنىڭ قانداق شارائىتتا يۈكسەك ھەم تاكامۇللۇققا قاراپ تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشتۇر. كىشىلەرنىڭ تاكامۇللۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىكى ھادىسىلەر ۋە قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزغا كېرەكلىك ئالىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، بۇ قۇرۇلۇشىمىزغا ئىشتىراك قىلىۋاتقان بارلىق ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ئىقتىدارلىق، تالانتلىق قىلىپ تەربىيىلىشى ئۈچۈنمۇ مەسلىھەت بەرگىلى بولىدۇ.

## §3. تالانت شەكىللىنىشىنىڭ ئومۇمىيلىقى

ھازىرغىچە، بىز تالانت ھەققىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىلىرى يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇۋېتىپمۇ، ئۆزىمىزنى تالانتنىڭ سىرتىدا قويۇپ كەلدۇق. «مەنمۇ نېمىشقا باشقىلارغا ئوخشاش بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا ئاتالمايمەن» دەيدىغانلىرىمىزمۇ ئاز بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭغا تالانت ئۈستىگە يېپىلغان سىرلىق پەردىلەر سەۋەب بولدى. ئەگەر بۇنداق سىرلىق پەردىلەر يەنىلا كۆزىمىزنى ئورىۋالسا، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى تالانت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئاجىزلىقلىرىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش مۇمكىنمۇ؟

تالانت ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي تەرەپلەردىكى زىيادىلىك ئاساسىدا ئىجادىي قابىلىيەت سىمۋولى بىلەن شەكىللىنىدۇ. تالانت بوسۇغىسىدا ئۆمۈر بويى تەمتىرەپ يۈرىدىغان ۋە بىر ئادەم سۆزلىسە، كۆپ ئادەم «ھەقراست» دەپ ئۆز كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان خۇراپىيلىقنىڭ ئەكسىچە، ھەربىر ئادەم ئۆزىنى تۇرمۇشنىڭ ئەزىم دەرياسىدا سەنئەت ياكى باشقا بىر ساھەنىڭ ئىجادكارى ھېسابلاش مۇمكىنمۇ؟ ناھايىتى ئۇزاق چاغلاردىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق سوئالغا ئىنكار نەزەرى بىلەن باش لىڭشىتىپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىدە تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشكە ھەقىقەتەن ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي تەرەپلەردە ئەتراپلىق تەلەپلەرنى ئورۇنداپ شەرت قىلىنىدىغانلىقىدىن باشقا، شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ تالانتنى ئۆستۈرۈپ، ئىجاد قىلىشنى زادىلا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئېگىز شاخ دەپ چۈشىنىشى، ئىختىرا، كەشپىيات، ئىجادىيەت — تۇرمۇش سەنئەتچىلىكىنى يۈكسەك نەزەرىيە سەۋىيىسى، ئالاھىدە پاراسەت ئۈستۈنلۈكى بار ئاز ساندىكى كىشىلەرگە مەنسۇپ



قىلىۋېتىشىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىجادىيلىق ھەرقاچان نەزەرىيە ئاساسى ۋە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان پاراسەت بولۇشقا موھتاج بولسىمۇ، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئىجادكار بولۇش - بولماسلىقى ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە مۇھىتتىكى پايدىلىق شارائىتنى بىلىپ، ئۇنى تولۇق ئېچىش - ئاچالماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ. زامانىمىزنىڭ كاتتا ئالىملىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا، تالانت بەلگىسى بولغان ئىجادىيلىق ئالامىتى ساغلام ئىنسان بالىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت نەرسە بولۇپ، ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ئىجاد قىلالايدۇ. ئەمما، ئاچقۇچ ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇشىدا. ئالايلۇق، نيۇ يورك شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق خىزمەتچى جاركى نامى چىققان دىتى يوق، قابىلىيەتسىز ئادەم ئىكەن، ئۇ پەقەت مۇز تېيىلىشنىلا ياخشى كۆرىدىكەن. لېكىن، يازدا مۇز مەيدانى بولمىغاچقا، ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرالماپتۇ. يازدىمۇ مۇز تېيىلىشقا بولىدىغان يېپىق مەيدانلارغا كىرىپ مۇز تېيىلىشقا بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ پۇلى يوق بولغاچقا كىرەلمەپتۇ. ئۇ مۇز تېيىلغۇسى كېلىپ كېتىپ ئۆزىنى باسالماي ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىلھام كەپتۇ: «كانكىنىڭ پىچىقى ئورنىغا كىچىك چاق ئورناتسام، يولدىمۇ تېيىلىپ كېتىۋەرمەمدىمەن». ئۇ بىرنەچچە ئاي ھەپىلىشىپ قۇرۇقلۇقتىمۇ تېيىلىشقا بولىدىغان چاقلىق كانكىنى ياساپ چىقىپتۇ. كېيىنچە ئۇ يەنە بىر پۇلى بار باي بىلەن بىرلىشىپ، كىچىك بىر زاۋۇت قۇرۇپ، شۇنداق كانكىنى ياساپ چىقىپتۇ. ئۇ بازارغا سېلىنىش بىلەنلا دۇنياغا تارقاپ، بازىرى ئىتتىك تاۋارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ - دە، ئۇمۇ كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ.

1904 - يىلى ئامېرىكىنىڭ لوئىزئانا شتاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋى يەرمەنكىدە «ھەقىقىي چولپان» نامىنى ئالغان ھۆممەۋنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ ئەسلىدە دەمەشىقلىق

ئادەتتىكى قولى قىسقا بىر پوشكالچى ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۆز غۇرۇرىنى ئەپادىلەش ئۈچۈن مىڭبىر جاپادا يەرمەنكىگە سىرتتىن قاتنىشىش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەنىكەن. ئۇ، شۇ هالدا لۇئىزئاننا شتاتىغا بارغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئاللادىن ئۆزىنى يەرگە قاراتماسلىقنى توختىماي تىلەپتۇ، ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ، يەرمەنكە سىرتىدا پوشكال سېتىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر تىجارەتچى ماروژنى سېتىۋاتقانىكەن، هاۋا پىژ - پىژ ئىسسىق بولغاچقا، ماروژنى تىجارەتچىسىنىڭ سودىسى شۇنداق قىزىپ كېتىپتۇكى، پوشكالنىڭ بازىرىغا زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. «ئى ئاللا، — دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدە، — پوشكىلىممۇ شۇنداق سېتىلسا، نېمە بولىدۇ، ماڭىمۇ شۇنداق بىر ئەقىل بەرگەيسەن!» ئۇ شۇنداق ئويلا - ئويلا، ئاخىرى نېپىز پوشكالغا ماروژنىنى يۆگەپ يەپ بېقىپتۇ - دە، ئۇنىڭ تەمى باشقىچە لەززەتلىك بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ. شۇئان پوشكالغا ماروژنىنى يۆگەپ: «پوشكال يەڭلار، مەززىلىك» دەپ توۋلاپتۇ. شۇئان باشقىلارمۇ ماروژنى يۆگەلگەن پوشكالنى سېتىۋېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سوغۇق يېمەكلىكنى قىزىق يېمەكلىككە يۆگەپ يېسە، جانغا راھەت بېرىدىغان بىر مۆجىزە هاسىل بولۇپتۇ. ئۇنىڭ سودىسىمۇ خۇددى ماروژنى تىجارەتچىسىدەك قىزىپ كېتىپتۇ. ئۇ، شۇئان ئۆزىنىڭ بۇ ئىجادىيىتىنى يەرمەنكىنىڭ باهالاش كومىتېتىغا سۇنۇپتۇ - دە، باهالاش كومىتېتى بۇ مەززىلىك تائامنى ناهايىتى يۇقىرى باهالاپ، ئۇنىڭغا «يەرمەنكىمىزدىكى ھەقىقىي چولپان» دېگەن نامنى بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىجادىيىتى شۇ چاغدىن باشلىنىپ هازىرقى كۈندىكى توخۇم پوشكىلىغا ماروژنىنى ئوراپ يېيىشكىچە داۋام قىپتۇ.

مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇزاق يىللار بىر يۇرتتا ئۆتكەن ئەمەت قاسساپ دېگەن بىر كىشى بولۇپ،



1984 - يىلى بېيجىڭدا مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن هۈنەرۋەنلەر مۇسابىقىسىدە قاساپلىق بويىچە چولپان دەپ باهالىنىپ، ئوردېن ئالدى. شۇئان ئۇنى «خەلق گېزىتى» سۈرىتى بىلەن دۇنياغا خەۋەر قىلدى. بۇ ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن، مەن بۇ ئاددىي ئادەمدە قاساپلار مۇسابىقىسىدە بۇنچىۋالا شۆھرەت قازانغۇدەك ئىجادىيلىق بارلىقىنى ئويلاپ كۆرمەپتىكەنمەن. يەنە مەن تولۇق بىلىدىغان يازغۇچى سەمەت دۇگايلىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ 1970 - يىلى قەشقەر شەهەرلىك قول سانائەت ئىدارىسى تەۋەلىكىدىكى بىر رېمونتخانىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچىسى ئىدى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ياتىقىغا بارسام، ئۇ مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال بولدى. دەسلەپتە ئاددىي ھەم قالايمىقان ياتىقىدىكى كۆرۈنۈشلەردىن مەيۈسلەنگەندەك قىلسىمۇ، شۇ هامانلا يەنە جانلاندى - دە، تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل غۇرۇر ھەم جاسارەت بىلەن ئۆزى يازغان خام ئەمما ئۈمىدلىك ئەسەرلىرىنىڭ ئورىگىناللىرىنى كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇنچىۋالا تۆۋەن، هېچكىمنىڭ يادىغا يەتمەيدىغان بىر بۇلۇڭدا تۇرۇپ، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئويلىغانلىقىدىن تەسىرلەندىم، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تونۇشتۇردۇم. ئۇلار ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇش قارارىغا كەلدى. شۇ سەۋەب بىلەن سەمەت دۇگايلى ئالدى بىلەن قەشقەر سىفەن شۆيۈەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچى، ئاندىن بېيجىڭغا بېرىپ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئەدەبىي مۇهەررىر بولدى، ئۇ كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ مۇهەررىرى بولۇپلا قالماي، يەنە نەچچە رومان، پوۋېست، هېكايە، شېئىر، ئىلمىي ماقالىلەر يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تۆھپە قوشتى.

بىز بۇنداق تېنى ساق ئادەملەرنى قويۇپ تۇرۇپ، مېيىپ ئادەملەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنىڭ ئاپتورى ئوستروۋسكى پۈتۈنلەي پالەچ هالەتتە تۇ-

روپ، دۇنياغا مەشھۇر ئەدىبكە ئايلاندىغۇ؟ دۇنيادا نۇرغۇنلىغان مېيىپلار تېنىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچراپ ئازابلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق كەمسىتىشنى ئۆزىنى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باستۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پارلاق نەتىجە ياراتقان. ئۇلار ئاساسلىقى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە جەمئىيەت ئېھتىياجىغا يۈزلەنگەن. جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى ياخشىلاپ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى قېزىپ، گۈزەل ئىستىقبالنى تاپقان. بۇنداق جانلىق مىساللاردىن بىز نامى چىقمىغان ئادەملەرنىمۇ خۇددى نامى ئۇلۇغ ئادەملەردەك بىر ئىجادىي قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ خاتىرە قابىلىيىتىدەك ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇتلۇقىغا تەخمىن قىلالايمىز ھەمدە ئالىملارنىڭ، ئادەمنىڭ قۇدرىتىنى دېڭىزدىكى كۆچمە مۇز تاغلارغا ئوخشىتىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ «ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ئىجاد قىلالايدۇ»، «ھامىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى تالانت بوسۇغىسىدىن كىرگۈزۈشكە بولىدۇ» دېگەن ھۆكۈملىرىدىن گۇمانلانمايمىز.

ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، ئادەم تەپەككۇرىنىڭ ماددىي ئورگىنى بولغان چوڭ مېڭىدە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ تۇرۇشقا يارامىلىق چەكسىز بايلىق بولۇپ، ئۇنى ئېچىش ئارقىلىق مېڭىسى ساق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئالىم، سەنئەتكار، ئىختىراچى ...... لارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. زامانىمىزدىكى ئەقلىي ئىقتىدار ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشلەر ۋە پسىخىكىلىق تەجرىبە ئانالىزىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ گەرچە ئادەتكە ئايلانمىغان سۆز بولسىمۇ، ئارىمىزدىكى مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەملەرنىڭ ھەر قاچان مۇستەقىل پىكىر قىلمايدىغان ئادەملەردىن ئۈستۈن دەرىجىدە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئۈز-



لۈكسىز ئۆستۈرۈپ مېڭىۋاتقانلىقىغا قاراپ شۇنداق دەيمىز. ئۇنداق ئىكەن، ھازىرقى كۈندە نېمىشقا ھەممە ئادەم ئىجادىي بولۇپ كېتەلمەيدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېڭىمىزنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئالىملار تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان بولسىمۇ، كىچىك ۋاقتىمىزدىن باشلاپ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدە تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەنلىكىمىزدىن بولغان. ئەنئەنىۋى مائارىپىمىزدا ئوقۇتقۇچىلار تۈرلۈك شەيئىلەرنى ئەستە قالدۇرۇشنىلا سۆزلەپ، قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى ئەستە قالدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتمىگەن؛ كىتابنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ھەزىم قىلىشنىلا سۆزلەپ، كىتابلارغا قانداقسىگە مۇئامىلە قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتمىگەن؛ شەيئىلەرنى كۆزىتىشنىلا سۆزلەپ، قابىلىيەتنىڭ رولىنى ئۆگەتمىگەن؛ خاتىرە يېزىشنىلا سۆزلەپ، قانداق ئۇسۇل بىلەن مېڭىنى بىلىمنى ئەتراپلىق ئىگىلەيدىغان قىلىشنى ئۆگەتمىگەن. ئەڭ مۇھىمى، ئەقلىي كەملىكنى تۈگىتىپ، ئەقلىي زىيادىلىكنى ئالغا سۈرۈش جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بارمىغان. مانا شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئوقۇش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقىدىن، دىققەتنى يىغالماسلىقىدىن ۋايسايدىغان بولۇپ قالغان. بىز بارلىق ھۈنەرۋەنچىلىك ھەتتا يېمەك - ئىچمەككىچە قوللانما تۈزۈپ چىقىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، شۇ قوللانمىلارنى ئەمەلىي ئىشلىتىدىغان ۋە مىڭلاپ قوللانما ھەم قامۇسلارنى دۇنياغا كەلتۈرىدىغان مېڭىنى ئىشلىتىش ھەققىدىكى بىلىملەرنى قوللانما قىلىپ يېزىپ، زامانىمىزنىڭ ئەڭ جىددىي ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۈرئىتىنى قوغلاپ مېڭىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدىغان بولساق، چوڭ مېڭىمىزدىكى 14 مىليارد نېرۋا ھۈجەيرىسىنى ئىشقا سېلىش بويىچە رەسمىي ئىش باشلىيالايمىز. شۇڭا، بىز ھازىردىن باشلاپ ئۆزىمىزگە نورمال ئادەم-

لەرنىڭ ھەر قاندىقىدا نورمال مېڭە بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى نېمىشقا ئوخشاش بولمايدۇ؟ ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بولىدۇ، بۇنداق بولۇشى بەزىلەرنىڭ تۇغما ئەقىللىق بولغانلىقى، يەنە بەزىلەرنىڭ قاپاق كاللا بولغانلىقىدىنمۇ؟ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ پاراستى ئاسماندىن چۈشكەن ياكى ئەسلىدە بار بولغان نەرسىمۇ؟ ئەقلى گال كىشىلەر فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن ئوخشاش تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئەقىللىق كىشىلەرگە ئوخشاش بولالمايدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، ئەقىل تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ مەسىلىلەرگە قىزىقىشنى قوزغىتىشىمىز، كىشىلەر ئەقلىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەقلىي كەملىكنى ئەقلىي زىيادىلىككە ئايلاندۇرۇش — ھەممە كىشىنى تۇرمۇش سەنئەتكارى قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ ئىلمىي چارىلىرىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

يوشۇرۇن تۇرۇۋاتقان ئىجادىي قابىلىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىش — دەيدۇ ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس ئارتولد توينبىي — ھەر قانداق جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھايات - ماماتلىق دەرىجىسىدىكى مۇھىم ئىشتۇر. چۈنكى ئاھالىنىڭ نىسبىتىدىن قارىغاندا، سانى ناھايىتى ئاز بولغان ئاشۇ ئالاھىدە ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم بايلىقىدۇر...... ئەگەر جەمئىيەت بۇنداق ئالاھىدە ئىجادىي قابىلىيەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرالمىسا، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمىغان بولىدۇ، ھەممە ئۆزىگە ئۆزىنى ئەيىبلىگۈچىلەرنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت جازاغا تارتىلىدۇ. ① تەبىئىيكى، ئارتولدنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقىنى دۇنياۋى رېكورت ياراتقان چولپانلار بولۇپ، بۇن-

① «ئىجادىيەتنىڭ سىرلىرى» لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 462 - بەت.



داق چولپانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز. ئاز بولسىمۇ، ئىنسانىيەتكە زور تۆھپە قوشالايدىغان بۇنداق چولپانلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئېچىش جەمئىيەتنىڭ «جازا»غا تارتىلماسلىقىدىكى ئالدىنقى شەرت. ئەمما، ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ يېڭى ۋە مول نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، تالانت ياكى ئىجادىي قابىلىيەت بۇلىقىنى ئېچىش بۇلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ كۆپچىلىكى قىزىقىدىغان ھەۋەسكارلاردا دائىملىق بولىدۇ. بۇنداق ھەۋەسكارلىق ئاددىي ئادەملەرنى خاسىيەتلىك ئىجادىي قابىلىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇھەببىتىنىڭ ئاددىي بىر جەڭچىسىنى ئۆزىمۇ بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرمىگەن دەرىجىدە ئىجادىي روھقا ئىگە قىلىپ، ئاجايىپ قوراللارنى ياساش دەرىجىسىگىچە ئېلىپ بېرىشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئومۇمەن قىلغاندا، كىشىلەر تۇرمۇش سەنئەتكارلىقى نۇقتىسىدىن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئارتولد ئېيتقان چولپانلار «ئالاھىدە تالانتلىقلارنىڭ ئىجادىيلىقى» بولۇپ، بۇنداق ئادەملەردە ئەسلىدە تۇغما قابىلىيەت ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ قىزىقىش ساھەلىرىدە بىرەر غىدىقلاشقا ئۇچرىغان ھامان تېز تەسىرلىنەلەيدۇ، تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. بېرىلىپ ئۆگىنىدىغان بولسا، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە ئىجاد قىلالايدۇ. ماسلوۋنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەرنىڭ پسىخىك ھالىتى ساغلام بولۇشى ناتايىن بولۇپ، نېمىس كومپوزىتورى ۋاگنېر، ئىنگلىز يازغۇچىسى فروبلەيدەك ئادەملەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە پسىخىك كېسەللەر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماسلوۋ: «ساغلاملىق بىلەن ئالاھىدە تالانت ئىككىسى مۇستەقىل ئۆزگەرگۈچى مىقدار بولۇپ، ئۇلاردا ناھايىتى ئاز باغلىنىش بولۇشىمۇ، باغلىنىش بولماسلىقىمۇ مۇمكىن» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ھەممە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجادىيلىقنى يەنى «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرغۇچى ئىجادىيلىق»نى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە

ئىچىشنى تەشەببۇس قىلغان. ماسلوۋ تەشەببۇس قىلغان ئىككىنچى خىلدىكى ئادەملەرنى بىرىنچى خىلدىكى ئادەملەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇلارمۇ غەيرىي رەسمىي ئىجادكارلاردۇر. بۇلاردا ئىجادىي قابىلىيەت بىرىنچى خىلدىكىلەردەك ئۈستۈن بولمىغانلىقتىن، ئاددىي بىر تەسىر ياكى غىدىقلاش بىلەنلا تەسەۋۋۇر پەيدا بولالمايدۇ ـ دە، كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشنىڭ بىرەر بۇرجىكىدە ئىجاد قىلالايدۇ. ئەمما، مەيلى مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىدىن، يېشىنىڭ چوڭ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر ئىككى تۈرلۈك ئادەملەردە ئىجادىيەت ساھاسىگە كىرەلەيدىغان قابىلىيەت بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ ـ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشقا باغلىق.

ئىجادىيلىق ـ يېڭى بىر قىممەتكە ئىگە خۇسۇسىيەت، ئىجادىي قابىلىيەت ـ يېڭى بىر ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرنى شەكىللەندۈرەلەيدىغان قابىلىيەت بولۇپ، مۇشۇنداق ئىككى خىل ئالامەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغۇچى ئادەمنىڭ پەزىلىتى ئىجادىي پەزىلەت بولىدۇ. بۇ يەردىكى يېڭى دېگەن سۆز جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدە مەلۇم بىر خىل ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدىغان سورۇننىمۇ، شەخسنىڭ يېڭى بىر تەجرىبە ھاسىل قىلىدىغان سورۇننىمۇ، ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىمدە كىم مەيلى قەيەردە تۇرسۇن ۋە قانداق ئۇسلۇبتا ئىش قىلسۇن، مۇشۇنداق پەزىلەتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلا بولسا، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىلەردىكى ئىجادىي ئادەملەر قاتارىغا كىرەلەيدۇ. بىر يېرى شۇكى، ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ساھەلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىر ساھەدىكى كىشىلەر ئىككىنچى ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى دەماللىققا چۈشىنىپ كېتەلمەي قېلىشى مۇمكىن. بىز تۈرلۈك ئىجادىيەت ساھەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭمۇ بۇ مەسىلىدە بەزى خاتا چۈشەنچىلەردە بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن مېڭىسى ساق ئادەم-



لەرنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەت سېپىگە كىرەلەيدىغانلىقىدىن گۇمان قىلالمايمىز. بۇنى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاددىي پەرەزلىرى بويىچە بېكىتمەستىن، بۇ جەھەتتە پاراسەت مودېلىنى سىنىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ چولپانلىرىنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا دۇنيانىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ماسلوۋنى ياقلايدۇ. ماسلوۋ بارلىق ئادەمدە يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت بارلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، ئىجادىيلىقنى «ئالاھىدە تالانت ئىجادىيلىقى» ۋە «ئۆزىنى ـ ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى» دەپ ئىككىگە بۆلگەن. ئالدىنقىسى تالانت ئىگىلىرىگە ـ ئالىملار، ئىختىراچىلار، سەنئەتكارلار قاتارلىق ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ ئىجادىيلىقى دەپ قاراپ، ئۇلاردا باشقىلاردا يوق بولغان ھاياجانلىنىشنىڭ ۋە قابىلىيەت بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى جەمئىيەتكە يېڭى قىممەت يارىتقان ـ يارىتمىغانلىق بىلەن باھالاشنى تەشەببۇس قىلغان. كېيىنكىسىنى ھەممە ئادەمدە بار دەپ قاراپ، جەمئىيەتتە يۇقىرى باھاغا ئىگە بولالمىسىمۇ، ئۆزىگە نىسبەتەن يېڭى قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنى ئىجاد قىلالايدىغان ئىجادىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. بولۇپمۇ بۇنداق ئىككى خىل ئىجادىيلىقنىڭ مەلۇم مەخسۇس ساھەدە تەرەققىي قىلىپ چوڭقۇرلىشىشى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىجادىيلىقىغا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، مائارىپ تەربىيىسىنىڭ بۇنداق ئىككى خىل ئىجادىيلىق بىلەن ئوخشاشلا باغلىنىدىغانلىقىنى، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە كارخانىچىلىقنى مەركەز قىلغان مائارىپ تەربىيىسىدە ئالدىنقىسىغا ئەھمىيەت بېرىلسە، ئومۇمىي مائارىپ تەربىيىسىدە كېيىنكىسىگە ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ھازىرقى زامان ئىجادىي مائارىپنىڭ ئىجادچىلىرىدىن بول-

غان ئۇسۇلىن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قابىلىيەتلىرىنى مېخانىزىم نۇقتىسىدىن تۆت تۈرگە بۆلگەن ھەمدە بۇلارنىڭ مېڭىسى ساق ھەر قانداق ئادەمدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كۆزىتىش ۋە دىققەتنى يىغىش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەھلىل قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت ئالدىنقى ئۈچ تۈرلۈكنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن ئورۇنداش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، مۇستەقىل ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت تۆتىنچى تۈرلۈك قابىلىيەتنى پەقەت ئادەم ئۆزىدە ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئادەمدە تەربىيە ئارقىلىق بۇنداق قابىلىيەتنىڭ شەكىللىنەلەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ماسلوۋغا قوشۇلغان ھەمدە بۇنداق قابىلىيەتنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئۈنۈم بېرىشىدە ياش چېكى، جىنسىي ئايرىما قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرماستىن، بىزدىكى تەشەببۇسكارلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىمۇ جەزملەشتۈرگەن.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ماسلوۋ: ئىجادىي قابىلىيەت خاس مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئامتى ۋە ئىمتىيازى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى مەنبە، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، ھاياتلىق پەزىلىتىنىڭ تەسۋىرى. قىسقىسى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

ماسلوۋ «ئۆزىنى - ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى»نى بىر ئايالنىڭ تۇرمۇشىدىكى جانلىق مىسال ئارقىلىق تېخىمۇ ئوبرازلىق چۈشەندۈرگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىز ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۇلۇغ بۆسۈشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلىۋالالايمىز. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئالايلۇق، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە «مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن، نامرات، پۈتۈنلەي ئائىلىگە باغلانغان ئايال ۋە ئانا بولسۇن، ئۇ قىلىۋاتقان ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىجادىيلىق بار. لېكىن، ئۇ ئۇستا ئاشپەز، ئانا، خوتۇن ۋە سا-



ھىبخان. ئازغىنا پۇل خەجلەيدىغان بۇ ئايالنىڭ ئائىلىسى ئاللىقانداق بىلىنمەس خىسلەتلەر بىلەن ناھايىتى ئېسىل ياشايدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئۇ كېلىشكەن ئېسىل ئايال ساھىبخاندۇر، ئۇ تەييارلىغان نازۇ نېمەتلەر، ئۇنىڭ داستىخان، قازان - قومۇش، قاچا - قۇچا ۋە ئائىلىدىكى سايمانلارغا بولغان ھەۋەس - قىزىقىشلىرى ئاجايىپلىقتۇر. ئۇ، مۇشۇ ساھەلەردە پۈتۈنلەي ئۆزگىچە، يېڭى، ئەپچىل، ئادەمنىڭ يادىغا كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئىجادىي قابىلىيەتكە باي ئادەمدۇر. مەن بۇنداق ئادەمنى ھەقىقەتەن ئىجادىيلىقى بار ئادەم دەپ ئاتايمەن. مەن ئۇنىڭدىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئادەملەردىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شورپىنىڭ ئىككىنچى قاتاردا تۇرىدىغان رەسىملەردىن بەكرەك ئىجادىيلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم①». مۇشۇنداق ئاددىي ئادەملەردىكى «ئۆزىنى - ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى»نى ئۈنۈملۈك ئېچىش - ئاچالماسلىق — ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى كەڭ تۈردە قېزىش بويىچە دۇنيانى يېڭىلاش - يېڭىلىيالماسلىققا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. بولۇپمۇ مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان مەيۇس خەلقلەردىكى چۈشكۈنلۈككە خاتىمە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار خەلقلەردەك ئۆزىنى زامان تەلىپىدە يېڭىلىشىغا ئومۇميۈزلۈك پىسخىك ھازىرلىقى قىلىشنى ئالغا سۈرۈش - سۈرەلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بولۇپ، ھەربىر ئادەمدىكى باشقا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئۆزگىچىلىك، يېگانىلىق، چېچەنلىك، يېڭىلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىش جارى قىلدۇرۇلسا، ئۇلار جەزمەن تۇرمۇشىمىزدا ھازىرقى تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىن ھالقىغان تەڭدىشى يوق گۈزەللىك ۋە مەنىۋى كامالەت ھاسىل قىلىدۇ. چۈنكى «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى» نىشانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بى-

① ماسلوۋ: «ئانتىمروپوگىك پسىخولوگىيە ئۇستىدە ئىزدىنىش»، يۇننەن خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى. 122 - بەت

لەن چەكلىنىپ قالماستىن، تۇرمۇش سەنئىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە يېگانە پوزىتسىيە، يېگانە ئۇسۇل بىلەن يېگانە تۇيغۇ، يېگانە قىزىقىش، يېگانە ھوزۇرلىنىشتا بولىدۇ. بۇنداق «ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش» گويا باللارنىڭ ساددا ئەمما رومانتىك قوغلىشىشلىرىغا ئوخشاش «كۈچ سەرپ قىلمايلا كونا قائىدە ۋە يامان ئادەتلەردىن قۇتۇلىدىغان ئەركىنلىك» كە يېقىنلىشىپ بېرىپ، ئادەمنى «ئىككىنچى قېتىملىق ساددىلىق» گىردابىغا ئېلىپ كېلىپ، خۇشاللىق ئىچىدىكى ئىجادىيلىقتا، پىشىپ يېتىلگەن تەبىئىي تۇيغۇغا يېتەكلەيدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم تەبىئىتىدىكى قورقماسلىقنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، «چوڭقۇرلاشقان «مەن» ۋە ئۇنىڭ قىممىتى» نىڭ بىرىكىشى، ھايات شادلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئاتلىنغۇچ، سېھرىي كۈچكە باي تۇرمۇش پوزىتسىيەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۆزى ئاددىي بولسىمۇ، تۇرمۇشقا شۇنچە گۈزەللىك بېغىشلايدىغان بۇنداق نەتىجىنى تۆۋەن مۆلچەرلەش مۇمكىنمۇ؟

توغرا، تۇرمۇشتىكى بۇنداق نەتىجىلەر ئادەتتە ئويلاپ كۆرمەيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ كەتمەيدۇ. ياكى چوڭ ئىجتىمائىي زىلزىلە پەيدا قىلمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئادەم پەزىلىتىدىكى نۇرى مۆلچەرلىگۈسىز تالانت ئۇچقۇنلىرىدۇر. شۇڭا، ماسلوۋ: «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى» نىڭ ئەقلىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يۇقىرىدىكى سۆزگە ئۇلاپ مۇنداق تەرىپلىگەن: «چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن مۇنداق ئېيتىش كېرەك: ئۆزىنى ـ ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ نەتىجىسىنى ئەمەس، پەزىلىتىنى تەكىتلەيدۇ، نەتىجىلەرنى ئادەمنىڭ پەزىلىتى تارقاتقان قوشۇمچە ھادىسە دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەزىلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نەتىجە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقىنىڭ تەكىتلەيدىغىنى خاراكتېر جەھەتتىكى دا-



دىللىق، باتۇرلۇق، ئەركىنلىك، قوزغىلىشچانلىق، روشەنلىك، بىردەكمىشچانلىق ـ ئۆزىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلىشتۇر، يەنى ئۇ مۇشۇنداق ئومۇمىيلىقتا ئىگە ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش يولىدىكى ئىجادىيلىقنى پەيدا قىلالايدىغان نەرسىلەر، ئىجادىي تۇرمۇشتىكى ئۆزىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان نەرسىلەر ياكى ئىجادىي پوزىتسىيە ئىجادىي ئادەمنى تەكىتلەيدۇ. مەنمۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ياكى ياساپ چىقىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ خاراكتېرىنى تەكىتلىمەي، ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرىدىغان ئىجادىيلىقنىڭ ئىپادىسى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغۇچى پەزىلەتلىرىنى تەكىتلىگەنىدىم. ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇشنىڭ ئىجادىيلىقى خۇددى ھاياجانلانغان بىر ئادەم مەقسەتسىز، پىلانسىز ھەتتاكى ئىختىيارسىز ھالدا «ھاياجىنىنى تارقاتقاندەك»، پۈتكۈل تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تارقالغان، چېچىلغان، مەركەزلەشكەن بولىدۇ».

دېمەك، ماسلوۋ پۈتكۈل تۇرمۇشنى بىر خىل سەنئەت ئورنىغا قويۇپ، ئۆزىنى رېئاللاشتۇرغۇچى ئىجادىيلىقنى سەنئەتكارلىق دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئۇلۇغ غايىسى بويىچە قارىغاندا، ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش» ئىجادىيلىقىنى تەرىپلەپ، ھەممە ئادەمنى تۇرمۇشتا گۈزەللىك يارىتىدىغان سەنئەتكارغا ئايلاندۇرۇش، ئاددىي ئادەملەرنىمۇ كىشىلەر نەزەرىدىكى «ئەۋلىيا» بولۇپ كەۋدىلىنىۋاتقان «ئالاھىدە تالانت ئىجادىيلىقى» تەرەپكە يېتەكلەش ھەتتا شۇنداق ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن. ئامېرىكىلىق ئالىملاردىن ۋېئېبىن قاتارلىقلار ماسلوۋنىڭ بۇ قارىشىغا تامامەن قوشۇلۇپ كەتمىسىمۇ: «ھەر قانداق ئادەم دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە ۋە ئەھۋال ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈشتىن ئىبارەت ئىنكاس ئەندىزىسىنى چۆرۈپ تاشلىيالايدۇ. ھەر قانداق ئادەم «غۇلاچ تاشلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇسابىقىلەرنى كۈتۈۋالالايدۇ» ھەمدە ئۆزگىچە ئۇسۇل، مول يېڭىلىق

يارىتىش ئۇسلۇبى ئارقىلىق، پەقەت ئۆزىلا ئېرىشىشكە بولىدىغان ئالاھىدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. مانا بۇ — مۆجىزە، ھاياتلىق ھالىتىنىڭ بىر خىل يۇقىرى پەللىسى، سەرخىللىققا يارايدىغان پەزىلەتنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ھەممە مۇشۇنداق قاراش بىلەن سەرخىللىق ياكى تاللانتلىق تاجىسىنىڭ ئاز ساندىكى نامى ئۇلۇغلارغىلا ئەمەس، نامى چىقمىغان كۆپ ساندىكى قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، جەمئىيەتكە بەخت يارىتىشقا پايدىلىق تەرەپكە تەڭشەپ ماڭالايدىغان سەنئەتلىك ئادەملەرگىمۇ مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما، ئۇلارمۇ تالانت ياكى ئىجادىيلىقنىڭ ئومۇمىيلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىمۇ مۇشۇنداق قاراش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ نەزەرىيە 1944 - يىلى گوردوننىڭ تېخنىكا ئىجادىيىتى بىلەن نېرۋا ئانالىزى (نېرۋىلوگىيە) غا تەڭ قىزىققان بىر ئىختىراچى ئۈستىدە ئۈزۈلدۈرمەي كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشتىن باشلانغان. ئۇنىڭ تەجرىبە قىلىشىدىكى مەقسىتى ئىجادىي پائالىيەتنىڭ پسىخىك جەريانىنى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈلگەن نەتىجىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئىجادىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغان ئۇسۇلنى بەرپا قىلىش بولغان. ئۇ، تەجرىبە ئارقىلىق ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا تەكرارلىنىش خاراكتېرىدىكى بىرنەچچە خىل پسىخىك ھالەتنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان، يەنە بىر مۇنچە ئىختىرا ئىجادىيەتچىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇنداق پسىخىك ھالەتلەرنىڭ ناھايىتى ئومۇمىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق پسىخىك جەرياننى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ مىكرولۇق كۆزىتىشكە قارىغاندا، ماكرولۇق كۆزىتىشكە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى، يەنى



بۇلداق پسىخىك جەريانلارنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدىكى كۆزىتىشكە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىمۇ كوللېكتىپ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بىرخىلى بولۇپ قالغان. ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلمىسى SYN بولۇپ، بۇ «ئورتاق»، «بىرلىكتە» دېگەن سۆزلەرنىڭ باشتىكى ھەرپلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن، ئىجادىي پائالىيەت «شۇنداق قارىغاندا ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى قوشۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر چاغدا، «كۆپلىگەن ئادەمنى قوشۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈش» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدىكەن. پسىخولوگىيىدە بۇنداق ئۇسۇلنى ئادىيلاشتۇرۇپ ئوخشىتىش ئۇسۇلى (anabgy) دەپ قوبۇل قىلغان. ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىچىلىرى بۇنداق ئوخشىتىش ئۇسۇلى ھەققىدىكى كونكرېت بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق بۇ ئۇسۇلنىڭ تېما بەلگىلەشتىن تارتىپ تاكى نېمىنى ھەل قىلىشقىچە بولغان پۈتكۈل جەرياننى توغرا بېكىتكەن، ئاندىن كېيىن بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەنە نەزەرىيە تەتقىقاتى جەريانىغا ئېلىپ كەلگەن. مۇشۇ تەرىقىدە كۆپ قېتىملاپ تەكرارلاش ئېلىپ بارغان. شۇنداق قىلىپ تولۇق تەجرىبە قىلىش ئاساسىدا پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قىياسلارنى ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ نېگىزلىك نۇقتىئىنەزەرى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە: (1) بارلىق ئادەمدە ئوخشاشلا يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت بولىدۇ. (2) ئىنسانلار پاراسىتىنىڭ ئىجادىيەت ھادىسىلىرى (ئىلىم - پەن ۋە بەدىئىياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرى) دە ئوخشاش بولغان پسىخىك جەريان بولىدۇ. ئۇنى تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولىدۇ. (3) ئىجادىيەت جەريانىدا ھېسسىياتنىڭ غەيرىي ئەقلىي بولغان ئامىللار ئەقلىي بولغان ئۇيغۇنچان ئامىللاردىنمۇ بەك

مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. (4) بۇنداق پسىخىك جەرياننى مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق چېنىقتۇرغىلى ۋە ئىشقا سالغىلى بولىدۇ. (5) شەخسىي بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيىتى جەريانىغا كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنى تەقلىد قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىكى تەلىمات ۋە پەرەزلەرنى ئەتراپلىق، تولۇق بېكىتىلگەن ھەقىقەت دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ ھازىرقى زامان تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ، ئەمەلىي ئىستېمال نۇقتىسىدا تۇرغان نەزەرىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلغار ئەللەردە قوللىنىلىپ، دۇنيانىڭ ئىجادىيەت نەزەرىيە چولپانلىرىدىن ئامېرىكىلىق ئوسبورن، فرانسىيىلىك دېھرىل، ياپونىيىلىك ئىنتىيەن پىكدىك.... لارمۇ ھەممە ئادەمدە يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت بولىدىغانلىقىغا، بۇنداق قابىلىيەتنى ئېچىش — ئاچالماسلىق دۆلەت، مىللەت، شەخسلەرنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلماقتا. شۇڭا، بىزمۇ ئەزەلدىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەقىل، قەلب، ئېتىقادنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىمىزگە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى قوشۇپ، ھەر كىمنىڭ ئۆزىدىكى ئىجادىيلىقىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئاددىي بىر ئادەمدىن كاتتا بىر ئادەم بولۇشقا ئىنتىلىش ھەققى بار دەپ قارايمىز ھەمدە تۈرلۈك باھانە — سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشتىن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش ئەلا دېگەن تەشەببۇستا بولىمىز. ئەمما، بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت ھەممە ئادەمدە بولسىمۇ، ھەممە ئادەمدە ئوخشاش بىر خىل بولماي، ئادەم ئىجادىيلىقىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىدا بولغانلىقتىن، ئالدى بىلەن بىز ئادەمدىكى تالانتنىڭ ئاساسىغا قاراپ ئۆتىمىز.



# II باب تالانتنىڭ ئاساسى

تالانتنىڭ يىلتىزى نېمە؟ ئۇ نېمىلەردىن تەركىب تاپىدۇ؟ تالانتنىڭ شەكىللىنىشىدە بىز خىلمۇ خىل ئامىللارنى نەزەردە تۇتىمىز. ئەقىل، ئەقلىي ئىقتىدار، ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئىجادىي ئىقتىدارلار مانا مۇشۇنداق ئامىللارنىڭ ئوق يىلتىزى، نېگىزلىك ئاساسى بولۇپ، ئۇلار ئادەمدىكى غايەت زور يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر ئامبىرى ۋە بۇ ئامباردىكى خەزىنىلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشقا سالغۇچىلاردۇر. ئالىملار ئادەمنىڭ مۇشۇنداق يوشۇرۇن قۇدرىتىنى دېڭىزدىكى كۆچمە مۇز تاغلارغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭدىن بىزنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنىمىز پەقەت شۇ تاغنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئوخشايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. كۆچمە تاغلارنىڭ 1/13 قىسمى سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرسا، قالغان قىسمى سۇغا پېتىپ تۇرىدۇ. ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ھەر بىر ئادەمدە ئاشكارا ئىشقا سېلىنغان قابىلىيەت مۇتلەق ئاز، ئېچىپ ئىشلىتىشكە تېگىشلىك يوشۇرۇن قابىلىيەت مۇتلەق كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئىقتىدارىنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق پارلاق ھايات تارىخىنى يازماقچى بولسا، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ قۇدرىتىگە بولغان توغرا بىلىش ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولۇش ئالدىنقى شەرت بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆز كۈچىگە ئىشەنگەندە ۋە شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشاش تىلىكىدە بولغاندا، ئادەم

هەقىقىي قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ.

زامانىمىزدىكى ئىلىم - پەن يورۇتۇپ بېرىۋاتقان ھەقىقەتلەر بويىچە قارىغاندا، بىز نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۆزىمىزنى ياخشى چۈشەنمەيمىز، ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنىڭ قۇدرىتىگە ئۇنچىۋالا كۆپ ئىشىنىپ كەتمەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىزدىكى جاھانغا ئۆزىمىزنىڭ ئىرىشچانلىقى ئارقىلىق نۇر بولۇپ تارقايدىغان تالانت باغچىسى گۈللىنەلمەيدۇ. غەيرەت ئىلكىدە ئەركىن يايراپ ئۆتكۈزىدىغان ھاياتىمىز غاپىللىقنىڭ قولىدەك تىمسىقلايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. بۇ ئۆزىمىزنىڭ ھايات دەرىخىنى ئۆزىمىز خارابلاشتۇرۇش ئەمەسمۇ؟ ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىمىزنى يېڭىباشتىن دەڭسەپ كۆرۈش كېرەككى، ھەربىرىمىز ئاجايىپ قۇدرەتلىك ئادەم، بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمىساق، ئۆزىمىزنى ئەڭ كىچىك جانىۋارلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

ھەسەل ھەرىسىنىڭ مېڭىسىدە 900 نېرۋون بولۇپ، بۇ نېرۋونلار ياردىمى بىلەن ھەسەل ھەرىسى شۇنچە مۇرەككەپ پائالىيەتلەرنى بېجىرىدۇ. ئۇ تۈرلۈك گۈللەرگە قونۇپ، گۈل چېچەكدىكى يارامىلىق شىرنە ماددىسىنى شوراپ ئېلىپ، ئازماي ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىدۇ، يەنە تېخى شۇنچە كۆپ ھەرىلەر بىر پادىشاھنىڭ قوماندانلىقىدا خۇددى جەڭگىۋار ھەربىي قوشۇندەك رەتلىك ھەم ئۆزئارا دوستانىلىق بىلەن ھەسەل يىغىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ، ئادەمنىڭ مېڭىسى ھەسەل ھەرىسىنىڭ مېڭىسىگە قارىغاندا، نۇرغۇن دەرىجىدە چوڭ بولۇپلا قالماي، 1 ملىيارد ھەسسە مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھەسەل ھەرىسى پەقەت ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىدىن ھەسەل يىغىشنى ئۆگەنسە، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىپلا قالماي، يۇكسەك دەرىجىدىكى تىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باشقىلاردىنمۇ ئۆگىنىدۇ، ھەمدە مۇھىتنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاش-



تۇرىدۇ. ئىنگلىز ئالىمى بىدىل تەلىماتى بويىچە قارىغاندا، ئادەملەر ئۆزىنى بىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە دىققەت قىلالايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئاڭلىق ئادەملىكىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاڭ جەريانىنى بىلىپ يېتىپ، ئەركىن تاللاش ئېلىپ بارالايدۇ ھەمدە پۇختا ئويلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا ئادەم يەنە پاراسەتلىك بولىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، پاراسەت دېگىنىمىز — بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، تەبىئىي تۇيغۇ (تەبىئىي مايىللىق) نى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى، كۆرۈنۈشتە ئوخشاشلىق يوق يەردىن ئورتاقلىقنى تېپىپ، بۇنداق قاراشنى كەلگۈسىگە تەتبىقلايدىغان پائالىيەتتۇر. ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا پاراسەت بىلەن ئۆزىنى بىلىش ئىككى بىرلىكتە ئىنسانىيەتنى ئۆزگىچە ئىلگىرىلەش ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ①.

بۇ يەردىكى پاراسەت ئارقىلىق تەرەققىي قىلىش دېگەن سۆز — تالانتنىڭ ئاساسى بولغان ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدار ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئىجادىي ئىقتىدار بويىچە ئۆزىنى بىلىپ ئىلگىرىلەش دېگەنلىكتۇر.

## 1§. ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار تالانت تەرەققىياتىدا بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىدىغان ئىككى قانات بولۇپ، بىرى كەم بولسا تالانت تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئەمما، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مەزمۇنىدا پەرق بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار بولسا، ئادەمنىڭ مەلۇم پائالىيەتنى

① ئەنگلىيە، بىدىل روسسېلنىڭ: «چوڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە يوشۇرۇن قۇدرىتى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

ئېلىپ بېرىش، مەلۇم پائالىيەتنى ئورۇنداش قابىلىيىتىنى يەنى ئۇ پائالىيەت جەريانىدا كۆرسىتىدىغان ئىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەقلىي ئىقتىدار ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت پەزىلەتلىرى كاتېگورىيىسىگە كىرىسەمۇ، ئەمما ئادەتتە ئەقلىي قابىلىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقلىي قابىلىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان تۈرلۈك قابىلىيەتلەر ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا زۆرۈر بولغان، ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈمچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قابىلىيەتلەردۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئەقلىي قابىلىيەت تالانتىنىڭ تەرەققىياتىدا چەكلىك بولىدۇ، ئەقلىي ئىقتىدار ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش مەنىسىدىن چەكسىز بولىدۇ. بىز ئادەتتە ئېيتىدىغان «ئەقلىي ئىقتىدار» ئەقىل بۇلىقنى ئېچىش ئاساسىدا ئېرىشىدىغان، بولۇپمۇ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان قىيىن مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلغاندا ئىپادىلىنىدىغان پىسخىك پەزىلەت (ئەقلىي ئىقتىدار پەزىلىتى ۋە خاسلىق پەزىلىتى) دۇر. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان ھەمدە بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا قەدىرلىنىدىغان قابىلىيەتلەر يىغىندىسىدۇر. ئەقلىي قابىلىيىتى ئۈستۈن ئادەملەرنىڭ ئادەتتە ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇتلەق ئەمەس.

ئەقىل ياكى ئەقلىي قابىلىيەت ھەققىدە ئالىملارنىڭ قاراشلىرىدا تالاش - تارتىشلار بار. چۈنكى، ئەقىل دېگەن 120 خىلدەك ئامىلدىن قۇرۇلغان مۇرەككەپ جانۇ - جاھان بولغاچقا، ئۇنى ئاددىيلا چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ئەقىل ھەققىدىكى بىرقەدەر تەپسىلىي چۈشەنچىلەرنى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 - يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىن-



غان «ئەقىل ۋە پەزىلەت» دېگەن كىتابتىن كۆرۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. قىسقا گەپنى قىلغاندا، ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسە قىلىش مۇمكىن.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەقلىي قابىلىيەت ئادەمنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ شەيئىلەر ۋە ئابستراكت تەپەككۇرنى بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىدۇر.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەقلىي قابىلىيەت ئادەمنىڭ تۈرلۈك قابىلىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەقلىي قابىلىيەت مەلۇم بىر تەرەپتىكى قابىلىيەت بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ تەپەككۇر، ئۆگىنىش، ئۇيغۇنلىشىش قاتارلىق بىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇنىۋېرسال قابىلىيەت، مېڭە بايلىقى بولۇپ، بۇنداق قابىلىيەت كىشىلەرنىڭ بىلىش پائالىيىتىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشىغا، مەسىلىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ ھەر قاچان كۆزىتىش، تەپەككۇر قىلىش، ئەستە تۇتۇش، دىققەت قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش، تەھلىل قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش بىلىش پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە تەپەككۇرنى مەركەز قىلىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار بولسا، مانا مۇشۇنداق زور يوشۇرۇن قابىلىيەت ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز تەپەككۇر بىلەن چەكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. ئىرسىيەتلىك بولماستىن، ئىجتىمائىي ئامىللار، تەلىم - تەربىيە ئامىللىرى، ئەمەلىيەت ئامىللىرى ئەقلىي ئىقتىداردىكى ئامىللارغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىز ئەقىلنى يوشۇرۇن بايلىق مەنبەسى دەپ چۈشەنسەك، ئەقلىي ئىقتىدارنى ئەنە شۇ ئەقىل بايلىقىنى ئاچقۇچى تەپەككۇر قىلىۋاتقان روھ، تەپەككۇر قىلىۋاتقان مۇشۇ روھ ئۇرغۇپ تۇرغاندا ھەمدە زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن رىغبەتلەنگەندە ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ بايلىق ئۈنۈملۈك ئېچىلىدۇ، ئەقىلدىكى كۆزىتىش،

خاتىرە، تەپەككۇر، دىققەت، تەسەۋۋۇر... قابىلىيەتلىرى ئۆزىنىڭ
ئىقتىدارى، خاتىرە ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى، دىققەت
ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى...... بولۇپ چەكسىزلىككە قاراپ
تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ چۈشىنىمىز. مۇشۇنداق قارىغاندا، ئادەم
ھايۋاندىن تەپەككۇر ئارقىلىق ئايرىلىپ چىقىدۇ، تەپەككۇر ئادەم-
نىڭ تەبىئىتى بولىدۇ، بۇ تەبىئەت ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەق-
قىي قىلىشىدىكى ئاساس بولىدۇ. نېمىس پېداگوگىكى ۋېيتتى-
نىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتىكى
يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى 100 ھېسابلىغاندا، بەش ياشقىچە تەر-
بىيىلەنمىگەن بالىنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي قابىلىيىتى 80 گە چۈ-
شۈپ قالىدۇ؛ ناۋادا بۇ بالىنى يەنىلا تەربىيىلىمىگەندە ئۇنىڭ
يوشۇرۇن ئەقلىي قابىلىيىتى داۋاملىق تۆۋەنلەپ بارىدۇ، تەخ-
مىنەن ئېيتقاندا، ھەر بەش يىلدا 20 پىرسەنتتىن تۆۋەنلەپ
بارىدۇ. ئۇ ھاياتلىقنىڭ چەكسىز تەرەققىيات جەريانىغا مەڭگۈ-
لۈك ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى 100
پىرسەنتكە يېتىپ بېرىپ توختىسىمۇ، ئەقلىي ئىقتىدار 200
پىرسەنتكە، 1000 پىرسەنتكە يېتىپ بارىدۇ. ئادەمدىكى بۇنداق
ئۆسۈپ بارىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ شەكىللىنىشى ئادەمنىڭ
ئۆز ۋۇجۇدىدا تۇتۇپ تۇرغان، مىليون يىللىق ھاياتلىق ئۆز-
گىرىشى شەكىللەندۈرگەن ناھايىتى مول جىسمانىي ۋە مەنىۋى
قۇدرەت ئامىللىرىغا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەت-
نىڭ مىليون يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت پائالىيىتى، بولۇپمۇ
ئىجادىي پائالىيەتلىرى يېتىشتۈرگەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئادەم-
نىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھالىتىگە، پسىخىك ھالىتىگە كۆرسەتكەن تە-
سىرىگە شۇنداقلا ئۆزگەرتىشىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. شۇنداق
بولغانلىقتىن، پسىخولوگىيە نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، نورمال
ئۆسۈشتە مۇۋەپپەق بولغان ھەربىر ئادەم، غايەت زور يوشۇ-
رۇن ئەقلىي ئىقتىدار بولىدۇ. ھالبۇكى، ئادەم ئۆزىدىكى يوشۇ-



رۇن ئەقلىي ئىقتىدارىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئېچىش ئۈچۈن،
سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەقەززا
قىلىدىغان، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇناسىۋەتلىرىنى دىئا-
لېكتىك بىر تەرەپ قىلىش كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ياخ-
شى تەن ۋە پسىخىك ساپا ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك
ئېچىلىشىغا ماددىي ئاساس بولسا، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي
شەرتلەر ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت كۆرسەتكۈچىگە يېتى-
دىغان ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ، ئەمما، ئىجادىي ئەمگەككە نى-
سبەتەن ئېيتقاندا، ئەقلىي قابىلىيىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان
بىر ئادەمنىڭ ئىجادچان بولۇپ كېتىشى ناتايىن. چۈنكى، ئەق-
لىي قابىلىيىتى ئۈستۈن ئادەملەرنىڭ ھەتتا بىلىمى خېلى كۆپ
ئادەملەرنىڭمۇ ئىجاد قىلالمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز ئۆز كۆزىمىز
بىلەن كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىخىي پاكىتلار نەزىرىمىزگە
سېلىپ تۇرۇپتۇكى، تارىختىكى نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار ئەقلىي
قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ياكى بىلىمىنىڭ كۆپلۈكىدىنلا ئەمەس،
ئاساسلىقى مەخسۇس مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتى نەتىجى-
سىدە بارلىققا كەلگەن. ھەتتا ھور كېمىسىنى سەنئەتكار پولتون،
پاختا چىقىرىش ماشىنىسىنى باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمى
گوتنى ئىجاد قىلغاندەك، كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارمۇ مەخسۇس
ئىزدىنىش نەتىجىسىدە باشقا كەسىپلەردە ئالىم، ئىختىراچى
بولۇپ يېتىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلمىي تەربىيىلىنىش —
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئىنتىلىش، ئىزدىنىش، ئەقلىي ئىقتىدار-
نىڭ ئېچىلىشىدا ئەلا ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم ۋاسىتە
بولىدۇ، ئەمەلىيەت بىلەن ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى
بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان خاسلىق — يۈكسەك ئىنتىلىش پسىخىك-
سى ۋە ئاكتىپ كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيىسى يوشۇرۇن
ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئېچىلىشىدىكى ئەڭ زور تەرەپلەردە ھەل
قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ ھەر كۈنلۈكى دىگۇدەك يېڭىلىق

پەيدا بولۇش بىلەن بىر چاغدا، كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ قويىدىغان خىيىم — خەتەرلەرنىمۇ سوۋغا قىلىپ تۇرىدىغان بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى ۋە كەلگۈسىدىكى تۈرلۈك رىقابەت ۋە مۇسابىقىلەرگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئۆگىنىشنى، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ ئاكتىپ ياشاشنى ئۆگەنمەيدىكەن، يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارنى ئېچىشتا ياخشى ئۈنۈم قازىنالمايدۇ.

— كەلگۈسىدىكى ساۋاتسىزلار، — دەيدۇ تالانت تەتقىقاتچىسى پسىخولوگ خوببېرت گىئوركى، — كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار ئەمەس، بەلكى قانداق ئۆگىنىشنى ئۆگىنىپ ئالالمىغانلاردۇر. تازا زەن قويىدىغان بولساق، زامانىمىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشى «بىلىمىم بار» دەيدىغانلارنى پەقەت يېڭى ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنى تۇرغۇزۇشنى بىلىم ئاساسىي بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغانلار دەپلا چۈشىنىدۇ. يەنى بۇ هال مەكتەپلەردە ئوقۇشنىڭ ئاياغلىشىشى تالانت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، پەقەت تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشنىڭ باشلىنىشى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئۇيغۇنلىشىپ ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۆگەنگۈچىلەر بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، زامانىمىزدا تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشكە ئىنتىلىۋاتقان ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن بىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا يول ئېچىپ مېڭىش جەھەتتە يېڭى تەجرىبىلەرنى ئىگىلەش ناهايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى پەقەت مۇشۇنداق يېڭىچە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى، ئۇسۇللىرىنى ۋە ئۆگىنىشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇل، تەجرىبە، ماهارەتلىرىنى ئىگىلىگەندىلا، ئادەم ئۆزىنىڭ پاراسەت پائالىيىتىنى يېڭىچە يۇقىرى ئىقتىدار، ئۈنۈم بىلەن خىزمەت قىلىدىغان هالەتكە



كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەقىلشۇناسلار بىزدىن ئۆزىمىزنى يول ئېچىپ ماڭىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئىجادىي خاراكتېرى ئۈستۈن ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇشتا، «رەسمىيلەشكەن بىلىملەرنى بىر تەرەپ قىلىش فۇنكسىيىسى» (بىلىمنى يادىغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەكرارلاش خاراكتېرىدىكى ئەقىل ئەمگىكى) نىڭ نېگىزلىك قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆگىنىش ماهارەتلىرىنى ئىگىلەش (بۇ ھەقتىكى ماهارەتلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 - يىل 10 - ئايدا نەشرى قىلغان «ئادەم ۋە ئىقتىدار» دېگەن كىتابنىڭ ماهارەت قىسمىغا قاراڭ) بىلەن بىر چاغدا، تېخىمۇ مۇھىمى «يېڭىلاش تىپىدىكى غەيرىي رەسمىي بىلىملەرنى بىر تەرەپ قىلىش فۇنكسىيىسى ۋە بايقاش تىپىدىكى بىلىملەرنى بىر تەرەپ قىلىش فۇنكسىيىسى» (ئالدىنقىسى قارار چىقىرىش، مۆلچەرلەش، لايىھىلەش، تەتقىق قىلىش، ئىجاد قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەقلىي ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكىسى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك پاراسەت پائالىيىتى قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇر قانۇنىيىتى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش، پاراسەت پائالىيىتى پەزىلىتىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. مانا بۇ ئادەمنىڭ ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدار بولۇقىنى ئېچىپ، تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىپ كېتىشتىكى مۇھىم هالقىدۇر.

بىراق، شۇنىڭغا دىققەت قىلماي بولمايدۇكى، بۇنداق ئېچىشتا توغرا نۇقتىئىنەزەر — يېتەكچى ئىدىيە بولۇش كېرەك. مەسىلەن، بۇ مەسىلىدە بەزىلەر: «ئىرسىيەت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە، بەزىلەر «مۇھىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرگە ئەگىشىپ كەتكەن. «ئىرسىيەت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان قاراشتىكىلەر: ئادەم تۇغۇلۇشى

دىلا مەلۇم خىلدىكى بەلگىلىك ئەقلىي ئۈستۈنلۈك ياكى زېھنىي بۆلۈنمىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بىز جانابىي ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان ئەقلىي ئىقتىدار ياكى زېھنىي بۆلۈنمە بويىچە قاتار بولىمىز، ئومۇمەن كۆپچىلىكىمىز «ئەقىللىق»، «ھوشيار»، «چېچەن» ياكى «پاراسەتلىك» ئادەملەر قاتارىغا كىرىپ كېتىمىز دەۋېلىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئېچىشتىن ۋاز كەچتۇرسە، «مۇھىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان قاراشتىكىلەر ئادەمنى تۇغۇلۇشىدىلا ھېچقانداق ئاساسىي يوق بىر ۋاراق «ئاق قەغەز»، «تىرىشچانلىق ــ تالانت» دەۋېلىپ، ئادەمدىكى تالانتنىڭ ھەممىنى ئادەم ياشاۋاتقان مۇھىت ئۆزلۈكىدىن بېرىدىغاندەك، كىشىلەرنى پائالىيەتچانلىق بىلەن مۇھىتنى ياخشىلاش، شۇ ئاساستا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئېچىش ۋە داۋاملىق ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت تىرىشچانلىقتىن ۋاز كەچتۈرىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي ئىقتىدارنى ئېچىشتا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە سەگەك بولۇپ، «ئىرسىيەت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان ياكى «مۇھىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان خاتا نەرسىلەرنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كەتمەسلىك كېرەك. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىمىزدىكى ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى قانداق بىلىمىز ۋە ئاچىمىز؟

## §2. ئەقلىي قابىلىيەت

ئەقىل ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان بىر پەيلاسوپ ئۆزىنىڭ قەلبىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى بايان قىلغاندا، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ بولۇپ، ئاندىن كۆڭلۈمگە قاراپ چىققىنىمدا مەڭگۈلۈك بىر تىترەپ كەتتىم. چۈنكى، بىزنىڭ بىلىپ يەتكىنىمىز، بىزنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمىز ئىكەن، دېگەن. شۇنچە كۆپ بىلىمگە ئىگە ئالىم نېمىشقا بۇن-



داق دەيدۇ؟ چۈنكى ئۇ ئىجادىيەت پاراستىنىڭ يۈكسەك چوققىسىدا تۇرۇپ خىيال سۈرگەن. ئەقىلدىكى نۇرغۇن سىرلار، بولۇپمۇ ئىلھام، بىۋاستە سەزگۈ ھەققىدىكى يېڭى بايقاشلار تېخىچە خېلى كۆپ ئادەملەر بىلمەيدىغان يېڭىلىقلاردۇر. ئامېرىكىنىڭ «ئىلىم - پەن» ژۇرنىلى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئەسىردە ئىنسانىيەتكە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن 20 تۈرلۈك ئىلىم - پەن نەتىجىسى ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا يالىتراق، ئىككىنچى ئورۇندا زېھىن سىناش مۇسابىقىسى تۇرىدۇ، دەيدۇ؟ چۈنكى زېھىن سىناش باشلانغاندىن كېيىن ئەقىلدىكى سىرلىق قەسىرلەر ئېچىلىپ، گىگانت ئادەملەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىلغان.

راست دېگەندەك، ئەقىل بابىدا ئۆزىنى بىلىش ئالىملاردىن تارتىپ ئاددىي ئادەملەرگىچە كامالەت ئىزدەشنىڭ باش ھالقىسى، «مېنىڭ كاللام ئىشلىمەيدۇ» دەپ مەيۇس يۈرگەنلەر ئۈچۈن تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشتىكى شەرتى. بەزى ئادەملەر ئۆز ئەقلىنى بىلىپ يېتەلمىگەنىدە ئۆزىنى سەل چاغلاپ يۈرگەن بىلەن، بىلىپ يەتكەندە ئۆزىدە فونتان بۇلاقتەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان تالانت مەنبەسى بارلىقىنى بىلگەن. ئالبېرت ئېينشتېين 30 ياشتا «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» نى ئىجاد قىلىپ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىلەن، كىچىك ۋاقتىدا ئەقىلدە ئارقىدا قالغان بالا بولۇپ، ئۇ نەچچە يېشىدا شۇ سەۋەبتىن مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلگەنىدى. ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنىدى، ئۇ مەكتەپتىن ھەيدىلىپ 11 يىلدىن كېيىن دۇنياغا تونۇلغان ئالاھىدە تالانتلىق ئادەم بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ بەزى ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇنداق تالانت كۆرسىتىشى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەقلىي قابىلىيەتنى بىلىپ يەتكەنلىكى ۋە دەرھال تولۇقلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئالىملارنىڭ تەكرار نەسىھەتلىرىدىن قارىغاندا، بىزمۇ ئۆزىمىزنى بىلىپ يېتىپ، ئەقىل تولۇقلاش تەدبىرلىرىنى قوللانساق،

تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشكە شەرت ھازىرلاپ كېتەلەيمىز. ئەقىل تەركىبىدە ناھايىتى كۆپ ئامىللار بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى قابىلىيەتلەر ئاساسلىق رول ئوينايدۇ:

(1) كۆزىتىش قابىلىيىتى. كۆزىتىش قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ شەيئىلەرنىڭ تىپىك ئۆزگىچىلىكلىرىنى ۋە ئىنچىكە دائىرىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقىۋالىدىغان قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ، بىلىش پائالىيىتىدە ناھايىتى كۈچلۈك سەزگۈرلۈك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. كۆزىتىش قابىلىيىتى كۈچلۈك ئادەم شەيئىلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تېز، توغرا ئىگىلىۋالالايدۇ، يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقىۋالالايدۇ. شۇڭا، كۆزىتىش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغاندا، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ كېتىشكىمۇ قولايلىق شارائىت تۇغۇلىدۇ. كۆزىتىش قابىلىيىتى تۆۋەن بولسا، ئادەملەردە سەزگۈرلۈك ئاجىزلاپ، كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈۋالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، كۆزىتىش قابىلىيىتى ناھايىتى تۆۋەن بولسا، ئادەم قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ تۇرۇۋاتقان ئاۋازلارغىمۇ قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ماڭىدىغان بىپەرۋالىققا، قەلب پالەچلىكىگە يۈزلىنىدۇ. قەلبىدە سەزگۈرلۈك ئەمەس، بىپەرۋالىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئادەمدە زىللىق تۈگەيدۇ - دە، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈللەر ئارىسىدا تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ نازۇك خۇش پۇراقلىرىنى ئايرىيالماي، قايسىسى ئېگىز تۇرسا شۇنى، قايسىسى يوغان ئېچىلسا شۇنى ياخشى گۈل دەۋېرىدۇ، خۇش ئاۋاز ناخشىچىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى پەرقلەندۈرمەستىنلا، ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىۋېرىدۇ. دېمەك، كۆزىتىش قابىلىيىتى ناچار بولغاندا ئادەمدە بىر خىل بىپەرۋالىق ئۆسۈپ كېتىدۇ - دە، ئادەم كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، قۇلىقى بار گاس بولۇپ قېلىپ، تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشتە بىرىنچى توسۇققا دۇچ كېلىدۇ. (2) خاتىرە قابىلىيىتى. خاتىرە قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ بىلىپ بولۇنغان



شەيئى، بىلىم ۋە باشقا شەيئىلەرنى ئەستە ساقلاش ۋە يادىغا كەلتۈرۈش قابىلىيىتىدۇر. ئادەتتە چوڭ مېڭە ئاڭلىغان، ئويلىغان، كۆرگەن ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن نەرسىلەر ھەققىدە تەسىرات قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى سەل - پەل كۈچەپ ئەستە قالدۇرسا، ئۇلار مېڭىدە ساقلىنىدۇ، ئۇلارنى تەتبىقلاش توغرا كەلگەندە، ئۇلارنى يەنە يادىغا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم مۇشۇ قابىلىيىتىگە تايىنىپ تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى جۇغلىيالايدۇ، تېخىمۇ كۆپ تەجرىبىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ ھەمدە شۇ ئاساستا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتىرە قابىلىيىتى — ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ھاسا تايىقى، پاراسەتنىڭ بۇلىقىدۇر. ئەگەر ئەقلىي قابىلىيەت مۇنداق ھاسا تايىقىدىن ئايرىلسا، قېرى ئادەم قولىغا ھاسا تاياق ئالمىغاندەك مۇدۇرۇلۇپ كېتىدۇ ياكى يىقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشكە يەنە بىر توسۇق پەيدا بولىدۇ. (3) دىققەت قابىلىيىتى. دىققەت قابىلىيىتى ئادەمنىڭ ئوي - پىكرىنى ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسەت بويىچە مەلۇم ئالاھىدە ئوبيېكتقا توغرىلاش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتىدۇر. دىققەت قابىلىيىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى بىر ئادەمنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىققەت قابىلىيىتى ناچار ئادەملەرنىڭ ئادەتتە زېھنى كۈچى بىر ئىشقا مەركەزلەشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشى بىرقەدەر تېيىز، ھەتتا خاتا بولىدۇ. بۇنداق ئىكەن، دىققەت قابىلىيىتىنىڭ ناچارلىقى ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى تۆۋەنلەشتۈرىدۇ - دە، تالانت بوسۇغىسىغا يەنە بىر توسۇق قويۇلىدۇ. (4) تەپەككۇر قابىلىيىتى. تەپەككۇر قابىلىيىتى ئادەم مېڭىسىنىڭ تىل قورالىدىن پايدىلىنىپ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ۋاسىتىلىك يىغىنچاقلاش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئوبيېكتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولۇپ، ھېسسىي بىلىش ئاسا-

سىدا شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك مەنسۇپلۇقى ۋە ئىچكى قانۇنىيىتىگە بولغان بىلىشتۇر. تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ توغرا - ناتوغرىلىقى خېلى زور دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر يولىنى، جەريانىنى، لوگىكىلىق تەرتىپىنى ۋە كونكرېت شەكىللىرىنى بەلگىلەيدۇ. شۇ ئاساستا كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىدىكى كونكرېت ئۇسۇلىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ پىكىر ئالاھىدىلىكى قانداق تىپتىكى تالانتلىق ئادەم بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇن ئالىملار تەپەككۇرنى تالانتنىڭ تۆرىدە قويىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇشكىننىڭ بىر سۆزىنى نەقىل قىلىپ قويساق يېتەرلىك بولار: «پىكىر — بۈيۈك نەرسە! ئىنساننىڭ ئۇلۇغۋارلىقى پىكىر قىلىشتىن بولماي نېمىدىن بولاتتى؟!①». (5) تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ بىلىپ بولۇنغان پاكىتلار ياكى تەييار بولغان كۆز قاراشلار ئاساسىدا يېڭىباشتىن يېڭى ئوبراز تۇرغۇزۇش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. چوڭ - كىچىكلىكى بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىنىڭ جانلىق بولۇش - بولماسلىق دەرىجىسىنى، بىلىمنى تەتبىقلاش دەرىجىسىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. بىز ئادەتتە دەپ يۈرگەن ئىجادىي قابىلىيەتمۇ ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇر، تەپەككۇردىن ئىبارەت ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ بالىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەردە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر بىر ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، مەسىلەن، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن مەلۇماتى بار بىر يازغۇچى ئۆيىدە ئولتۇرۇپ يازغاندا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كەپتەرلىرى بىردەم يەتتە قات ئاسماندا قانات قېقىپ يۈرسە،

① «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 221 - بەت.



بىردەم دېڭىزنىڭ قەھرىدە ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ھازىرقى كۈندىكى سۇ ئاستى كېمىلىرى بىلەن ئايروپىلانلارمۇ كىشىلەر ناھايىتى بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغان نەرسىلەر ئىدى. بىزنىڭ ھازىرقى كۈندىكى خىياللىرىمىزمۇ كۈنلەرنىڭ بىرى يەنە ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ھەممە ئادەمدە بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرى بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن ئىشچىلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىدا تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە مۇستەقىل ئىجادىيلىق بارلىقىنى بايقىغان بولسا، ھازىرقى كۈندە ئامېرىكىدىكى ئىجادىيەت بۇلىقىنى ئېچىشتىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالىدە ئىجادىيلىق بار دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئىش ئېلىپ بارماقتا. بۇنىڭغا يەنە شۇ پاكىت بولىدۇكى، ئىلىم - پەندىكى نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىنتايىن ئاددىي ھەم كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەملەر تەرىپىدىنمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ قالغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا نەچچە مىليون تۈرلۈك ئىختىرا مەيدانىغا كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ۋىجدانلىق ئاددىي ئادەملەر ياراتقان. بۇ مەلۇماتنى ئامېرىكىلىق يوھان كۆرىيە ئېيتقان بولسا، ئامېرىكىدا سەنئەت پىرى دەپ نام ئالغان ھېنرى ۋىلسونمۇ: «ھەر قانداق ئادەمدە مۇستەقىل ئىجادىيلىق بار، ھەرقانداق ئادەم بىر بەدىئىي تۈزۈلمىنى لايىھىلىيەلەيدۇ، ئۇنىڭ لايىھىلىگىنى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەسەر بولالمىغاندىمۇ، ھېچبولمىغاندا، خېلى يۈكسەك گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، تەسەۋۋۇر ۋە مۇستەقىل ئىجادىيلىقنىڭ ئومۇمىيلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن ھەممە ئادەمنى ئويلاشقا دەۋەت قىلغان.

قىسقىسى، پسىخولوگلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن قارى-

غاندا، ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يۇقىرىدىكى ئامىللىرى مېڭىسى ساق بارلىق ئادەملەردە بار نەرسە بولۇپ، ئۇلارنى ساغلام، تۇغمىلىق ئاساسىدا تەربىيە، مەشىق ئارقىلىق يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ كىشىلەردىكى پەرقىگە كەلسەك، تۇغمىلىقتىكى پەرق ناھايىتى ئاز بولىدۇ، بۇنداق پەرق ھەر كىمنىڭ تەربىيە ۋە مەشىق جەريانىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە پەزىلەت چېنىقتۇرۇشى ئارقىسىدا بارغانسېرى چوڭىيىپ بارىدۇ. ئەقلىشۇناس گوردۇننىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئىسكەندەر زۇلقەيبەيىن ئىرانىنى ئىستېلا قىلىشتىن بۇرۇن ناھايىتى ئىجادچان، تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ خوجايىن بولماقچى بولغان، ئۇنىڭ ئەقلىگە كەلگەن ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۆزگىچىلىكىدىن كىشىلەر ھەيران بولۇشقان. 25 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىنى ساقال – بۇرۇتىنى يوق قىلىپ، مەڭگۈ ياش تۇرۇشتىن ئىبارەت شۆھرەت ھەم شەھۋەت ئارىلاشقان بىر ئىدىيە چىرمىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە بىخوتلۇق ئۇستۇن ئورۇنغا ئۆتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى ئىجادىي تەسەۋۋۇرلار ئاجىزلاپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇنىڭدىكى ئۇستۇن ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى تىرىشچانلىقتىن ئايرىلىپ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتكەن، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكا يازغۇچىسى ر. ل. ستىۋىنسىن 44 يېشىدا ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن تىنماي ئەسەر يېزىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، گىيوتىدەك ئۇلۇغلارغا يېقىنلاشتۇرغان. ئالاھىدە تۇغما قابىلىيەت دەسلەپكى چاغلاردا ئادەمنى ئالاھىدە تالانت ئىگىسى قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، ئۇ ئادەمدىكى ئىچكى رىغبەت ياكى تىرىشچانلىقتىن ئايرىلسا تۈگىشىدۇ. ئەگەر ئۇ غايىۋى رىغبەت بىلەن تىرىشچانلىققا ھامىي بولسا، ھەتتا قېرىپ كەتكەندىمۇ كەچكۈزدىكى گۈلدەك ئېچىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى يەنە



بىر ئادەمنىڭ ئارقىسىدا قالغاندا، ناۋادا ئۇنىڭ تۇغمىلىق شەرتلىرىدە كەملىك بولمايدىكەن، ئىجتىھات ئارقىلىق ئۆگىنىپ، مەشىق قىلىپ ئالدىدا كەتكەن ئادەمگە يېتىشىۋالالايدۇ. چوڭ مېڭە ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى. چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ پائالىيىتى ئادەمنىڭ بىلىش جەريانى بولغانلىقتىن، ھەر كىمدىكى ئالدىدا كەتكەنلەرگە يېتىشىۋېلىش ئىنتىلىشى ئەقلىي قابىلىيەت ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى – تۆۋەن بولۇشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئەقلىي قابىلىيەت ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى تەركىبىدىكى ئامىللاردىن بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەش ئامىل خۇددى بىر ماشىنىغا قۇراشتۇرۇلغان زاپچاسلاردەك بىر قۇرۇلمىغا مۇجەسسەم بولغان بولۇپ، ماشىنىنىڭ بىر ۋىنتىسى كەم بولسا، ماشىنىدا چاتاق چىققاندەك، ئادەمدىكى بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ قايسى بىرى كەم بولسىمۇ، ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدا چاتاق چىقىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى يېتىلدۈرۈشكە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رولىنى تەپەككۇر قوماندانلىقىدا بىر پۈتۈنلۈكتە جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

لېكىن، شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئامىللارنىڭ جۇغلانمىسى ئىجادىي قابىلىيەتكە باراۋەر ئەمەس، ئىجادىي قابىلىيەت ــ ئەقلىي قابىلىيەت تەركىبىدىكى ئامىللار، ئاساسلىقى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر قابىلىيەتلىرىنىڭ ۋە خاسلىقىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىدىكى بىر خىل كۆرۈنۈشتۇر. ئالايلۇق، تۇرمۇشتا بىز ھەققەتەن ھەممە ئىشتا پۈتۈنلەي قائىدىلەرنىلا قوغلىشىپ «ئاخۇنۇم جىجىق» لىق قىلىدىغان، پۈتۈنلەي كۆنۈككەن ئادەتلەر بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىرەر ئىشتا بۆسۈپ ئۆتەلمەيدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز، بۇلار ئەقلىي قابىلىيەتتە تۆۋەن ئەمەس، تەييار بىلىملەرنى ئۆگىنـ

مىش ۋە تەتبىقلاش جەھەتتە ئانچە كالۋاك ئەمەس ھەتتا تېخى ئىمتىھاندا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كېتەلەيدۇ. ئامېرىكىدا ھەر يىلى بىر مىليارد دوللارنى مۇشۇنداق ئادەملەر ئىمتىھان ئارقىلىق مۇكاپات ئالىدىكەن. بۇ ئەھۋاللار، ئادەمنىڭ تۇغما ئۇستۇنلۇكى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئېھتىماللىقىنى شەكىللەندۇرۇشتە بەلگىلىك رول ئوينىسىمۇ، ئۇنى پۈتۈنلەي بەلگىلەپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي قابىلىيەت — زېھنىي بۆلۇنمە ئۇستۇنلۇكىنى كۆرۈپلا غەيرىي ئەقلىي ئامىللار — ئومۇمەن ئەقلىي پەزىلەتلەرنىڭ كۆلتاجىسى خاسلىقىنى نەزەردە تۇتماي «بۇ ئىجادكار بولىدۇ» دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

## §3. ئەقلىي ئىقتىدار

ئەقىل ھەققىدە شۇنچىلىك تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۆزىمىزدە ئەقلىي ئىقتىدار بايلىقىنى كۆپەيتىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن ھالەتتە ئىش كۆتۈپ تۇرغان قىسمىنى ئېچىش بولىدۇ. ئەقىلغا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ يورۇتۇپ بېرىشىچە، ئاز ساندىكى ئەقلى زىيادە ۋە ئەقلى كەم ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ زېھنىي بۆلۇنمىسى ئوتتۇرا ھال بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، كىمكى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا ئىشنى بۇرۇن باشلاشقا مۇۋەپپەق بولسا ھەمدە ئاخىرىغىچە ئۇنى چىڭىتقۇرۇش كويىدا بولسا، ئۇنىڭ زېھنىي بۆلۇنمىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز ھازىرقى ھالىتىمىزدىن باشلاپ ئەقلىي قابىلىيەتلىرىمىزنى يېتىشتۇرۇش، مەشق قىلدۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىدىكەنمىز، ئەقلىي ئىقتىدارىمىز، تۇرمۇشىمىزدىن تارتىپ خىزمەتلىرىمىزگىچە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ - دە، بىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ھازىرقى



ھالىتىمىزگە ئوخشىمايدىغان يۇقىرى سەۋىيىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، نەچچە يىللاردىن كېيىن، زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىشلار قىلىشىمىزغا كېلىدۇ. ھېچبولمىغاندا، بىزنى ئەقىللىقلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار بۇلىقىنى ئېچىشتا، ئادەتتە كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى، دىققەت ئىقتىدارى، خاتىرە ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى قاتارلىق ئومۇمىي ئىقتىدارلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. كىشىلەردە ئىككىدىن كۆز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىدە پەرق ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. پەقەت چېنىققان ئۆتكۈر كۆزى — كۆزىتىش ئىقتىدارى بار ئادەملا ئۆزگىچە بىلىش ۋە خاسىيەتلىك بايقاشقا ئىگە بولىدۇ.

ئالايلۇق، بىر كۈنى گېرمانىيىنىڭ گوتىن دېگەن يېرىدە پسىخولوگلار مەجلىس ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن، تۇساتتىن بىر ئادەم ئېتىلىپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قولىغا قورال ئالغان يەنە بىر ئادەم قوغلاپ كىرىپتۇ - دە، ئىككىسى يۇمىداقلىشىپ كېتىپتۇ، شۇئان بىر ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ - دە، ئېلىشىۋاتقان بىر ئادەم مەيداندىن قېچىپ كېتىپتۇ. مەجلىس ئەھلى قورققىنىدىن تىنالماي قېلىشىۋاتقاندا، يەنە بىر ئادەم تۇساتتىن مەيدانغا چىقىپ: جانابلار، باياتىن يۈز بەرگەن ۋەقە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىلدى ۋە سىنىغا ئېلىندى. ئەمدى ھەربىرىڭلار كۆرگەنلىرىڭلارغا ئاساسەن دوكلات يېزىپ چىقىڭلار. مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 50 نەچچە پارچە دوكلات يېزىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىر دوكلاتتا خاتالىق سادىر قىلىش نىسبىتى 20 پىرسەنتتىن تۆۋەن دەپ يېزىلغان. خاتالىق سادىر قىلىش نىسبىتى 20 — 40% دېگەنلەر 14 پارچە بولغان، 40 پىرسەنتتىن ئارتۇق خاتالىق سادىر بولدى دېگەنلەر 25 پارچىدىن ئارتۇق بولغان. 50 پىرسەنتتىن

ئارتۇق خاتالىق سادىر بولىدى دېگەنلەر 10 پارچە بولغان. پسىخولوگلار ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزىتىشتە مۇشۇنداق خاتالىشىۋاتسا، ئادەتتىكى ئادەملەر نېمە بولماقچى؟ شۇڭا، بىر ئادەم بېرىلىپ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئېگىلىسە ۋە ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزسە، ئاندىن ئىقتىدار بوسۇغىسىدىن كىرىشكە تەييارلىق كۆرەلەيدۇ. چۈنكى تالانت بابىدا ئېيتىلىۋاتقان كۆزىتىش ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە قاراپ ئۆتۈپ كېتىش بولماستىن، بەلكى پىلانلىق، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئالىي ئىدراك فورماتسىيىسىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتە ئالدى بىلەن كۆزىتىشنىڭ يېتەكچىسى بولغان قىزىقىش بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قىزىقمىغان نەرسىگە دىققەت مەركەزلەشمەيدۇ. باللار ئادەتتە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە ھەيران بولۇپ، چوڭلارنىڭ ياردىمى بىلەن قىزىقىش ھاسىل قىلىدۇ. چوڭلاردىكى قىزىقىش ئۇنداق ئەمەس. ياشلار ۋە چوڭلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلىم - پەن قوغلىشىش، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك تەرىپىدىكى سەنئەتلىك ھەرىكەتلەر ۋە خەلقنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش، ئىجادىي ھەرىكەتلەرنى جېنىدەك ئۇلۇغلاش، ھەقىقەت ئۈچۈن ئىنتىلىپ تۇرۇش — قىزىقىشنىڭ بۇلىقى بولىدۇ. تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە ئۆزىنى ئېتىشى، ئەدەبىيات - سەنئەتكارلىرىنىڭ شۇ جەھەتتىكى ئەسەر ۋە كۆرەكلەرنى ئەتىۋارلاپ كۆرۈشى ھەممە مۇشۇنداق قىزىقىشلار ئارقىسىدا تەنتەربىيىنىڭ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىرەر ساھەسىدە تالانت يېتىشتۈرۈشى ئەنە شۇنداق مىساللاردۇر. لېكىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئادەم ئۆزىنىڭ قىزىقىشنى ئۆز ئىختىيارىي بويىچە پايانسىز نۇقتىلارغا چېچىۋەتكەندە كۆزىتىش ئىقتىدارى نىشانلىق يېتىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كونكرېت كۆزىتىش نىشانى بولۇش كېرەك.



كۆزىتىشنىڭ كونكرېت نىشانى دېگىنىمىز مەلۇم شەيئىنى قارىغا ئېلىپ ئوبيېكت تاللاشتۇر. مۇشۇنداق ئوبيېكت تاللىغاندا، خۇددى مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - ئوغۇللار ئوبيېكت تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوت - پىراقىدا كۆيۈپ يۈرگەندەك، ھەر دائىم تاللىۋالغان كونكرېت ئوبيېكتنى كۆزىتىش جەھەتتە باشقىلاردىن يۇقىرى قىزىقىش كېلىپ چىقىدۇ - دە، ئۇنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشتىمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئۈنۈمگە ئىگە بولالايدۇ. ئىككىنچىدىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، بىلىم ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىلىمى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭدا ئۇلانما تەسەۋۋۇر شۇنچە كۆپ بولغانلىقتىن، بىلىمى كۆپ ئادەمنىڭ ئوبيېكتنى چۈشىنىشىمۇ باشقىلاردىن چوڭقۇر بولىدۇ - دە، بۇنداقتا كۆزىتىشنى ئىنچىكە، ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىشقا شەرت ھازىرلىنىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن داڭلىق ئالىملار بىلىم مەستانىسىغا ئايلانغان ھەممىدە كۆپلەپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن دۇنيانى كەزگەن. دارۋىن «بىگىل» ناملىق پاراخوتتا دۇنيانى ئايلانغان. سىماچيەن ئەينى زاماندىكى جۇڭگونى كەزگەن. كۇڭزى ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ كۆزىتىش ئۇسۇللىرى خېلى يېقىن بولۇپ، ئۇلار خەنزۇ ۋە تۈرك بەگلىكلىرىنى ئارىلىغان، شۇنداقلا يۈزلەپ، مىڭلاپ كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇغان، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ نەزەر دائىرىسىنى ئاچقان. ئۈچىنچىدىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە كۆڭلىدە پىلان بولۇش كېرەك. زور ۋە مۇرەككەپ شەيئىلەر ئۈستىدىكى كۆزىتىشتە ئالدى بىلەن كۆڭلىدە بىر سان توختىتىۋېلىپ، كۆزىتىشنىڭ باسقۇچ، ھالقا، قەدەملىرى شۇنداقلا قوللىنىدىغان ۋاستە، يېتىدىغان مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بۇنداق بولمىغاندا، كۆزىتىش ھەرىكىتىدە تەكرارلىنىش ھەتتا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، كۈچ

ھەم ۋاقىت زايا بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. كۆزىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئادەمدە خىلمۇ خىل تەسىرات، ئوي - پىكىر ۋە قاراشلار پەيدا بولىدۇ. كۆزىتىپ خاتىرە يازماسلىق ئۆزى كۆرگەن نەرسىنى تاشلىۋېتىپ، باشقىلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. «پىر ئۇستازلار دېگەن نېمە؟ دەيدۇ فرانسۇز ئويمىچىسى ئاۋگوست رودىن — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزى بىلەن باشقىلار كۆرگەن نەرسىلەرنى كۆرگۈچى، باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىڭىپ قالغان نەرسىلەردىن گۈزەللىكنى تاپقۇچىلاردۇر.» باشقىلار كۆرۈپ تۇرغان ۋە كۆرۈپ تۇرۇپ گۈزەللىكنى تاپالمىغان شەيئىلەردىن گۈزەللىك تاپقۇچىلار تەپسىلىي خاتىرە يازغۇچى، تىرىك لۇغەتكە ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئالتۇن كاللاڭغا ئىشەنمەي كۆتمەك قەلىمىڭگە ئىشەن» دېيىدىغان تەمسىل بار. كۆزەتكەن نەرسىلەردە تولۇق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن خاتىرە يېزىش، شۇ ئارقىلىق شەيئىلەردىكى گۈزەللىكنى چوڭقۇرلاپ بايقاش، باشقىلار بايقىيالمىغان گۈزەللىكنى بايقاشقا ماتېرىيال توپلاش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئادەمنىڭ كۆزى رەسىم ئاپپاراتى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۇچۇرلارنى چوڭ مېڭىگە توپلاپ تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن كۆزىتىدۇ. شۇڭا، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. كۆز بىلەن كۆزەتكەندە، كۆپ ھاللاردا شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. پەقەت كاللا ئىشلىتىپ ئويلاپ كۆرگەندە، تەھلىل قىلغاندىلا توغرا ھۆكۈمگە ئېرىشكىلى، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. كۆزىتىش جەريانىدا تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشنى تەكىتلىشىمىزدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، شەيئىلەرنى بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەندە بەزىدە توغرا يەكۈنگە ئىگە بولالمايدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ.



بۇنداقتا تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئېنىقمۇ ياخشى كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئالماشتۇرۇش ئەلا نۇقتىنى تاللاش بولۇپ، ئۇ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىشتا پەۋقۇلئاددە رول ئوينايدۇ.

دىققەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. «ئادەمنىڭ تەپەككۇرى قالتىس نەرسە، — دەيدۇ ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مارك تىۋېن، — ئۇ مەلۇم بىر ئىشقا قادالغان ھامان، ھەتتا ئۆزىمۇ ھەيران قالىدىغان مۇۋەپپەقىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.» بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ دىققەتنى يىغساق، قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ مەركىزىنى تۇتۇۋالالايمىز، دىققەتنى چېچىۋەتسەك كاللىمىز قېيىپ كېتىدۇكى، مەسىلىنىڭ مەركىزىنى تۇتالمايمىز. شۇڭا، دىققەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىمدۇر. دىققەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچىدىن، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا زېھنىنى بىر يەرگە يىغىش، قەلبىنى پالەچ ھالغا كەلتۈرگۈچى بىپەرۋالىقتىن خالىي بولۇش، كۆڭۈلنى باشقا ئىشقا بەرمەسلىك كېرەك. زېھنىنى يىغىش ئۈچۈن، ھەم سۇبيېكتىپ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ھەم تاشقى مۇھىتنى توغرا تاللاش ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قالايمىقانچىلىقلارنىڭ دىققەتنى بۆلۈشىدىن ساقلىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئىشنى تەرتىپلىك قىلىش، بىر يولىلا ھەممىگە چات كېرىۋالماستىن، بىر - بىرلەپ ئىشلەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دىققەتتە كەڭرى بولۇش كېرەك. بەزىلەر دىققەتنى يىغىمەن دەپ ئىشىكنى تاقىۋالىدۇ ياكى بىرى بىلەن گەپلىشىۋاتقاندا، سىرتتىن بىرى كىرسىمۇ، ھەتتا بىرى كېلىپ نوقۇپ قويسىمۇ قىمىر قىلمايدۇ، بىز تەكىتلەۋاتقان دىققەتنى يىغىش يالغۇز مۇنداق قىلىشلا ئەمەس، بەلكى تاشقى ئەھۋاللارغا سەزگۈر بولۇش ئاساسىدا كۆزى ئۆتكۈر، قۇلىقى ئۇزۇن بولۇش،

ئەمما تاشقى ئەھۋاللارنى ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا دەخلى قىلدۇرماسلىقتۇر. مانا بۇ دىققەت ئىقتىدارىنى جانلىق ھالدا ئۆستۈرۈشتۇر. ئۈچىنچىدىن، كاشىلىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتە بولۇپمۇ تەتقىقاتتا پاكىز، ئازادە مۇھىت بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمما، بۇنداق مۇھىت ھەممىلا ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاڭ - چۇڭ ئىچىدىن جىمجىتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ئادەتتىكى مۇھىت ئىچىدىن ئازادە مۇھىت ئىزدەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، خېلىلا پايدىسىز بولغان شارائىتلاردىمۇ كۆڭۈل تىندۇرۇپ ئىشلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، شۇ ئاساستا كۆزى كۆرگەننى تولۇق بىلىۋېلىش، چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلانسىمۇ خاتىرجەم ئىشلەشنى مەشىق قىلىش كېرەك.

خاتىرە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش. ئالاھىدە خاتىرە قابىلىيىتى تۇرمۇشتىن تارتىپ ئۆگىنىش، خىزمەت، تەتقىقاتقىچە تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان دەرىجىدە ئاساس يارىتىدۇ. خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ كۆپلۈكى ئەستە قالدۇرۇش، مۇستەھكەملەش، ئۇزاققىچە يادىدا تۇتۇش، يادىغا كەلتۈرگەندە خاتاسىز بايان قىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىز مۇنداق مەقسەتكە قانداق يېتىمىز؟ بۇ ھەقتە بىز «ئەقىل ۋە پەزىلەت»، «ئادەم ۋە ئىقتىدار»، «تالانتشۇناسلىق» دېگەن كىتابلىرىمىزدا كەڭرى توختالغانىدۇق. بۇ يەردە ناھايىتى ئىخچاملاپ ئېيتساق، ئالدى بىلەن خاتىرە قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇسۇلغا دىققەت قىلماي زورمۇ زور كۈچەۋەرگەن بىلەن ئەكسىچە ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئوبرازلىق ئەستە قالدۇرۇش، مەزمۇنەن ئەستە قالدۇرۇش، مۇرەككەپ بىلىملەرنى ناخشا - قوشاقلارغا ئايلاندۇرۇپ ئەستە قالدۇرۇش، پارچىلاپ ئەستە قالدۇرۇش، يىغىنچاقلاپ ئەستە قالدۇرۇش، ئىچكى خاتىرە قىلىش، تاشقى



خاتىرە قىلىش، تەرەپلەرگە ئايرىپ خاتىرە قىلىش، نۇقتىلىق خاتىرە قىلىش، ئالاھىدىلىكىنى خاتىرە قىلىش ۋە باشقىلار. خاتىرە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، بۇ ئۇسۇللارنى ئىگىلەش بىزنى ناھايىتى كۆپ ئەگرى يوللاردىن تۈز يولغا باشلاپ، ئاۋارىچىلىقلاردىن خالىي قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەستە قالدۇرىدىغان ۋاقتىنى تاللاش كېرەك. چۈنكى ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا خاتىرە قىلىش ئادىتى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، خاتىرە قىلىشتا تاللىۋالىدىغان ۋاقتىمۇ بولىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۇخلاشتىن بۇرۇن كىتاب كۆرۈپ بەزى مۇھىم نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرسا، بەزىلەر تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇھىم نەرسىلەرنى يادقا ئالىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار كۆپىنچە ھەر كىمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى، ئىشلەش ۋە تەنەپپۇس قىلىش ئادىتى بىلەن باغلانغان. شۇڭا، ھەر بىر ئادەم خاتىرە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بويىچە ئىگىلىگەن ئۇسۇللارنى جانلىق ئىشلەتسە، خاتىرە قالدۇرۇش ئۈنۈمى جەزمەن تېزلىكتە ئۆسۈپ بارىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇپراتماسلىق كېرەك. بىر ئالىم: بەزىلەرنىڭ كاللىسى ئامبارغا، بەزىلەرنىڭ كاللىسى ئەخلەتخانىغا، بەزىلەرنىڭ كاللىسى مېھمانخانىغا ئوخشايدۇ، دېگەن. ئۇنىڭ ئەخلەتخانىغا ئوخشايدۇ دېگىنى كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرغان دېگىنى، ئامبارغا ئوخشايدۇ دېگىنى كەلسە - كەلمەس، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىغا ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئەستە قالدۇرۇۋالغان دېگىنى، مېھمانخانىغا ئوخشايدۇ دېگىنى بىلىمنىڭ ئەڭ ئەلا، زامانىۋى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىغا ئەسقاتىدىغان جىددىي ئېھتىياجلىقلىرىنى ئەستە قالدۇرۇپ، مېھمان كەلسىلا ئالدىغا قويىدىغان نەرسىلەر ھەتتا تاكچىلاردىكى سەنئەت بۇيۇملىرىدەك تەييارلاپ قويغان دېگىنىدۇر.

بىز خاتىرە ئىقتىدارىمىزنى تېزلىكتە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كاللىمىزنى مېھمانخانىدەك رەتلىك تۇتۇشىمىز، ئەڭ ئېھتىياجلىق بىلىملەر بىلەن ئۇنى بېزەپ قويۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىمىزدە ئەنە شۇنداق ئېھتىياجلىق بىلىملەرنى خاتىرە قالدۇرۇشقا قىزىقتۇرىدىغان، كېرەكسىز نەرسىلەردىن زېرىكىدىغان پسىخىك ئادەت ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

تەپەككۇر ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش. تەپەككۇر ئىقتىدارى ئەقلىي ئىقتىدار ئىچىدە يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. مەيلى كۆزىتىش ئىقتىدارى بولسۇن، مەيلى خاتىرە ئىقتىدارى بولسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئۆزگىرىدۇ. دىققەتنى تەكىتلىشىمىزمۇ تەپەككۇرنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بولىدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن، كۆزەتكەن، خاتىرە قىلغان، دىققەت قىلغان نەرسىلىرىمىز ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ.

— تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى، — دەيدۇ ئۇلۇغ ئەقلىشۇناس ئوسبورىن. قەدىمدىن بۇيان نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار شېكسپىر ئېيتقان: «بۇنداق مۇقەددەس ئىلھام ئىنسانىيەتنى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ كاتتىسى قىلدى» دېگەن ھۆكۈمگە قوشۇلۇپ كەلدى. مەدەنىيەت دېگەن پۈتۈنلەي مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشنىڭ مەھسۇلى. ئىجادىي ئىختىيارلىقنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئەھمىيىتى ھەققىدە يوھان موسفى مۇنداق دېگەن: «ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى تولۇق نەرسە ئەمەس، ئادەمنىڭ يۈرىكىمۇ ئېتىقاد قىلغۇدەك نەرسە ئەمەس، لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىنسانىيەتنى ھەممىدىن ھالقىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلغان».

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېڭىگە ئىنكاس قىلىنغان تۈرلۈك ئۇچۇر، ماتېرىياللار تەپەككۇرنىڭ تەتقىق قىلىشى، ئومۇملاشتۇرۇشى، ھۆكۈم قىلىشى ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشى ئارقىلىقلا



ئەڭ ئاخىرىدا پىششىقلىنىپ، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا ئايلىنىدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسى ئەنە شۇنداق ئۇچۇر، ماتېرىياللار ئۈستىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىپ، ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ ماڭىدىغان زاۋۇت تەپەككۇر قورالىدۇر، شۇنداق بولغانلىقتىن، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى مۇقەررەر ھالدا مېڭىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئىشلەپ بېرىلىدۇ. مېڭىدە ئىشلەپ بېرىلىدىغان ئىجادىي تەپەككۇر ھەققىدە بىز 7-بابتا مەخسۇس توختىلىمىز، بۇ يەردە قىسقىچە بايان قىلساق، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، چوڭ مېڭىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ھەر كىم ئۆزىنىڭ بىلىم، كۆز قاراش، نەزەر دائىرىسىنى تولۇقلاپ، بارغانسېرى ئەقىللىق ئادەملەرگە ئايلىنىش كېرەك. چۈنكى، بىلىم كۆپەيگەنسېرى تەپەككۇرنىڭ يوللىرى ئاندىن كېڭىيىدۇ. ئىككىنچىدىن، مېڭىنى پىلانلىق تۈردە كۆپ ئىشلىتىش كېرەك. ئادەملەر ئامبۇر ئىشلەتكەنلىكتىن باشمالتىقى تەرەققىي قىلغان، كەتمەن - گۈرجەك ۋە بولقا ئىشلەتكەنلىكتىن، ئادەمنىڭ پۈتكۈل قول ۋە بىلەكلىرى تەرەققىي قىلغان. دېمەك، ئادەمنىڭ دائىم ئىشلەتكەن ئەزالىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاز ئىشلەتكەن ئەزالىرى ئاجىزلاپ بارغاندەك، مېڭىمۇ پىلانلىق، ئىلمىي يوسۇندا ئىشلەتكەنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ ماڭىدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسىدە يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ ئېچىلىشى ئويلاشقا، تەپەككۇر قىلىشقا باغلىق. ھۈنەرۋەنلەر بىر خىل ھۈنەرنى قىلىۋەرسە ئۇستا بولۇپ كەتكەندەك، بىزمۇ تەپەككۇر ھۈنىرىنى ئىلمىيلاشقان يوللار بىلەن چېنىقتۇرۇۋەرسەك، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ھالقىپ ئۇلۇغ ئىشلارغا يارايدىغان تالانتلىق ئادەملەرگە ئايلىنىمىز. ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىنى داۋاملىق ئازاد قىلىپ مېڭىش كېرەك. بىلىمسىز ئادەملەر كونا نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالىدۇ. بىز شانلىق ئەنئەنىلەرگە

ۋە زورۇر بولغان ئىلىم - پەن ئىلىملىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئاشۇنداق بىلىمسىز ۋە ئىزلار تولۇپ يۈرگەن كونا، بىكىنمە ئەندىزىلەردىن ئۆزىمىزنى تارتىۋېلىپ، زامانىمىزنىڭ قايناق بىلىم ئوچاقلىرىدا تاۋلىنىۋاتقان يېڭى ئۇچۇر، يېڭى بىلىملەر بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجلىرىنى ئاخىرقى نۇقتىلىرىدىن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، كونىلىققا قارشى يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىنتىلىش غۇرۇرىمىزغا، يول ئېچىپ مېڭىش روھىمىزغا ئىلھام بېرىشىمىز، «بىزمۇ ئادەم» دېگەن غۇرۇرىمىز بويىچە زامانىۋى ئادەم بولۇش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەك. تەپەككۇرىمىزنىڭ كامالىتى ئۈچۈن كونىلىقتىن ئىدىيىمىزنى داۋاملىق ئازاد قىلىشىمىز كېرەك. تۆتىنچىدىن، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە مەسىلىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇش كېرەك. مۇستەقىل پىكىر ئەقىلنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، كىم نېمىدېسە، تەگلا «شۇنداق» دېيىش ياكى باشقىلارنىڭ ئىجادىي ئىختىيارلىقىنى ئىنكار قىلىش ئەقىلنىڭ كەملىكىدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق ئىجادىي ئىختىيارلىقنى نەزەرىيە بىلەن سۈرەتلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئىنكارچىلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەمگە نىسبەتەن نارازىلىقى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تۆۋەنلەشتۈردۇ. مۇستەقىل تەپەككۇر ئىختىيارلىق بىلەن يېتىلدۈرۈلىدىغان بولغاچقا، ئىنكارچىلار قورشاۋىدا تۇرغان ئادەم ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە ئۈستۈن بولغان تەقدىردىمۇ مۇستەقىل ئىجادىي تەپەككۇردا ئاجىزلاپ بارىدۇ. شۇڭا، كىمىكى مۇستەقىل ئويلاشقا، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويۇشقا، قانداق ئىشلەشنى بىلىش بىلەن، نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئىشلەشنىمۇ بىلىشكە جۈرئەت قىلىدىكەن، ئىنكارچىلار قورشىۋالغان تەقدىردىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، ئۈمىد، قىزغىنلىق بىلەن ئويلايدىكەن، ئۇنىڭ تەپەككۇر سەۋىيىسى



تېزلىكتە ئۆسۈپ بارىدۇ - دە. ئۇنىڭدىكى ئەقلىي ئىقتىدار تولۇق ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنىسى شەيئىلەرنى ھەقىقىي تۈردە بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن يېڭى مەسىلىلەرنى بايقىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

— ئىلىمنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ — دەيدۇ بالزاك. — شەك - شۈبھىسىزكى، سوئال قويۇشتۇر.... ھالبۇكى، تۇرمۇشنىڭ پاراسىتىمۇ ئالدىغا يولۇققان ئىشلاردا «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراشتۇر. راست دېگەندەك، مۇنداق سوئال قويۇلمىسا، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت بولمىسا، داروۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى نەدىن كېلەتتى؟ مۇستەقىل تەپەككۇر بولمىسا، كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى يارىتىلامتى؟ مەسىلىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولمىسا، ئېينىشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى بارلىققا كېلەمتى؟ ئەگەر ھەممە ئادەم بۇرۇنقى ھۆكۈملەر بويىچە ئۆز كېپىدە تۇرۇۋېلىپ جاھىللىق قىلغان بولسا، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى كۈندىكىدەك تېز بولامتى؟ ياق، ئىجادىيەتلەرلا ئەمەس، چولپانلارمۇ دۇنياغا كېلەلمەيتتى، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىمۇ بىر ئىزىدا توختاپ قالاتتى. بەشىنچىدىن، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. تەسەۋۋۇر روھنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولسا روھنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدىكى چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكتۇر. ھېچقانداق كۈچ تەسەۋۋۇردەك ئادەمنى چوڭقۇرلۇققا باشلىيالمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، تەسەۋۋۇر ياكى ئۇلانما تەسەۋۋۇر تالانتنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىز بىلىمىزكى، ھەرقانداق ئىجادىيەت مۆجىزىسى تاشقى مۇھىتتىكى ئىلغار غىدىقلاشنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە كاللىنى كونا رامكىلار بىلەن قامال قىلىۋالماستىن، ئۇنى بىناي تەسەۋۋۇرلار بىلەن سۇغىرىپ تۇرۇش كېرەك. تەسەۋۋۇر كەپتەرلىرى

يىراققا ئۇچۇشقا ئامراق بولغاچقا، ئۇ روھىي دۇنيادا گويا تېلېسكوپ بىلەن يىراققا قاراۋاتقان كەڭلىكنى پەيدا قىلىپ، شۇ چاغقىچە كاللىنى ئوراپ تۇرغان رامكىلاردىن ئۇلۇغ نەرسىلەرنى خىيالىمىزغا كەلتۈرىدۇ. تالانت ئۇچقۇنلىرى كۆپ ھاللاردا مۇشۇنداق رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغان تەسەۋۋۇر ئارقىسىدا پەيدا بولۇپ، ئادەمنى يېڭى لايىھە، يېڭى پىلانلارغا، بارغانسېرى مۇكەممەللەشكەن ئىجادىيەت چوققىلىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆز ۋاقتىدا توغرا بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىستېمالدىن قالغان ياكى قالىدىغان تۆۋەن سەۋىيىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. تازا ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئارقىسىدا بىر خىل سىر بار، بۇرۇن كىشىلەر زادى ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتقان ياكى يادىغا كەلتۈرەلمەيۋاتقان بىر يەردىن مۆجىزە — ئىجادىيەت پەيدا قىلىنغانىكەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇنلىغان «ئۇمۇ بولمايدۇ، بۇمۇ بولمايدۇ» دەيدىغان رامكىلار ئورنىۋالغان يەردە شۇنداق مۆجىزىلەر تۆرۈلىدۇ. تەبىئىيكى، مۇنداق مۆجىزىلەرنى يارىتىش تەسەۋۋۇرغا ماھىر كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ، بىزدىن تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ شۇڭا، تەسەۋۋۇرنى ياخشى قىلىشنى ئۆگىنىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە ئوبرازلاشتۇرۇش مەشقىنى كۆپرەك قىلىش، پىسخىك ئاجىزلىقلار ئورنىۋالغان قەپەسلەردىن كاللىنى ئازاد قىلىش، ئوبرازلىق ئەستە قالدۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېڭى بىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىش، غەيرىي ئەقلىي ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىش، ئوخشىتىشقا دىققەت قىلىش، تەنقىدىي قاراشتا بولۇش، ئەركىن خىياللارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ ئادەتلەنگەن رامكىلاردىن ھالقىپ ئەركىن پىكىر قىلىشنى مەشق قىلىش، كونا بىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەندىزىۋى قولى بولۇپ قالماسلىق، ئۆزىنىڭ ئىجادىي قابىلىيە-



تىنى — تەسەۋۋۇردىكى قۇدرىتىنى تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئىجادىي تەسەۋۋۇردىكى ئەڭ زور توسالغۇ ئادەتنىڭ كۈچلىرىدىن قالسا، باشقىلار بىلەن ئوخشاش پىسخىك ھالەتتە بولۇشتۇر. ئادەتتە بەزىلەر ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى چۈشىنەلمەي ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلاپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇچىنى «قاپاق كاللا» دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ «قاپاق كاللا» دەپ قويغىنى تايىنلىق گەپ، ئەڭ ياماننى بىزنىڭ ئۆزىمىزنى «ھە، مەن قاپاق كاللا ئوخشايمەن» دەپ خاتا تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئالەمچە بىلىم ھەم كامالەت سىغدۇرىدىغان ئۇلۇغ بوشلۇق مېڭىمىزنى ئىشقا سېلىشتىن، ئىجادىي تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشتۇر. ئاللىقانداق نوپۇزلۇقلار، ۋاقتى ئۆتكەن يەكۈنلەر، مەزگىللىك پىلانلارغا بەند بولۇپ، ئۆزىنى قارىغۇلارچە چوقۇنغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتۇر. شۇڭا، بىزدە باشقىلارنىڭ ئەخمىقانە شاڭخولىرىدىن قورقمايدىغان، ئۆزىمىزنىڭ يارامىلىق پىكىرلەرنى قىلالايدىغان ئادەملىكىمىزنى تونۇتۇپ قويۇدىغان جاسارەتمۇ بولۇشى كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ بېرىشى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت. ئادەم ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىپ تالانت باغچىسىغا كىرىشكە شەرت ھازىرلاشتا ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەخسىيگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەرەققىي قىلىش باشقا بىر نەرسە ئەمەس، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئېچىش دېگەن گەپ. شۇنداق ئىكەن، قانداق تەلىم — تەربىيە مۇنداق ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ، قانداق ئۇسۇللار بۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئېچىلىشىنى غىدىقلىيالايدۇ؟ يۇقىرىدا بايان

قىلغانلىرىمىز ئەنە شۇنداق قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارلارنىڭ ھەممە ئادەمدە ئورتاق بولىدىغان ئومۇمىي تەرەپلىرىنى، ئىلگىرى سۈرىدىغان، غىدىقلايدىغان ئاساسلىق ئۇسۇللاردۇر. لېكىن، ھەر كىم تالانتلىق بولۇش ئۈچۈن، كۆزىتىش، دىققەت، خاتىرە، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر قابىلىيەتلىرى ۋە ئىقتىدارلىرى جەھەتتە چېنىقىشتىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ تالانت ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلىش كېرەك. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە تالانتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىمالى بولغان نۇقتىنى تاللىۋېلىپ، شۇ نىشان بويىچە ئىلگىرىلەش تالانتنى ئەڭ ئەلا دەرىجىدە تەربىيىلەشنىڭ يولىدۇر. گىيوتى ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەلا تالانتىنى قانداق بىلىۋېلىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بەرگەندە مۇنداق دېگەن: سىنىڭ مەلۇم بىر تەرەپتە ھەقىقىي تالانتىڭ بولىدىغان بولسا، سەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەبىئىي بولغان ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا يېتەكچىلىك قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ياكى تەبىئىي يۈزلىنىشكە ئىگە بولىدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا ۋاقتىنچە توختاش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ قابىلىيەت يەنە ئىختىيارسىزلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ ۋە ئۆسىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار تەتقىقاتى بويىچە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىسپاتلاپ، دۇنيادا چوڭ تەسىر پەيدا قىلىۋاتقان ئامېرىكا ئالىمى ھارۋارد گاردنېر مۇشۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى (ياكى يۈزلىنىشى) نى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بىز مۇنداق ئەقلىي ئىقتىدارنى پەرق ئېتىۋالغاندىن كېيىن، پەرق ئەتكەن مۇشۇ ئىدراكتىن پايدىلىنىپ، ئۇ ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتى ۋە تاللاش دائىرىسىنى كۆپەيتەلەيمىز. بىز ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان بۇ ئادەمنى ئالاھىدە لايىھە بويىچە يېتەك-



لىسەك، ھەتتا يەنە كۆزىتىش ئىپادىسى نورمال بولمىغان ياكى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ئەقلىي ئىقتىدار يۈزلىنىشىدىكى ئادەم ئۈچۈن تولۇقلاش تەدبىرى ياكى ئالاھىدە ئۆستۈرۈش تەدبىرى تۈزۈپ بەرسەك بولىدۇ①». گىيوتى ۋە گاردنېر سۈرەتلەپ بەرگەن ھەقىقىي تالانتنىڭ شەكىللىنىش ھالىتى ئەمەلىيەتتە ھەر كىمنىڭ ئۆزىدىكى تالانتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىمالى بولغان نۇقتىنى تاللاشنى بىلىشى ۋە مۇتەخەسسىسلەر شۇنداق نۇقتىنى كىشىلەرنىڭ تاللىۋېلىپ ئۆستۈرۈشىگە ۋە جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى بولۇپ، ھەقىقىي تالانتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىمالى بولغان نۇقتىنى بۇرۇنراق بىلىۋېلىش. تالانت ئۇستۇنلۇكىنى ئۆز - ئۆزىدىن بىلىپ يېتىش ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمىدە بىلىپ يېتىش ۋە ئېچىش جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەقلىي ئىقتىدارمۇ تالانتنىڭ ئاشۇنداق تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ۋە يۈزلىنىشكە ئىگە بولغان تەرىپىدە ئەڭ كۆپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بۇنداق تالانت ئۇستۇنلۇكى ئادەمنىڭ تۇغمىلىق ھالىتى بىلەن باغلىنىدۇ، ئەمما تۇغمىلىق تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. ئۇنى تۇغمىلىق ئاساسىدا يېتىلدۈرۈشكە، ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنداق تالانت بىخىنى نابۇت قىلماي ۋاقتىدا يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن؛ ئاساسلىق مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش كېرەك: (1) ئۆزىنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكى ۋە ئەقلىي ئىقتىدار ئۇستۇنلۇكىگە ئاساسەن تالانتلىق بولۇش نىشانىنى بۇرۇنراق تاللاپ. شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بىلىم قۇرۇلمىسى تۇرغۇزۇشقا دىققەت قىلىش؛ (2) جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ ياكى قوغلىشىۋاتقان كەسىپنى نىشان قىلىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، تەپەككۇر مەشىقىنى

① ھارۋارد گاردنېر: «ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى» خەنزۇچە نەشرى، 9 - بەت.

ۋە قابىلىيەت چېنىقتۇرۇشىنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىش؛

(3) ئادەمنىڭ قابىلىيەت سىستېمىسىدا تۆۋەن سەۋىيىلىك قابىلىيەت ھەم يۇقىرى سەۋىيىلىك قابىلىيەت بولىدۇ، ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ئۈستۈنلۈكى يۇقىرى سەۋىيىلىك قابىلىيىتىدە تىكلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆزى تۇرۇۋاتقان كوللېكتىپنىڭ ئىقتىدار ساپاسى ئەھۋالىغا ئاساسەن «بوسۇش ئېغىزى» تاللاپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق تۆۋەن دەرىجىدىكى قابىلىيەتلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك قابىلىيەتلەرگە ئايلاندۇرۇش ياكى ئۈستۈنلۈككە كۆتۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

دۇرۇس، تالانت ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش ھەربىر ئادەمنىڭ ياش چېغى، بىلىم قۇرۇلمىسى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان كوللېكتىپنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسى بىلەن باغلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تالانت ئۈستۈنلۈكى نىسپىي ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. باشقىلارنىڭ رېكورت بۇزۇپ ئالدىغا ئىلگىرىلىشى، جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە ياكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان كوللېكتىپ ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى مۇقەررەر ھالدا شەخسلەرنىڭ تالانت ئۈستۈنلۈكىگە يېڭى تەھدىتلەرنى سالىدۇ. شۇڭا، تالانت ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەر قاچان بىلىم قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا، قابىلىيەت دەرىجىلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر تەرەپتە باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئۆتكۈر سەزگۈدە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ كۈچ ئېلىشىشتا بەش بارماقنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۇرغاندا قايرىلىپ كېتىدىغان، مۇشتنى تۈگكەندە خېلى بەك نوچىنىمۇ دەككە ـ دۈككىدە قويىدىغان ئەھۋالنى نەزەردىن ساقىت قىلماي، زېھنىنى بىلىم ۋە تەجرىبە ماھارەتلىرىنى تالانت ئۈستۈنلۈكى بار تەرەپكە يىغىپ، پاراسەت جەھەتتە ھەمكارلىق كۈچى ھاسىل قىلىش، كۆزىتىش ئىقتىدارى، خاتىرە ئىقتىدارى، دىققەت ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى، تە-



سەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ ھەمكارلاشقان كۈچ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئاساسىي پۇختا بولۇپلا قالماستىن، كەسىپلەرگە بۆلۈنگەندە بىلىم ۋە تەپەككۇر كەڭلىكى ھاسىل بولىدۇ. ئادەم ھەم كەڭرى بىلىم دېڭىزىدا ئۈزەلەيدىغان، ھەم ئۆز كەسپىدە تالانت ئۇپۇقىنى كۆرەلەيدىغان ھەقىقىي دانالىق يولىغا ماڭالايدۇ.

ئەمما، ئومۇمىي ئەقلىي ئىقتىدارلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ھەمكارلىق ھاسىل قىلىپ، غالىبىيەت يولىغا مېڭىش ھەرگىزمۇ ھەممە ئادەم ئوخشاش ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش دېگەنلىك ئەمەس. ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ بۇ ئېلېمېنتلىرى ئاخىرى بېرىپ ھەر كىمنىڭ تالانت ئۈستۈنلۈكى بويىچە تىل ئىقتىدارى، مۇزىكا ئىقتىدارى، مەنتىقە ـ ماتېماتىكا ئىقتىدارى، ماكان ئىقتىدارى، تەننىڭ ھەرىكەتچانلىق ئىقتىدارى، پەزىلەت ئىقتىدارى...... قاتارلىق مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مېۋىلەيدىغان ئىقتىدارلارغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق تالانت ئۈستۈنلۈكىنى بايقاش ۋە مائارىپقا تەتبىقلاش ئىشىنى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللىي مائارىپتا يولغا قويۇشقا بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ھەر كىمنىڭ قەيەرلەردە ياشىشىغا قاراپ بەزى ئىقتىدارلار بەزى جايلاردا كۆپرەك تەرەققىياتقا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، كارولىن تاقىم ئاراللىرىدىكى بولىۋار باللىرى ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا يۇلتۇزلارنى تونۇۋالالايدىكەن، شۇ ئاساستا ناھايىتى ئۇسانلا دېڭىزلاردا قاتناش ماھارىتىگە ئىگە بولىدىكەن؛ ئافرىقا نېگىرلىرىمۇ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدا ئۇسسۇل ئويناش ماھىرلىقىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك، قازاق، قىرغىزلاردا ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغان ۋە ناخشا ئېيتالمايدىغان ئادەملەر ئاز بولىدۇ. قازاق، قىرغىز، موڭغۇللار ئات مىنىشكە ماھىر كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئەقىل سىناش مۇسابىقىلىرىدە ئاساس قىلىنغان مەنتىقە ـ ماتېماتىكىلىق ئىقتىدار بىلەن تىل ئىقتىدارىنىڭ رولىنىڭ ناھايىتى

كەلگەن بولۇپ، مەنتىقىلىق يوللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ ـ دە، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئادەمزاتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېڭىزچى، گېئولوگ ۋە رازۋېتچىكلارنىڭ يول بىلىش قابىلىيىتى، تەنتەربىيىچىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ زىيادە ماھىرلىقلىرى، سېرىكچى ۋە داخان ـ پېرىخونلارنىڭ سېھىرگەرلىكلىرى، مۇزىكانتلارنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئالىم ـ سەنئەتكارلارنىڭكىگە ئوخشاشلا ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ شۇ ساھەدىكى گەۋدىلىنىشىدۇر. گەپ ئاللىقانداق يوغان ناملارغا ئېرىشىلىشتە ئەمەس، مۇشۇنداق ئەقلىي ئىقتىدارنى بىر خىل ھالەتتە ئەتراپلىق بايقىۋېلىپ، تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە تالانتلىق ئادەملەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىشتۇر. ئالايلۇق، بالىلار كىچىك ۋاقتىدا مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئەندىزىسىنى كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ كۆرگەن نەرسىنى كۆز ئالدىدىن كېيىن قانچىلىك ئەستە قالدۇرغانلىقىنى سىناپ كۆرگەندە، ئۇنىڭدا ھاسىل بولغان ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بۇ بالا بۇنداق بىر خىل ھەرىكەتنىلا ئەمەس، باشقىچە يېڭى ھەرىكەتلەرنىڭ ئەندىزىسىنىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە ئۆگىنىۋالىدۇ، ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇلۇپ قالماي تەكرارلىيالايدۇ. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى شۇ چاغدىكى ھالىتى بويىچە باھالاپ تەرىپلىسەك، ئۇنىڭدا تېخىمۇ ئۈستۈن ماھارەت يېتىلىدۇ. بالىلار كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان پائالىيەتلەر (تېپىشماق ئېيتىشىش، قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناش، بېيىت ۋە قوشاقلارنى ئېيتىش ھەم باشقا سەل تەسرەك پائالىيەتلەر) گە كىرىشىپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارى تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. بەلكى بۇنداق غىدىقلاش خاراكتېرى بار مۇھىتـ



تىن بىز ئۇلاردىكى ئەقلىي ئىقتىدار ھەققىدە شەرتلىك ئالامەتلەرگە ئىگە بولىمىز. مانا بۇ ئادەم چوڭ بولغاندا مەلۇم ئالاھىدە ساھەدە تالانت كۆرسىتىشىنىڭ دەسلەپكى تۇغما ئالامەتلىرىدۇر. دېمەكچىمەنكى، كەلگۈسىدىكى مۇزىكانتنىڭ شەرتلىك ئالامىتى ئۇنىڭ مۇزىكىدىكى باشقا بالىلاردىن مۇكەممەللىكىدۇر؛ پىسخىك پەزىلەت تۇغمىلىقى ئۈستۈن بالىلارنىڭ شەرتلىك ئالامىتى باشقىلارنىڭ مۇددىئاسىنى بىۋاستە ھېس قىلىشتۇر؛ تەننىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىكى ئۈستۈنلۈكىنىڭ شەرتلىك ئالامىتى ئۇسسۇل ۋە چامباشچىلىققا قىزىقىپ دوراشتۇر؛ ئالىم بولغۇچىنىڭ دەسلەپكى شەرتلىك ئالامىتى كىشىنى ئويغا سالىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە مۇۋاپىق يول بىلەن ئۇ مەسىلىنىڭ تېگىنى بىلىشنى قوغلىشىشتۇر. ماكان ئىقتىدارىنىڭ شەرتلىك ئالامىتى كۆرگەنلىرىنى توغرا ئىدراك قىلىش، دەسلەپتە كۆرگەن نەرسىلەرنى قايتىلاش، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش، سۈرەتلەشتۈرۈشتۇر. لېكىن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ يۈزلىنىشى كۆپ ھاللاردا مەدەنىيەتنىڭ قىممەت يۈزلىنىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقانداق بىر ساھەدىكى ئەمەلىيەت قوشنا بولغان يەنە بىر ساھەدىكى ئىقتىدار ۋە ماھارەتنىڭ ئۆسۈشىگە قارىتا غىدىقلاش رولىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق بايقاشتا دۇنياۋى كاتتا ئالىملارنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىر چاغدا، تۈرلۈك ئىقتىدارلارنىڭ قوشنا ساھەلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ۋە ھەرقانداق ئىقتىدارنىڭ قوشنا ساھەلەردىن ئالغان تەسىرىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش ھەم ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش بىلەن كەلگۈسى دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچۈن ھەربىر مىللەتتە ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بېيىتىدىغان تالانت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. ھازىر دۇنيادىكى ھەممە مىللەت ئالاھەزەل ئۆزلىـ

وسنىڭ مائارىپىدا مۇشۇنداق مۇسابىقىغە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا، ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ دۇنياۋى قائىدە ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش ھەممە ئۆزگىچە تالانت ئەنئەنىسىنىمۇ گۈللەندۈرۈش — ھەربىر مىللەت ئالدىدىكى يېڭى سىناقتۇر. ھىندىستان خەلقىنىڭ دۇنياۋى سەنئەتنى كەڭرى قوبۇل قىلىش ئەمما ئۆزىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى كىنو سەنئىتىدە جەۋلان قىلدۇرۇش، ياپونلارنىڭ دۇنيانىڭ مەدەنىيىتىنى كەڭ قوبۇل قىلىش، ئەمما ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاش ئەمەلىيىتى بۇنداق پائالىيەتنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

لېكىن، مۇنداق مىللىي پەرقلەرگە ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر چاغدا، شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، مائارىپ ئوقۇتۇشىدا بارغانسېرى بىۋاسىتە بىلىم ئالىدىغان شەكىللەردىن تەن ھەرىكىتى ئىقتىدارى، ماكان ئىقتىدارىنى بايقاش ۋە ئۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئېلىش دائىرىسى كىچىكلەپ، تىل ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ، ھازىرقى كۈندە تېخى تىل ئىقتىدارىدىنمۇ بەكرەك مەنتىقىلىق — ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر شەكلى ۋە كۆڭلىدە ئويلىنىپ كۆرۈش شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىش ئۆسۈپ بېرىپ، كىشىلەرنى پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىش مائارىپنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىۋاتىدۇ. بۇ يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، مائارىپتا ئەقلىي ئىقتىدارنى مىللىي ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى دۇنيا ئالىملىرى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مىللىي مائارىپقا تەتبىقلاش تېخىمۇ ئىلمىي يولدۇر.



# III باب تالانتنىڭ يېتىلىشىدىكى ئىككى چوڭ تەرەپ

## §1. تالانت يېتىلىشىنىڭ ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىجادىيەت جەريانىدا بولۇپمۇ تالانتلىق دانىشمەنلەر قاتارىدا باش كۆتۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى قوزغاشنىڭ نورمال ئادەملەردە، بولۇپمۇ ئىجادىيەت تەرىپىدە كۆپ تەربىيە كۆرۈپ، ئەتراپلىق تەييارلانمىغان ئادەملەردە تەسكە چۈشۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ خۇددى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قويسىلا مېڭىپ كېتىدىغان ماشىنا ۋە ياكى تاشقى مۇھىتقا توغرىلاپ قويسىلا ئۆزلۈكىدىن سۈرەتكە ئالىدىغان ئاپتوماتىك سۈرەتكە تارتىش ئاپپاراتىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى، مۇنداق تۇغما ھالەتنىڭ ئۇلارنى تەسەۋۋۇرلارنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان خىزمەت ئاپپاراتىغا ئوخشاش جانلىق ۋە دادىل قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز. ئالايلۇق، ماتىنىپ رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قورۇق قول بارغان بىر رەسسام رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ دەسلەپكى كۈنى كەچتە بىر داغلىق رەسىم سىزىپ چىققان، مۇزارت

بىر يولدا تەسىرلىك بىر كۈي ئىجاد قىلغان. باشقىلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلىشى يۇقىرىقىلاردىن ناھايىتى تەسكە توختىغان. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ھازىرقى زامان نېرۋا مورفولوگىيىسىنىڭ ئېنىق بولغان ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، ھەربىر ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ئاناتومىيىلىك ئىندىۋىدۇئال پەرقلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مىكرولۇق تۈزۈلمىسىدىكى پەرقلىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپلۇق نېرۋا مورفولوگىيە تەتقىقاتى ئىسپاتلاپ بەردىكى، مېڭە توقۇلمىلىرىنىڭ مىكرو گورىزونتاللىق دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىندىۋىدنىڭ تۈزۈلمە جەھەتتىكى پەرقلىرىمۇ تاناسىپلىق دەرىجىدە ئۆسىدۇ، يەنى ئۆسۈكچىلەر تېگىشمىسى (نېيرونلار ئارىسىدىكى ئۇچۇر يەتكۈزۈش تۈزۈلمىسى) بىلەن سۇس نېيرونلار (ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىلىرى) نىڭ گورىزونتاللىقتىكى پەرقلىرى نېيرونلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە چوڭ بولىدۇ. مېڭىنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى پەرقلەر ئىش قابىلىيىتىدە ئەكس ئېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىندىۋىدنىڭ چوڭ مېڭە تۈزۈلمىسىدىكى پەرق تۈرلىرى مۇقەررەر ھالدا پسىخىكىلىق پەرق تۈرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ئىندىۋىد ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ زىيادە ۋە كەملىكى بىلەن غەيرىي ئەقلىي پەزىلەتلىرى جەھەتتىكى پەرقلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېڭىنىڭ مۇشۇنداق ئاناتومىيىلىك پەرقلىرىگە ئاساسەن، ئالىملار: ئادەمنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى ئىرسىيەتلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئامىللارنىڭ تىزگىنلىنىشىگە ئۇچرايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرسىيەت ۋە فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلمە جەھەتلەردىكى پەرقلىرى ئالاھىدە تالانتنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىق ياكى پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ، ياخشى بولغان ئىرسىيەت ۋە فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلمە جەھەتتىكى شەرتلەر ئالاھىدە تالانتنىڭ شەكىللىنىش



ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم ئالدىنقى شەرت بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەقلىي پەرقتىكى ئالاھىدە ئەھۋال سۈپىتىدە ئەمەلىي تۇرمۇشتا دائىم ئىقتىدارى باشقا بالىلاردىن ئۈستۈن بالىلارنى، يەنى ئاتالمىش «دانىشمەن بالا» لارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ئالايلۇق، ئىتالىيىلىك شائىر دانتې توققۇز يېشىدا شېئىر يازغان. ئاۋسترىيىلىك كومپوزىتور موزارت ئالتە يېشىدا مۇزىكا ئولتۇرۇشىنىڭ باش رولچىلىقىنى ئۆتىگەن. فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ۋە ئالىم پاسكال 13 يېشىدا مۇتەپەككۇر بولۇپ قالغان. ئەنگلىيىلىك ماتېماتىك ھامىلتون بەش يېشىدا لاتىن يېزىقى، گرېك يېزىقى ۋە ئىبراي يېزىقلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولغان. ناۋائىي ئالتە يېشىدا شېئىرىي بەزمىگە قاتناشقان. ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكى گەرچە ئاساسلىقى دەسلەپكى قاتتىق تەربىيە ۋە ياخشى يېتىلىش مۇھىتىدىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن زېھنىي ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق پەرقلەرنى ئىنكار قىلىش ھازىرقى زامان ئىلمىدىمۇ بىر خىل بىمەنىلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىر مۇنچە مەشھۇر ئادەملەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 140 دىن ئۈستۈن بولۇپ، بۇنداق ئادەملەر باشقىلاردىن تۇغما ئۈستۈنلۈككە ئىگە. فرانكلىننىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 160، گالىلېينىڭ 185، نيۇتوننىڭ 190، دېكارتنىڭ 210، كانتىنىڭ 190، لىنكولننىڭ 150، ناپولېئوننىڭ 145، داۋىنچىنىڭ 180، موزارتنىڭ 165، گېيوتىنىڭ 310، ۋولتېرنىڭ 190 بولغان. بۇلارنى قانداق ئىنكار قىلغىلى بولسۇن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىز ناھايىتى ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى لىنكولنىنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ 50 ياشقا كىرگەندە 30 يىل بۇرۇن بىرەر قېتىم كۆ-

روشۇپ، سۆزلەشكەن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى دەل ئېيتىپ بىرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۇق.

1978 - يىلى ئامېرىكىدا كەننام ھاكىت ئىسىملىك بالىنىڭ ئالتە ئايلىق بولغاندا تىلى چىققانلىقىنى، ئۈچ ياشتا كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەنلىكىنى، ئالتە ياشتا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئۈچ يىل ئىچىدە تولۇقسىزنىڭ دەرسلىكلىرىنىمۇ قوشۇپ ئوقۇپ بولغانلىقىنى، يەتتە ياشتا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دەرسىنى باشلاپ، 11 ياشتا ئامېرىكىنىڭ مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدۇق. بۇلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدە تۇغما ئەقلىي قابىلىيەت زىيادە بولغانلىقى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 1977 - يىلى 9 - ئايدا شەخسىي پۇلىغا «يەنتيەنيۇۋنىڭ تەرجىمىھالى» نى نەشر قىلدۇرغان، 12 ياشلىق ياپون تەرجىمانى سانلون گۇڭپەننىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئالتە ياشتا 196 گە يەتكەن بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابنى 1 - سىنىپتىن باشلاپ رادىئو ئارقىلىق ئۆگىنىۋالغان خەنزۇ تىل سەۋىيىسى بويىچە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ 12 ياشتىكى بۇ تەرجىمە كىتابى جۇڭگو ۋە ياپونىيىلەردە ساقلىنىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەقلىي زىيادىلىك ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. بۇنداق زىيادىلىك تارىخنىڭ ئوخشاشمىغان باسقۇچلىرىدا تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ھازىرمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۈرلۈك شەكىللەردە ئىپادىلەنمەكتە. ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا داشۆسىدىمۇ تېخى 15 ياشقا كىرمىگەن ياكى ئەمدى كىرگەن ئەقلىي زىيادە بالىلاردىن بىرمۇنچىسى ئوقۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىي زىيادە ئادەملەرنىڭ بولىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ئاساسىي يوق. گەرچە بىز ئەقلىي زىيادە بالىلارنىڭ تىپلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن بايقىۋېلىپ، ئۇلارنى شۇ ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تەربىيىلەشكە قەدەم قويالمىغان بولساقمۇ، ئېلىمىز تەكشۈرۈشلەرنىڭ



چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يوشۇرۇن ھالەتتىكى ئەقلىي زىيادە بالىلارنى كۆپلەپ بايقاش مۇمكىن.

ئەقلىي زىيادىلىك ۋە ئەقلىي كەملىك بىر ئادەمنىڭ ئەقىللىقلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق ئۆلچەمدۇر. ئەقلىي سەۋىيىنى ئۆلچەش ئۇسۇللىرى ئادەتتە كۆزىتىش ئۇسۇلى، ئەمەلىيەت ئۇسۇلى، سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى، ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلدۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئەقىل سىناش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەقلىنىڭ تۇغما زىيادىلىكىنى ۋە ئەمەلىي ئىپادىلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئەقلىي زىيادە بالىلار ۋاقتىدا بايقىۋېلىنسا ۋە مۇۋاپىق تەربىيىلەنسە، ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە ۋەتەنگە، خەلققە شەرەپ كەلتۈرىدىغان مەشھۇر كەشپىياتلارنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ھەمدە ئەقلىي ۋە ئىجادىيلىقى زىيادە بالىلارنىڭ يېتىلىش جەريانىنى ئەقلى نورمال بالىلارغا مائارىپ شەكلى ئارقىلىق تەتبىقلاپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ زامانغا ئۇيغۇنلىشىش ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي يۈكسىلىش ۋەزىيىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي زىيادىلىكنى بايقاشنى ئۆگىنىۋېلىش ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئاتا - ئانىلار، ئۇستازلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تەلەپتۇر.

لېكىن، بۇلار تالانتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئەقلىي پاكىتلار بولۇپ، ئۇ تالانتنىڭ شەكىللىنىشىدە كۆرۈلىدىغان غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بىز تالانت تارىخىغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ يالغۇز ئەقلىي زىيادىلىككە تايىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىلا ئاجايىپ زور غايىۋى ئىستەكلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى كۆرىمىز. ئالايلۇق، ئېدىسون: «چوڭ بولسام دۇنيادى-

ئىشتىن بىرنى قىلىمەن» دېگەن ئىستەكتە بولغان بولسا، ماركس:
«پروتوكول ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياشايمەن» دېگەن ئىستەكتە بولغان.
ماۋزېدۇڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرىدىن باشلاپلا: «جۇڭگو
ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش كېرەك» دېگەن ئىستەك بىلەن بېرىلىپ
ئۆگەنگەن. يەنى ماركس، ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەيدەك ئۇلۇغ
سىياسىيونلار ياكى ئېدىسون، ئېينىشتېين، فرويد، ماسلوۋدەك
ئۇلۇغ ئالىملار بولسۇن، ئۇلاردا ئەقلىي زىيادىلىك ئالامەتلىرىدىن
باشقا يەنە باشقىلاردىن يۈكسەك بولغان غايە، پەزىلەت، غۇرۇر
ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرى كۆرۈلگەن. بىز يۇقىرىدا تىلغا
ئالغان سىياسىيونلارنىڭ پائالىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە،
ئۇلاردا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مېھنەتكەش خەلققە ھېسداش-
لىق قىلىش، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلارغا قىزىقىش ئالامەت-
لىرى كۆرۈلگەن. ماۋزېدۇڭ، ئېينىشتېين، فرويد قاتارلىقلاردا
كىچىكىدىن باشلاپلا رىقابەتلىشىش خاراكتېرى، باشقىلاردا كەم
كۆرۈلىدىغان ئىرادە قۇدرىتى ۋە مۇستەقىلچىلىك خاسلىقى كۆ-
رۈلگەن. ئۇلار دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ياكى ئۆز خەلقىنىڭ غۇر-
بەت تۇرمۇشىدىن ئېچىنغان، ئۆز ۋەتىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن
ئاپەتلەرگە غەزەپلەنگەن ياكى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تۈزۈمدىكى
چىرىكلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان يامان ئاقىۋەتلەرگە نەپرەت-
لەنگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا جاھاننى تۈزەش، مىللەتنى قۇ-
تۇلدۇرۇش ھېسسىياتى باشقىلاردىن بۇرۇن يېتىلگەن. مەسىلەن،
فرويد بىلەن ئېينىشتېين يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيا بويىچە خورلۇققا
ئۇچرىشىغا ئېچىنىپ، مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇپ، مىل-
لىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەھۇدىيلارنىڭ
غۇرۇرىنى دۇنياغا تونۇتۇپ قويۇش يولىدا ئىلمىي جەھەتتە
ئىلىنىش ئىرادىسىگە كەلگەن.

مانا مۇنداق ئالامەتلەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلگەن
غەيرىي ئەقلىي ئامىللار زىيادىلىكى بولۇپ، بۇنداق زىيادىلىكمۇ



تالانتنىڭ يېتىلىشىدە ئەقلىي زىيادىلىككە ياندىشىپ رول ئوي-
نايدۇ. ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر
ئادەمدە ئۆزگىچە كۆرۈلىدىغان ستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچە-
لىك ئالامەتلىرى باشقىلاردىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئىسپاتلاپ چىقىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتى-
دائىي، ئەڭ نوقۇل ھېسسىياتى ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ئىكەن.
دۇنيادا بىرىنچى ئۇستاز سۈپىتىدە تونۇلغان ئارىستوتېل بۇنداق
ھېسسىياتنى ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھەيران قېلىش
ئادەمنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر قىلىشقا يۈكسەلدۈرىدىغان ھەر-
كەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇچراتقان
ناتونۇش شەيئىگە ھەيران قالىدۇ. ئاندىن تەدرىجىي ھالدا ئاي،
يۇلتۇز، قۇياشتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ كېلىپ
چىقىشى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ». بۇ ھەقتىكى تەلىمات ۋە ئەمەلىي
پاكىتلاردىن كۆرۈۋالالايمىزكى، غەيرىي ئەقلىي بولغان تۇغۇ-
مىلىق ئايرىمچە ئەھۋاللار ئەمەس، بەلكى تالانتلىقلاردا ئالاھىدە
گەۋدىلىك، ئېنىق كۆرۈلىدىغان، ئادەتتىكى ئادەملەردىمۇ بەزىدە
ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تالانت ھادىسىدۇر.

تالانت بىلەن ئەقلىي زىيادىلىك ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك
بولىدۇ، لېكىن، ئەقلىي زىيادە باللارنىڭ ھەممىسى تالانتلىق
بولۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى
تالانتنىڭ ئەقلىي زىيادىلىكتىن باشقا غەيرىي ئەقلىي پەزىلەتلەر-
نىڭ زىيادىلىكىگىمۇ موھتاج بولىدىغانلىقىدىندۇر. بىز يۇقىرىدا
بايان قىلغان تالانتلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەقلىي زىيادىلىك
كۆرۈلمىگەن، بەزىلىرىنىڭ ئەقلى نورمال بولغان. ئۇلارنىڭ كۆپ-
چىلىكىدە غەيرىي ئەقلىي بولغان پەزىلەتلەر خاسلىق جەھەتتە
زىيادە بولغان. كىچىك ۋاقتىدا ئەقلىي زىيادە بولغان بەزى با-
لىلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە تالانتلىق بولالماسلىقى ئەنە شۇنداق
غەيرىي ئەقلىي پەزىلەتلەر جەھەتتىمۇ زىيادە بولالمىغانلىقى،

ئېيىنشتېيىندەك «تەبىئەت سىرلىرىنى ئېچىش جەھەتتە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىستەك» تە بولمىغانلىقى، جۇئېنلەيدەك «جۇڭخۇانىڭ باش كۆتۈرۈشى» ئۈچۈن ئۆگىنىشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، تالانتنىڭ ھەم ئەقلىي زىيادىلىككە ھەم غەيرىي ئەقلىي زىيادىلىككە موھتاجلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تالانتنىڭ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۇغما ئامىللار ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇ يەنە خىلمۇخىللىققا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق كۆپ خىللىقنىڭ تۇغما قابىلىيەتنىڭ ئەقلىي ساھەسى (ئەقلىي قابىلىيەت، ئەقلىي ئىقتىداردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ) تە كۆپلىگەن ئىپادىلىرى بولۇپلا قالماستىن، غەيرىي ئەقلىي بولغان ساھەلەردىمۇ كۆپلىگەن ئىپادىلىرى بولىدۇ ھەمدە بۇنداق ئىككى تەرەپتىكى تۇغمىلىقنىڭ ھەر بىر ئادەمدىكى ئىپادىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، تالانت تەتقىقاتىدا ھەر بىر ئادەمدىكى ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك ۋە ئىجادىيلىقنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك.

ئىستىخىيە دېگىنىمىز — بىر ئادەمنىڭ ئىچكى پەزىلەتلىرى روھىي دۇنياسىدىكى تەسىراتلارنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ياكى تەرتىپكە كىرمىگەن ھالدا ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ نېرۋا تۈزۈلۈشىگە باغلىق بولىدۇ. مېڭىدە نېرۋۇلوگىيىسىنىڭ ئىسپاتلىنىشىچە، نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئۆسۈكچىلىرى ياكى ئۆسۈكچە توقۇلمىلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇقىمسىز تۇتاشتۇرغۇچى قۇرۇلمىلار بولۇپ، بۇنداق مۇقىمسىز قۇرۇلمىلار تەبىئىي مېخانىزىم سۈپىتىدە ئۆسۈكچىلەرنىڭ باغلىنىشلىرى ئۈچۈن تاللاش خاراكتېرىدىكى قاتارلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشقا كۆپ خىل ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدىكى بۇنداق ئىستىخىيە توسۇپ قويۇلسا، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىگە يول قويۇلمىسا ياكى



ھەممە ئادەمنىڭ ئىستىخىيىسى باشقىلارنىڭ تۈزۈپ بەرگەن ئەندىزىلىرىگە كىرگۈزۈپ قويۇلسا، ئىجادىي پىكىر قىلىشقا توسقۇنلۇق تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەربىر ئادەمدىكى بۇنداق ئىستىخىيىنى كىشىلەرنىڭ يېگانىلىق يارىتىشىنى ئاسراش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئاسرىشىمىز، ھە دېسىلا ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالماي، ئۇنىڭ ئۆز خاھىشىدىكى يېگانىلىق يارىتىش ئۇسلۇبىنى ئاسرىشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا، ئادەمدىكى ئىستىخىيىلىك قوزغىلىش، يېگانىلىقتا ئۆز خاھىشى بويىچە ئىنتىلىش ئاجىزلاپ، تەكرارلاشنىلا كۈتۈپ تۇرىدىغان پاسسىپ پسىخىكا ئۆسۈپ بارىدۇ-دە، ئىجادىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسىز بولغان ئامىللار كۆپىيىپ كېتىدۇ.

يېگانىلىق — ھەربىر ئادەمنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشتىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىنكاس نۇقتىسىنى، ھېسسىيات ئۇسۇلىنى، خىيال ئالاھىدىلىكىنى؛ ئىدىيە ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. يېگانىلىق ئىستىخىيىگە ئوخشىمىغان ھالدا، بىر ئادەمدىكى سۇبيېكتىپ ئامىللارنى تېخىمۇ كۆپ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۇنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە شەكىلگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ھەرىكەت ئۇسۇلى ۋە ھېسسىيات ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھايات ئوبرازىنى ئۆزى مونوپول قىلىش، ئەركىن ھالدا ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولغان ھالدا تەرەققىي قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى يېڭىلاپ مېڭىش ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق ئۇسۇل ئىجتىمائىي نىزاملار بىلەن مۇقەررەر يوسۇندا باغلىنىپ كەتمەيدۇ. جەمئىيەت ۋە باشقا ئادەملەرنىڭ ھەر بىر ئادەمدىكى مۇنداق يېگانىلىققا بولغان كەڭ قورساقلىقى ئۆزگىچىلىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

ئۆزگىچىلىك (مۇستەقىللىك) ئىستىخىيىلىك تەپەككۇرنىمۇ،

تارقالاشتۇرۇش تەپەككۇرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىجادىي قابىلىيەتتىنمۇ زور دەرىجىدە ئەركىن تۇرىدىغان بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئىجادىي قابىلىيەتكە ئوخشاش ئىجتىمائىي باھالاشلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر خىل ياشاش شەكلى بولىدۇ. ئۇ، پەقەت ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان (ئەلۋەتتە جەمئىيەتكە ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەمما، جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش ئۇنىڭ مەقسىتى ياكى نىشانى ئەمەس)، ئۆزىنى ئۆزى يېتىلەپ ماڭىدىغان بىر خىل ياشاش ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق ئۆزگىچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى باغرى قاتتىقلىق قىلماسلىق، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت بىلەن ئەخلاقىي مۇھىتقا موھتاج بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشقا مۇراجىئەت قىلىدۇ. كىشىلەردە ئۆزگىچە ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئۇنايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەقلىغا ئۇيغۇنلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان پوزىتسىيىنىڭ بولۇشى ئىجادىي ئىقتىدارنىڭ تولۇق جەۋلان قىلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشىدىكى ئالدىنقى شەرتتۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئادەمنىڭ تالانت كۆرسىتىشى يۇقىرىدىكى ستېخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇ پەقەت (ئاز سانلىق ئەتراپلىق تالانتلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىدە كارامەت كۆرسىتىدۇكى، ھەممە تەرىپىدە كۆرسىتەلمەيدۇ! ئۇ پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئاشۇنداق بىر تەرىپىنى گۈزەللىككە ئىگە قىلسىلا، تۇرمۇشىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. تۇرمۇشنى تالانتنىڭ بىر ئېلېمېنتى سۈپىتىدە تولۇقلىغان مۇنداق بىر ئادەمدىكى ستېخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك باشقا ئادەمدە ئاسانلىقچە ئىپادىلىنەلمىگەنلىكتىن، ئۇ بېسىۋېتىلمىسە، تۇرمۇشنىڭ شۇ تەرىپىدىكى گۈزەللىككە كېپىللىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تالانت قوغلىشىش ئادەمنىڭ



تۇرمۇشتىكى بىر خىل ياشاش ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى بولغان سۈپىتى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەر قانداق بىر تەرىپىدە ئالاھىدە پوزىتسىيىدە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان غورۇرغا ئىگە. ئەمەلىي نەتىجە بىلەن ئۆزىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە تەقەززا قىلىپ تۇرىدىغان جەمئىيەت بايلىقىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىر خىل تالانت قېلىپى بىلەن يەنە بىر خىل تالانتقا ئەندىزە سىزىپ بېرىش — جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدۇ. بۇنداق ئەندىزىچىلىك ۋە تەنقىدىي روھ بىلەن تولۇپ كەتكەن جەمئىيەت نورغۇنلىغان تالانت مېۋىلىرىنى ئۈزەلمەي قېلىشى، تالانتلىق ئەزالىرى ئالدىدا كۆلكىلىك كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن.

ئالايلۇق، بەزى ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەردىمۇ بىز قەيت قىلىۋاتقان ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا يەنە غەلىتە تەپەككۇر ئۇسۇلىمۇ بولۇپ، تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى بۇنداق ستېخىيە، خاھىشچانلىق، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىكنى ئۆزگەرتىۋېتىش توغرا كەلسە، ھەتتا دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن توسۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ ئىجادكارلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ غەلىتە خۇي - مىجەزى ۋە ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلانغان. بىر ماتېرىيالدا كۆرۈشۈمچە، نېمىس ئالىمى كانت ئەسەر يازغاندا دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ يىراق - يىراقلاردىكى ئۇپۇققا نەزەر سالىدىكەن، ئۇنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىكى بىر تۈپ دەرەخ ئۆسۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يىراققا نەزەر تاشلاپ تەپەككۇر قىلىش ئادىتى بۇزۇلۇپ، ئىجادىيىتى دەخلىگە ئۇچراپتۇ. شۇ چاغدىكى نېمىس پادىشاھى ئۇنىڭدىن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ھال سوراپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھقا بۇ ئىش خەۋەر بولۇپتۇ - دە، پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پاكار دەرەختىن بىر تۈپ قويۇپ،

ئۇنىڭ يىراققا نەزەر تاشلاپ تەپەككۇر قىلىش ئادىتىگە كاپا-
لەتلىك قىلىپتۇ. لۇشۇن ۋاقتى بولسىلا شىرەنىڭ ئالدىغا
كېلىدىكەن - دە، ئالدى بىلەن شىرە ئالدىدا كۆزىنى يۇمۇپ
ئولتۇرۇپ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرىدىكەن، ئاندىن تاما-
كىسىنى قاتتىق شورىغان ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيالغا
پاتىدىكەن. بالزاك ھەر قاچان شام يورۇقىدا خىيال سۈرىدى-
كەن، ئويلىنىدىكەن، شام يورۇقىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ خىيالى
چېچىلىپ، دولقۇنلاۋاتقان ئىلھامى جىمىپ قالىدىكەن - دە،
ئىجادىيىتى توسالغۇغا ئۇچرايدىكەن. جۇڭگونىڭ سۇڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب ئوۋ ياڭشيۇ ھاجەتخانىغا كىرگەندە مۇھىم
تېمىلارنى ئويلىنىۋالىدىكەن، ئۇ، بۇ چاغدا زېھىن ناھايىتى ئو-
چۇق بولىدۇ دەپ قارايدىكەن. مۇزىكانت شۇبېرت ۋاراك - چۇرۇك
كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قەھۋەخانىدا ۋە ياكى قاۋاقخانىلاردا ئولتۇرۇپ
كۈيلەرنى ئىجاد قىلىدىكەن، ئۇ، ۋاراك - چۇرۇك بولغان يەردە
تىنچلىقنىڭ، ئازادىلىكنىڭ قەدرى ئۆتىدۇ. شۇڭا، مەن تىنچ-
سىز يەردە تىنچلىق بېغىشلايدىغان كۈيلەرنى ئىجاد قىلىمەن.
دەپ قارايدىكەن. كولومبو ھەر قاچان ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ
پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئوي-
لىنىدىكەن. ئامېرىكا شائىرى رامپىرو يامغۇر ۋە قار يېغىۋات-
قاندا يېڭى ئەسەرلىرىنىڭ لايىھىسىنى تۈزىدىكەن. ئۇ: مەن
يامغۇر سۈيى ۋە قار ئۇچقۇنلىرى ئارقىلىق ئىلھاملىرىمنى سۇ-
غىرىمەن، دەيدىكەن. فۇسۇڭلىڭ كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاچ
ئولتۇرۇپ ئەسەرلىرىنى لايىھىلەيدىكەن. ئۇ ئۆتكەن - كەچكەن-
لەر بىلەن جاھاننىڭ ئۇ قېتىدىن - بۇ قېتىغىچە سۆزلىشىپ
تۇرۇپ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» نى پۈتتۈرگەنىكەن. ياپون ئىخ-
تىراچىسى گاۋچياۋجي «خىيالغا چۆكۈش ئۇسۇلى» نى ئىجاد
قىلغان. ئۇ: ئادەم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پىكىر خىياللىرىنى بىر
يەرگە يىغسا ۋە ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇسا چوڭقۇر خىيالغا چۆ-



كىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىجادىي تەپەككۇر جانلىنىدۇ، دەپ قاراي-
دىكەن. قىسقىسى، ناھايىتى كۆپ ئالىم، يازغۇچى، سەنئەتكار-
لارنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر خۇي - مىجەزى بو-
لۇپ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ خاھىشچانلىقى، ستىخىيىسى، يېگانى-
لىقى، ئۆزگىچىلىكىدىن بېخلىنىپ چىققان ياكى شۇ ئالاھىدى-
لىكلىرىگە ياردەمچىلىك رول ئوينىغان. شۇڭا، تالانت مەسىلى-
سىدە بۇ نەرسىلەرنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇلارغا شۇ ئالاھىدى-
لىكى بويىچە ئىلھام بېرىش ئاقىللىقتۇر.

يەنە كېلىپ، ئىجادىيلىق كىشىلەرنى غىدىقلاش ئارقىلىق
كىشىلەردىكى سىقىلىش، ئىچى قاينىش، بۇرۇقتۇم بولۇش،
قىسقىسى، يامان ئىللەتلەر تۈپەيلى گەپ يوشۇرىدىغان قورقۇنچ-
نى تۈگەتكەندىلا تولۇق ئويغاق ھالەتكە كېلىدىغان، بىخ سۇ-
رىدىغان بولغاچقا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ئۆزىگە
تولۇق خوجايىن بولۇشىنى، سىرلىق مەسىلىلەرگە پىكىر يۈرگۈ-
زۈشىنى، باشلىقلىرى، ئۇستازلىرى ۋە ئۆزىدىن چوڭ كاتتىلار
بەلگىلىگەن ئىشلار ئۈستىدە كاللا ئىشلىتىپ مەسىلىلەرنى ئوت-
تۇرىغا قويۇشىنى، ئۆزىنىڭ تەكلىپ لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇشتا باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەقىقەتتىن چېكىنمەسلىكىنى
شەرت قىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ھەر ئادەمدىكى ستىخىيە، يېگا-
نىلىق، ئۆزگىچىلىك مۇقەررەر يوسۇندا تالانتنىڭ ھەر ئادەمدى-
كى ئەقلىي ياكى غەيرىي ئەقلىي ساھەنىڭ ئەسلى ئۈستۈنلۈكى
بويىچە ئۆسۈپ بېرىشىغا پايدىلىق بولغان، قوغدىلىشقا تېگىش-
لىك بولغان كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتى سانىلىشى كېرەك،
ئەمما، شۇنى بىلىش لازىمكى، بۇنداق ستىخىيە، يېگانىلىق،
ئۆزگىچىلىك ھەممە ئادەمدە تولۇق ساغلاملىق ياكى ئەقىل ھەم
پەزىلەت جەھەتتىكى زىيادىلىك بولۇپ ئىپادىلەنمەستىن، پەرق-
لىق ئىپادىلىنىدۇ. بەزىلەر ھەدېسىلا ئالاھىدە تالانتقا ئىگە
ئادەملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ئادەتتىكى ئادەم-

لەردىكى ستىبخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىكنى ئەنە شۇنداق
ئالاھىدە ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولمىغان رامكىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. لە-
تىجىدە ئۇلار بۇنداق رامكىلارغا نارازى بولۇپ، تالانت يېتىلدۇ-
رۇش پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ ياكى ئۇلاردەك
بولۇشقا كۆزى يەتمەي بوشىشىپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ، بەزى
يازغۇچى، شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ياخشى بىر ئادەمنى ياز-
ماقچى بولسا، ئۇنى ھەممە تەرەپتە زىيادە ياخشى كۆرسىتىش
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى تەندۇرۇس، روھى ئۇرغۇپ تۇ-
رىدىغان، كۆتۈرەڭگۈ، باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ ھەتتا ئۇلارنىڭ
قىياپىتىنى بېزەۋېرىپ ھەجۋىي سۈرەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.
ئادەتتىكى ئادەملەر بۇنى كۆرۈپ ئۇ دەرىجىگە يېتىشكە كۆزى
يەتمەيدۇ - دە، ئۇنداق ئادەملەردىن بولۇشنى خالىمايدۇ. ئەمە-
لىيەتتە ئىنسان تەبىئىتىدە بولىدىغان ئاجىزلىقلار ئۇلاردىمۇ بولۇپ،
ئەقلىي زىيادە ۋە ياكى پەزىلەتتە زىيادە ئۈستۈن ئادەملەرمۇ
بەزى تەرەپلەردە مۇتلەق ئۈستۈن تۇرغان بىلەن يەنە بەزى
تەرەپلەردە ئەخمەق، بەتخەج، مەسئۇلىيەتسىز، بىخۇد بولىدۇ
ھەتتا جاھىللىق قىلىپ ئادەمنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان، سۈنئىي
ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىدىغان. ساختا شۆھرەت ھەم كىبىر قى-
لىدىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ چوتىنى سوققاندا، بالا - چاقىسى
ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا كەلگەندە پىت ئۈچەيلىك قىلىدىغان
كەمتۈكلۈكلەردىن خالى بولالمايدۇ. دېمەك، تۇغما ئالاھىدىلىكى
زىيادە ئادەملەرمۇ ئالدى بىلەن نورمال ۋە كەمتۈك ئادەملەرگە
ئوخشاش قايغۇ - ھەسرەت، خۇشلۇق - خاپىلىقلارنىڭ زىددىيەت
ۋە توقۇنۇشلىرى ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇ، ئالتۇن ساپ بولمايدۇ،
ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ دېگەننىڭ ئۆزىدۇر. توغرا، ياخشى
ئادەملەر، ناھايىتى ياخشى ئادەملەر، ھەتتا ئۇلۇغ ئادەملەرنى
تاپقىلى بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئۈمىد بېغىش-



لايدىغان ئەۋلىيا سۈپەت ئادەملەر، ئاقىللار ۋە ساپ دىل ئۇلۇغ
داھىيلارمۇ بار. لېكىن، بۇنداق ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ
ھەمدە ئۇلاردىمۇ خاپا بولىدىغان، خۇش بولىدىغان، ئاچچىقلاي-
دىغان، شەخسىيەتچىلىك قىلىدىغان ھەتتا تېخى چۈشكۈنلىشى-
دىغان ئاجىزلىقلار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەربىرىمىز
ئۆزىمىزدىكى ستىبخىيە، خاھىشچانلىق، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك-
لەرنى جارى قىلدۇرۇپ، تالانت بوسۇغىسىدىن ئۆتۈشتە، ئەقلىي
ۋە پەزىلەت زىيادىلىكى بار ئادەملەرنىڭمۇ بىز بىلەن
ئوخشاشلىقىنى ئويلىشىمىز. ئىنسان تەبىئىتىدە ھەممىگە ئورتاق
بولغان ياخشى - يامانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىپ، توختى-
ماستىن ئۆز تەبىئىتىمىزدىكى تالانت ئېلېمېنتلىرىنى ئۆستۈرۈ-
شىمىز، تەرەققىيات نەزەرىدە تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ستىبخىيە
يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىكىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك.
شۇمۇ ئەقىلگە ئىشارەتكى، باشقىلارنىڭ ستىبخىيە، يېگانى-
لىق ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ شۇ ئالاھى-
دىلىكلىرىنى قوللاش يالغۇز ئەدەب يۈزىسىدىنلا بولماستىن. بەل-
كى باشقىلارنىڭ قىممىتىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇ-
زۇر ئېلىشتۇر. بىر ئادەمدىكى ئۆزگىچىلىك يەنە بىر ئادەمگە
شۇ ھامانلا يېقىپ كەتمىگەچكە، ئۆزگىچىلىكنى ھۆرمەتلەشتە
ئۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشقا،
ئۇنىڭدىكى غەلىتىلىك تۇيۇلغان تەرەپلەرگە قامچا تەگلىمەي
كەڭ قورساقلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن: «بوپ-
تۇلا، بۇمۇ ئوخشىمىغان بىر ياڭزىغۇ، ھېچ بولمىغاندا، سودا
دۇكانلىرىدا ئەينەك ئىچىگە قويۇلغان مودېللارغىمۇ قارايمەن
ئەمەسمۇ» دېيىش كېرەك. ئۇ بىر ئادەمدىكى ئېھتىياتچانلىق
بولۇپ، بۇنداق ئېھتىيات بولغاندا، غەلىتە كۆرۈنگەن ئۆزگىچە-
لىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەمئىيەت ۋە جامائەتكە ھۇزۇر
بېغىشلايدىغان ئىجادىي قىممەت يارىتىپ قالسا، ئېھتىيات قىلغۇ.

چى خىجىللىق ئىلكىدە قىزىرىپ قېلىشتىن قۇتۇلىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، باشقىلار ئۇنى ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈپلا كاپشىپ كېتىدىغان «ئۆپكىسى يوق» دېمەيدۇ. نۇرغۇن ئەمەلىيەتلەردىن كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، ئىجادىيلىق ھەر قاچان مەغلۇبىيەتكە ھامىي بولغانلىقتىن، ئۆزگىچىلىكنىڭ مەغلۇپ بولۇپ يەنە ئورنىدا دەس تۇرۇپ قېلىشى، ئىجادىيلىقتا ئۆزگىرىش ئېھتىمالى كۆپ بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگەنگۈچىلەر ھەم ئاقىل، ھەم ئەقىللىقلاردۇر. چۈنكى ئىنسانىيەتتە تازا ماختاشقا ئەرزىيدىغان سۈپەت ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە سېھرىي كۈچكە باي بولغان ھەققانىيەت روھىي ھاللىقتۇر. بۇنداق قىممەت ۋە روھىي ھاللىق ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن چىقمايدۇ، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزگىچىلىكنى ساغلام خاسلىق تەرىپىگە يۆتكەۋاتقان ئىجادىي ئادەملەردىن چىقىدۇ. مۇشۇ قانۇنىيەت تۈپەيلى بىز باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ھۆرمەتلەش ئارقىلىق تەربىيە ئالغۇچى، ئۆگەنگۈچى، يۈزلەپ كىشىلەردىكى ئۆزگىچىلىك بىلەن ئۆزىمىزنى تولۇقلىغۇچى، گويا ھەسەل ھەرىسىدەك گۈل بەرگىلىرىگە قونۇپ تۇرۇپ گۈل چاڭلىرىدىن ھەسەل يىغقۇچى بىلىمى مول ئادەمگە ئايلىنىمىز ھەمدە تالانت بېخلىرىغا سۇ قۇيغان قاتاردا تەرىپلىنىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ھۇزۇرلىنىش كەيپىياتى بىر غېرىچ ئۆسسە، بىزدىكى ياشاش پاراسىتى بىر غۇلاچ ئۆسىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ھۇزۇرلىنىش ئەخلاقى بىر ئۆلۈش ئۆسسە، بىزدىكى ئەخلاقىي كۈچ ئون ئۆلۈش ئۆسىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەپچىل ھەم ئادىل بولغان تەڭ قىممەتلىك قايتىلىنىش قانۇنىدۇر.

ئەمما، ھەر بىر تالانتقا ئىنتىلىۋاتقان ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سېخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك ئاللىقانداق بىلەرمەنلىكىنىڭ ۋە ياكى تەرسالىقنىڭ ئىپادىسى بولماستىن،



بەلكى ئوبيېكتىپلىقنىڭ ئاساسىدۇر. كىشىلىك ھايات ھەرقاچان خۇشلۇق ھەم خاپىلىققا ھامىي بولىدۇ. ئادەمدىكى ھەر خىل كەيپىيات يېگانە مەيدانغا چىقماستىن، مەلۇم مۇھىت ياكى شەيئى، ئادەم بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا مەيلى مۇسبەت كەيپىيات (ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان ئاكتىپ كەيپىيات ياكى پاسسىپ كەيپىيات) نىڭ تەسەللىسىدە، ئوتتۇرا ھال كەيپىيات (بىر ئىشقا پايدىسىمۇ تەگمەيدىغان، زىيىنىمۇ تەگمەيدىغان كەيپىيات) نىڭ تەسەللىسىدە، مەنپىي كەيپىيات (تەھلىكە پەيدا قىلىدىغان كەيپىيات) نىڭ تەسەللىسىدە شۇنداقلا زىيانلىق كەيپىيات (ئېغىر زىيان ياكى ئوڭۇشسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كەيپىيات) نىڭ تەسەللىسىدە بولسۇن، ئۆزىنىڭلا پايدا - زىيىنى ۋە ئايرىم تەسىراتلىرىنى ئاساس قىلىۋېلىپ، ئوبيېكتىپلىقتىن ئايرىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى باشقىلار ھۇزۇرلانغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، شۇ كەيپىياتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنىڭ ئومۇمىيىتىگە نەزەر تاشلاش كېرەك. بۇنداقتا كۆڭۈلنى تەسكىن تاپتۇرۇپ، غەشلىكنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە باشقىلارنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. بۇ، بىر خىل پەلسەپىۋى پاراسەت نەزىرىدىكى «ئۆزگىچىلىك» بولۇپ، ھەم ئۆزىگە تەسەللى بېرەلەيدىغان، ھەم ئۆزگىچىلىكنى ساقلاپ قالالايدىغان يۇقىرى قىياپەتتۇر. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئەقىدە، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ھەۋىسى، تۇرمۇش ئادەتلىرى كۈندىن - كۈنگە تېزلىكتە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان شارائىتتا، ئۇ يۈرەكنى داغلىماي تۇرۇپ تالانت كۆرسىتىشكە پايدىلىق بولغان ئىدىيىۋى تەييارلىقتۇر. بۇنداق بولمايدىكەن، جاھىلنى بازار ئوڭلايدۇ دېگەندەك، بىزنىڭ ئۆزگىچىلىكىمىزنى ھۆرمەتلەيدىغان جامائەت زېرىكىدۇ - دە، بىزنىڭ كېيىنىمىز چىققاندا «بىلىمى بولسىمۇ

جاھىل»، «ئىجاد قىلالىغان بىلەن ھاكاۋۇر» دېيىش بىلەنلا
چەكلىنىپ قالماستىن، «يازىدۇ، ئەمما شەخسىيەتچى»، «ئۆزىنى
دەپ باشقىلارغا زامىن بولۇشتىن يانمايدىغان ئۆكتەم» دېگەن-
دەك سۆزلەر بىلەن بىزنىڭ جامائەت ئىچىدە تالانت چوققىسىغا
قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئۆزگىچىلىكىمىزنى يوققا چىقىرىدۇ. بۇن-
داق جامائەت پىكرى گەرچە تالانت شاخلىرىمىزنى پۈتۈنلەي
ئۈشتۈۋېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، نۇرغۇن قىممەتلىرىمىزنى ئۆلۈپ
تۈگەشكەندە كېيىنكى ئەۋلادلار مۇئەييەنلەشتۈرمىسە بولمايدىغان
يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئۆزگىچىلىكنى توجۇپىلەپ يېتىش-
تۈرۈش، ئەمما ئۇنىڭ كەلگۈسىدە مېۋە بېرىدىغان شاخلىرىنى
قايرىۋېتىدىغان ئىللەتلەرنىمۇ تۈگىتىپ مېڭىش كېرەك.

## 2§. تالانت يېتىلىشنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

تالانتنىڭ شەكىللىنىشى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان
تۇغمىلىق، ئەقلىي ياكى غەيرىي ئەقلىي جەھەتتىكى زىيادىلىك-
كىلا تايىنامدۇ؟ نۇرغۇنلىغان ئادەملەر تالانتنىڭ فىزىئولوگىيە-
لىك ئۈستۈنلۈك ئاساسىدىكى تىرىشچانلىقتىن ھاسىل بولىدى-
غانلىقىغا شەك كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەمەلىي تىرىش-
چانلىق بىلەن تالانت باغچىسىغا كىرىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم
قالدۇردى. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى يېڭى بايقاشلارغا نەزەر سېلىپ
ئىدىيىۋى تەييارلىق بىلەن يېڭىباشتىن يېڭى تالانت باغچى-
سىغا ئىنتىلىش بىزدىكى تەقەززادۇر.

كۆپلىگەن ئەمەلىي پاكىت ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەرگە قارى-
غاندا، ئەۋزەل فىزىئولوگىيىلىك ئاساس تالانتنىڭ يېتىلىشى
ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت مۇۋەپپە-
قىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تەربىيىلىنىش ۋە تىرىشچانلىقتا بولۇپ،



ئەۋزەل فىزىئولوگىيىلىك ئاساس ئەۋزەل ۋە ئىجادىي مۇھىتنىڭ
سۈپەت دەرىجىسى، بولۇپمۇ ئائىلىدىكى قورشىغىدىكى ۋە تۇغۇلغان-
دىن كېيىنكى يۇمرانلىق دەۋرىدە ئۇراپ تۇرغان مۇھىتنىڭ
سۈپىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەۋزەل فىزىئولوگىيىلىك
ئاساسقا ئىگە باللارنىڭ كۆپچىلىكى مول ۋە تولۇق ئۆگىنىش
پۇرسىتى بار مۇھىتتا يېتىلىدۇ. چۈنكى بوۋاقلار ھاياتلىقنىڭ
دەسلىپىدە پەۋقۇلئاددە سەزگۈر بولغانلىقتىن، مۇشۇ چاغدا بالا
بېقىش ئۇسۇلى ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ قايسىبىرىدە سەل - پەل چەك-
لىمە بولۇپ قالسىلا، بالىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ئۇزاق
تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى كۈندە بۇ مەسىلىنى ھېس قىلغان
بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى تولۇق ئىجرا قىلالمىغانلىقىمىز
ھەممىدە ئىجرا قىلغۇدەك بىلىم - سەۋىيىمىزنىڭ يوقلۇقىمۇ ئار-
ىمىزدىن كۆپلەپ تالانتلىق ئادەمنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە توس-
قۇن بولماقتا. ھاۋا ھەم سۇدىكى بۇلغىنىش، نۇرغۇن شەھەر-
لەرنى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كېتىپ، كۈندۈزدە چىراغ ياندۇر-
مىسا ماڭالمايدىغان ئىشلىيەلمەيدىغان ھالەتلەر، باللارنىڭ
يېتەرلىك ساپ ھاۋا ۋە مۇۋاپىق تەبىئىي يېمەكلىكلەردىن
ئوزۇقلىنىپ تولۇق يېتىلىشىگە قارشى مۇھىت پەيدا قىلىدۇ - دە،
ئەقىل تەرەققىياتىنى مەلۇم دەرىجىدە بوغىدۇ. ئومۇمەن، ھاۋا،
ئوزۇق، ئۆگىنىش شارائىتى ناچار مۇھىت تۇغما قابىلىيەتنىڭ
تەرەققىياتىنى بوغىدۇ. مۇشۇ ئۈچ خىل شارائىت ھازىرلانغان
ئەھۋالدا تىرىشچانلىق پەۋقۇلئاددە ئۈنۈم بېرىدۇ. ناۋادا بۇنداق
شارائىتلارنىڭ پەزلىرى تولۇق بولمىغان شارائىتتىمۇ، روھىي
دۇشمەنلىكتىن خالىي بولىدىغان قىيىن شارائىتلاردىمۇ تالانتلىق
ئادەمگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. ئۆگىنىشتىن ئىبارەت
ئەمەلىي مۇھىتنى ئىلدى بىلەن ئىنسان ئۆزى يارىتىدۇ. كۆپلى-
گەن نجاپلارنىڭ ھاۋاسى تازا بولىدۇ، نامرات ئادەملەردىمۇ باي-
لار ھېس قىلالمايدىغان خاتىرجەملىك ھەم پاكلىقى بىلەن مەم-

نۇن بولىدىغان مەنىۋى خۇشاللىق بولىدۇ. بۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز ئىنسانىيەتنىڭ يادىدىن چىقمايدىغان تۆۋەندىكى ئالىملارغا قاراپ باقايلى:

مەشھۇر پەيلاسوپ روسسومۇ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئۇ نامراتلىق، سەرگەردانلىق كۈنلەردىمۇ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەشھۇر ئادەمگە ئايلانغان. مەشھۇر ئىتالىيان فىزىكى فېرمى بالىلىق دەۋرىدە ئائىلىدە غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە ھەلەكچىلىكلىرىگە بەرداشلىق بەرگەن. قىش - زىمىستاندىمۇ كېچىدە كوچىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئاخىرىدا ئالىملىق تاجىنى كىيگەن. دۇنياغا مەشھۇر فىزىك، خىمىك، پەيلاسوپ نيۇتون تېخىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئائىلىسى ناھايىتى نامرات بولۇپ، ھەتتا ئائىلىسىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا قۇربىتى يەتمىگەچكە، مەكتەپتىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ئەمما، ئۇ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق ۋە يۈكسەك تەشنالىق بىلەن قىزغىن ئۆگىنىپ، قوي باققان چاغلىرىدىمۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇغان، بەزىدە قويلىرى خەقنىڭ زىرائەتلىرىگە كىرىپ كەتسىمۇ سەزمەي كىتاب ئوقۇۋەرگەن. ئانىسى خىراجەت قىلىش ئۈچۈن نيۇتوننى دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇغاندا، نيۇتون مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەردىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ كېلىپ ئوقۇغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئانىسىدىن كۆپ قېتىم تىل ئىشىتكەن. ئۇ خىزمەتكە كېيىنرەك قاتناشقان، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئېيتقاندەك، «ئۇنىڭ كەچ سائەت 2 – 3 لەردىن ئىلگىرى ئۇخلايدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز بولغان. بەزىدە سائەت 5 – 6 لەرگىچىمۇ ئۇخلىمىغان... بولۇپمۇ باھار پەسلى ياكى يوپۇرماق



چۈشىدىغان مەزگىللەردە ئالتە ھەپتە داۋاملىق تەجرىبىخانىدا بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خىمىيە تەجرىبىسىنى قىلىپ بولغۇچە نەچچە كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن».

بىز بۇ يەردە گەرچە ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر نامرات ئالىملارنى مىسالغا ئالغان بولساقمۇ، ئىقتىسادى ياخشى ئالىملارنىڭ تالانتىمۇ ئاجايىپ تىرىشچانلىقتىن ئايرىلالمىغان.

دېمەك، ئالىملارنىڭ ئىختىرالىرى ئاللىقانداق تەلەي ياكى ئاللىقانداق بىر سېھرىي كۈچنىڭ ئىلتىپاتىدىن ياكى يالغۇز فىزىئولوگىيىلىك ئاساس بولغۇچى زېھنىي بۇلۇڭنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن كەلمەي، بەلكى تىرىشچانلىقتىن، مېھنەتتىن كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئالىملار ۋە ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولغان دانا يولباشچىلار ئەقىل ۋە تالانت نۇقتىسىدا توختالغاندا مېھنەت ۋە تىرىشچانلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. مەسىلەن، لۇشۈن: «ئەمەلىيەتتە تالانت ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭمۇ تۇغۇلغان چاغدىكى تۇنجى يىغا ئاۋازى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ، ئۇ ھەرگىز ياخشى شېئىر بولالمايدۇ» دېسە، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ پېشۋاسى ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى ئېدىسونمۇ: «تالانت ئىككى پىرسەنت چېچەنلىك بىلەن 98 پىرسەنت تىرىشچانلىقنىڭ يىغىندىسىدۇر» دېگەن.

ئالىملارنىڭ ئاشۇنداق جاپالىق ئۆگىنىشى ۋە تالانتنى تىرىشچانلىق بىلەن يېتىلدۈرۈشنى قەتئىي تۈردە شەرت قىلىپ قويۇشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تالانت ئاللىقانداق سۆزمەنلىك نۇنىشى بىلەرمەنلىك بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ تۇغما ئەقلىي قابىلىيەت ۋە غەيرىي ئەقلىي پەزىلەتلىرى ئاساسىدىكى تۈرلۈك قابىلىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەقىل قۇرۇلمىسىغا مۇكەممەل دەرىجىدە بىرىكىشى بولۇپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانت يېتىشتۈرۈش، ئۇلۇغ

ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىش ھۇرۇنلارنىڭ قولىدىن مەڭگۈ كەلمەيدۇ، تالانت پۈرسەتپەرەسلىك قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. تالانت ئەقلىي غەيرىتى ۋە ئەقلىي زېيادىلىك ئاساسىدىكى ئەمگەكنىڭ، جاپالىق تىرىشچانلىقنىڭ ئەمەلىي جۇغلانمىسىدۇر. بۇلار يىمىرىلمەس ھەقىقەتتۇر. [illegible]

[illegible] دېمەك، ئەۋزەل فىزىئولوگىيىلىك ئاساس ئىجادىي ئىقتىدار تەرەققىياتىغا تەبىئىي ئاساسلا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى ئىجادىي ئىقتىدار بەلگىلىك فىزىئولوگىيىلىك ئاساستا تەربىيە ۋە مۇھىت تەسىرى بىلەن ھەركىمنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا يېتىلىدۇ. بۇ مەسىلىنىمۇ ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى ئىسپاتلىغان. بۇ ھەقتە پاكىتلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، دۇنياۋىچە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان تېلمىن كۆزىتىشىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، تېلمىن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، يېرىم ئەسىر داۋاملاشتۇرغان بۇ تەجرىبە ماتېرىياللىرىدا، ئەقلى زىيادە بولۇشنىڭ ياش - قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئېرىشىپ، مەشھۇر تۆھپە يارىتىشقا كېپىللىك قىلالمايدىغانلىقى، بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ زىيادە - كەملىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇنچە چوڭ بولمايدىغانلىقى، ئىقتىدارلىق ۋە نەتىجە ياراتقان كىشىلەر ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئاتا - ئانىسى ئىنتايىن ئەقىللىق دەپ قارىغان كىشىلەردىن بولماستىن، بەلكى دەسلەپكى تەربىيىگە ئېرىشكەن، ئۇزۇن يىل چىداملىق بىلەن ئۆگەنگەن ۋە ئۆز ماھارىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشقان كىشىلەر بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى پسىخولوگىيىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكا پسىخولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ 1976 - يىللىق مەشھۇر



تۆھپە مۇكاپاتىغا ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن①.

ئەمەلىيەتمۇ ئۇلارنىڭ بۇ تەجرىبىسىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، بىز يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان نېمىس شائىرى گېيوتى كىچىكىدىن باشلاپلا ياخشى ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى ئۈچ ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ھەممىشە شەھەرگە ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇرغان ۋە سەيلە جەريانىدا شەھەرنىڭ بىنا بولۇش تارىخىنى، ئىمارەتلەردىكى گۈزەللىك ۋە ئۇ گۈزەللىكلەر ئىپادىلىگەن مىللىي سەنئەتنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا تارىخقا بولغان قىزىقىشنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئاجايىپ سىرلىق چۆچەكلەر ۋە تەسەۋۋۇرغا باي رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا كۈچلۈك بولغان گۈزەللىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسى ۋە مول تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى يېتىشتۈرگەن. ئۇ تۆت يېرىم ياشقا كىرگەندە، چوڭ ئانىسى ئۇنىڭغا قورچاق تىياتىرخانىسىنى ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا سەنئەتكە بولغان غايەت زور ئىشتىياق يېتىشتۈرگەن. ئۇ ئالتە يېرىم ياشقا كىرگەندە ئۆز ئالدىغا سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويۇشنى مەشىق قىلغان ۋە ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان كىچىك سەھنىدە رول ئېلىشقا كىرىشكەن. بۇنداق كۆپ تەرەپلىمىلىك دەسلەپكى تەربىيە ئۇ ئون ياشقا كىرگەندە سەھنە ئەسىرى يازالايدىغان تالانتنى بەخش ئەتكەن. بېتخوۋېنمۇ كىچىكىدە ئائىلىسىدە ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەنگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى شۇ زاماننىڭ ئەڭ مەشھۇر مۇزىكانتلىرىنى ئۇنىڭغا رويال ۋە ئىسكىرىپكا ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى پۇشكىنمۇ رۇسلاردا ئەنئەنىگە ئايلانغان ئائىلە تەربىيىسىگە، بولۇپمۇ ئايال ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيىلىشىگە ئىگە بولۇپ، تەربىيە تەسىرىدە كىچىك ۋاقتىدىلا كىتابخۇمار بولۇپ

① «ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى»، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 61 — 62 - بەتلەر.

يېتىشكەن ۋە دائىم دادىسىنىڭ كىتابخانىسىدىن كىتابلارنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقىپ قانماي ئوقۇغان.

مەشھۇر تارىخچى سى ماچيەن كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا ئالىمى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخچىسى بولغان دادىسىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيىسىدە بولغان ۋە ئون ياشقا كىرگەندە مۇقەددەم ئەسەرلەرنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىشنى ئۆگەنگەن، شۇنداقلا دادىسىنىڭ تارىخ جەھەتتىكى مەخسۇس تەربىيىسى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان بولغان. يەنە دادىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر قېتىم ئۇزۇن مۇساپىلىق سەپەرگە ئاتلىنىپ، شەنشى، خېنەن، خۇبېي، خۇنەن، جېجياڭ، جياڭسۇ، ئەنخۇي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، تارىخىي ۋەقەلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلىغان، تارىخىي پاكىتلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن، ئاسار ئەتىقىلەرنى كۆرگەن ۋە تەبىئەتكە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. تارىخىي ئاسار ئەتىقىلەرنى تەكشۈرگەن. كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈرۈپ، كېيىن «تارىخىي خاتىرىلەر» نى يېزىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتقان. ئۇ تىرىشچان، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولغاچقا، ئۆزى بىلىپ يەتكەن خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرى، تىل، شېۋىلىرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تارىخىي ۋەقەلىكلەر بىلەن قوراشتۇرۇپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى نۇرغۇن شەخسلەرنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ، تارىخ بىلەن ئەدەبىياتنى يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن.

XIX ئەسىردىكى ئەنگلىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە لوگىك مىل ئۈچ يېشىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ قېتىرقىنىپ تەربىيىلىشىگە ئىگە بولغان. دادىسى ئۇنى كىتاب ئوقۇغان چېغىدا ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىنى تەنقىدلەشكە دىققەت قىلىشقا



يېتەكلەپ، ئۇنىڭدا مۇتەپەككۇرلۇق خىسلىتىنى يېتىلدۈرگەن. مىل دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈچ يېشىدىن باشلاپ گرېك تىلى ئۆگىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا گرېك تىلىدا نەشر قىلىنغان شېنوفوننىڭ «يىراق سەپەر خاتىرىسى»، «فاتون ئەسەرلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان بولغان. تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇغان چاغدا، دادىسىنىڭ يازغۇچىسىنىڭ كونسېرۋاتىپلىق كۆز قارىشىنى پەرق ئېتىشكە يېتەكلىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭدا ئىجادىيەت ھەۋىسى قوزغالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 12 ياش چېغىدا رىم سىياسىي تارىخى ھەققىدە كىتاب تۈزگەن.

موزارت مۇزىكا ئىجاد قىلىشتىن باشلاپ، يەتتە يىل تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە جاپالىق مەشق قىلىش ئارقىلىق ئاندىن ناخشا پلاستىنكىسىغا ئېلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالايدىغان بولغان. لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىدىكى ئەسەرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەردىن بولالمىغان. بۇ ئەسەرلەر ماھىرلار ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىدە بولالىشى مۇمكىن، لېكىن ھەرگىزمۇ بىر-ئۇستازلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىدە بولالمىغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ داڭقى چىقىشىغا ئۇنىڭ بىر ئۆسمۈرنىڭ مېڭىسىدىن چىققانلىقى سەۋەب بولغان.

دېمەك، مەيلى ئىلمىي تەجرىبە نۇقتىسىدىن، مەيلى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئەقلىي زىيادىلىكىنى يېتىشتۈرۈش تەجرىبە نۇقتىسىدىن قارايلى، ئىجادىي ئىقتىدار ئاساسى يالغۇز زېھنىي بولۇنمىسىنىڭ زىيادىلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەقلىي نورماللىق ۋە زېھنىي زىيادىلىك ئاساسىدىكى تەربىيە ۋە مۇھىت تەسىرىدىن ئىبارەت. ئەقلى زىيادە بولغان مەشھۇر كىشىلەر ئومۇمەن دېگۈدەك باللىق دەۋرىدىكى مۇۋاپىق مۇھىت ۋە تەربىيە ئارقىسىدا ئەقلىي جەھەتتە گەۋدىلىك تەرەققىي قىلغانىكەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي پەزىلەتلەر

زىيادىلىكىمۇ ئەقلىي جەھەتتىكى تۇغما نورماللىق ئاساسىدا؛ مۇۋاپىق مۇھىت ۋە مۇۋاپىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى تەربىيە ئارقىسىدا يېتىلىدۇ.

ئادەمنىڭ تالانتى نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇ بىر مەنبەلىكمۇ ياكى كۆپ مەنبەلىكمۇ؟ ئۇ پۈتۈنلەي تۇغما قابىلىيەتلەرگە تايىنىپلا شەكىللىنەمدۇ؟ ئۇنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زادى قانداق؟ دېگەن سوئاللار بىلەن ھەر خىل ساھەلەردە باش كۆتۈرگەن 125 تالانتلىق شەخس ئۈستىدە بەش يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئاتاقلىق پېداگوگ بېنرايمىن بۇ ھەقتىكى قاراشلارغا ئېنىق جاۋاب بەرگەن. ئۇ، ئالاھەزەل بارلىق تالانتلىقلار تۇغما بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇغمىلىق ئاساسىدىكى تەربىيىلىنىش جەريانىدا يېتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قابىلىيەتلىرىدە تۈرلۈك پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇشىدا نۇرغۇن تەرەپلەردە ئورتاقلىق بولىدۇ، دەپ قارىغان. دېمىسىمۇ، يۇقىرىدا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن تالانتلىق ئادەملەرنىڭ تولىسى دېگۈدەك ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي پەزىلەت جەھەتلەردە زىيادە بولۇشتىن باشقا، ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن ۋە ئالاھىدە تىرىشچان بولغان. ھەتتا تۇغما ئاساسى ئۇنچىۋالا زىيادە بولمىغانلىرىمۇ تىرىشچانلىق ۋە ياخشى تەربىيە نەتىجىسىدە تالانت ئىگىسىگە ئايلانغان.

بېنرايمىننىڭ قارىشىچە، تالانتنىڭ يېتىلىشىدە مۇۋاپىق مۇھىت، پۇرسەتنى ئىگىلەش، تالانتنىڭ شەكىللىنىش ۋە يېتىلىش باسقۇچلىرىنى بىلىش، ئاتا - ئانا ۋە ئۇستازلار ياردەمدە بولۇش، ئەمما ھەممىگە چات كېرىۋالماسلىق قاتارلىق تەدبىرلەر ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئادەمدىكى يوشۇرۇن تالانت تەسەۋۋۇرىمىزدىن نۇرغۇن دەرىجىدە كەڭرى ۋە ئومۇمىي بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى بالىلار ئۆزىدىكى خاسلىقتا ئويغۇن بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىش قۇدرىتىگە ئىگە.



بېنرايمىن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى «مۇۋاپىق مۇھىت» نىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تۈرلۈك كەسىپلەردە كامالەتكە يەتكەن ئادەملەرنى تەكشۈرگەن ئەھۋاللارنى ئەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ يېتىلىشىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئائىلە تالانتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاللىقانداق چېكىسىدە مۈڭگۈزى بار خاسىيەتلىك ئادەملەر بولماستىن، بەلكى ئۆز بالىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغان تەربىيىنى قېتىرقىنىپ ئېلىپ بارغانلاردۇر. بۇنىڭ بىلەن بېنرايمىن: «سەن ئۆز خاھىشىڭ بىلەن ئۇلۇغ بىر تالانت ئىگىسىنى يېتىشتۈرمەكچى بولساڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسەن، چۈنكى بۇنداق بولغاندا مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرگەن بولىسەن» دېگەن يەرگە كەلگەن. ئۇ يەنە بالىلارغا مۇۋاپىق مۇھىت يارىتىشنىڭ ھەممە ئادەمگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەرقى بولىدىغانلىقىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بالىلار ئاتا - ئانىلىرى قىزىققان ھەرىكەتلەرنى ۋە ھۈنەرنى دورايدۇ، بۇنداق دوراش بىلەن ھەممە بالا ئاتا - ئانىسىدەك بولۇپ كەتمەيدۇ، بەزى يازغۇچىلارنىڭ بالىسى يازغۇچى بولالمايدۇ، ئارتىسلارنىڭ بالىلىرى داڭلىق ئارتىست بولالمايدۇ، ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇدۇمىنى بىردەك ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. بىراق، ئۇنداق مۇھىت باشقا بالىلارغا قارىغاندا شۇ بالىلارغا كۆپرەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. خۇددى بېنرايمىن ئېيتقاندەك: «ئائىلىسىدە مۇزىكا بولغان ئائىلىلەردە يېتىلگەن بالىلار مۇزىكانت بولۇپ يېتىلىشى ناتايىن، ئەمما، ئائىلىسىدە مۇزىكا بولمىغان بالىلار مۇزىكانت بولۇپ يېتىلەلمەيدۇ».

بېنرايمىن مۇشۇ تەتقىقاتقا كىرىشىشتىن بۇرۇن، ئىزچىل

تۇردە تالانت تۇغما بولىدۇ، تۇغما بولغاچقا كىچىككىنە بالىلاردىمۇ ئاجايىپ ئىقتىدار كۆرۈلىدۇ، دېگەن قاراشتا تۇرۇپ كەلگەنىكەن. لېكىن، ئۇ تەتقىقات جەريانىدا كۆپ ساندىكى بالىلارنىڭ كۆپ يىللار بەل قويۇپ بەرمەي تىرىشىشى ئارقىسىدا ئاندىن تالانتلىقلار قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى بايقىغان. بەزى سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى كىچىك ۋاقتىدىلا سۇ ئۈزۈشتە كۆزگە كۆرۈنگەن بولسىمۇ، تالانتلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن. رويال ماھىرلىرىدا تەبىئىي رىتىم تۇيغۇسى، مۇزىكا ئىنكاسى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسىدا مۇكەممەل مۇزىكا تۇيغۇسى بولمىغان. مۇنەۋۋەر ماتېماتىكلارمۇ ئۆگىنىشتىن قىينالغان. دېمەك، تالانتلىقلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە چېنىقىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، تالانتلىقلارنىڭ تەبىئىي مايىللىقى ۋە تۇغما ئالاھىدىلىكى ئۈستۈن بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئىناق ئائىلە بولۇپ، ئاتا - ئانىلىرى چېچەنلىك بىلەن بالىلىرىنىڭ تالانتلىق بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن. تالانتلىق ئاتا - ئانىلار بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئاتا - ئانىلار بولسۇن، باشتىن - ئاخىر بالىلىرىنىڭ ئىلھامچىسى بولغان.

تالانتلىق بالىلار ئادەتتە كۆپ يىل تىرىشقاندىن كېيىنلا ئۆزىدىكى تالانتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلىگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۈچ باسقۇچتىن ئۆتكەن: بىرىنچى باسقۇچتا، ئۇلار ئويناپ يۈرۈپ بىرەر پائالىيەتكە بەكرەك قىزىققان. ئىككىنچى باسقۇچتا، بۇ خىل قىزىقىش بارغانسېرى گەۋدىلىنىشكە باشلىغان، شۇ ئاساستا ھەر خىل سىناق ۋە ئىمتىھانلاردا باشقا رىقابەتچىلىرىدىن ھالقىپ كېتىش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەم جەڭگىۋار پوزىتسىيىدە ئىلگىرىلىگەن. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇلاردىكى ئاشۇ ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەن ۋە ئۇستازلارنى تەكلىپ قىلىپ



ئۇلارنى تەربىيىلىگەن. دەسلەپكى ئۇستازلار بالىلارغا ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتكەن. بۇنداق ئۇستازلار ناھايىتى بىلىملىك بولمىغان تەقدىردىمۇ، قىزغىن، مۇلايىم، بالىلارنى تەقدىرلەش، ئىلھاملاندۇرۇشقا ئېرىنمەيدىغان ئادەملەر بولغان. ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئۇستازلار بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە شۇ بالىدا تالانت چوققىسىغا چىقىشتىكى ئارتۇقچىلىق دەپ قارالغان ھۈنەرنى قاتتىق تەلەپ بىلەن ئۆگەتكەن. شۇ ھۈنەر ياكى كەسىپنى مۇكەممەل دەرىجىسىگە يەتكۈزمىگىچە يانمايدىغانلاردىن بولغان. ئۈچىنچى باسقۇچتا ئۇستازلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى ھەم ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، بالىلارغا بەك قاتتىق تەلەپ قويۇپ تۇرۇۋالماي، تۈرلۈك چارىلار بىلەن ئۇلاردا ئاڭلىقلىق، تەبىئىيلىك يېتىشتۈرۈپ، ئۇلاردىكى ئارتۇقچىلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلار بولغان.

ئاتا - ئانا بىلەن ئۇستازلارنىڭ بالىلارغا بىرلىكتە ئىلھام بېرىشىگە كەلسەك، بالىلار تالانتقا ئىنتىلىۋاتقان كەسىپتە زېرىكىپ قالسا ياكى بىرەر ئىشتا مەغلۇپ بولسا، ئۇلارنى ئۇستىلىق بىلەن ئىلھاملاندۇرغان. مەسىلەن، ئۇلار مۇسابىقە مەيدانىدا يېڭىلىپ قالسا، ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇستازى ئۇلارغا خاپا بولماستىن، «يەنە بىر قېتىم ئېلىشىپ، بىر قېتىم ئۇتتۇۋالغاندىن كېيىن چىقىپ كەتكىن. بۇ، يېڭىلىپ چېكىنىپ چىققاندىن كۆپ ئەۋزەل» دېگەن.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بەزى بالىلار كىچىكىدە شۇنداق ئەقىللىق، خاتىرە قابىلىيىتى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە ئۈستۈن بولسىمۇ، ئاخىرىدا نەتىجە قازىنالمىغان. نەتىجە قازانغان تالانتلىقلار بولسا، يۇقىرىقىدەك نازۇك تەربىيىلىنىشلەردىن باشقا بىر يۈرۈش تاللاشلاردىن ئۆتكەن. ھېچ بولمىغاندا، ۋاقتىنى مەشققە ئىشلىتەمدىمەن ياكى

باشقا پائالىيەتلەرگىمۇ، ئويۇن - تاماشىغىمۇ دېگەندەك مەسىلىلەردە ئىنچىكە ھېسابات قىلغان. ئۇلار ھەر كۈنلۈكى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئىگىلەپ تۇرغان. ئۇلار ئون ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن، ھەر ھەپتىسى كەم دېگەندە 25 سائەت ۋاقتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلەتكەن. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ باشقا ھەرقانداق ئىشقا ئىشلەتكەن ۋاقتىدىن ئارتۇقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلەتكەن ۋاقتى كۆپ بولغان. ئويلاپ باقايلى، بۇ ۋاقىت بىر بالىنىڭ بىر ھەپتىدە تېلېۋىزور كۆرگەن ۋاقتىغا يېقىن كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

دېمەك، بارلىق بالىلار ئومۇمەن يوشۇرۇن تالانتلىقلار بولۇپ، ئاتا - ئانا، ئۇستازلار ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇلارنى تەربىيىلەشكە چارە تېپىشى، ئۇلارنىڭ تالانت يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىشى، ئۇلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بالىلار تالانتلىقلاردىن بولۇپ كېتەلمىگەندىمۇ تەنتەربىيە، مۇزىكا قاتارلىق پائالىيەتلەردە داڭق چىقىرىدىغان ياكى باشقا ئەقلىي پائالىيەتلەردە كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، بالىلىق ۋاقتىدا ئۆگەنگەن نەرسىلەر ياشلىق ۋاقتىغا بارغاندا ئىقتىدارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار مەيلى قانداق خىزمەتكە قاتناشسۇن، بىرەر ئىشتا ئارتۇقچىلىقى بار بالىلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش شەرتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق دېبالانغان قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش ھەممىدە ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىگە ئىلھام بېرىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىزنى قىيناۋاتقان پىسخىك ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا، ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ تالانتلىق بولۇشقا يېتەكلەش، بىزنىڭ تالانتلىق خەلق بولۇشىمىزدىمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.



## ١٧ باب تالانت ئاساسىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى

كىشىلەر ئەقلىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقى — ئەقىل تەتقىقاتىدا دۇنيا خاراكتېرلىك ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. بۇ ھەقىقەتنىڭ ئېچىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي كامالىتى ئۈستىدە بولۇۋاتقان ئايىغى چىقماس تالاش - تارتىشلاردىكى زور بۆسۈش. ئەمما، ئەقلىي كامالەت ئەقلىي زىيادىلىكنى بايقاش ۋە ئۇنى يېتىشتۈرۈپ ئادەمنى ۋايىغا يەتكۈزۈش بولۇپ، بۇ پائالىيەت كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بىرنەچچە تالانتلىق ئادەمنى تېپىپ چىقىپ ئىلاھىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئاساسىنى ئىلمىي يوسۇندا ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى كەڭ خەلققە ئىگىلىتىپ، ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئەقىل بولۇقىنى ھاسىل قىلىشتۇر. بىز مۇشۇ مەقسەتتە ئادەم تەبىئىتىدە نېمە بولسا شۇنى ئىلمىي چۈشىنىشنى، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى نەزەردە تۇتىمىز.

## 1§. كىشىلەر ئەقلىنىڭ تەكشى ئەمەسلىكى ۋە زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈش

### 1. كىشىلەر ئەقلىنىڭ تەكشى ئەمەسلىكى

پسىخولوگلار ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئاھالە ئىچىدىكى تەقسىملىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلغاندا، ئەقلى زىيادە ئۈستۈنلەر ئاز، ئەقلى ئوتتۇراھاللار كۆپ، ئەقلى زىيادە تۆۋەنلەرمۇ ئاز بولىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە بۇنداق ھالەتنى تۆۋەندىكى ئەگرى سىزىق بىلەن ئىپادىلەيدۇ:



1 — رەسىم. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەقسىملىنىشىنى كۆرسەتىدىغان نورمال ئەگرى سىزىق

پسىخولوگلار ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ بۇنداق تەقسىملىنىش ئەھۋالىنى ئادەتتە «زېھنىي بۆلۈنمە» ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. زېھنىي بۆلۈنمە ئەقىل سىناش ئارقىلىق ھېسابلاپ چىقىلىدۇ. ئېلىمىز پسىخولوگلىرىنىڭ دۇنيا پسىخولوگلىرىنىڭ ئىشۇنداق قائىدىسى بويىچە 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قارىغاندا، ئەقلىي قابىلىيىتى زىيادە يۇقىرىلار تەخمىنەن 3 پىرسەنتنى، ئەقلىي قابىلىيىتى زىيادە تۆۋەنلەرمۇ



3 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان. ئامېرىكىلىقلاردا ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ تەقسىملىنىشى ئومۇمەن مۇنداق ئىكەن:

| ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ كوئېففىتسېنتى | تۈرلىرى | % |
| --- | --- | --- |
| 140 ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار | ئەڭ مۇنەۋۋەرلەر | 1.5 |
| 139 — 120 | مۇنەۋۋەر ياكى ناھايىتى ئۆتكۈرلەر | 11 |
| 119 — 110 | ئۆتكۈرلەر | 18 |
| 109 — 90 | نورماللار | 48 |
| 89 — 80 | كالۋالار | 14 |
| 79 — 70 | ناھايىتى كالۋالار | 5 |
| 69 — 0 | ئىقتىدارى تۆۋەنلەر (ھاڭۋاقتىلار، ئىقتىدارسىزلار، دۆتلەر) | 2.5 |

يالغۇز ئامېرىكىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل غەرب دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەقىل سىناش ھەرىكىتىدە پۈتكۈل ئاھالە تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، ئەقىل سىناش ئۆلچەملىرى بويىچە قارىغاندا، ئەقلىي نورماللار ئاھالىنىڭ 50%نى ئىگىلىگەن (زېھنىي بۆلۈنمىسى 90 — 110)؛ ئەقلىي مۇنەۋۋەر بولغانلار 6.7% نى ئىگىلىگەن (زېھنىي بۆلۈنمىسى 120 — 130)؛ ئەقلىي مۇنەۋۋەرلىكتىن ھالقىغانلار 2.2% نى ئىگىلىگەن (زېھنىي بۆلۈنمىسى 130 دىن يۇقىرى)؛ تالانتلىقلار 0.5% نى ئىگىلىگەن (زېھنىي بۆلۈنمىسى 140 تىن يۇقىرى). بۇنداق ئەقلىي سىناشلارنىڭ ئىلمىي بولمىغان جايلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرقى سەۋىيىدە ئەقلىي پەرقنى ئايرىشتا مۇھىم ئاساس بولغاچقا، غەرب دۇنياسىدا يۇقىرىقى ئۆلچەملەر ئەقىل

بولۇشىنى ئېچىشتا كەڭ قوللىنىلماقتا.

ئالىملار زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ ئۈستۈناۋكىنى تۇغما ئۈستۈنلۈك دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تالانتلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئىرسىيەتلىك ئاساسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، تالانتلىق ئادەملەرنىڭ نورمال ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن تەرەپلىرىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلماقتا. بولۇپمۇ ئەقلىنىڭ نورمال قابىلىيەت بەلگىلىمىلىرىدە سەل قارالغان خاراكتېر، ئىجادىي قابىلىيەت. بىلىم ئىقتىدارى قاتارلىقلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىسىدىلا شەكىللىنىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرمەكتە. ئۇلار يەنە: تالانت تۇغما بولمايدۇ، تۇغمىلىقتىكى زىيادىلىك ياكى كەملىكنى ئادەمنىڭ پاراستى ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. زېھنىي بۆلۈنمىسى ناھايىتى تۆۋەن، ئەقلى كەم بەزى ئادەملەرنى ھەرقانچە تەربىيىلىگەن بىلەنمۇ تالانتلىق بولۇپ چىقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىي كەملىكنى تۈگىتىش شەرت بولىدۇ. ئادەمنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئۈستۈن، ئەقلى زىيادە بولغاندىلا، ئاندىن تاشقى مۇھىت ۋە تەربىيىلىنىش نەتىجىسىدە تالانتلىق بولۇپ يېتىلىدۇ. شۇڭا ئەقلىي زىيادىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ شەرتى بولىدۇ. يېتىشتۈرۈش ئارقىسىدىلا ئەقلىي كەم ئادەملەرمۇ تالانتلىق بولۇپ يېتىلىدىغان بولسا، مۇھىت، تۇرمۇش، تەربىيىلىنىش شارائىتلىرى ياخشى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تالانتلىق بولۇپ كېتەتتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرسىلا، بۇ دۇنيا دانىشمەنلەر دۇنياسى بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا، پەرقنى ئېتىراپ قىلىپ. ئومۇمىي خەلق ئىچىدە ئەقلىي زىيادىلىكنى ئۆستۈرۈش، ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ قارايدۇ.



ئومۇمەن، ئەقلىي قابىلىيىتى ئوتتۇرا ھاللار مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ، زىيادە يۇقىرىلار بىلەن زىيادە تۆۋەنلەر ئىنتايىن ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ.

پسىخولوگلار ئەقلىي قابىلىيەت تەتقىقاتىنى ئومۇمىي ئاھالىگە ئەمەس. ئالدى بىلەن باللارغا قارىتىدۇ. باللار ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى نورمال، نورماللىقتىن يۇقىرى، نورماللىقتىن تۆۋەن دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىيدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتتە نورمال باللارنىڭ ئەقىل سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلەرنى ئەقلى زىيادە باللار، ئەقلىي قابىلىيەتتە سەۋىيىسى نورمال باللارنىڭ سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولغان باللارنى ئەقلى كەم باللار دەپ ئاتايدۇ. بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە «دانىشمەن» نامىنى ئالغان ۋە چەت ئەللەردە «تالانتلىق» ئاتالغان باللار ئەنە شۇ ئەقلىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۈستۈن بولغان ئەقلى زىيادە باللاردۇر.

ئەقلىي زىيادىلىكنى تەتقىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش تەتقىقاتى ئالدى بىلەن ئەقلى زىيادە باللارنى ۋاقتىدا بايقاش، ئەقلىي زىيادىلىكنى يېتىشتۈرۈش، ئەقلى زىيادە باللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ نىشانلىق تەربىيىلەپ، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تالانتلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاندىن قالسا، ئەقلى زىيادە باللارنىڭ يېتىلىش قانۇنىيىتىنى ئادەتتىكى باللارغا قارىتىلغان مائارىپ تەربىيىسىگىمۇ تەتبىقلاپ، ئادەتتە باللارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى، ئەقلى زىيادە باللارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن بىللە

ئەقلى كەملىكمۇ مەۋجۇت. بۇنداق ئەقلى كەملىك ئىرسىيەت ئامىللىرىدىن باشقا، ھەتتا كىشى ئويلىمىغان تەرەپلەردىنمۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ساغلام ئەر - خوتۇندىن بەزىدە تامامەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىگە ئوخشىمايدىغان ئەقلى كەم باللار تۇغۇلۇپمۇ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەختلىك ئائىلىلەردە بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى پەيدا بولۇپ، شۇ ئائىلىنىڭ ئىستىقبالىدا بىرخىل قارا كۆلەڭگە ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەقلى كەم باللار كۆپىيىپ كەتسە، دۆلەتكە بولغان بېسىممۇ ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئەقلى كەملىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ ئۇنى قانداق داۋالاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەقلى كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ نىشانى زېھنىي بۆلۈنمىسى 80 دىن تۆۋەن بولغان گالۋاڭلار، زېھنىي بۆلۈنمىسى 50 تىن تۆۋەن بولغان ھاڭۋاقتىلار، زېھنىي بۆلۈنمىسى 25 تىن تۆۋەن بولغان دۆتالەردۇر.

## 2. زېھنىي بۆلۈنمىسىنى ئۆستۈرۈش

پسىخولوگلارنىڭ ئەقلىي زىيادىلىك ۋە ئەقلىي كەملىكنى تەتقىق قىلىشى ئەقلىي زىيادىلىكنى ۋاقتىدا بايقاپ، نىشانلىق تەربىيىلەش ۋە ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىسىنى قوللىنىش بولۇپلا قالماي، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەۋلادنىڭ ئەقلىي ئاساسىنى پۇختىلاشنى، ئاھالىنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىنى ئۆستۈرۈش ئامىللىرىنى تېپىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



چۈنكى بىر ئادەمنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى يۇقىرى بولغانسېرى ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلەش قابىلىيىتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەنە بىر مىللەتتىن ئۈستۈن بولسا، بۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەم جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەم ئەھمىيەت بېرىۋاتقان مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە بىزدە ئەمەلىي تەجرىبىلەر كەم بولغانلىقتىن، ياپونىيىلىكلەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىگە نەزەر سالايلى.

بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ئەنگىلىيىنىڭ «تەبىئەت» ژۇرنىلىغا زېھنىي بۆلۈنمە مەسىلىسىگە ئائىت بىر تەكشۈرۈش دوكلاتى بېسىلدى، بۇ دوكلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن پۈتكۈل غەرب دۇنياسى ھاڭ - تاڭ قالدى.

بۇ دوكلاتنىڭ ئاپتورى دوكتور ر. لۇيىننىڭ كۆرسىتىشىچە: ئۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان ۋە بىر قەدەر ئىشەنچلىك بولغان داۋىد ۋېكسلېر ئۇسۇلىنى قوللانغان. 1100 نەپەر ياپونىيىلىك (ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن 2200 نەپەر ئامېرىكىلىقنى ياش چېكى بويىچە گۇرۇپپا قىلىپ، زېھنىي بۆلۈنمە سىنىقى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە $\frac{3}{4}$ ياپونىيىلىكنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئامېرىكىلىقلار ھەم ياۋروپالىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئۈستۈن بولۇپ چىققان. ئالدىنقىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە زېھنىي بۆلۈنمىسى 111، كېيىنكىسىنىڭ پەقەت 100 بولغان ھەمدە 10% ياپونىيىلىكنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 130 دىن ھالقىپ «تالانتلىقلار قاتارى» غا كىرگەن. ياۋروپا،

ئامېرىكىدا پەقەت 2% كىشىلا بۇ سەۋىيىگە يەتكەن. كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغايدىغان يەنە بىر نەتىجە شۇكى، يېقىنقى 70 يىلدىن بۇيان ئەنگلىيە، فرانسىيە، بېلگىيە، سابىق فېدېراتسىپ گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە ھەم يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق ئەللەردىكى ئاھالىلەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش بولغان ۋە ھېچقانچە ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەن، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەقلىي بۆلۈنمىسى بولسا يەتتە ئۇلۇش يۇقىرى بولغان.

ياپونىيىلىكلەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىنىڭ مۇنداق يۇقىرى بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ دوكتور ر. لۇئىن: «زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ مۇنداق يۇقىرى بولۇشىنى ئاھالىلەرنىڭ ئىرسىيەت ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىغان. بىراق ھەرقايسى ياش گۇرۇپپىسىنى سېلىشتۇرۇشتىن ئېلىنغان نەتىجىلەرگە قارىغاندا، ئالتە ياشلىق بالىلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىمۇ روشەن ھالدا ئاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭمۇ ياپونىيىگە ئوخشاشلا ئىقتىسادى گۈللەنگەن، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مائارىپ، ئوزۇقلۇق ھەم سەھىيە جەھەتلەردە ئەۋزەل شارائىتلاردىن بەھرىمەن بولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ياپونىيىلىكلەرنىڭلا زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسى ئۆسۈپ بارىدۇ؟ «تەبىئەت» ژۇرنىلىنىڭ باش ماقالە يازغۇچىسى ئاندىرسىن مۇنداق قارايدۇ: بىر ئەسىردىن بۇيان، ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىش زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ روشەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇرۇشتىن كېيىن كۆپلىگەن دېھقانلار شەھەرگە ئېقىپ كىردى، ئەسلىدە ئالاقە قىلىشمايدىغان دېھقانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشى نەتىجىسىدە ئىگىلىك تېز راۋاجلاندى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتلار ياخشىلاندى. غەرب مەدەنىيىتى سەلدەك



ئېقىپ كىردى... بۇ، زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ ئېشىشىغا تۈرلۈك ئامىللار (ئىرسىيەت، ئوزۇقلۇق، مائارىپ ھەم ئىجتىمائىي مۇھىت) نىڭ ھەر تەرەپلىمە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

غەرب ئەللىرىدىكى زېھنىي بۆلۈنمىنى سىناش پائالىيەتلىرى ھەم دوكلاتلىرى نۇرغۇن تۇرۇقلۇق، ر. لۇئىننىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى نېمە ئۈچۈن غەرب دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردۇ؟ نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتتىن ئالغاندا، ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىنىڭ شارائىتى ياپونىيىگە ئوخشايدۇ. بىراق، ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسى ياپونىيىلىكلەردىن روشەن تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇنداق ھادىسە مۇھىت تەرەپدارلىرى بىلەن ئىرسىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ مۇنازىرىسىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇۋەتتى. ئىرسىيەت تەرەپدارلىرى ئەقىلنى تۇغما بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ر. لۇئىننىڭ قارىشىچە: ياپونىيىلىكلەرنىڭ ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلاردىن ئەقىللىق بولۇشى ئاساسەن تۇغما چېچەنلىكتىن بولغان، پايدىلىق شارائىت يەنە بۇ خىل تۇغما چېچەنلىكنى تولۇق راۋاجلاندۇرغان. ئىختىساسشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ياپونىيە ياشلىرىنىڭ 10% نىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 130 غا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولىدۇ، يەنى ئادەتتىكى ئالىملار، ئىنژېنېرلار، دوختۇرلار، ئادۋوكاتلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولمايدۇ. ياۋروپا، ئامېرىكىلىقلاردا پەقەت 2% لا كىشى بۇ سەۋىيىگە يېتەلەيدۇ. ئەگەر كىشىلەر زېھنىي بۆلۈنمە بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بار دەپ قارىسا، ئۇنداقتا كەلگۈسىدە بارغانسېرى تېخنىكا يېڭىلاشقا تايىنىدىغان جەمئىيەت ئىقتىسادىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىچكى باغلىنىشى بەلكىم تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى مىللەتنىڭ كەلگۈسى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ھازىرقى

ماددىي بايلىقلىرى ۋە زېھنىي بۆلۈنمىسى بىلەن مەغرۇرلانغان مالىمەتلەر كەلگۈسىدە چېكىنىپ كېتىشى مۇمكىن. نۇرغۇن زاتلارنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ئارقىدا قالغان خەلق ئاخىرقى ھېسابتا قالاقلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش، ئۆز خەلقىغە ياخشى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشى، بولۇپمۇ ئۆزلىرىدىكى ئەقلىي زىيادىلىكنى جارى قىلدۇرۇشى، ئەقلىي كەملىكنى تۈگىتىشى، زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈش بويىچە زامانىۋى ئۇسۇل قوللىنىشى كېرەك. ئاھالىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ بولغان دۆلىتىمىزدە ئەگەر ياپونىيىلىكلەرگە ئوخشاش زېھنىي بۆلۈنمە بالداقمۇ بالداق ئۆرلىسە، بىز بۇنىڭدىنمۇ بەختلىك ياشىغان بولاتتۇق. زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاچقۇچى پەن - تېخنىكا. سوتسىيالىستىك ئەخلاق مىزانىنى كۈچەيتىش، قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلغاندىن كېيىن، كاللىسى پەنگە، تېخنىكىغا، ئىجادىيەت، ئىختىراغا يارايدىغانلار كۆپەيمىسە ۋە بۇنداق ئادەملەر كۆپەيگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغان ياخشى ئىستىل بولمىسا، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، ئىسلاھات قەدىمى ئاستا بولىدۇ. شۇڭا، زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بىرى دەپ قاراش كېرەك.

## §2. ئەقلىي زىيادىلىك

ئەقلىي زىيادىلىكنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەقلىي زىيادىلىكنى باياقاشنى بىلىش كېرەك. پسىخولوگلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت



تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ سېزىۋېلىشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ.

### 1. ئەقلى زىيادە باللار بىلەن بالدۇر يېتىلگەن باللارنىڭ پەرقى

ئەقلى زىيادە باللار ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ئەمما ئەقلى زىيادە باللارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى ئالامەتلەر بارلىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئەقلى زىيادە بولۇپ كېتىشى ناتايىن. خەلق ئارىسىدا ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكىتىدە چوڭلارنى دورايدىغان، دەرستە ئەلا بولغان بەزى باللارنى ئەركىلىتىپ «بېخى سويما» ياكى «كىچىك قېرى» دەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئەقلى زىيادە باللار قاتارىغا قويىدۇ. لېكىن بۇنداق باللارنىڭ بەزىلىرى بالدۇر يېتىلگەن باللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ياكى ئەقلىي ھەرىكەتلىرىدىكى ئىپادىلىرى ئەقلى زىيادە باللارغا ئوخشىمايدۇ. ئەقلى زىيادە باللاردىكى زىيادىلىك ئالامەتلىرى ئۇلاردىكى بالدۇر يېتىلىش ياكى ئۆگىنىشتىكى كۈچلۈكلۈك ئەمەس، بەلكى ئەقلىي زىيادىلىكنى مەركەز قىلغان پسىخىك تەرەققىياتلاردۇر. شۇڭا، ئەقلى زىيادە باللارنى يۇقىرىدىكى پسىخولوگىيىلىك ئۆلچەملەر بىلەن پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تۆۋەندىكى تەرەپلەردە بالدۇر يېتىلگەن باللاردىنمۇ پەرقلەندۈرۈش كېرەك:

## بالدۇر يېتىلگەن باللار

(1) خۇسۇسىيەت ئىپادىسى: كىچىك تۇرۇپ ئۆزىدىن چوڭ باللار ياكى چوڭلارنىڭ ھەرىكىتى، پوزىتسىيىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بالىلىق دەۋرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە تەدرىجىي چېكىنىدۇ.

(2) يېتىلىش سەۋەبى: بىر تەرەپتىن ئالاھىدە مۇھىت ياكى ئالاھىدە تەربىيە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى سۇيۇقلۇق ئاجرىتىش جەھەتتىكى غەيرىي نورماللىق قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك سەۋەبلەر ئۇنىڭ غەيرىي نورمال تەرەققىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## ئەقلى زىيادە باللار

(1) ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭدا ھەيرانلىق، مۇستەقىل ئىجادىيلىق كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق باللار دەرستە ئەلاچى بولىدۇ ياكى بولمايدۇ. ئالاھىدە بولغان بىرەر ساھەدە (گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا...) ئەلا نەتىجىلىك بولىدۇ. 12 — 13 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن، ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ.

(2) ئىرسىيەت ئامىلىغا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مۇھىت تەسىرى ۋە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى قوشۇلىدۇ.



## 2. ئەقلىي زىيادىلىك ئالامەتلىرى

پسىخولوگلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئالامەتلىرى ئوخشاش بولمىغان ياش باسقۇچلىرىغا قاراپ، ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكلىرى ھەر خىل بولىدۇ. ئەقلى زىيادە باللاردا كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە نەزەر سالساق، بوۋاق باللارنىڭ ئەقلىي زىيادىلىكى خەت تونۇشقا ھەۋەس قىلىش، ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سېزىمى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق باللار ئىككى ياش ئەتراپىدا ئاق، قارا، قىزىل، كۆك قاتارلىق رەڭلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ماشىنىنىڭ گۈركىرىشىنى ئاڭلاپ پىكاپ ياكى يۈك ماشىنىسى ئىكەنلىكىنى بايقىيالايدۇ. چوڭ — كىچىك، يۇقىرى — تۆۋەن، ئوڭ — سول تەرەپلەرنى بايقايدۇ. خەت تونۇشقا باشلايدۇ، بىردىن 10 غىچە سانىيالايدۇ. ھازىر دۇنيادا بۇ ھەقتە تۈرلۈك قاراشلار بار. ئادەتتە باللارنىڭ مەكتەپكە كىرگەن ۋە مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى 4 — 6 ياش ۋاقتىدىكى ئەقلىي ئەھۋالى ئۈستىدە بايقاشلار كۆپرەك. مۇشۇ ياشلاردىكى زېھنىي نورماللىقتىن ھالقىغان باللارنى ۋاقتىدا بايقىۋېلىپ تەربىيىلىگەندە، مۇنەۋۋەر تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەقلى زىيادە باللار ھەققىدە ئامېرىكىلىق ئالىم رىس تۆۋەندىكى 10 نەچچە ماددىنى پسىخولوگىيىلىك پرىنسىپ قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان:

1. بىلىم ۋە ماھارەت جەھەتتە: ئاساسىي ماھارەت ۋە ئاساسىي بىلىملەرگە ئىگە بولغان بولۇشى، بۇ ماھارەتلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك؛

2. دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش جەھەتتە: ئاسانلىقچە دىققىتىنى بۆلمەيدىغان بولۇشى، بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش

ئۇسۇلىنى تېپىشتا ئۆز دىققىتىنى باشتىن - ئاخىر تولۇق مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك؛

3. ئۆگىنىش قىزغىنلىقى جەھەتتە: مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئامراق بولۇشى كېرەك؛

4. چىداملىق جەھەتتە: بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى مۇھىم نىشان قىلىپ، ئۇنى جىددىيلىك بىلەن تىرىشىپ تاماملايدىغان بولۇشى كېرەك؛

5. ئىنكاسچانلىقى جەھەتتە: ئاسان ئىلھاملىنىدىغان، چوڭلارنىڭ تەكلىپى ۋە سوئاللىرىغا ئاكتىپ ھالدا ئىنكاس قايتۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك؛

6. ئەقلىي ھەۋىسى جەھەتتە: مەسىلىلەرنى ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك يېشەلەيدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولۇشى كېرەك؛

7. بەسلىشىشكە نىسبەتەن ئىنكاسى جەھەتتە: بىرقەدەر قىيىن مەسىلىلەر، مەشغۇلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە بەس - مۇنازىرە قىلىشقا ئامراق بولۇشى كېرەك؛

8. سەزگۈرلۈكى جەھەتتە: ئۆز يېشىدىن ھالقىغان دەرىجىدە زېرەك بولۇشى، ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك؛

9. ئاغزاكى بايان قىلىشتىكى پۇختىلىق دەرىجىسى جەھەتتە: سۆز - ئىبارىلەرنى توغرا ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك؛

10. تەپەككۇر راۋانلىقى جەھەتتە: كۆپ ئۇقۇملارنى شەكىللەندۈرەلىگەن بولۇشى، يېڭى ۋە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇقۇملارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك؛

11. تەپەككۇرچانلىقلىقى جەھەتتە: ئۆزىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشتىن قۇتۇلۇپ، باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى ئارقىلىق مەسىلىلەرگە توغرا قارىيالايدىغان بولۇشى كېرەك؛



12. ئىجادچانلىقى جەھەتتە: يېڭىچە ئۇسۇل ياكى پەۋقۇلئاددە ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسىلە ھەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك؛

13. تەسەۋۋۇر كۈچى جەھەتتە: مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە كۈچلۈك تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك؛

14. ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتى جەھەتتە: بەلگىلىك ئۇقۇمنى بىرقەدەر كەڭ مۇناسىۋەتلەرگىچە كېڭەيتەلەيدىغان بولۇشى، بەلگىلىك ماتېرىيالنى پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتلىرىدىن چىقىش قىلىپ چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك؛

15. ھەۋەسىنىڭ كەڭرىلىكى جەھەتتە: سەنئەت، تىياتىر، خەتتاتلىق، كىتاب ئوقۇش، تەنتەربىيە، ماتېماتىكا، پەن - تېخنىكا، مۇزىكا ۋە ئىجتىمائىي بىلىم قاتارلىق ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن پەنلەرگە قىزىقىدىغان بولۇشى كېرەك؛

16. كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە: ھەر خىل كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى خالايدىغان بولۇشى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزى ئۈچۈن خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بولۇشى، باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدىغان بولۇشى، ھەدىسىلا باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدىمەيدىغان بولۇشى كېرەك؛

17. كەيپىياتىنىڭ مۇھىملىقى جەھەتتە: دائىم ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنچىسى كامىل بولۇشى، خۇش خۇي ۋە تەمكىن، خۇش چاقچاق بولۇشى، كۈندىلىك ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالايدىغان بولۇشى، تېرىككەك بولماسلىقى كېرەك.

«پۈتۈن ئامېرىكا مائارىپچىلار جەمئىيىتى» نىڭ ئەقلى زىيادە باللار توغرىسىدىكى دوكلاتىدا، ئەقلى زىيادە باللاردا تۆۋەندىكىدەك 10 تۈرلۈك ئالاھىدىلىك بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1. توغرا ھەم راۋان سۆزلەيدۇ؛

2. قېلىپىبازلىق بىلەن مەشىق ئېلىپ بارمىغان تەقدىر-

دىمۇ، ئەركىن ھەم چاپسانلىق بىلەن ئۆگىنىدۇ؛

3. گۇمانلىق مەسىلىلەرگە ئۇزاققىچە دىققىتىنى بېرىدۇ؛

4. مەنىسى چوڭقۇر مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ؛

5. بىرنەرسىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ، چېتىلىشىنى بىلىدۇ ھەمدە ئېنىق ھالدا ئەقلىي يەكۈن چىقىرالايدۇ؛

6. كەڭ مەنىدىكى سۆزلەرگە ئۇرغۇپ تۇرغان قىزىقىش بولىدۇ؛

7. ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئىگىلىۋالالايدۇ؛

8. ئۆزگىچە ئۇسۇل ۋە ئۇقۇم قوللىنالايدۇ؛

9. خاتىرە قابىلىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ؛

10. كۆزەتكەن ھادىسىلەر ئۈستىدە ئۇجۇر - بۇجۇرىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، ھەمىشە «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويالايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ناھايىتى كۆپ پسىخولوگ ۋە كەشپىياتچى، مۇتەخەسسلار تالانتلىق بالىلار ھەققىدە بايقاش ئېلىپ بارغان. ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ۋەيتە بىلەن فرانسىيەنىڭ تالانتلىق بالىلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى بىرقەدەر ئەمەلىيرەك بولسا كېرەك. بۇلارنىڭ تەتقىقات ۋە تەجرىبە نەتىجىسىنى ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرىدىن ۋاڭ تۇڭشۇن مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

ۋەيتە تالانتلىق بالىلاردا 10 تۈرلۈك ئالاھىدىلىك بارلىقىنى بايقىغان:

1. بۇرۇن تىلى چىقىدۇ؛

2. خېلى كۆپ سۆزلەرنى بۇرۇنراق بىلىدۇ ۋە ئايرىم سۆزلەرنى قىلالايدۇ؛

3. كۆرگەن نەرسىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ ۋە كۆزەتكەن تەسىراتىنى يادىدا تۇتىدۇ؛

4. كىتابقا قىزىقىدۇ ياكى ئامراق بولىدۇ، كېيىنرەك خەرىتە، لۇغەت، قامۇسلارغا خۇشتار بولىدۇ؛

5. كالېندار، ئۇستەل سائىتى قاتارلىقلارغا بۇرۇنراق قىـ



زىقىش تۇغۇلىدۇ؛

6. كۆپ ساندىكى نورمال بالىلارغا قارىغاندا، دىققىتىنى ئۇزاقراق يىغالايدۇ؛

7. رەسىم سىزىش، مۇزىكا چېلىش ۋە باشقا سەنئەت شەكىللىرىنى ياخشى ئورۇندايدۇ ۋە پۇختا رول ئالىدۇ؛

8. شەيئىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجىسىنى بۇرۇن بايقايدۇ؛

9. ئوقۇش قابىلىيىتى بۇرۇنراق يېتىلىدۇ؛

10. ھەر خىل قىزىقىش بۇرۇنراق يېتىلىدۇ؛

فرانسىيە تالانتلىق بالىلاردا تۆۋەندىكىدەك 21 تۈرلۈك ئالاھىدىلىك بارلىقىنى بايقىغان:

1. تەن قۇرۇلۇشى ئەلا سۈپەتلىك بولىدۇ: مەسىلەن، ئايىغى ۋە تىلى بۇرۇنراق چىقىدۇ، بويى ئېگىزرەك ھەم ئېغىرراق بولىدۇ، جىسمانىي ھەرىكەتلىرى راۋۇرۇس، چىداملىق بولىدۇ ۋە ساغلاملىقتا ئوتتۇرا نورماللىقتىن ھالقىيدۇ؛

2. دىققەت قابىلىيىتى كۈچلۈكرەك بولىدۇ؛

3. بىلىمنى چاپسان، بىمالال، بەك كۆپ تەكرارلىماي ئىگىلەيدۇ؛

4. ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى بىرقەدەر تېز بولىدۇ ھەمدە سۈرئەت ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ داۋام قىلىدىغان ئىزچىل ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرالايدۇ؛

5. سۆز ماھارەتلىرىنى پىششىق تەتبىقلاپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيۋى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش قابىلىيىتى بولىدۇ؛

6. ئۆزىنىڭ مۇھىتىغا خېلى يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىدۇ؛

7. شەيئىلەرگە قارىتا كۆپرەك سوئال نەزەرى بىلەن قارايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە سەۋەبلىرىنى ھەقىقىي تۇردە بىلىۋېلىشنى ئويلايدۇ؛

8. ئۆگىنىش بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ ۋە شۇ تۈپەيلى، مەلۇم

قىيىن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ؛

9. ئادەتتىكى تەرتىپتە بەلگىلەنگەندىن تاشقىرى شەيئىلەرگە ياكى مەشغۇلاتتىن تاشقىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن مەسىلىلەرگە قىزىقىپ قالسا، ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنى قوغلىشىدۇ؛

10. نورمال باللار بىلەلمىگەن بىر مۇنچە ئىشلارنى بىلىدۇ؛

11. ئۆگىنىشنى ھەر خىل ئەھۋاللارغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارالايدۇ، بۇنداق ئەھۋاللار يۆنىلىش جەھەتتە باغلانمايدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ؛

12. شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ، شۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛

13. قاتمال مەسىلىلەرنى، تېپىشماقلارنى ۋە نەيرەڭۋازلىقلارنى تېزلىكتە تەھلىل قىلالايدۇ؛

14. ئۆزگىچە ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ئېسىل، ئادەتتە كەم بولغان ئۇسۇل ھەم ئىدىيىلەرنى قوللىنالايدۇ؛

15. بىر خىل ياكى كۆپ خىل ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ؛

16. ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى، ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان مەسىلىلەرنى ئېنىق تەھلىل قىلالايدۇ؛

17. ئىشلارنى بىمالال تۇرۇپ بېجىرەلەيدۇ ھەمدە ئەھۋاللارنى تىزگىنلىۋالالايدۇ؛

18. مەغلۇبىيەت ئالدىدا ئاسانلىقچە روھى چۈشۈپ كەتمەيدۇ؛

19. كەيپىياتى مۇقىمراق بولىدۇ؛

20. باشقىلارنىڭ قابىلىيىتىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ؛

21. ئۆزگىرىشچان، ستېخىيىلىك ۋە ھەرقاچان ئۆزىگە قوماندانلىق قىلىپ تۇرىدىغان قىزىقىشى بولىدۇ.



ئامېرىكىنىڭ سان - فرانسىسكودىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان بىر مەكتەپتە ئەقلى زىيادە باللارنى تاللاش ئۈچۈن بىر ھەرىكەت جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، بۇنى كۆپلىگەن پېداگوگلار مۇۋاپىق كۆرگەن ۋە ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئەقلىي زىيادە باللارنى مۇناسىۋەتلىك بىلىم، تەتقىقات يۇرتلىرىغا تونۇشتۇرغان. بۇ ماددىلار تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئەقلى زىيادە باللارنى تاللاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

1. ئۆگىنىپ ھارمايدۇ.

2. پەن، سەنئەت ياكى ئەدەبىياتتا تەقدىرلىنىپ تۇرىدۇ.

3. پەنگە ياكى ئەدەبىياتقا بەك قىزىقىدۇ.

4. مەسىلىلەرگە ئۆتكۈرلۈك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

5. ماتېماتىكىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولىدۇ.

6. كەيپىياتى تۇراقلىق بولىدۇ.

7. يۈرەكلىك بولىدۇ، يېڭى ئىش قىلىشقا ئالدىرايدۇ.

8. تەڭتۇشلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

9. مەلۇم ئىشلارنى چەبدەسلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرالايدۇ.

10. ئۆزى يالغۇز ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

11. ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ۋە باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا نىسبەتەن ئۇيغۇن بولىدۇ.

12. ئۆزىگە ئىشىنىدۇ.

13. ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ.

14. سەنئەت نومۇرلىرىدىن لەززەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

15. مەسىلىلەرنى ئىجادىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىدۇ.

16. شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولىدۇ.

17. چىراي ۋە تۇرقىدا ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

18. ئالدىرايدۇ — ئاسانلا ئاچچىقلايدۇ ياكى مەلۇم بىر

تۈرلۈك خىزمەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ.

19. باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىشكە تەشنا بولىدۇ.

20. راۋان ھەم مول، مەزمۇنلۇق سۆزلەيدۇ.

21. تەسەۋۋۇر كۈچكە ناھايىتى باي ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ.

22. سۆھبەتلەشكەندە باشقىلارنىڭ سۆزىگە كۆپ لوقما سالىدۇ.

23. ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىدۇ.

24. يۇمۇرلۇق ھېسسىياتتا بولىدۇ (ئىككى بىسلىق سۆزلەر، ئۇلانما تەسەۋۋۇرلۇق سۆزلەرنى قىلىدۇ).

25. ھەدېسىلا ھەيران بولىدۇ ۋە مەسىلە سورايدۇ.

26. شەيئىلەرنى بەكمۇ ئىنچىكە كۆزىتىدۇ.

27. بايقىغان نەرسىلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىشقا ئالدىرايدۇ (دوستى ياكى خىزمەتدىشىغا).

28. زادىلا مۇناسىۋىتى بولمىغان ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلەرنى تاپىدۇ.

29. يېڭى بىر نەرسىنى سەزگەندە ئۈنۈملۈك ھاياجاندا بولىدۇ.

30. ۋۇجۇدىدا بىر ئىش ھۆكۈم سۈرگەندە، ۋاقىتنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ.

نېمىس فىزىئولوگى گىدمان، ئىنگلىز ئالىمى ئىللىي، شۋېت ئالىمى بولتىسمانلار يۇنۇس بېلىقنىڭ چوڭ مېڭىسىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى پەقەت ئادەم بىلەن ئورانگوتاننىڭكىدىنلا تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ يۇقىرى زېھنىي ماھارىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق، ئادەم ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ مۇشۇنداق تەرەققىي قىلغان ھايۋانلارنىڭ ھەرقانداقىغا سېلىشتۇرغىلى



بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆسۈپ كېتىشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىدىكى ئەمگەكنىڭ ئەتراپتىكى مۇھىتقا پائال تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. دەل مۇشۇنداق پائالىيەتچانلىقنىڭ تەسىرى جەرياندا، ئادەم مېڭىسى ئۆزىگە خاس ئالىي پسىخىكىلىق ئىنكاس شەكلى ئاڭنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئادەم مېڭىسىنىڭ ئاڭدىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس رولى ھەم تەبىئەت مەھسۇلى، ھەم جەمئىيەت مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پسىخىكىسى بولسۇن، ياكى شەخسنىڭ پسىخىكىسى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەرەققىياتى «ئەتراپتىكى مۇھىتقا پائال نەسىر قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولغان ئادەم مېڭىسىنىڭ پائال ئىنكاس قىلىش رولى» نى شەرت قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. دەسلەپكى يېتىلىش تەربىيىسى بولمايدىكەن، ئەقىل جەمئىيەت ئوچىقىدا تاۋلانمايدۇ - دە، پەقەت تەبىئەت مەھسۇلى سۈپىتىدە تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنداقتا ئەقلىي زىيادىلىك، تالانت ئالاھىدىلىكلىرى ئۆسۈپ يېتىلەلمەيلا قالماستىن، ھەتتا چېكىنىپ كېتىدۇ، چېكىنىپ كەتمەيدۇ دېگەندىمۇ، ئەقلىي زىيادە بالىلار، تالانتلىق بالىلارنىڭ جەمئىيەتكە لازىملىق قابىلىيەتلىرى ئېچىلمايلا قالماستىن، نورمال بالىلارنىڭ ئەقلىي زىيادىلىك، تالانتلىق بالىلار قاتارىغا ئۆتۈشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

## 3§. ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئاساسى

ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئاساسى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ ئايىغى چىققىنى يوق. بۇ مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى

ئەقلىي زىيادىلىك تۇغما بولامدۇ ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيىگە باغلىق بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدۇر. مۇنازىرە جەريانىدا ئالىملار دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئىلىم مۇنبەرلىرىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويماقتا. بىزنىڭ قارىشىمىزچە: ئەقلىي زىيادىلىك تۇغما قابىلىيەت بىلەن سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىلىش تەشنالىقى، مەلۇم پائالىيەتكە بولغان قىزىقىش ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئەقلى زىيادە باللارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىدىكى سۇبيېكتىپ ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى باللاردىكى ئەقلىي زىيادىلىكنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئوبيېكتىپ ئامىلدۇر. ئەقلى زىيادە باللارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئىرسىيەتلىك ئامىللار بىلەن باغلىنىپ تۇرسىمۇ، ئاساسلىقى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تەربىيىگە باغلىق بولىدۇ. دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

بەزى ئالىملار مۇنداق قارايدۇ: «ئىنسانلار ئەقلىي تەرەققىياتىدىكى زىيادىلىك دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. مائارىپ بىلەن ئەقىل ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىش يوق. دەسلەپكى مائارىپ ئەقىلنى كۈچەيتەلمەيدۇ، خاتىرە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلمەيدۇ. دەسلەپكى مائارىپنىڭ ئەقىلنى زىيادە قىلىۋېتىشىنى، خاتىرە قابىلىيىتىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىگە يەتكۈزۈشىنى تېخىمۇ تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ».

ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولامدۇ؟ ياق. ئەقلىي زىيادىلىك دەسلەپكى تەربىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دەسلەپكى تەربىيە ياكى مائارىپ تەربىيىسى بارلىق باللارنىڭ ئەقلىنى زىيادە قىلىۋېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەقلى زىيادە بولۇش ئالدى



بىلەن دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسىگە باغلىنىدۇ. ئەقلىي زىيادىلىك دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغۇچىلار ئېھتىمال دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرگە دەلمۇدەل قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنى مائارىپ تەربىيىسىنى بۇرۇنقى چاغلاردىكى پەقەت مەكتەپتە ئوقۇتۇش تەربىيىسى ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيدە باللارغا خەت ئۆگىتىش تەربىيىسى دېگەن چۈشەنچىگە دەللەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە تەربىيە ھەرگىز ئاشۇ ئىككى تۈر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ھازىرقى زاماندا ئېيتىلىۋاتقان دەسلەپكى تەربىيە ياكى دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى دېگەنلەر بالا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپلا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيىنى، تۈرلۈك چارىلار بىلەن ئەقلىنىڭ بالدۇر يېتىلىشىنى، ئىلگىرى سۈرۈشىنى ۋە باللارنىڭ كاللىسىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈشنى، ئۇلاردىكى ئىنكاسچانلىقنى تېزلىتىشنى... كۆرسىتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، باللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ. باللارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالغاندا ئۇلارنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. باللاردا مۇئەييەن ئىجتىمائىي كاتېگورىيە ۋە ھەرىكەت مىزانلىرى بويىچە مۇئەييەن ئەخلاقىي ئىدىيە ۋە ئىرادە پەزىلىتى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. باللار ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئەقلىي جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ. ئادەم ھاياتىدىكى دەسلەپكى ئۈچ ياش ۋاقتى ھايات تەرەققىياتىنىڭ نېگىزلىك مەزگىلى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم تەربىيىلىنىش ۋاقتىدۇر. بۇ ۋاقىت چوڭ مېڭە تەرەققىياتىدىكى ئالتۇن دەۋر بولۇپ، بۇ چاغدا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، ئەقلىنىڭ

تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ئۈچ ياشلىق ۋاقتى يەنە ئەقىل تەرەققىياتىدىكى سەزگۈرلۈك ۋاقتىنىڭ ھالقىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدە تەربىيە مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلسا، ئادەتتىكى بالىلارمۇ بىرەر مىڭ سۆز ئۆگىنەلەيدۇ ۋە خەت تونۇيالايدۇ. 2 — 3 ياشلار ئارىلىقى بالىلارغا خەت تونۇتىدىغان مۇھىم تەربىيە ھالقىسىدۇر. ئەگەر 17 ياشلىق ئادەمنىڭ ئەقلى 100% بولسا، 2 — 3 ياشتا ياخشى تەربىيە ئالغان بالىنىڭ ئەقلى تۆت ياشتا 50% گە يېتىدۇ. ئەقلىي تۇغما كەمتۈك بولغان ياكى ناھايىتى گالۋاڭ بالىلارغا ھەرقانچە تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان بىلەنمۇ، ئەقلىي زىيادىلىك دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، دەسلەپكى تەربىيىنى بېرىش - بەرمەسلىك ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ. دەسلەپكى تەربىيە ياكى مائارىپ تەربىيىسى بىلەن ئەقىل تەرەققىياتىنى مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

بەزى ئالىملار بەزى ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلاردىكى تۆۋەنلىكىنى مىسالغا ئېلىپ، ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مائارىپ تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىزلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. بۇ تېخىمۇ داۋلىسى يوق گەپ. تەربىيە نىشانلىق بولمىغاندا ياكى ئۇ ھەربىر بالىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ماس كەلمىگەندە ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇنداقلا دەسلەپكى تەربىيە ھەممە ئادەمنى ئەقلىي زىيادە قىلىۋېتەلمەيدۇ، بەلكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى توغرا بولغان ۋە توغرا تەربىيىگە ئىگە بولغان بىر قىسىم بالىلارنىلا ئەقلىي زىيادە قىلالايدۇ. تۇغما قابىلىيەت ئاساسى ياخشى بولغان ھەمدە دەسلەپكى تەربىيە ئۇسۇلىمۇ توغرا بولغانلارنىڭ ئەقلىنى زىيادە قىلالايدۇ. ئۇلۇغ ئالىم دارۋىن: «ئادەم جىسمىدىكى بارلىق ئەزالار ئىشلىتىلسە تەرەققىي قىلىدۇ، ئىشلىتىلمىسە چېكىنىدۇ»



دېگەندەك، تۇغما قابىلىيەت — تۇغما زېھنىي بۆلۈنمە ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، دەسلەپكى تەربىيىگە ئىگە بولالمىغان بالىلارنىڭ تالانتلىق بولالىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. بۇ يەردە بىز نۇقتىلىق تەكىتلەۋاتقان دەسلەپكى تەربىيە كىشىلەر چۈشەنچىسىدىكى ئوقۇشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىنىلا ئەمەس، سەزگۈرلۈك مەزگىلىدىكى تەربىيىنى نەزەردە تۇتىدۇ. شۇڭا سەزگۈرلۈك مەزگىلى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىلسە، ئۆمۈرلۈك ئەقىل تەرەققىياتى ئۈچۈن تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانلار بولىدۇ، دەپ قارايمىز.

دەسلەپكى تەربىيىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان ئامېرىكىلىق پسىخولوگ دېننىس پاراۋانلىق ئورنىدىن ئەمدى تۇغۇلغان بالىلاردىن بىر تۈركۈمنى تاللىۋېلىپ چىقىپ ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق تەسىرىدىن ئايرىۋەتكەن. نەتىجىدە ئايرىم بېقىلغان بۇ بالىلار فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە باشقا بالىلاردەك ئۆسكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەقىل مېخانىزمى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا گالۋاڭلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن جامائەت دېننىسنى ئەيىبلەپ، ئۇنى بۇنداق تەجرىبىنى توختىتىشقا مەجبۇرلىغان. بۇ بالىلار كېيىنچە مائارىپ تەربىيىسىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، سەزگۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئەقلىي تەربىيە پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقتىن، گالۋاڭ - ساراڭلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان. بۇ ئاچچىق ساۋاق پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە دەسلەپكى تەربىيىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان.

تېھران يېتىم بالىلار قورۇسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندىمۇ، ۋاقتىدا ۋە مۇۋاپىق تۈردە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى ئەقلىي تەربىيىنىڭ ئادەم تالانتىنىڭ يېتىلىشىدە، ئەقلىي زىيادىلىكىنىڭ تۇراقلىنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. تېھران يېتىم بالىلار قورۇسىدىكى بالىلارغا زۆرۈر بولغان غەمخورلۇق ۋە تەربىيە

كەمچىل بولغانلىقتىن، بىر يېرىم ياشتىن ئۆۋەن بالىلارنىڭ 85% ى ئولتۇرالمىغان، ئۈچ ياشتىن ئاشقان بالىلارنىڭ 85% نىڭ ئايىغى چىقمىغان. ئۈچ ياشقا يېقىنلاشقان بالىلارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش قابىلىيىتى يېتىلمىگەن. ئۇلارنى تەربىيىلىگەندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردا ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىش بولغان.

يۇقىرىقى ئىككى مىسال قىسقا مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ۋە تەجرىبە قىلىش نەتىجىسى بولۇپ، بۇ، دۇنيادا دەسلەپكى تەربىيىنىڭ ئەقلىي زىيادىلىككە بولغان تەسىرىنى مۇقىملاشتۇرۇدىغان بىنىر، سىمىيون، تېلمىن، سىلىسلارنىڭ يېرىم ئەسىر داۋاملاشتۇرغان ئىلمىي تەجرىبىسىدۇر.

مائارىپ تەربىيىسىنى، بولۇپمۇ دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدىكى مۇھىت ۋە مائارىپ تەربىيىسىنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىزدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، نۇرغۇن ئالىملار ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ھەم تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ: بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى كېمىيىپ بېرىش قانۇنىيىتى بويىچە يېتىلىدۇ. تۇغۇلغاندا قابىلىيىتى 100 لىك بولغان بالا، تۇغۇلغاندىن تارتىپ كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلەنسە، 100 لىك قابىلىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ، بەش ياشتىن باشلاپ تەربىيىلەنسە، تەربىيە ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغان تەقدىردىمۇ 80 لىك قابىلىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ، ئون ياشتىن باشلاپ تەربىيىلەنسە، تەربىيە ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ، ئاران 60 لىك قابىلىيەتكە ئىگە ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. روشەنكى، ئالىملارنىڭ بۇ قارىشىدا ئاز - تولا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش بار. بۇنداق قاراشنى جامائەت تولۇق قوبۇل قىلالىشى ياكى ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلىشى ناتايىن. لېكىن بۇ قاراشتا ئالغا سۈرۈلگەن تەربىيىنى بالدۇر باشلىغاندا بالىنىڭ ھەر تەرەپلىمە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تولۇق يېتىلدۈر-



گىلى بولىدۇ، دېگەن ئىدىيە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ ئىدىيە ئادەمنىڭ تەبىئىتى ۋە قابىلىيەت تەرەققىياتىنى بىرقەدەر تولۇق مۆلچەرلەپلا قالماستىن، ئادەمنىڭ تەبىئىتى ھەم قابىلىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇمران ھالىتىدىكى ئۆسۈشى ئۈچۈن مۇھىت ھەم تەربىيە بىلەن تەمىن ئېتىش تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

بالىلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا پىلتىڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇپ باقسىڭىز ماڭىمەن دېگەندەك قىلىپ ئالدىغا تەلپۈنىدۇ. مېڭە ھەققىدىكى تەتقىقاتتا دۇنياغا داڭلىق بولغان بىدىل روسسىل بۇ ھەقتە ئۇگاندانىڭ بالىلىرىنى مىسالغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇگاندادىكى ئانىلار بوۋاقلارنىڭ مېڭىش تەلپىگە ئىلھام بېرىدىكەن. شۇڭا، ئۇ يەردىكى بالىلار 7 — 10 ئايدىلا ماڭىدىكەن. بۇ ھەرگىز ئىرقىي ئۆزگىچىلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇگاندادىكى بوۋاقلار ئەنگلىيىدە بېقىلسا 14 ئايلىق بولۇپ ئاندىن ماڭالىغان بولاتتى». بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بالىلار تۇغۇلۇش بىلەنلا ئاجايىپ بىر دۇنيانى كۆرىدۇ. ئۇلاردا تەبىئىي، ئاسانلىقچە قانمايدىغان ھەيران قېلىش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ، مۇشۇ ھالەتتە بىلىشكە بولغان تەبىئىي تەلەپ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ھەيرانلىق ئاساسىدىكى تەبىئىي تەلەپ يېتەكلەنسە، بالىلار ھەر جەھەتتىن بۇرۇن ھەم نورمال يېتىلىدۇ، يېتەكلەنمىسە يېتىلەلمەيدۇ ھەتتا چېكىنىدۇ. ئۇگاندادىكى ئانىلار بالىلىرىنىڭ مانا شۇنداق تەبىئىي ئىيلىكىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسىمۇ ئاساس قىلىپ، بالىلىرى بىرەر ئىشقا تەمشەلگەن ھامان دەرھال شۇلارنىڭ رايى بويىچە ياردەملىشىپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ ئويىنىشى، ھەر خىل نەرسىلەرنى ئېلىپ كۆرۈپ بېقىشى، سۆزلىشىگە ئىلھام بەرگەن. شۇڭا، ئۇ بالىلار تېخى بىر ياشقا كىرگەندە بىرمۇنچە تېرمىنلارنى ئىشلىتىپ سۆزلىشەلىغانمۇ بولغان. بىراق، ئۇگان-

دالىق ئانىلار بالا تۆت ياشقا كىرگەن ھامان باللىرىغا بۇرۇنقىدەك ئىگە بولماي، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىشى بىلەن كارى بولمىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ باللارنىڭ دەسلەپكى يېتىلىش ۋاقتى ئىسراپ بولۇپ كەتكەن.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بىرمۇنچە ئالىملارنىڭ يېتىلىشىدە كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇگاندا ئاياللىرىدەك باللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى تەبىئىيلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ياردەمدە بولىدىغان، ئاتا - ئانىلارنىڭ مەزمۇنغا باي مۇھىت ھازىرلاپ بېرىشى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئالىملارنىڭ يېتىلىشىدە ئاتا - ئانىلار ئۇگاندا ئاياللىرىنىڭ قىلغىنىنى قىلىپلا قالماستىن، ئائىلىدە باللارغا ئىنتايىن مول شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشكىمۇ دىققەت قىلغان. ئەڭ مۇھىمى، باللارنىڭ دەسلەپكى يېتىلىش مەزگىلىنى تاكى مەكتەپكە كىرگۈچە ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇپ، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ پەرۋىشىنى كۈچەيتكەن. بەزىلەر مۇنداق تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى كۆچەت قويۇپ ئورمان ئەھيا قىلىشقا ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆچەتكە باشتىن تارتىپلا كۈن نۇرى، سۇ، ئوغۇت جەھەتلەردىن، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، ھارام شاخلىرىنى چاتاش قاتارلىق جەھەتلەردىن تولۇق قارايدىغان بولساق، ئۇ كۆچەت جەزمەن تۈز ئۆسۈپ، بالدۇرلا چوڭ دەرەخكە ئايلىنىدۇ. باشتىن تارتىپلا ئوغۇت بەرمەي، سۇغارماي، ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئۆسۈشىگە قويۇۋەتسەك، ئۇ چوڭ دەرەخكە ئايلىنالىسىمۇ، ئالدىنقىسىغا يەتمەيدۇ. ئوغۇتلاپ، سۇغىرىپ تۇرمىساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن نۇرى يېتەرلىك بولمىسا، ئۇ چوقۇم چوڭ دەرەخ بولۇپ يېتىلەلمەيدۇ، ئۇنى ئۆستۈرىمىز دەپ غولىدىن تارتىپ قويىدىغان بولساق، دەرھال قۇرۇپ قالىدۇ، دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدىكى ياخشى تەربىيەمۇ دەرەخنى ئوغۇتلاپ، سۇغىرىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىپ،



يېتەرلىك كۈن نۇرى چۈشۈرۈپ، ياۋا شاخلارنى چاتاپ تۇرغانغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ①».

ئەقلى زىيادە باللارنىڭ كۆپچىلىكىدە يالغۇز بىر تەرەپتىلا ئالاھىدە قابىلىيەت بولۇپ قالماستىن، ئۇلاردا ئەتراپلىق قابىلىيەتكە يەنى ئومۇمىي قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش ئېھتىمالى كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزى ھاللاردا تالانت دائىرىسىدە تەسۋىرلىنىشى ھەم شۇ سەۋەبتىن بولۇپ، ئۇلار ياخشى تەربىيىلىنىپ چېڭ بولسا، قايسى پەن بىلەن شۇغۇللانسا شۇ پەننى بىلىپ ھەم تەتبىقلاپلا قالماستىن، تەنتەربىيە، سەنئەت، ئەدەبىيات، تەشكىلاتچىلىق ياكى ئۆزلىرى دىققىتىنى بەرگەن ھەرقانداق بىر ساھەدە ئەتراپلىق قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىراق، ئەقلىي زىيادە باللارغا يۇقىرىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك دەسلەپكى تەلىم - تەربىيە چىڭ ئېلىپ بېرىلمىسا، ئۇلاردىكى ئەقلىي ئۈستۈنلۈك باشقا بىر ھاجەتسىز تەرەپلەرگە ئىشلەپ كېتىدۇ - دە، ئۇلار يەنە ناھايىتى يامان ياكى كەپسىز ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

چۈنكى، كۈچلۈك دەسلەپكى تەربىيە شارائىتىدىن ئايرىلغان باللارنى جەمئىيەتتىكى ئادەت كۈچى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ كېتىدۇ. ۋۇجۇدىمىزدىكى ئادەتلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى پايدىلىق، يەنە بەزىلىرى پايدىسىز بولغانلىقتىن، ئەقلى زىيادە باللار پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئادەتلىرىمىزنى ناھايىتى تېزلىكتە ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ - دە، سەل - پەللا بىپەرۋالىق قىلساق، ھەتتا بەزى يامان ئادەتلىرىمىزنى يۇقتۇرۇۋېلىش خەۋپى كۆرۈلىدۇ.

① شاۋ داشېڭ: «تېخىمۇ ئەقىللىق بولاي دېسىڭىز...» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 110 -، 111 - بەتلەر.

ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساقمۇ، ئەگەر بىر بالا مەلۇم ياخشى ئادەتكە ئادەتلىنىپ قالسا، بەلگىلىك ۋاقىت، ئورۇن ۋە شارائىت ئاستىدا مۇنداق ئادەتلىنىپ قالغان پائالىيەت تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئورۇندىلىدۇ. ئادەت بالىنىڭ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كۆپ زېھنىي قۇۋۋىتىنى، تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ چوڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، يۈز يۇيۇش ۋە ئېغىز چايقاش ئادەتلىرى، ئۆگىنىش قوراللىرىنى بەلگىلىك ئورۇنغا قويۇش ۋە تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەش ئادىتى، ئەڭ مەدەنىي بولغان يېنىك ئاتلېتىكا ۋە ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، بېيىت ۋە تېپىشماق ئېيتىش ئادىتى، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە ھەيران قېلىپ چوڭلاردىن: «بۇ نېمە؟»، «نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ»، «نېمىشقا شۇنداق بولغان؟» دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ تۇرۇش ئادىتى، ۋاقتىدا ھەرىكەت قىلىش ۋە دەم ئېلىش ئادىتى قاتارلىقلار. مۇنداق ياخشى ئادەتلەرگە قانچە كۆپ ئادەتلەنسە، ئۆگىنىشتە تېخىمۇ كۆپ قولايلىقلارغا ئىگە بولىدۇ. زىيانلىق ئادەتلەر بولسا، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتىكى بىر خىل ئوشۇقچە يۈك بولۇپ، مۇنداق ئادەتلەر بالىنىڭ ئۆگىنىشىگە دەخلى قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەقلىي زىيادىلىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا يات تەرەپلەرگە ئېلىپ قاچىدۇ. شۇڭا، دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدە بالىلارنىڭ بولمىغۇر ئادەتلەرگە ئادەتلىنىپ قېلىشتىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىش لازىم. بىر قېتىم تاماكا چېكىپ قويۇش، بىرەر غەيرىي ھەرىكەت، بىرەر جۈملە غەيرىي گەپ-سۆز قىلىپ قويۇش ياكى بىرەر قېتىم ئېرىنچەكلىك قىلىش، ياكى ئىشقا بۇيرۇسا ئۇنىماي قويۇشنىڭ كارايىتى چاغلىق دەپ قارىماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ بولمىغۇر ئادەتلەرگە ئادەتلىنىپ قېلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. پسىخولوگلار ئادەم قانچىكى ياش بولسا، ئادىتىمۇ شۇنچە ئاسان شەكىللىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.



شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ۋە ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار بالىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردا ياخشى ئادەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يېتىلدۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق ئۇلاردىكى ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدە تالانت بىخىنى يۇمران قەلبلەردە ئۆستۈرۈشى كېرەك.

دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدىكى تەربىيىنىڭ رولىنى ناھايىتى تەكىتلەپ كېتىشىمىزدىكى ئۈچىنچى بىر سەۋەب، يەنە شۇ مېڭىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھازىرقى زامان نېرۋا ئىلمىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەردىن قارىغاندا، مېڭىنىڭ تەرەققىياتى تۇغۇلغاندىن تارتىپ ياشلىق دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدە تېز بولىدۇ. يەتتە ياشقىچە ئارىلىقتا، يەنى مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1-، 2-سىنىپلىرىدا ئوقۇيدىغان چاغلاردا ئەڭ تېز بولىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 290 گرام بولۇپ، بۇ چوڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى (چوڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1400 گرام)غا باراۋەر، توققۇز ئايلىق بولغاندا 660 گرامغا يېتىدۇ. ئىككى يېرىم ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغاندا 500 — 1010 گرامغا يېتىپ، چوڭ ئادەم مېڭىسى ئېغىرلىقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا باراۋەر بولىدۇ. يەتتە ياشقا كىرگەندە 1210 گرامغا يېتىپ، چوڭ ئادەم مېڭىسى ئېغىرلىقىنىڭ 90 پىرسەنتىچىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ چاغدىكى چوڭ مېڭە خۇددى قۇم سۇنى سۈمۈرگەندەك بىلىمنى تېز ھەم كۆپ قوبۇل قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەجرىبىلەردە ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ چاغدا پىلانلىق تەربىيىلەنگەن بالىلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئۆسۈش ئىمكانىيىتى زور بولۇپ، مۇشۇ مەزگىلدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، زېھنىي بۆلۈنمىنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى تەس بولىدۇ، 20 ياشتىن كېيىن زېھنىي بۆلۈنمىنى تولۇقراق ئىشقا سېلىشقا مۇمكىن

بولسىمۇ، ئۆستۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. ئامېرىكىدا 40 بوۋاق ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان پىلانلىق تەربىيىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى پەرسەنتلەشتۈرۈلگەندە 70% ئەتراپىدا بولغان. بۇ بالىلار ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان. بىر گۇرۇپپىدىكى بالىلارغا ھەر كۈنى ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئىنچىكە تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ گۇرۇپپىدىكى بالىلار تۆت ياشقا كىرگەندە زېھنىي بۆلۈنمىسى 100% كە يېتىپ، نورمال ئۆلچەمدىكى تالانتلىق بالىلار قاتارىغا كىرىپ كەتكەن. يەنە بىر گۇرۇپپىدىكى بالىلارغا پەۋقۇلئاددە مۇئامىلە قىلماي نورمال تەربىيە بەرگەن، بۇ بالىلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 80% تە توختاپ قالغان. ياۋروپادىكى بىرنەچچە دۆلەتتىكى تەجرىبە ۋە سىناق نەتىجىسى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىكەن. لېكىن، دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدىكى تەربىيىنى مۇشۇنداق ياخشى ئېلىپ بارغان بەزى بالىلارغا ماس كېلىدىغان ئايرىم مائارىپ شەكلى بولمىغاچقا، بۇنداق بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، دەسلەپكى تەربىيىنى كۆرمىگەن بالىلار قاتارىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۇلاردىكى تالانت بىخلىرى چېكىنىپ كەتكەن. بولۇپمۇ تالانتلىق ھېسابلانغان بالىلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى نورمال بالىلاردىن ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆزلىرىنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىگە قارىغاندا ئىككى يېرىم يىل ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنداق بالىلارنىڭ سەككىز يېرىم ياش ۋاقتىدىكى زېھنىي بۆلۈنمىسىنى ئۆلچىگەندە 14 ياشلىق نورمال بالىلار بىلەن تەڭ بولغان. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، زېھنىي ئۆتكۈر بولغان، ئەقلىي زىيادە تالانتلىق، دەپ قارالغان بالىلارنى چېكىندۈرۈپ ئوقۇتۇش، نورمال بالىلارنىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئوقۇتۇش ياكى ھاجەتسىز قېلىپپازلىق بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يىلىنى ئۇزارتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىقلارنى تېزلىكتە



يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا پايدىسىز.

ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلماي بولمايدۇكى، ئەقلىي زىيادە بالىلارنىڭ ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى قانۇنىيەتلىك ھەم نورمىلىق ئىش بولۇپ، مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلسا يامان ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن نامى چىققان دانىشمەن بالا سىنتاس ئالتە ئايلىق ۋاقتىدا ھەرپ تونۇغان، ئىككى يېشىدا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىنى ئوقۇغان، ئۈچ يېشىدا 500 سۆزلۈك ماقالە ئېلان قىلغان، ئالتە ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن كۈنى ئاناتومىيە ھەققىدە يازغان ئىلمىي ماقالىسىنى باشقىلارغا ئوقۇپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى ئۇنى دەرىجىدىن ھالقىغان چولپان دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن. ئۇ 12 ياشقا كىرگەندە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن. ئەمما، 14 يېشىدا نېرۋىسىدىن ئادىشىپ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا كىرىپ داۋالانغان. 21 ياشقا كىرگەندە بىر دۇكانغا كىرىپ مال ساتقۇچى بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سىنتاس تېخى ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا تۈرلۈك بىلىملەرنىڭ قورشاۋىدا قالغان. بولۇپمۇ گېئومېترىيە، يەر شارى ۋە تۈرلۈك چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا ئاتىسى تەرىپىدىن تېڭىلغان. ئۇنىڭ پۈتكۈل بالىلىق دەۋرى يالغۇز ئىبادەت قىلىدىغان ئادەملەردەك بىلىم ئىستىقامىتى بىلەنلا ئۆتكەن. گەرچە ئۇ تۇغما ئەقىللىق بولسىمۇ، ھەددىدىن ئارتۇق بېسىم بىلەن نېرۋىسىدىن ئاداشقان ۋە كۈلمەيدىغان چاغلاردا كۈلىدىغان، خاپا بولمايدىغان چاغلاردا خاپا بولىدىغان بولۇپ قالغان. بىر كۈنى ئۇ نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، كىشىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىۋاتسا، ئۇ تۇساتتىن جامائەتكە كەينىنى قىلىپ ھىجايغانچە زادى توختىمىغان، كىشىلەر ئۇنىڭ نېرۋىسىدىن ئاداشقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇر-

خانىسىغا داۋالىنىشقا ئېلىپ بارغان. ئۇ ساقىيىپ ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى تەجرىبە قىلىشىغا ۋە پۈتكۈل دۇنياغا غەزەپلەنگەن ھەمدە ئاددىي كىشىلەردەك ياشاشقا تەشنا بولۇپ، ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، بىر ئاددىي دۇكان خادىمى بولۇۋالغان.

دېمەك، ئەقلىي زىيادىلىكنى يېتىشتۈرۈش ناھايىتى ئەستايىدىل ھەم ئۇزاققىچە بوشاشماي ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت بولۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە يېتىشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش تەربىيىلەش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىجادىيلىقى زىيادە كىشىلەرنى بايقاش ۋە ئۇلارنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەش ھازىرقى رىقابەتلىك دۇنيانىڭ جىددىي ئېھتىياجى بولغاچقا، بۇ جەھەتتىمۇ ئالىملار ناھايىتى كۆپلەپ ئىزدەندى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىجادىيلىق ئىنسانىيەت پاراسىتىنىڭ ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن ئوخشىمايدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرىپىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن ئىجادىيلىق زىيادىلىكى بالىلار كىچىك، زېھنىي بۆلۈنمىسى تۆۋەن چاغلاردا بۆلۈنمىگەن ھالەتتە تۇرىدۇ، ياش چوڭىيىپ بەلگىلىك ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىگە يەتكەن (زېھنىي بۆلۈنمە 120 گە يەتكەن) دە ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا باشلايدۇ. ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن ئىجادىي زىيادىلىك مەيلى بىرلىكتە تۇرغان، مەيلى ئايرىم ھالدا تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زاپاس قورالى سۈپىتىدە تۇرغان ئەڭ قىممەتلىك ئىقتىداردۇر. ئىجادىيلىق ئەقلىلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز تۇرغان ئەھۋالدىمۇ ئۆگىنىش قابىلىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەقلىي



قابىلىيەت، ئىجادىيلىق ۋە ئۆگىنىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئېنىقلاش، ئۇلارنىڭ گىرەلەشمە ھالەتلىرىدىكى بىباھا بايلىقلارنى قېزىش ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر ئېھتىياجىدۇر. ئىجادىيلىق ئەقلىي قابىلىيەتكە قارىغاندا خاراكتېر تۈسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنى يەنە ئادەمنىڭ خاراكتېرى، مىجەزى جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىشمۇ ناھايىتى زۆرۈردۇر. ھازىرقى كۈندىكى زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىدىكى رەڭگارەڭ ئۇسۇللارغا ئوخشاش ۋاستە سۈپىتىدىكى ئىجادىيلىقنى سىناش ئۆلچەملىرىمۇ ئاز ئەمەس. بىراق، ئۇلارنى ئىشلىتىدىغان سورۇنلاردا ھەر خىل كەسىپنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپراق كېلىدىغان ئۆلچەملەرنى توختىتىشقا، ئەڭ مۇھىمى ئىجادىيەت نەتىجىسى ئارقىلىق ئىجادكارلارنى ئۆلچەشنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## §4. ئەقلىي زىيادە بالىلارنى تەربىيىلەش

ئەقلىي زىيادە بالىلار ئادەتتە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىر تۈرى، ئەقلىي قابىلىيىتى ئومۇميۈزلۈكرەك زىيادە بولۇپ، بۇنداقلار ئازراق بولىدۇ؛ يەنە بىر تۈرى، ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغانلار بولۇپ، بۇنداقلار كۆپرەك بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنداقلار تىل، مۇزىكا، ماتېماتىكا، رەسىم، تەنتەربىيىگە ئوخشاش ئالاھىدە ساھەلەردە ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەقلىي زىيادە بالىلارنى تەربىيىلەشتىمۇ (ئائىلە پېداگوگىسى ئېلىپ بېرىشتىمۇ) ئومۇمىي ھەم ئالاھىدە ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇسۇللارمۇ يەنە مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى دەسلەپكى تەربىيە ۋە مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى تەربىيىلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئەمما ئومۇمىي تەربىيە ئۇسۇللىرى ئەقلىي

قابىلىيىتى ئومۇمىيۈزلۈكرەك زىيادە بولغان ۋە ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغانلارغا ئورتاق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 1. ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغان بالىلارنى تەربىيىلەش

ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغانلارغا ئادەتتە ھەربىر بالىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا بىز بالىلاردىكى ئەقلىي زىيادىلىكنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قەيت قىلىپ ئۆتتۇق. بىز بۇ يەردە ئالاھىدە قابىلىيەتلەرگە ئىگە بالىلارنى بايقاش بىلەن تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلەيمىز ۋە ئالاھىدە قابىلىيىتى زىيادە بولغان بىر نەچچە خىل بالىلارنى بايقاش ۋە تەربىيىلەشنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىمىز.

ئامېرىكا پسىخولوگلىرىنىڭ قارىشىچە، تىل قابىلىيىتى ئالاھىدە بولغان بالىلارنىڭ تىلى بالدۇر چىقىدۇ ھەم كۆپلۈكرەك سۆزلەيدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىشى ھەتتا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشى ئاسانراق بولىدۇ. تېلېۋىزوردىكى بەزى سۆزلەرنى ياكى كىتابتىكى بەزى جۈملىلەرنى ئاسان تۇتۇۋالالايدۇ، شېئىر يېزىشنى، ھېكايە ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدۇ. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ماھىر كېلىدۇ. بۇنداق بالىلارنى تەربىيىلەشتە كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا ئۇلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش، ساۋاتى چىققاندىن كېيىن ئۇلارنى كۆپلەپ كىتاب — ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش لازىم. شېئىر يادلاتقۇزۇش، يېزىق ئويۇنى ئوينىتىش، لۇغەت ئېلىپ بېرىش، يازغان — يادلىغانلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. قىسقىسى، تىل جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بار بالىلار ئادەتتە زور مىقداردىكى تىل — يېزىق تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ تۇرۇشى



كېرەك.

مۇزىكا ئىقتىدارىغا ئىگە بالىلار بىر نەرسىلەردىن ئاھاڭ چىقىرىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەتتا ئاۋاز چىقىدىغان ئەسۋاب، ماشىنا سىگنالى، خەت بېسىش ماشىنىكىسى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋازلارنىمۇ ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمدىلا ئايىغى چىققان چاغلاردا مۇزىكىلارنىڭ تارتىلىرىنى چېكىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋازنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاڭلايدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭى ناخشىلارنى ئۆگىنىشى تېز، تەلەپپۇزى توغرا بولىدۇ. بۇنداق بالىلارنىڭ تالانتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا ناخشا ئېيتىپ بېرىش، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېلىپ بېرىش، ئىمكان بولسا مۇۋاپىق ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ياكى ئىشتىن سىرت مۇزىكا مەكتەپلىرىگە بېرىش، ئائىلە پېداگوگىكىسى بويىچە ئالاھىدە قابىلىيەتلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ تەربىيىلەش لازىم.

## 2. ئەقلى زىيادە بالىلارغا ئومۇمىي تەربىيە بېرىشنىڭ پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرى.

دەسلەپكى تەربىيە ئادەتتە تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەش، بالىلارنىڭ تەسىرلىنىش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، ئويلاش قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ۋە خاتىرە قابىلىيىتى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە دىققەت قىلىش ئارقىلىق، بالىلار ئەقلىنى ياخشى يېتىشتۈرۈشنى باش پرىنسىپ قىلىدۇ. بۇ پرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە يېشىغا قاراپ تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئەركىلىتىش ياكى ئوينىتىش ئۇسۇلى: بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى بوۋاقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بوۋاقلارنى ئەركىلىتىش ۋە ئوينىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى،

ئاڭلاش سەزگۈسى ۋە چوڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېيىنكى ئەقلىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئويدان ئوينىتىش ياكى تاماشا قىلدۇرۇش ئۇسۇلى. گوركىينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئويۇن بالىلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ يولى». ئويۇن — ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولغان تەربىيىلەش ئۇسۇلىدۇر. ئويۇن ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىن.

ئۈچىنچى، ئېكسكۇرسىيە ئۇسۇلى. ئېكسكۇرسىيە قىلىش كۆڭۈللۈك بولغان بىر خىل ئۆگىنىشتۇر. ئېكسكۇرسىيە ئارقىلىق بالىلاردا قىزىقىش ۋە بىلىش تەشنالىقىنى ئاسانلا قوزغىغىلى بولىدۇ. بالىلارنىڭ كىچىككىدە قىلغان ئېكسكۇرسىيە تەسىراتلىرى، ھەتتا ئۇلارنى بىرەر ئىلمىي پائالىيەت ياكى تېخنىك پائالىيىتى بىلەن ئۆمۈرلۈك شۇغۇللىنىشقا، ئۇلارنىڭ بىرەر ماھارەت ئىگىسى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئېكسكۇرسىيە ئادەتتە ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلارغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. سەھرالىق بالىلارنى شەھەرلەرگە، شەھەرلىك بالىلارنى سەھرا – قىشلاقلارغا ئالماشتۇرۇپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغاندا، ئۇلار ئۆزلىرى ناتونۇش بولغان مەنزىرىلەردىن تەسىرلىنىدۇ. شەھەر تۇرمۇشى بىلەن چوڭ تەبىئەت توغرىسىدا! تۈرلۈك تەسەۋۋۇرلاردا بولىدۇ. دېمەك، ئېكسكۇرسىيە بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋە تەسەۋۋۇر پادىشاھلىقىدا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرىدىغان ياخشى ئۇسۇلدۇر.

تۆتىنچى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى. ئوقۇتۇش — بالىلارغا پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا بەزى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشتۇر. مەسىلەن، خەت تونۇتۇش، سان سانىتىش، رەسىم سىزدۇرۇش، مۇزىكا چالدۇرۇش قاتارلىقلار. بىراق، ھە دېگەندى-



لا خەت تونۇشنى بالىلار ئەقلىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇ پەقەت بىرلا تەرەپنى ئىپادىلەيدۇ، دەسلەپكى تەربىيىنىڭ ياخشى – يامان بولۇشىنى ئۆلچەشتە، بالىلاردىكى ئىنكاسچانلىقنىڭ جانلىق بولۇشىنى، بىلىمىنىڭ كەڭ بولۇشىنى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ مول بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. كىنو – تىياتىر كۆرسىتىش، ھېكايە سۆزلەپ بېرىش قاتارلىقلارمۇ بالىلارنى ئوقۇتۇشنىڭ ياخشى مەزمۇنلىرىدۇر.

بەشىنچى، ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى. بالىلار بىرەر ئۇتۇق قازانغاندا ياكى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىدە ئىلگىرىلىگەندە دەرھال تەقدىرلەش، خاتا ئىش قىلىپ قويغاندا، تەنقىدلەش كېرەك. ئەمما، تەقدىر – تەنقىدنىڭ ۋەزنىنى بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بالىلارغا چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى بىلدۈرۈش كېرەك. مۇۋاپىق تەقدىرلىگەندە، بالىلار ئىلھاملىنىپ ئالغا باسىدۇ. تەقدىر ئارتۇق بولۇپ كەتكەندە، بالىلار ئورۇنسىز مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدۇ. تەنقىد مۇۋاپىق بولغاندا، بالىلار تۈزۈلىدۇ، ئۇرۇش، تىللاش ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەنقىدلەر بالىلارنى بۇزىدۇ.

ئالتىنچى، ئۆزى ئۈلگە بولۇش ئۇسۇلى. بالىلار ئاتا – ئانىسىنى دوراشقا تولىمۇ ئامراق. ئاتا – ئانىلارنىڭ ھەربىر گەپ – سۆزى ئەمەلىيەتتە بالىلار دورايدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان مەزمۇندۇر. ئاتا – ئانا بالىلارنى ئالدىسا، بالىلارمۇ كىشىلەرنى ئالداشنى ئۆگىنىدۇ، ئاتا – ئانا راستچىل بولسا، بالىلارمۇ راستچىل بولىدۇ. ئاتا – ئانىنىڭ يامانلىق – ياخشىلىقى بالىسىدا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاتا – ئانىلار ئۆزلىرى ياخشى ئادەم بولۇش، ئائىلە پېداگوگىكىسىنى ئىجرا قىلالايدىغان بولۇپ تەربىيىلىنىش كېرەك.

## 3. دەسلەپكى ئومۇمىي تەربىيىنىڭ ئاساسى ۋە ۋاقىت تاللىشى

زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئالىم ۋە پسىخولوگلاردىن خېلى كۆپ كىشىلەر دەسلەپكى تەربىيىنى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا باشلاشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەرگىز بالا بۈگۈن تۇغۇلسا، ئەتىسىدىن باشلاپ خەت ئۆگىتىش دېگەن گەپ ئەمەس. دەسلەپكى تەربىيە مەزمۇنى ياشنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، بۇ تەربىيە ئادەتتە بوۋاق بالىلاردا ئەقىل چىرىغى يورۇغاندىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بالىلار ئەقىل قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ: (1) 1 — 3 ياشقىچە بولغان ئارىلىق سەزگۈر ھەرىكەت باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ؛ (2) 3 — 5 ياشقىچە بولغان ئارىلىق كونكرېت ئوبرازلىق تەپەككۇر باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ؛ (3) 5 — 8 ياشقىچە بولغان ئارىلىق ئابستراكت مەنتىق تەپەككۇر باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

1 — 3 ياشقىچە بولغان ئارىلىق ئاغزاكى تىل تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى بولىدىغان چاغ ھېسابلىنىدۇ. 3 — 5 ياشقىچە بولغان ئارىلىق كىتابىي تىل تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى بولىدىغان چاغ ھېسابلىنىدۇ؛ 5 — 8 ياشقىچە بولغان ئارىلىق چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ ياخشى چاغ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا تۇغۇلۇپ بەش ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقنى ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ھالقىلىق دەۋر — سەزگۈرلۈك دەۋرى دەپ ئاتايمىز. ئۈچ ياشلىق ۋاقىتنى سەزگۈرلۈك دەۋرىنىڭ ئەقلىي پەرقلەرنى روشەن ئىپادە قىلىدىغان چوققىسى دەپ ئاتايمىز. تالانتلىق ئادەم تەربىيىلەشتە مۇشۇ سەزگۈرلۈك دەۋرىگە سەل قاراشقا زادى بولمايدۇ.



مۇشۇ چاغدا ئەقىللىق بولغان بالا كەلگۈسىدە ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولسىلا، بىرەر زوراۋان كۈچنىڭ ياكى ھەسەت ئوتى بىلەن كۆيۈپ تۇرىدىغان رەشكىنىڭ قەستلىشىگە ئۇچرىمىسىلا، ئاز - تولا تالانت كۆرسىتەلەيدۇ.

ھازىر دۇنيادا 16 دۆلەت بالىلارنى سەزگۈرلۈك دەۋرىدە ئائىلىدە تەربىيىلەپ، بەش ياشتا مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. 51 دۆلەت ئالتە ياشقىچە ئائىلىدە تەربىيىلەپ ئاندىن مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بالىلارغا بەش يېشىدا بىر خىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردە بالىلارنى تۆت ياشتا مەكتەپكە بېرىش بەلگىلەنگەن. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئورۇنلاشقان جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە پەرق بولغانلىقتىن، بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەر خىل بولۇشى تەبىئىي. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدا 5 — 6 ياشقىچە بالىلار مەكتەپكە كىرسە تامامەن بولىدۇ، بولمىسا، بالىلارنىڭ ھالقىلىق پەيتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ قارايمىز.

## 4. ئەقلىي زىيادە بالىلارنى ئوقۇشقا تەشكىللەش ئۇسۇللىرى

بۇ جەھەتتە چەت ئەللەردە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزدە ئىجرا قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. چەت ئەللەرنىڭ ئۇسۇللىرىنى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى تەكىتلەش مۇۋاپىق بولسا كېرەك:

بىرىنچى، ئەقلىي دەرىجىسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىش. پېداگوگلارنىڭ قارىشىچە، ئەنئەنىۋى مائارىپتا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەڭ دەرىجىلىك سىنىپلار بويىچە، بىر خىل

دەرسلىك، بىرخىل سۈرئەتتە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى داۋاملاشتۇرۇلسا، ئەقلىي زىيادە باللار «تويۇنمايدىغان»، ئەقلىي كەمرەك باللار «ھەزىم قىلالمايدىغان» ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلىي دەرىجىسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنداقتا بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، ئەقلىي زىيادە باللارنى يېتىشتۈرۈشنىمۇ تېزلەتكىلى بولىدۇ. ھازىر ئىنگلىزلار، نېمىسلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئاساسلىقى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى خىلى، تاشقى جەھەتتىن گۇرۇپپىغا ئايرىش، يەنى ئەنئەنىۋى بولغان يېشىغا قاراپ سىنىپلارغا ئايرىشنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئەمەلىي ئۆگىنىش نەتىجىسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىشتۇر. ئىككىنچى خىلى، ئىچكى جەھەتتىن گۇرۇپپىلارغا ئايرىش؛ يەنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە يېشىغا قاراپ سىنىپلارغا ئايرىشنى ساقلاپ قېلىپ، ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە ئوقۇشتىكى ئەمەلىي نەتىجىسى يۇقىرى بولغانلارنى A سىنىپ، ئوتتۇراھاللارنى B سىنىپ، تۆۋەنرەكلەرنى C سىنىپ قىلىپ ئايرىپ، ئوخشىمىغان ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك قوللىنىپ پەرقلىق ئوقۇتۇشتۇر.

ئىككىنچى، ئۆگىنىشنى تېزلىتىش. بۇ، ئەقلى زىيادە باللارنى يېشى، سىنىپ ئايرىمىسى قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراتماي تېز ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇلغا ئەمەل قىلغاندا، ئەقلى زىيادە باللارنى يېشىغا قاتتىق چەك قويماي، بۇرۇنراق ئوقۇشقا قوبۇل قىلىش، ئەقلى زىيادە باللارغا دەسلەپكى تەربىيىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ياش چېكىنى ئىگىلەپ، تەرتىپ بىلەن تەدرىجىي ئىلگىرىلەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش، ئەڭ مۇھىمى باللارنىڭ



پىسخىك تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.

### 5. باللار پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى

بۇ، باللارنىڭ پىسخىك تەرەققىياتى جەريانىدىكى مۇقەررەر ۋە ماھىيەتلىك بولغان باغلىنىشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە توپ مەسىلىلەر بار: (1) ئىرسىيەت، مۇھىت ۋە تەلىم ـ تەربىيىنىڭ باللار پىسخىك تەرەققىياتىدىكى رولى مەسىلىسى. ئىرسىيەت — بىر خىل بىئولوگىيىلىك ھادىسە بولۇپ، ئىنىدىۋىت ئەجدادلىرىنىڭ نۇرغۇن بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر ئورگانىزمنىڭ قۇرۇلۇشى، شەكلى، سەزگۈ ئەزالار ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردۇر. ئىنسانلارنىڭ ئىرسىيەت ساپاسى باللار پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، بۇ ئالدىنقى شەرت بولمايدىكەن، باللار پىسخىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئىرسىيەت باللار پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتىنى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى باللار پىسخىك تەرەققىياتىنى تەبىئىي ئالدىنقى شەرت ۋە ئىمكانىيەت بىلەنلا تەمىن ئېتىدۇ. شارائىت ۋە تەلىم ـ تەربىيە — باللار پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى بولۇپ، تەلىم ـ تەربىيە ھەل قىلغۇچ شەرتتە يېتەكچى رول ئوينايدۇ، باللار پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ رېئاللىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، دەسلەپكى تەربىيىگە سەل قاراش زادىلا توغرا ئەمەس. (2) باللار پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەسىلىسى. سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى جەريانىدا، باللارنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتىدە، جەمئىيەت ۋە مائارىپنىڭ باللارغا قويغان تەلەپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، يېڭى ئېھتىياج بىلەن باللارنىڭ ئەسلىدىكى پىسخىك سەۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — باللار پىسخىك

تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى زىددىيىتى بولىدۇ؛ ۋە بۇ زىددىيەت بالىلار پسىخىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ. بالىلاردا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان يېڭى ئېھتىياج — بالىلارنىڭ مۇئەييەن جەمئىيەت ۋە مائارىپ شارائىتىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلتۈرگەن بىر خىل ئىزدىنىش ۋە خاھىشىنىڭ مەلۇم شەيئىگە بولغان سۇبيېكتىپ چۈشەنچىسى بولۇپ، ئۇ جانلىنىۋاتقان يېڭى تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسلىدىكى پسىخىك ھالەت بولسا، سۇبيېكت ئىلگىرى ئەكس ئەتتۈرگەن پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بىلىش سەۋىيىسى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ كونا تەرەپكە، نىسبەتەن مۇقىم تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتى جەريانىدا، يېڭى ئېھتىياج بىلەن ئەسلىدىكى پسىخىك سەۋىيە ئۆزئارا بېقىنىدىغان، ئۆزئارا كۈرەش قىلىدىغان زىددىيەت بىرلىكىدە تۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق بالىلار پسىخىكىسىنىڭ داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دەسلەپكى ئەقىل تەربىيىسىدە بۇ خىل زىددىيەت پائالىيىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش لازىم.

(3) تەلىم — تەربىيە بىلەن تەرەققىياتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بالىلار پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتى تاشقى سەۋەب تەرىپىدىن مېخانىك ھالدا ياكى ئىچكى سەۋەب تەرىپىدىن يەككە — يېگانە ھالدا بەلگىلەنمەيدۇ، بەلكى بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق بولغان ئىچكى سەۋەب ۋە تەلىم — تەربىيە شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، تەلىم — تەربىيىنىڭ بالىلارغا قويغان تەلىپى — ھەم مۇئەييەن دەرىجىدە قىيىن بولغان، ھەم بالىلارنىڭ بەلگىلىك تىرىشچانلىقى ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان شەرتكە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. شۇندىلا، بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغىلى ھەمدە ھەقىقىي تۈردە تەلەپكە يەتكىلى،



بۇ ئارقىلىق بالىلارنى پسىخىك تەرەققىياتقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

دەسلەپكى يېتىلىش دەۋرىدىكى تەربىيىدە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل مەكتەپ تەربىيىسىدە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل «ھۈنەر»، ئۇ پسىخىك تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، بالىلارغا ئېغىرچىلىق ۋە روھىي بېسىم كەلتۈرۈپ قويماي، بالىلارغا مۇناسىپ قىزىقارلىق بىلىم بېرىدىغان ئۇسۇل. بۇنداق تەربىيە بىلىمنى قۇلىقىغا قۇيۇپ قويۇش خاراكتېرىدە ئەمەس، ئېڭىنى ئېچىش خاراكتېرىدە؛ بىلىمنىڭ سىستېمىلىق بولۇشىنى قوغلىشىش خاراكتېرىدە ئەمەس، قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنى ئاساس قىلىش خاراكتېرىدە؛ زورلاش خاراكتېرىدە ئەمەس، يېتەكلەش خاراكتېرىدە؛ كوللېكتىپ بىرلىككە كەلگەن خاراكتېردە ئەمەس، سۈرئىتى باشقا - باشقا بولۇش خاراكتېرىدە بولۇش كېرەك.

## §5. ئەقلىي كەملىك ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

### 1. ئەقلىي كەملىك ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

ئەقلىي كەملىك بالىنىڭ تۇغۇلۇش ئالدىدىكى ۋە تۇغۇلۇشتىن كېيىنكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىدا پەيدا بولغان توسالغۇلارنى كۆرسىتىدۇ. كىلىنىكىدا ئۇنى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقىنى بەلگە قىلغان كېسەللىك دەپ قارايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر ئەقلىي قابىلىيەت ناچارلىقى، يەنى بالىلارنىڭ ئەقلىي

قابىلىيەتتە ئوخشاش ياشتىكى بالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېتىلىش سەۋىيىسىدىن روشەن ھالدا تۆۋەنلىكىنى ھەمدە مۇھىتقا ماسلىشىش ھەرىكەت ئىپادىسىدە كۆرۈلىدىغان كەملىك ۋە نۇقسانىنى كەم ئەقىل دەپ ئاتايدۇ. بىز بۇ يەردە قوللىنىۋاتقان «ئەقلى كەملىك» خەلق تىلىدىكى «كەم ئەقىل» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئوخشاش، ئەمما خەلق تىلىدىكى يامان ئىشلارنى قىلىشقانلارغا قارىتىلغان «كەم ئەقىل»، «كۆڭلى قارا» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئوخشاش ئەمەس. ئادەتتە ئوتتۇرا ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى ئەقلى كەملىكنى پەرقلەندۈرۈش ئاسان. يېنىك ئەقلى كەملىكنى مەلۇم ۋاقىت سىستېمىلىق كۆزىتىپ، سىناپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كىچىك بالىلارنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ، بىلىش، ئەستە ساقلاش، چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش، پىكىر قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش قابىلىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ پەقەت مەلۇم بىر تەرەپىنىلا كۆرۈپ، ئەقلى كەم دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئېغىر دەرىجىدە سوزۇلۇشچان كېسەل بولۇش، ئۇزاق مەزگىل ياخشى ئۇزۇقلانماسلىق، كۆرۈش قۇۋۋىتى، ئاڭلاش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچراش ياكى تەربىيىلىنىشى يېتەرسىز بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەقىلنىڭ ئاستا يېتىلىشىمۇ يېنىك دەرىجىلىك ئەقىل كەملىك ھالىتىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. چۈنكى كىچىك بالا بۇ خىل ئەھۋاللاردىن خالىي بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى نورمال ھالەتكە كېلىدۇ.

ئېلىمىزدە ئەقلى كەملىك بىلەن ئاغرىغۇچىلارنى ئېغىر، ئوتتۇرا، يېنىك دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىيدۇ. يېنىك، ئوتتۇرا، ئېغىر دەرىجىلىك ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇنى تۇغۇت ئالدىدىكى،



تۇغۇت ئۈستىدىكى ۋە تۇغۇتتىن كېيىنكى ئۈچ تەرەپلىمە سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ تۇغۇت ئالدىدىكى ئامىل كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

تۇغۇت ئالدىدىكى ئامىل ئىرسىيەتلىك كېسەل ۋە تۆرەلمىنىڭ يېتىلىش جەريانىدىكى پايدىسىز ئامىللارنىڭ مېڭىدە پەيدا بولغان ناچار تەسىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۇغما كەملىك دەپ ئاتىلىدۇ. دوختۇر، ھەكىملەرنىڭ قارىشىچە، ئىرسىيەت ئەجدادتىكى غەيرىيلىكنىڭ ئەۋلادىدا ئىپادىلىنىش ھادىسىسىدۇر. ئىرسىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى خروموسوما دەپ ئاتىلىدىغان ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا DNA ئاقسىلىدىن ئىبارەت گېنلىق ئىرسىيەت كۆپەيتكۈچىلەر بار. ئادەم تېنىدىكى ھۈجەيرىلەردە 23 جۈپ خروموسوما بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر جۈپى جىنسىي خروموسوما، قالغانلىرى دائىملىق خروموسومىدىن ئىبارەت. بىر جۈپ جىنسىي خروموسوما جىنسىي ئايرىمىنى بەلگىلەيدۇ. قالغانلىرى ئەر - ئاياللاردا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر ئاتىنىڭ ئۇرۇقى ياكى ئانىنىڭ تۇخۇم ھۈجەيرىسى ساغلام بولمىسا، تۆرەلمىدە كەمتۈكلۈك پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىرسىي ماددىنىڭ ئاساسلىق توشۇغۇچىسى بولغان خروموسوما ئىرسىيەت كېسەللىكىنى توشۇش رولىنى ئويناپ، بەزى كېسەللىكلەرنى ھامىلىگە ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا، قانداش ئۇرۇق - تۇغقانلار توي قىلسا، كۆپلىگەن گېنلار ئوخشاش بولغاچقا، ئىرسىيەتلىك كېسەللىكلەرنى ئېلىپ يۈرۈش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلاردا ئوڭايلا ئىرسىيەت كېسىلىنى ۋە تۇغما غەيرىيلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىرسىيەتلىك كېسەلنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بالىلارنىڭ ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇ ئەمەلىي قابىلىيەتنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، بالىلاردا ئەقلىي كەملىك كۆرۈلگەندە ئالدى بىلەن ئىرسىيەتلىك كېسەل

نىڭ ئېھتىماللىقىنى ئويلىشىش كېرەك. شۇنى بىلدۈرۈش كېرەككى، ئىرسىيەتلىك كېسەللىكنىڭ بەزىلىرى نەسىل قوغلاپ ئەۋلادقا قالمايدۇ. ئاتا - ئانىدا ئىرسىيەتلىك كېسەل بولمىسا، بالىدىمۇ بولمايدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا كېسەل يۈز بەرگەندە ئىرسىيەتلىك كېسەلنى تامامەن ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت تۆۋەن بولۇشنى ئىرسىيەتلىك كېسەل كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن باشقا، يەنە بالىياتقۇ ئامىللىرىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى ھامىلە بالىياتقۇ ئىچىدە بالا ھەمراھى ئارقىلىق ئانىنىڭ تېنىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ چوڭىيىدۇ، ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيى ھامىلە ھۈجەيرىلىرى ئايرىلىدىغان ۋە تولۇقلىما ئەزالار شەكىللىنىدىغان مەزگىل بولغاچقا، ئەگەر ھامىلىدار ئايالنىڭ ئوزۇقلىنىشى ناچار بولسا، بويىدىن ئاجراش، بالدۇر تۇغۇپ قويۇش، ئۆلۈك تۇغۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. ئالايلۇق، تۆرەلمىگە يەلتاشما چىقىش، ئاددىي قوقاق چىقىش، زور ھۈجەيرىلىك تەنچە كېسەللىكى، تۇغما سىفلىس قاتارلىقلار؛ ئانا بالىياتقۇسى غەيرىي تەبىئىي بولۇش، بالىياتقۇ خىزمىتى مۇكەممەل بولماسلىق، بالا ھەمراھى خىزمىتى تولۇق بولماسلىق، ئېغىر دەرىجىدىكى قان ئازلىق كېسىلى، ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك كېسىلى، دىئابىت كېسىلى قاتارلىقلار؛ ئانا ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ئىچكەن بەزى دورىلار، چۈشكەن رېنتگېن نۇرى، كۆپ ئارىلىشىپ يۈرگەن قوغۇشۇن، ئارسېن، فوسفور، سىماب ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىقلار سەۋەب بولىدۇ. بالىياتقۇدا تۆرەلمىگە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ۋە تۆرەلمە تۇنجۇقۇپ قېلىشى، مېڭە توقۇلمىلىرىنى زەخىملەندۈرىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. ھەمراھى بەك كىچىك بولۇش، بالا ھەمراھىدا سۈلۈق ئىششىق پەيدا بولۇش، بالا ھەمراھى بەك بالدۇر ئاجراش، كىندىك بېغى بېسىلىپ كېتىش، چىگىلىش، ئورۇلۇش قاتارلىقلارمۇ تۆرەلمىدە



ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك، تۆرەلمە تۇنجۇقۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب.

تۇغۇت ئوڭۇشلۇق بولماسلىق، ئالايلۇق، قىيىن تۇغۇت، تۇغۇش جەريانى ئۇزۇن بولۇش ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر پەيدا قىلغان تۇغۇت كېسەللىكلىرى مېڭە تۈگۈنىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭدەك ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك، تۇنجۇقۇپ قېلىشمۇ مېڭە قاناشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مېڭە توقۇلمىلىرىدا كېسەللىك ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدا تۇنجۇقۇپ قېلىش ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇنى ھەر خىل سەۋەبلەر پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بالىنىڭ مېڭىسى زەخىملىنىپ ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى يىغىسى كىشىلەر ئارىسىغا يەنە بىر كىچىك جان قوشۇلغانلىقىنى جاكارلاش بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭدەك بىر ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ يىغا ئاۋازى بەك كېچىكسە (تۇغۇلۇپ بىر مىنۇتتىن كېيىن يىغلىمىسا) بوۋاقنىڭ تۇنجۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تۇنجۇقۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەقلىي كەملىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۇغۇتتىن كېيىنكى ئامىلىنى ئالساق، تۇرمۇش جەريانىدا ھەر خىل ناچار ئامىللارنىڭ بالىنىڭ مەركىزىي نېرۋىسىغا تەسىر قىلىشى بىلەن بالا ئەقلىي كەم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا كۆپىنچە يۇقۇملىنىش سەۋەب بولىدۇ. ئالايلۇق، مېڭە ياللۇغى، مېڭە پەردىسى ياللۇغى، زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك مېڭە كېسىلى قاتارلىقلار. ئەگەر بۇ كېسەللەرنى ئۆز ۋاقتىدا سېزىپ، ئۆز ۋاقتىدا داۋالاش ئېلىپ بېرىلمىسا، ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى، ئالدى بىلەن ئەقلىي كەملىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر ئۆپكە ياللۇغى، بۆرەك كېسىلى، شوك قاتارلىقلارمۇ ئەقلىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر قىلىدۇ. ئېغىر دەرىجىدىكى ئوكسىگېن

يېتىشمەسلىكمۇ مېڭىنى زەخىملەپ ئەقلىي قابىلىيەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەر خىل تارتىشىش، جۆيلىدىن قىزىتما، كالتسىي يېتىشمەسلىك پەيدا قىلغان تارتىشىشنىڭ ۋاقتى ئۇزاققا سوزۇلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن مېڭە قانايدۇ ياكى زەخىملىنىدۇ.

شۇنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، تاماكا چەككەن، ھاراق ئىچكەن ئاياللاردىن تۇغۇلغان بالىلاردا ئەقلىي كەملىكنىڭ كۆرۈلۈشى ئادەتتە تاماكا چەكمەيدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغان ئاياللاردىن كۆپ بولىدۇ. تاماكا ۋە ھاراقتىن باشقا ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەرمۇ بالىنىڭ نورمال، ئەقىللىق تۇغۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنداق بولۇشى تاماكا قاتارلىق چېكىملىكلەر ئادەم بەدىنىدە ھاسىل قىلغان كاربون چالا ئوكسىدى ھامىلىنىڭ ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلىنىشىنى ئازايتىپ، ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ۋاقتىدا ئەرگە تەگمەي، كېچىكىپ توي قىلغان قېرى قىزلاردىن، بەك قېرىپ كەتكەن خوتۇنلاردىن تۇغۇلغان بالىلاردىمۇ ئەقلىي كەملىك كۆرۈلىدىغانلىقى مەلۇم. ئېلىمىزدىكى پسىخولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە، تۇغما گالۋاڭلارنىڭ 42% تى ئەنە شۇنداقلاردىن تۇغۇلغان. چەت ئەل پسىخولوگلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىچە، تۇغما گالۋاڭلارنىڭ 60% تى ئاشۇنداق قېرى قىزلار ۋە قېرى ئاياللاردىن تۇغۇلغان.

قىسقىسى، ئەقلىي كەملىكنىڭ پەيدا بولۇشى تۈرلۈك سەۋەبلەردىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى مېڭە قابىلىيىتىنىڭ بىرەر سەۋەب بىلەن زەخىملىنىشكە ئۇچرىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.



## 2. ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئەقلىي كەملىك ئىنسانلار نېرۋا سىستېمىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ھازىر دۇنيا بويىچە 50 بالىنىڭ ئىچىدە بىر بالا مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولماقتا. شىمالىي ئامېرىكىدا ھەر يىلى مېڭىسىدە تۇغما كەملىك كۆرۈلىۋاتقان بالىلار 130 مىڭغا يېتىدۇ. ئامېرىكىدا ئەقلىي كەم بولغان بالىلار ۋە چوڭلاردىن 6 مىليون بولۇپ، بۇلار ئامېرىكا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 3% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەقلىي كەملىك كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار 1 — 3% كېلەتتى. شۇڭا، ئىنسانلاردىكى ئەقلىي توسالغۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھازىر دۇنيا مېدىتسىنا ئىلمى ۋە پسىخولوگىيىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە دۇنياۋى يىغىنلارمۇ ئېچىلدى ۋە ھەرقايسى ئەللەردە ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورگانلىرىمۇ قۇرۇلدى. ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغاندا ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟

ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالدى بىلەن دۆلەت سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئىززىتى، ئابرويىنى ۋە مىللىي ئىگىلىكىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەقلىگە توسالغۇ بولىدىغان كېسەللىكلەرنى تۈگىتىش سىياسىتى تۈزۈش ۋە تەشۋىق قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى نۇقتىلار تەكىتلەنسە بولىدۇ:

بىرىنچى، خەلققە تۇغما گالۋاڭلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. ھازىر دۇنيادا بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان رايونلاردا بالىلارنىڭ باش سۆڭىكى نورمال بولماسلىق ۋە

ئانا قورسىقىدا زەخىملىنىش تۈپەيلى ئەقىلدە ئاجىزلىق پەيدا قىلىدىغان 300 مىڭ خىلغا يېقىن ئىرسىيەت خاراكتېرىدىكى كېسەللىك بار. بۇ كېسەللىكلەر شۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغۇچىلارنى ۋە شۇ رايوندىكى مىللەتلەرنى باشقىلارغا سەت كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئادەم خارلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ كېسەللەر كۆپىيىپ كەتسە، مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ھەر جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، تۇغما گالۋاڭلىقنى پەيدا قىلىدىغان، شەكىل جەھەتتە باش سۆڭىكى نورمال بولمايدىغان تۇرلۇك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەقىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ئىككىنچى، ئەقلىي ئاجىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۇغما ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. ھازىر دۇنيادا بولۇپمۇ ئىقتىسادتا، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان جايلاردا بۇنداق ئامىللار خېلى كۆپ. مەسىلەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئاياللار ھامىلدار ۋاقتىدا زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ قېلىش، ياخشى ئوزۇقلانماسلىق، يېقىن تۇغقانلار ئۆزئارا توي قىلىش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، يېشى بەك چوڭىيىپ كەتكەندە ھامىلدار بولۇپ بالا تۇغۇش، ھامىلدارلىقنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان مەزگىلىدە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش قاتارلىقلار بالىلارنىڭ ساغلام تۇغۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ھاراق ئىچكەن، تاماكا چەككەن ئاياللارنىڭ بالىلىرى گالۋاڭ تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، ئەقىل قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئەقلىي كەملىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن خەلقنى مۇنداق تۇغما ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئەقلىي ئاجىزلىقنى



كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مەسىلەن، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بالىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرىماي، مېڭە ۋاسپىلىنىيىسىگە گىرىپتار قىلىش، چوڭلار مېڭە ۋاسپىلىنىيىسى بىلەن ئاغرىغان بالىلارنى بايقىۋالماي، ۋاقتىدا داۋالاپ ساقايتالماسلىق قاتارلىقلار.

تىببىي نۇقتىدىن ئالغاندا، بالىلارنىڭ كەم ئەقىل بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا داۋالاش كېرەك. دوختۇر، ھەكىملەر بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ:

بىرىنچى، كېسەللىك تارىخىنى ئىگىلەش. بۇ، بالىنىڭ ئائىلە تارىخى، ئانىسىنىڭ ھامىلدارلىق ئەھۋالى، تۇغۇت تارىخى، بالىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش تارىخى، بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كېسەللىك تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئائىلە تارىخىدا ئاتا بىلەن ئانىسىنىڭ يېقىن تۇغقان ياكى ئەمەسلىكى، ئائىلىدە ئەما، گاس، تۇتقاق كېسىلى بار، مېڭە مەنبەلىك پالەچ، ھەر خىل تۇغما غەيرىي تەبىئىيلىك، ئەقلىي ئىقتىدارى تۆۋەن ياكى نېرۋا كېسىلى بولغانلارنىڭ بار - يوقلۇقى ئىگىلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ تۇغۇت تارىخىدا تۇغۇلغان چاغدىكى بەدەن ئېغىرلىقى، بالنۇر ياكى يېنىك تۇغۇلۇپ قالغان - قالمىغانلىقى، تۇغۇت ئۇزۇلىنىڭ باشقىچە بولغان - بولمىغانلىقى، تۇغۇتنىڭ ئاسان بولغان - بولمىغانلىقى، تۇغۇتتىن كېيىن زەخىملىنىش، تۇنجۇقۇش، مېڭە قاناش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى، ئېغىر سېرىق چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكى ئىگىلىنىدۇ. ئۆسۈش، يېتىلىش تارىخىدا نېرۋا روھىي سىستېمىسىنىڭ يېتىلىش ئەھۋالى، ئالايلۇق، چوڭ ھەرىكىتى (بېشىنى كۆتۈرۈش، ئولتۇرۇش - قوپۇش ۋە مېڭىش)، كىچىك ھەرىكىتى (قول بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتى)، تىل ۋە باشقا زېھنىي ئىپادىسىنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەس-

لىككە دىققەت قىلىنىدۇ. بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كېسەللىك تارىخىدا مېڭە سىرتى زەخىملىنىش، قاناش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى يۇقۇملىنىش، پۈتۈن بەدەن ئېغىر يۇقۇملىنىش، تارتىشىشقا دۇچار بولغان ـ بولمىغانلىقى، ئېغىر قىزىتما بولغان ـ بولمىغانلىقى نۇقتىلىق كۆزىتىلىدۇ.

ئىككىنچى، بەدەن تەكشۈرۈش. بۇنىڭدا ئاتا ـ ئانا، بالىنىڭ تەققى ـ تۇرقى، ئالايلۇق، بويىنىڭ ئېگىزلىكى، بېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، بەستىنىڭ تەكشى ياكى تەكشى ئەمەسلىكى، قۇلاق، بۇرۇن، كۆز، ئېغىزىنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكى، چىرايىدا غەلىتىلىك، قول ـ پۇتىدا غەيرىي تەبىئىيلىك، ئاڭلاش ئىقتىدارى، كۆرۈش قۇۋۋىتىدە نورمالسىزلىقنىڭ بار ـ يوقلۇقى، مۇسكۇلنىڭ ئېلاستىكلىق كۈچىدە پەسىيىش ـ ئۆرلەش، ھەرىكىتىدە ماسلىشىش بار ـ يوقلۇقىغا دىققەت قىلىپ كۆزىتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، كېسەللىك تارىخى. بەدەن تەكشۈرۈش ۋە يېتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئېرىشكەن ماتېرىيالغا ئاساسەن، تەھلىل قىلىپ، بالىنىڭ ئەقلى كەم بولۇپ قېلىشىتىكى سەۋەبلەرنى تېپىشقا كىرىشىش. بۇنىڭدا قان، سۈيدۈك، مېڭە يۇلۇن سۇيۇقلۇقى، خروموسوما قاتارلىقلارنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش، باشنى رېنتگېنغا چۈشۈرۈش، قول ـ پۇتنى رەسىمگە ئالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

قىسقىسى، ئېغىر ئىرسىيەتلىك كېسەل، تۇغما كېسەللىك ۋە مېڭە زەخىملىنىشتىن كېلىپ چىققان ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دورا ئارقىلىق ساقايتىش تەسكە توختايدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى تەربىيىلەش، مەشىق قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تىرىشقاندىلا، ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

بالىلار كىچىك بولغاچقا، ئۇلار ئومۇمەن ئالغاندا، ئاتا ـ



ئانىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ. شۇڭا، دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتە سىياسەت تۈزۈش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش يولى بىلەن ئاھالىنى ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قوزغىتىش، تىببىي خادىملارنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش ئېلىپ بېرىشى ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلار بىلەن باغلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق رېئاللىشىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلارمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

بىرىنچى، بالىلاردىكى ئەقلىي كەملىكنى بالدۇر بايقاش ۋە بالدۇر داۋالاش. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدا بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئۆز بالىلىرىنىڭ ھەرىكەت، سەزگۈ، خاتىرە، تەپەككۇر قابىلىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا نورمال بالىلاردىن كەملىك كۆرۈلگەن ھامان بالىلارنىڭ روھىي ئالامەتلىرىنى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنى ۋاقتىدا تەپسىلىي تەكشۈرۈتۈش كېرەك. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بالىسىدا ئەقلىي كەملىك كۆرۈلگەن ھامان، ئاتا ـ ئانىلار ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنىڭ بىرى، بالىنى ھەددىدىن زىيادە ئارزۇلاپ، بالىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدا كەملىك تۇرسىمۇ ۋە ياكى تەرەققىياتتا نورمال بالىلاردىن ئاستا تۇرسىمۇ، «بالام ھامان نورمال» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى ۋە بالىسىنى ئالداشتۇر. يەنە بىرى، دەسلەپكى تەربىيە ۋە مەشىقنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن بەزى شەيئىلەرنى بىلىپ يېتەلمىگەن بالىلارنى «ئەقلى كەم» دەپ خاتا مەلۇم قىلىشتۇر.

ئاشۇ ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىش ئاساسىدا، بەزى كېسەللەرنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئەقلى كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، بالىلاردا پېنولكىتون ئالمىشىشنىڭ ئىرسىي كەملىكىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا بايقىۋالغاندا، بالىلارغا فېنىلالانىن تەركىبى تۆۋەن بولغان يېمەكلىكلەرنى يېگۈزۈش ئارقىلىق، مېڭىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك

قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئەھۋاللار ۋاقتىدا بايقىلىنماي، بالا ئىككى ياشتىن ئۆتۈپ كەتسە، مېڭىنىڭ زەخىملىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. قالقانسىمان بەز ئىشىشقىدىن كېلىپ چىققىدىغان كېسەللىكلەرنى بۇۋاق ۋاقتىدا بايقاپ داۋالىغاندا، مېڭە تەرەققىياتىنىڭ نورماللىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تۇغما خاراكتېرلىك مېڭىگە سۇ يىغىلىش كېسەللىكلىرىنى بىخلىنىش ھالىتىدە ئوپېراتسىيە قىلىش ياكى يېڭىنە ئارقىلىق داۋالىغاندا ئۈنۈملۈك بولىدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندە تازا ئۈنۈمى بولمايدۇ ۋە باشقىلار.

ئىككىنچى، ئاتا - ئانىلار بالىلاردىكى بەزى ئەقلى كەملىكنى داۋالاش ئارقىلىق ساقايتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ھەمدە ئەقلىي كەملىكنى داۋالاشقا ئائىت ساۋاتلارنى ئىگىلەپ، يەڭگىلرەك بولغان ئەقلىي كەملىك كېسەللىكلىرىنى ئائىلىدە داۋالاش، تەربىيىلەش ۋە مەشق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئالاھىدە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئاتا - ئانىلار ئەقلىي كەملىك كۆرۈلگەن بالىلىرىغا سەۋرچان، قىزغىن بولۇشى، ئۇلارنى خورلىماسلىقى ۋە ئۇلارغا تىل - ئاھانەت قىلماسلىقى كېرەك. ئۇلارنى ئۇزاققىچە تەربىيىلەپ، مۇھىتقا كۆندۈرۈشى، ئۇلارنى ئۆز مۇستەقىللىكىنى ساقلايدىغان ھەرىكەتلەر ۋە مېڭە تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشقان ئاددىي ئەمگەكلەرگە قاتناشتۇرۇشى لازىم.

قىسقىسى، ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەمئىيەت، تىبابەت ۋە ئائىلە تەرەپتىن تەڭ ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەۋلادلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ئەۋلادلارنىڭ ساغلام تۇغۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىق بولۇشىنىڭ ئالدىنقى



شەرتى. شۇڭا، ئەۋلادلار سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۇغما ۋە غەيرىي تۇغما ئەقلىي كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئاغرىش، مېڭىنى زەھەرلەيدىغان تۈرلۈك زەھەرلىكلەردىن ساقلانماسلىق قاتارلىقلار نېرۋا شاخچىلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇڭا، تۈرلۈك بەتقىلىقلاردىن ساقلىنىپ، سۈپەتلىك بالا تۇغۇش، سۈپەتلىك بوۋاقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش ئارقىلىق، ئەقلىي ئاجىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەۋلادلارنىڭ ئەقلىدە، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ھەرقايسى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ كەلگۈسى ئىستىقباللىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ئىكەنلىكىنى ئاھالىگە تولۇق ئۇقتۇرۇش، ساغلام، گۈزەل، ئەقىللىق پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ئاھالىنى ئىلمىي تۇرمۇشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

## 3. ئەقلى كەم بالىلارنى ئەقلى نورماللىقتا، ھامىلىلەرنى ئەقلىي زىيادىلىككە كۆتۈرۈش

ئەقلى كەم بالىلارنى تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئەقلى نورماللىقتا. ھامىلىلەرنى ئەقلىي زىيادىلىككە كۆتۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ ئائىلىگە مالالچىلىق كەلتۈرۈۋاتقان ئەقلى كەم بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى سوئال نەزەرى بىلەن كۆپلەپ ئىزدەندى. ئەمما، خېلى كۆپ ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئەقلى نورماللىق ۋە ئەقلىي زىيادىلىككە كۆتۈرۈشنى بىلمىگەچكە، بۇ جەھەتتە ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتۈپ ئۇزاق زامانلار تەلمۈردى. ئەمما، ھەر نېمىدېگەن بىلەن بۇ دۇنيا سەۋەبىنىڭ ئالەمى. بەختكە يارىشا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيىلىك بالىلار نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرى مۇنتاسسول ئەقلى كەم بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان بىر مەكتەپ ئېچىپ، ئەقلى كەم بالىلارغا ئۆزى

ئىجاد قىلغان ئۇسۇل بويىچە تۇرلۇك تەلىم - تەربىيە يۈرگۈز-
دى. ئۇنىڭ مەكتىپىگە مەخسۇس ئەقلى كەم باللار قوبۇل
قىلىندى. ئۇ باللار مۇنتاسسول ئۇسۇلى بويىچە ئوقۇتۇلغاندىن
كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرى-
جىدە ئېشىپ، نورمال ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ
ئۇسۇلى دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دۆ-
لەتلەردىكى ئالىملار ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆز ئەللىرىگە تەتبىقلاش-
نى تەشەببۇس قىلدى. «مۇنتاسسول ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» سەزگۈ
ئەزالىرى مەشقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھەرىكەت، تىل ۋە
ئەقلى كەم باللارنىڭ ئەقىل تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن
كېلىدىغان تەربىيىنى قوشۇمچە قىلدى. بۇ ئۇسۇلدا، تۇرلۇك
سەزگۈ ئەزالىرىنى كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تېگىش سېزىمى-
رىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، چوڭ مېڭە فۇنكسىيە-
سى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئۆستۈرۈلدى. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۇ-
نۇمىنى كۆرگەن ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭغا
ئىجادىي مۇئامىلە قىلىپ، ئەقلى كەملىكىنى داۋالاش ۋە ئۆس-
تۈرۈش بويىچە تۇرلۇك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغاندىن كېيىن،
بىر دۆلەتتە بىر قېتىملىق ۋەقەدە مېڭىسى زەخىملەنگەن بىر
ئاغرىق ئادەمگە دوختۇرلار ئۇزاققىچە بەل قويۇپ بەرمەي
تۇرلۇك سەزگۈ ئەزالىرىغا غىدىقلاش ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ
مېڭە فۇنكسىيىسى ئەسلىگە كېلىپ، تەربىيە ۋە مەشىق ئېلىپ
بارغاندا، ھەتتا زەخىملەنگەنلەرنى غىدىقلاش ئارقىلىق پەرۋىش
قىلغاندا، ئەقلى كەملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئۇنى نور-
مال لىققا كۆتۈرۈش مۇمكىنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭ بىلەن
ئالىملار ھازىرقى كۈندە ئاتا - ئانىلار «مۇنتاسسول ئوقۇتۇش
ئۇسۇلى» ئارقىلىق تەربىيە ۋە مەشق ئېلىپ بېرىپ، ئەقلى
كەملىكنى ئەقلى نورماللىققا كۆتۈرۈش زۆرۈرلۇكىنى جەزىم-
لەشتۈردى، بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئائىلىلەردە ئاتا -



ئاتىلار «مۇنتاسسول ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» نى تەقلىد قىلىپ، ئەق-
لى كەم باللارغا تۇرلۇك سەزگۈ ئەزا مەشقلىرىنى يۈرگۈزسە
بولىدۇ. ئالايلۇق، كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ مەشقىنى ئىشلىگەندە،
شەكىل ۋە رەڭ جەھەتلەردىن ئىشنى باشلاپ، چوڭ - كىچىك-
لىكى پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئەمما شەكلى يېقىنلىشىپ كېتىد-
غان گېئومېترىيىلىك شەكىللەرنى قويۇپ تۇرۇپ، باللارغا چوڭ -
كىچىكلىكى ۋە شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرگۈزۈشكە بولىدۇ. رەڭ-
گىنىڭ قېنىق ۋە ئاچلىقى ئوخشىمايدىغان بىرمۇنچە ئاتكىرىتكى-
لارنى ياساپ، باللارغا ئۇلارنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكۈزۈشكە
بولىدۇ. روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە باللارنىڭ بىر
يۈرۈش ئوخشاش زاپچاسلاردىن ئوخشىمىغان شەكىللەرنى ياساش
مەشقىمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ. ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ مە-
شقىنى ئىشلىگەندە، مۇزىكا ئاڭلىتىش ۋە ئوخشاشمىغان ئاۋاز-
لارنى ئاڭلىتىپ پەرقلەندۈرۈشكە يېتەكلەشتىن باشقا، شىشە
ياكى كوروپكىلارغا قۇم، ئۇششاق تاش، مارجان قاتارلىقلارنى
سېلىپ كولدۇرلىتىش بىلەن نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرق-
لەندۈرگۈزۈشكە بولىدۇ. پۇراش سەزگۈسىنىڭ مەشقىنى ئىش-
لىگەندە، باللارنى ھەر تۇرلۇك يېمەكلىكلەرنىڭ ھىدىنى، تائام-
لارنىڭ تۇز تەمىنى پۇرىتىشقا، تېتىشقا، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ
پۇراش سەزگۈسى ۋە تەم تېتىش سەزگۈسىنى مەشق قىلدۇرۇش-
قا بولىدۇ. تېگىش سەزگۈسىنىڭ مەشقىنى ئىشلىگەندە، باللارنى
تۇرلۇك قاچا - قۇچا، تاۋار - دۇردۇن، ماتا، تنۋىتلىق رەخت
قاتارلىق تەركىبىي ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى بەدىنىگە تەگ-
كۈزۈپ، پەرقلەندۈرۈشنى مەشق قىلىشقا يېتەكلەشكە بولىدۇ.
قىسقىسى، ئاتا - ئانىلار ئۈمىدسىزلەنمەستىن، مەشقنى ئاددىي
ھەرىكەتلەردىن مۇرەككەپ ھەرىكەتلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرسا
بولىدۇ. ئۇلارنى ئاززۇلاش، قەدىرلەش، ھۆرمەتلەش، ئۈمىدلەن-
دۈرۈش يولى بىلەن ئۇزاققىچە مەشق قىلدۇرسا ئۇنۇم ھاسىل

قىلالايدۇ. بۇنداق تەربىيە ھەم مەشقلەردىن ئۆتكەن بالىلارمۇ ئەقلىي نورماللىققا قاراپ تەرەققىي قىلماي قالمايدۇ. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ھەرىكەت مەشقى، چاققان قول ھەرىكىتى ۋە تىل مەشقى، ئەقلى كەم بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشقا ئەقىل تەربىيىلىرى ئەقلى كەم بالىلارنى ئەقلىي نورماللىققا ئۆتكۈزۈشتىكى ياخشى چارىلەردۇر.

مۇنتاسسول ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە ئەقلى كەملىكنى ئەقلىي نورماللىققا كۆتۈرگىلى بولسىمۇ، ئەقلىي زىيادىلىككە كۆتۈرۈش ناھايىتى تەس. ئۇنداق بولسا، بارلىق بالىلارنى، ئەقلىي زىيادىلىككە كۆتۈرۈشنىڭ تېخىمۇ ياخشى، چارىسى يوقمۇ؟ بار. ئۇ بولسىمۇ ھاملىنى تەربىيىلەشتۇر.

ھاملىنى تەربىيىلەش مۇمكىنمۇ؟ بىز ھازىرقى سەۋىيىمىز بويىچە ھامىلە (قورساقتىكى بالا) نى تەربىيىلەش تىلغا ئېلىنسا، ھەيران قالىمىز. ئەمما بۇ زامانىمىز ئالىملىرى ئىسپاتلاپ چىقىۋاتقان تەجرىبىۋى ھەقىقەت بولۇپ، بۇ تەجرىبە ئاجايىپ ھوشيار ۋە پەۋقۇلئاددە مۇھەببەتلىك ئائىلىلەردىكى ئاجايىپ تەرەققىي قىلغان ۋە پەۋقۇلئاددە بەختلىك ئادەملەرگە مەنسۇپ بولۇۋاتقان ئامەت قۇشى بولغاچقا ۋە بۇ ئامەت قۇشى تېخىچە بىزگە قونمىغاچقا، ئەلۋەتتە ھەيران بولىمىز. بىراق، يارالمىش ئەقلىمىزنىڭ كامالىتى ۋە ئەۋلادىمىزدىكى ئەقلى كەملىكنى يوقىتىشتا، بۇ جەھەتتىكى ھەقىقىي پاكىتلار ۋە ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىم ھالقىدۇر.

بىز بۇ سىرنى چۈشىنىش ئۈچۈن، گەپنى ئالدى بىلەن زېھنىي بۆلۈنمىسى نورمال ئاددىي ئادەملەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان تالانتلىق بالىلاردىن باشلايلى. ياپونىيىلىك شىزى سىسوتكى ياپونىيىدىن ئامېرىكىغا بېرىپ يوسېف دېگەن ئەر بىلەن توي قىلغان. ئۇلاردىن تۆت قىز تۇغۇلغان، ئۇلاردىن تۇغۇلغان تۆت



قىزنىڭ تۆتىلىسى تالانتلىق بولۇپ يېتىلگەن. بۇ تېخى ھازىرقى كۈندىكى ئىش بولۇپ، بۇ ۋەقە تالانت بابىدا دۇنياغا پاكىتلىق سىگنال بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىدا قۇرۇلغان MENSA دېگەن ئامېرىكا بويىچە ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تەشكىلاتتىكى پسىخولوگ ئابىبو زاررونى خانىم تەكرار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇنىڭدا ئاللىقانداق بىر سىر يوشۇرۇنغانلىقىنى. بۇ سىرنى ئېچىشنىڭ ئىنسانىيەتكە يېڭى بەخت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بېكىتسە، ھامىلە پسىخىكىسىنى تەكشۈرىدىغان پسىخولوگ توماس بېرىن «ھامىلىلەر سىرلىق دۇنياسى» دېگەن ئەسىرىدە ناھايىتى پاكىتلىق دەلىل ئىسپاتلار بىلەن ھامىلىلەردە پەۋقۇلئاددە بىر يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ بارلىقىنى، ھامىلىلەرنىڭ ھەتتا ئانىسىنىڭ پىكىر - ھېسسىياتىنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بۈگۈن يورۇتۇپ بېرىلىۋاتقان بۇ ھەقىقەتتىن گۇمانلىنىدىغان بولساق، قەدىمكى زاماندىن بۇيان تۈرلۈك دۆلەتلەردە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھامىلە تەربىيىسى ھەققىدىكى رىۋايەت ۋە ئىلمىي يەكۈنلەر بىزنى، ئۆزىمىزگە ھاي بېرىپ، چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ئالايلۇق، جۇڭگونىڭ ئەڭ بۇرۇنقى پۈتۈكلىرىدىن «يۈسۈننامە» دە ۋېن ۋاڭنىڭ ئانىسى ھامىلىدار بولغاندا، قورساقتا تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا تەربىيە ئېلىپ بارغانلىقى، شۇ زاماندىكى ئېغىر ئاياق ئاياللاردىن «ئاچچىقلاپ تۇرماسلىق، يامان سۆزلەرگە قۇلاق سالماسلىق، ئەسكى سۆزلەرنى قىلماسلىق» تەلەپ قىلىنغانلىقى يېزىلغان. پولشانىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە ھامىلىدار ئاياللارنىڭ چاقىلىق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، قورسىقىدىكى بالىلىرىغا ناخشا ئېيتىپ بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە باشقا قەدىمكى زامان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھامىلىگە تەربىيە بېرىلگەنلىكى پۈتۈلگەن. ھازىرقى كۈندىكى

فىزىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە پەنلىرىدىكى تەرەققىيات بىزگە ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى سىرلارنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بىزنىڭ ئانىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىك ھالەتلىرىنىڭ قانداق بولۇشى ھامىلىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا قانداق تەسىرلەرنى بېرىدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىپ، قەدىمكى زاماندا خاتىرىلەنگەن ھامىلە تەربىيىسىنىڭ نىمە ئۈچۈن ھازىر يېڭىباشتىن باش كۆتۈرگەنلىكىنى، بۇ تەربىيە-نىڭ ھاياتىي كۈچى نىمە ئۈچۈن شۇنداق كۈچلۈك بولىدىغان-لىقىنى چۈشەندۈردى، شۇڭا، بىز بۇ ئىشقا تېخىمۇ قايىل بول-غان ھالدا كىرىشىشىمىز كېرەك.

شىزى بىلەن يوسېفتىن تۇغۇلغان تۆت قىزنىڭ چوڭى سوسسەن بەش يېشىدىلا يەسلىدىن ئاتلاپ تولۇق ئوتتۇرىغا كىرگەن. ئەر - ئايال ئىككىيلەن بۇ ھادىسىنىڭ ئىرسىيەت ياكى بىر تاسادىپىيلىقتىن كېلىپ چىقمىغانلىقىغا ھەددە بۇ ئەھۋالنىڭ ئۈچ ياشلىق قىزى ستېيسىتا، بىر ياشلىق قىزى ستېپىنىدا تەك-رارلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۈمىدى ئەمەلىيەتكە ئايلانغان. 11 ياشقا كىرگەن چوڭ قىزى سوسسەن ماسكىنگو داشۆسىنىڭ تىببىي تەييارلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، توققۇز ياشقا كىرگەن ئىككىنچى قىزى ستېيس تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىقىغا كىرگەن، يەتتە ياشقا كىرگەن ستېپىنىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-تەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا كىرگەن، تۆت ياشقا كىرگەن تۆ-تىنچى قىزى گىئانىنا ئائىلىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ھەي-ران قالارلىقى شۇكى، ئالىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىزى، يوسېفلار ئالاھىدە تالانت ئىگىسى ئەمەس، ئالاھىدە ئىقتىدارلىقمۇ ئەمەس ئىكەن. ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى ئاددىي ئادەملەر بو-لۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئىچىدىمۇ مۆجىزىلىك ئۇلۇغ



ئادەملەر مەيدانغا كەلمىگەنىكەن. يەنە كېلىپ بۇ ئەر - ئايال، ياپون ۋە ئامېرىكىلاردا ئادەتتىكى ماتارىپ تەربىيىسى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرگەن. شىزى بىر ئالىي مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى كەسپىدە ئوقۇپ، ئىنگلىز تىلىدىن ساۋات چىقى-رىش دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بولغان. يوسېف تولۇق ئوت-تۇرىنى پۈتتۈرۈپ ماشىنىسازلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېخنىك بولغان. بۇ ئىككىيلەننىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئوخشاشلا 120 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ قىزلىرىنىڭ تالانتلىق بولۇپ چىقىشىدىكى سىر ئۇلارنىڭ بالىلارنى ھامىلە ۋاقتىدا تەربىيە-لەشنىڭ رولىغا قەتئىي ئىشەنگەنلىكى، بالىلىرىنى ھامىلە ۋاق-تىدا تەربىيىلەشنى بوشاشماستىن ئېلىپ بارغانلىقى بولغان. بۇ پاكىت بىزگە بالىلارنى ھامىلە ۋاقتىدا تەربىيىلەشنىڭ ھېچبول-مىغاندا بىر خىل ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىللە، بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەقلىي كەملىكىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز دەپ كېچىكىپ يۈرمەي، ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپلا تالانتلىق ئادەمنى پەرەز قىلىپ تەربىيىلەش-نىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ ئەگەر بىز ھەقىقەت-كە قايىل بولىدىغان بولساق، ئۇنداقتا ھامىلىلەرنى قانداق تەربىيىلىگەندە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ، دېگەن يەرگە كېلەيلى.

بىزدە بۇ جەھەتتە تەجرىبە كەم بولغانلىقتىن، يەنىلا ئۆزى ئاددىي بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شىزى ۋە يوسېف-لارنىڭ تەلىمىگە مۇراجىئەت قىلىمىز. شىزى بۇ ھەقتىكى نۇر-غۇن تەرەپلەرنى يورۇتۇپ، بۇ خىل تەربىيىنىڭ مەركىزىنى «مۇھەببەت ۋە سەۋرچانلىق» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئۇلارنىڭ بۇ تەسۋىرىنى ئاڭلىغاندا، بىزدە ئەڭ نازۇك مايسىلارنىڭ تاشتەك قاتتىق يەرنى، قىيالار باغرىنى يېرىپ بىخ ئۈرۈپ چىققىنىغا ئوخشاش، تالانتلىق بالىدىن ئىبارەت نازۇك مايسىنىڭمۇ ئەنە

شۇنداق ئادەم مۇمكىنچىلىكىنى ئەقىلگە سىغدۇرالمايدىغان يەر-
دىن پەيدا بولىدىغانلىقى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ئۇلار ئاللىقانداق
ئوخشاش تەجرىبىلەرنى ئەمەس، يېڭىچە ئادەم يېتىشتۈرۈشنىڭ
مۆجىزىدەك تەجرىبىسىنى بىزگە ئېيتىۋاتىدۇ، ئۇ بىزگە ئىنساندا
نادانلىق ۋە ئەقىلسىزلىقتىن كۆرۈلىدىغان بارلىق بەختسىزلىك-
لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇنداق ئىكەن،
بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىمىز، ئەلۋەتتە.

ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشلەردىن
قارىغاندا، مۇھەببەت بۇ ئەر - ئايالدىكى تەشنالىقنى ھەرقا-
چان قورساقتىكى ھامىلىلەرگە مۇجەسسەم قىلسا. سەۋرچانلىق
ئۇلارنى ھامىلىلەرگە ھەر دەقىقە زادىلا بىپەرۋالىق قىلماستىن
پەرۋىش قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇللىرى ناھا-
يىتى مول بولۇپ، قۇچاقلىشىپ تەن سۆزى قىلىش، ھامىلى-
لەرگە مۇزىكا قويۇپ بېرىش، ھامىلىلەرگە ئانىسى، ئاتىسىنىڭ
سۆزىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش، ھەتتا ھامىلىلەرگە ئىنسانىيەت،
تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىملەرنى سۆزلەپ بېرىش
قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى ھەتتا قەلەمگە
ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىنچىكە ئىشلىگەن.

— ئەر بىلەن ئايال خۇددى ئىككى مۇلايىم ئاۋازكى —
دەيدۇ ئالىم مادزىنى، — ئىنسان قەلبىدىكى تارىلار ئۇلارسىز
ھەقىقىي ۋە تولۇق ئاھاڭ چىقىرالمايدۇ.

راست دېگەندەك، نۇرغۇن يازغۇچى، ئالىملار مۇھەببەتنى
تىلغا ئالغاندا، گويا مۇھەببەتكە چوقۇنۇش دەرىجىسىدە باھا
بەرگەن. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ھەتتا ئادەمنى
قايتىدىن يارىتىدىغان ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتكەن. ئالاي-
لۇق، شېكسپىر مۇنداق دېگەن:

— سۆيگۈ مىسلىسىز قۇدرەتكە ئىگە، دۇنيادا ئۇنىڭ غې-
مىگە ئۇچراشتىن ئېغىرراق جازا يوق، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بو-



لۇشتىن ئارتۇقراق بەخت يوق.

ئا. فرانس مۇنداق دېگەن: ئىنساننىڭ قېنىدا ئەبەدىي
ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگۈچى سۆيگۈ ئېھتىياجى مەۋجۇت.

شېۋچېنكو مۇنداق دېگەن: سۆيگۈ ئىنسان قەلبىدىكى ھا-
يات بەخش ئوتتۇر. شۇ تۇيغۇ سەۋەبىدىن ئادەم ياراتقان ھەممە
نەرسىلەر ھايات ۋە گۈزەللىك بىلەن يۇغۇرۇلغاندۇر.

ۋولتېر مۇنداق دېگەن: سۆيگۈ ھەممە تۇيغۇلار ئىچىدىكى
ئەڭ قۇدرەتلىك تۇيغۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئەقلىي خىيالىنى،
قەلب ۋە ۋۇجۇدىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

ترېنتسىي مۇنداق دېگەن: مۇھەببەت ئادەمنى تونۇمايدىغان
دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئالىم ۋە يازغۇچىلارنىڭ مۇھەببەت ھەققىدە ئېيتقانلىرى
ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە
تاقىلىدۇ، ئەمما بۇ ھېكمەتلەرنىڭ تۈگۈنلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ
ئادەمنى گۈزەللىككە ئوراپ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدىغانلىقى، شېرىن
ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئەخمەق ئادەملەرگىمۇ ئەقىل بېرىدىغانلىقى،
مۇھەببەت شارابى يېڭى ئادەملەرنى بەرپا قىلىدىغانلىقى، ئەڭ
بۈيۈك ئىنسانىي بايلىقلارنى يارىتىدىغانلىقى ئېنىق. دېمەك، شىزى
بىلەن يوسېفنىڭ مۇھەببەت، سەۋرچانلىقنى تىرەك قىلىپ
تۇرۇپ تالانتلىق بالا تەربىيىلىشى مىڭلاپ ئالىملارنىڭ تەتقى-
قاتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن ئۇلۇغ بىر ئىجادىيەت. بۇ
ئىجادىيەتكە ھەتتا ھازىرقى كۈندىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىن
نەچچە مىڭ ھەسسە ئارتۇق گۈزەللىك، ئەقلىي كەملىك ۋە
پىسخىك ئاجىزلىق كاساپىتى بىلەن غېرىبسىنىۋاتقان نۇرغۇن
كىشىلەرنىڭ بەختى - ئامىتى يوشۇرۇنغان. شۇنداق بولغاچقا،
ھامىلىلەرنى تەربىيىلەشتە ئەر - ئايالنىڭ مۇھەببىتى تۇرمۇش
دۆۋىنىڭ ئەڭ تۆرىدە ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك قەدىرلىك مېھ-
مانىكى، ئۇنى قەدىرلەش، ئەزىزلەش ھەربىر ئەر ۋە ئايالنىڭ

بۇرچى. تالانتلىق، بالا تەربىيىلەش ئۈچۈن، ھامىلىدار ۋاقتىدا ھامىلىگە دەخلى قىلىدىغان بارلىق كەيپلەر ۋە ناپاك ئىشلاردىن ساقلىنىش، تولۇق ئوزۇقلىنىش، خۇشال - خۇرام يۈرۈش، ھەرقاچان ۋە ھەر جايدا بولسا ئەرلىرىگە قانات بولىدىغان نازاكەت، شەرمۇ - ھايا، قەلب گۈزەللىكى، تىلى شىرىنلىكى، جەننەتتى رىزۋانلارچە ساداقەتلىكىنى ساقلاش، تۇرمۇشتا ئىپچىل، پاكىز، پىداكار بولۇشتەك نازۇك خىسلەتلەر ۋە بۇ دۇنيانىڭ سەبىيالىرىغا گۈزەللىك باغچىلىرىنى سەيلە قىلدۇرۇش ئۈچۈن يارالغان پەرىشتىلەردەك جانۇ - جاھان بولۇشقا تىرىشىش ئارقىلىق، «ئەر كىشىنىڭ قەلب دىتىنى، ئۇنىڭدىكى ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇنى يالقۇنلىتىش، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە يۈكسەك ھەممە بۈيۈكلۈككە بولغان قىزغىنلىقنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ئايال بولغۇچىنىڭ ئەر ۋە ئائىلە ئالدىدىكى بۇرچى. سۆيگۈنى پەقەت ئىشرەت دەپ ئويلايدىغان ھايۋانىي خىياللاردىن ئادا - جۇدا بولۇش، ئائىلىسىنى گۈللىتىشتە بارلىق مۇشەققەتلەرگە شېرىك بولغان دوستىنى قەدىرلەش، مۇھەببەتنىڭ تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئۆز ئوتىدا كۆيىدىغان ئەركىنلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىك ياكى قورقۇش ھالىتىگە چۈشكەن ھامان ئۆچۈدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىش، ئۆزىنى پاكلىماي تۇرۇپ ئايالىنى ئۆزىگە ئوخشىتىدىغان، زورلۇق، كۈنلەش، رەشك بىلەن ئاتالمىش «مۇھەببەت» يارىتىشقا ئۇرۇنىدىغان مۇھەببەت نادانلىقىنى ئاقارتىش، ئايالىنى بەھاجەت ئەندىشە، كۆز يېشىدىن خالاس قىلىش، مۇھەببەتتىن ئىبارەت قالاپ تۇرمىسا ئۆچۈپ كېتىدىغان بۇ ئوتقا ھەر قاچان سۆزىدىمۇ، ئىشىدىمۇ ساداقەتلىك ئىپادىلەش، ئايالى بىلەن مۇھەببەت مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئىلىم - پەن ئېچىپ بەرگەن ھەقىقەتلەر بويىچە باللىرىنى تالانتلىق قىلىپ تەربىيىلەيدىغان بارلىق تەرەپلەردە مەنىۋى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈستىسى بولۇش،



ۋەتەن ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، ئىنسانىيەت ئالدىدا ئۇلۇغ مەجبۇرىيەت ئاتالغان ئاتىلىقنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئەرنىڭ ئايال ۋە ئائىلە ئالدىدىكى بۇرچى. تەبىئىيكى، ئەر بىلەن ئايال مۇشۇنداق بۇرچىنى ئادا قىلغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ئوتى ھامىلىلەردىكى تالانت بىخىنىڭ ئۆسۈش يولىغا مەشئەل بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئائىلە قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى ۋە ھايۋانلارنىڭ قوتانلىرىدىن نەچچە مىڭ ھەسسىلەپ يۈكسەك بولغان. ئەقىللىق ئەر بىلەن ئايال قۇرىدىغان مۇھەببەت ئوردىسى بولۇپ، بۇ ئوردىلارنىڭ بەزىلىرىدە ئادەم بەخت شەربىتى بىلەن تولغان خاسىيەت دەرياسى دولقۇنلاپ، شېرىن چۈشلەردىكىدەك گۈزەل ناخشىلار ئوقۇلۇپ تۇرسا، بەزىلىرىدە مېھىر - شەپقەت بوستانلىرىنى خازان قىلىدىغان شىۋىرغانلار ھۆركىرەپ، ئادەملىك ئىززىتىنى تۆكۈدىغان نادامەت پىغانلىرى ياڭراپ تۇرىدۇ. بۇنداق شىۋىرغانلاردىن مەڭگۈلۈك يۈرەك يارىسى پەيدا قىلىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، بەختلىك ھايات قەنتىنى چاقىدىغان ۋە ھەربىر ئىشقا ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان ئائىلىنى ھاشا - مەدىكار ئورنىدىكى مۇشكۇل ۋەزىپە ئۆتەيدىغان زۇلۇم ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بەخت شەربىتى بىلەن تولغان خاسىيەت دەرياسى ئاققان ئائىلىلەر ھايات يەلكىنىنى كۆز يەتمەس ئۇپۇقتا تۇتاشقان دېڭىز بويلىرىغا ھەيدەپ چىقىپ، ئۆزىدىن نەچچە ۋە نەچچە مىڭ ھەسسە چەكسىزلىككە ئىنتىلىدىغان پەرزەنتلەر كېمىسىنى تېخىمۇ بۈيۈك پىلانلار بىلەن يولغا سېلىپ قويسا، مېھىر - شەپقەت بوستانلىرىنى خازان قىلىدىغان شىۋىرغانلار ھۆكۈم سۈرىدىغان ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھايات كېمىلىرىنى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈرۈپمۇ دەريادىن دېڭىز قىرغىقىغا ھەيدەپ بارالمايدۇ - دە، ھۆرلۈك چەكسىزلىكىنى ئاڭلاشقا قادىر بولسىمۇ، ماغدۇرى ئۇنىڭغا

يەتمەيدىغان مەجرۇھ بالىلىرىنى قورساق باقىدىغان ئاددىي پىلان بىلەنلا ئۆزىتالايدۇ. بۇ نېمىدېگەن چوڭ پەرق - ھە! ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئالدىنقى ئائىلىلەردىكى ئۇلۇغلۇق شۇكى، ئۇلاردا ئۆزىگە تەئەللۇق بىر مەنىۋى دۇنيا بار. ھايات دېگەن ئاخىرى بېرىپ يەنىلا ئۆزىگە تايىنىدۇ، تەقدىرنىڭ رولىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەر ئادەم ئۆزى تۇتىدۇ. ھايات سەپىرىدە بوران ۋە دولقۇنلار قەيەرگە ئىتتىرسە، شۇ ياققا يىقىلىپ كەتمەيدىغان بىر دىت بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى ھامان بىر كۈنى نۇرلىنىپ، ئىنسان بالىسىدىكى يوشۇرۇن مۆجىزىلەرنى ئاشكارلاپ، خەلقى ئالەمنىڭ بارىكاللىسىغا ئېرىشىدۇ. ئەمما بۇ بارىكاللىنىڭ دەرىجىسى ئەر - ئايالدىن ئىبارەت ئىشق - مۇھەببەت ئاشىقلىرىنىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئەسەرنى قانداق ئوقۇشغا باغلىق.

سىز ھاياتلىق يەلكىنىنى ھەمكارلىشىپ ھەيدەش ئۈچۈن بىرى بىلەن ئائىلىگە كىرگەن ئىكەنسىز، ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئەسەرنى ياخشى ئوقۇشىڭىز كېرەك. چۈنكى ئۇنى ياخشى ئوقۇسىڭىزمۇ، ناچار ئوقۇسىڭىزمۇ ھامان ئوقۇيسىز، ھايات سەپىرىڭىز مەيلى ياخشى بولسۇن، مەيلى يامان بولسۇن بۇ ئەسەرگە خاتىرىلىنىدۇ. بۇنداق ئىكەن، سىز ئائىلە كېمىسىنى دېڭىزچىلار بوران - چاپقۇندىمۇ رولىنى تىرىشىپ تەڭشەپ خاتىرجەم قىرغاققا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇنى مۇھەببەتنىڭ مېھىر - شەپقىتى بىلەن تەڭشەپ ئاخىرىغىچە ھەيدەپ كېتىشكە بەل باغلىيالامسىز؟ ئەگەر مۇشۇنداق بەل باغلىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە ياخشىلىق تىلەپ ئالغا باسسىڭىز، «تىلىگەن تاپىدۇ» دېگەن يەرگە بارسىز - دە، جورىڭىز بىلەن مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ئائىلىڭىز چەكسىز قاراڭغۇلۇقتا يول كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان ماياكقا ئايلىنىدۇ. سىز ھامان مۇشۇنداق يورۇقلۇق ئىچىدە بارغانسېرى كۆپلەپ نۇر تارقىتىدىغان ئائىلە بولۇپ،



پەرزەنتلىرىڭىز تالانت يوللىرىنى ئاچالايسىز. مۇھەببەت دېگەننىڭ بارلىق ئەھمىيىتىمۇ ھەرقانچە مۇشكۈل خەتەرلەر بولغان تەقدىردىمۇ ئەر بىلەن ئايال بىرى - بىرىگە مەددەت بېرىپ ھايات سەپىرىنى تولۇق تۈگىتىشتۇر. سىز ئەر بىلەن ئايالدىن قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ مۇھەببەت دەستۇرىنى بېرىلىپ ئوقۇپ، لەززەتلىك تۇرمۇش ۋە ئۇماق بالىدىن ئىبارەت مۇھەببەتنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈشنى خالامسىز؟

# ٧ باب ئەقلى زىيادە بالىلارغا ۋە ھامىلەرگە تالانت تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش

## §1. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەقلى زىيادە بالىلار ئالدىدىكى بۇرچى

ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن ئەقلى كەملىك ئەقىل تەرەققىيات سەۋىيەسىدە كۆرۈلىدىغان ئىككى قۇتۇپ بولۇپ، بۇ ئىككى قۇتۇپقا ئوخشاشلا دەسلەپكى مائارىپ تەربىيەسى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇ ئىككى قۇتۇپ ئەقىل تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدە ئەھۋال بولغانلىقتىن، ئائىلە تەربىيەسىدە بۇ ئىككى قۇتۇپتىكى بالىلارغا قارىتا ئۆزىگە ئۇيغۇن بولغان ئالاھىدە ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەقلى نورمال بالىلارنىڭ ئەقلىي زىيادىلىككە ئۆتۈشىگە، ئەقلى زىيادە بالىلارنىڭ بۇرۇنراق تالانتلىق بولۇپ چىقىشىغا، ئەقلى كەم بالىلارنىڭمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە نورمال بالىلاردەك ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ھەتتا ئەقلى زىيادە بالىلار قاتارىغا كىرىپ كېتىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. بۇ ۋەزىپە كۆپ ھاللاردا ئاتا - ئانا تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ.



## 1. ئەقلى زىيادە بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى زىيادە ۋەزىپە ئۆتەش كېرەك

ئەقلى زىيادە بالىلار ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، بىراق، ئۇ تەبىئىي جىسىملار ۋە بىز تىكلەپ قويغان ئابىدىلەردەك مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇنداق بالىلارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىمۇ ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئەقلىي زىيادىلىكتىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالنىڭ ئۇمىد يۇلتۇزى خۇددى ئاقما يۇلتۇزلارغا ئوخشاش توختاۋسىز بولۇپ، ئۇ بالىلىقتىن بالاغەتكە يەتكۈچە مىللەتنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ مەلۇم ياكى بىر نەچچە ساھەدىكى چولپانلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىمۇ، يامان ئادەتلەر ئىلكىدە نادان قالغان مېھرىبانلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ مېھىر شەپقىتىگە قارشى ئېغىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، ئاتا - ئانىلارمۇ ئەقلى زىيادە بالىلارنى تەربىيىلەشتە زىيادە ۋەزىپە ئۆتەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالايلۇق، ئەقلى زىيادە بالىلار ئاللىقانداق تەبىئىيلىكتىن ھالقىغان ئەۋلىيا ياكى قاشقىسى بار دانىشمەنلەر بولماستىن، بەلكى ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە ئومۇمىيلىقتىن ھالقىغان جايلىرىمۇ بار، ئادەتتىكى بالىلارغا ئوخشاش جايلىرىمۇ بار بالىلاردۇر. ئۇلار ئەقلىي ئۇستۇنلۇكى بىلەن نورمال بالىلاردىن مەلۇم جەھەتلەردە ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولسىمۇ، ئادەتتىكى بالىلاردا بولىدىغان خۇشلۇق، خاپىلىقمۇ ھامىي بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار زىيادىلىك ئىچىدە بىرمۇنچە زىيادە بولمىغان تەرەپلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، مەشھۇر ياپون ئۇسسۇلچىسى سىنشيا ياگزى ئۈچ يېشىدىن باشلاپ باليت ئۇسسۇلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، باشقىلاردىن زىيادە بولغان تۇغما سەنئەت تالانتىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ماتېماتىكا

قاتارلىق تەبىئەت پەنلىرىدە ئادەتتىكى باللاردەك قىينالغان.

10 نەچچە ياشلاردا داشۆگە كىرگەن بەزى ئەقلى زىيادە باللار يەنىلا بالىلىق ئادەتلىرىنى تاشلىمىغان. بۇنداق ئىكەن، ئاتا - ئانا بولغۇچى چوڭلارنىڭ ئەقلىي زىيادىلىك بىلەن ئەقلىي نورماللىق ئوتتۇرىسىغا زورمۇزور ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان خەندەك كولاپ قويۇشى ھاجەتسىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كىچىكىدە ئەقىللىق باللار ئادەتتە چوڭ بولغاندىمۇ ئەقىللىق بولىدۇ. ئەمما، باللار ئۆسۈۋاتقان بولغاچقا، بەزى باللار كىچىكىدە ئەقلى زىيادە بولسىمۇ، چوڭ بولغاندا ئەقلىي نورماللىققا چۈشۈپ قالىدۇ. بەزى باللار كىچىكىدە ئەقلى نورمال بولسىمۇ، چوڭ بولغاندا ئەقلى زىيادە بولۇپ يېتىشىدۇ. ئېينىشتېيىن تۆت ياشقىچە گەپنى جايلاپ قىلالماي چوڭ بولغاندا جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئەقلىي زىيادىلىكنى ئىپادىلىگەن ئەمەسمىدى؟ شۇڭا، چوڭلار ئاتا - ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز باللىرىنى ھەددىدىن زىيادە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى داۋاملىق بايقاپ تەربىيىلەشكە بولغان ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويماسلىق كېرەك. بالىسىنىڭ ئەقلىي زىيادىلىكىنى بايقاپ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەربىيىلەش بىلەن بىر چاغدا، بالىسىنىڭ ئەقلىي نورماللىق تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى باللارغا ئوخشاش ئۆگىنىشىنى، ئوينىشىنى، تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئامېرىكا ستانفورد داشۆسىنىڭ پروفېسسورى تىلمېن 1400 ئەقلى زىيادە ياش - ئۆسمۈر ئۈستىدە 50 يىل ئۈزمەي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەقلىي زىيادە باللارنىڭ پەقەت 20 پىرسەنتىلا بىرقەدەر زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى، قالغان 30 پىرسەنتىنىڭ كىشىلەر كۈتكەندەك جەمئىيەتكە ئالاھىدە تۆھپە قوشالمىغانلىقىنى بايقىغان.



بۇنداق ئىككى خىل ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان باللارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىدە ئانچە زور پەرق بولماستىن، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ خاسلىق پەزىلىتى جەھەتتە پەرق بولغان. بۇ ئالىم بۇ تەتقىقاتى ئارقىلىق ئەقلىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكتىن باشقا، ئالىيجاناب ئەخلاق، كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئەۋزەل خاسلىق پەزىلىتى قاتارلىق غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ ئەقلىي زىيادە باللارنىڭ تالانتلىق بولۇپ يېتىلىشىدە زۆرۈر شەرت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. بۇ پاكىتتىن بىز يەنە ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ باللىرىنى ئالىيجاناب ئەخلاق ۋە ئەلا خاسلىق پەزىلىتىگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتىمۇ زىيادە ۋەزىپە ئۆتىمىگەندە، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ ساندىكى تالانت چولپانلىرى ئادەم دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىۋالالايمىز، ئەلۋەتتە.

يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئاتا - ئانىلار بايقىغان ۋە پسىخولوگلار تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئەقلى زىيادە باللار ناھايىتى ئاز ساندا بولۇپ، ئەقلى زىيادە باللارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەقلى نورمال باللاردەك ئويناپ يۈرگەچكە، ھەتتا چوڭلار ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەتلەردە بولغاچقا، بايقالماي قالىدۇ. ئېدىسوننىڭ ئۈچ ئاي ئوقۇغاندىن كېيىن مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلىشى، بەزى ئەقلى زىيادە باللارنىڭ پەننىڭ مەلۇم بىردىگىلا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، باشقا پەنلەردە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي سىنىپ ئاشالماسلىقى، بەزى ئەقلىي زىيادە باللارنىڭ مىجەزىدە ئايرىم بەتخۇيلۇقنىڭ بولۇشى بىلەن ئائىلىسىدىمۇ دەشنام قېپى بولۇپ قېلىشى ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار قاتارىغا كىرىدۇ. يەنە شۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇكى، ئەقلى زىيادە بولغان بەزى باللار ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بويىچە تەپەككۇر قىلغانلىقتىن، ئومۇمىي مائارىپ تەربىيىسىگە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ. بۇنداق باللاردا ھېچكىمگە ئوخشاشمايدىغان كۈچلۈك ئىندىۋى-

دۇئال خاسلىق بولىدۇ، مىجەزىدىكى بۇنداق ئوخشىماسلىق ھەتتا ئۇلارنى بەزى ھاللاردا ئۆرپ - ئادەت ياكى مۇنتىزىم قائىدىلەرگە بويسۇنمايدىغان دەرىجىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەيپسىز، جېدەلخور نامى بىلەن ئەيىبلىنىپ تۇرىدۇ - دە، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەقلىي زىيادىلىك تەرىپىنى يادىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ ھالدا ئاتا - ئانا بولغۇچى تۈرلۈك ھادىسىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بۇنداق باللاردىكى ئەقلىي زىيادىلىكتىن ئىبارەت ماھىيەتنى كۆرۈشتىمۇ باشقىلاردىن زىيادە ۋەزىپە ئۆتەش كېرەك.

رەھمەتى ئاتام شېرىپ ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ: «ئاتا - ئانا باللار ئۈچۈن يېرىم دوختۇر» دېگىنى ئېسىمدە. باللارنىڭ مىجەزىنى كۆزىتىشتە زىيادە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇل ياكى ئاددىي گىياھلار بىلەن باللارنى داۋالاپ كېتەلەيدىغانلىقىغا قارىتىلغان بۇ سۆزنى ئەقلى زىيادە باللارنى تەربىيىلەشكە قاراتقاندا، باللىرىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئەتراپلىق بىلگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ باللىرىنى تەربىيىلەشتە ھېچبولمىغاندا يېرىم مۇتەخەسسىس بولالايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مەيلى قانداق نۇقتىدىن ئېيتايلى، ئەقلى زىيادە باللارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇلارنى تەربىيىلەشتىكى رولىنى ھېچكىم ئۆتىيەلمەيدۇ. چۈنكى بالىنى ياخشىلىققا باشلايدىغان ياخشى تەسىر ۋە يامانلىققا باشلايدىغان يامان تەسىر ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىسىدىن باشلىنىدۇ. شۇڭا، ئەقلى زىيادە باللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارنى بايقاشتا زىيادە ۋەزىپە ئۆتەپلا قالماستىن، تەربىيىلەشتىمۇ زىيادە ئەستايىدىل بولۇپ، باللىرىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ھەم گۈزەللىك تۇيغۇسى جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئەقلىي جەھەتتىكى كۆزىتىش، خاتىرە، تەپەككۇر، دىققەت، تەسەۋۋۇر قابىلىيەتلىرى-



نىڭ ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا دىققەت قىلىشى، مەلۇم جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلماي باللار ناھايىتى بۇرۇنلا بىرەر پەن دائىرىسىگىلا چەكلەپ قويۇلسا، خۇددى بەزى باللار بەزى تاماقلارغىلا ئۆزىنى ئۇرۇپ، بەزى تاماقلارنى يېمىگەنلىكتىن، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكى تۈپەيلى ئايرىم كېسەللەرگە گىرىپتار بولغاندەك، مەنىۋى جەھەتتىمۇ كەمتۈك بولۇپ قېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە توختىماستىن تەرەققىي قىلىشىنى توسۇپ قويىدۇ. بۇمۇ ئەقلى زىيادە باللارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆتەشكە تېگىشلىك زىيادە ۋەزىپىدۇر.

چۈنكى، ئەقلى زىيادە باللارنىڭ ئەقىللىقلىقىنى داڭلاشنى ھەرقانداق ئادەم قىلالايدۇ، ئەمما، ئەقىللىق بالىنىڭ ئۆگىنىشىدىكى كەم جايلارنى كۆرسىتىشكە ئالاھىدە دىت كېرەك. خېلى كۆپ ساندىكى ئالىملار ئەنە شۇنداق دىتى بار تۇنجى ئۇستازلىرى - ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئاڭلىق تەربىيىلىشى بىلەن مەيدانغا چىققان ئەمەسمىدى؟ ناۋادا ئاتا - ئانىلاردا بۇنداق دىت بولمىسا، ئائىلىلەردە ئائىلە ئەزالىرى ئىتتىپاق، كېلىشىملىك، قائىدە - يوسۇنلۇق بولمىسا، باللارغا خاتىرجەملىك يارىتىپ بېرەلمىسە، باللاردىكى ئەقلىي زىيادىلىكنى بايقاش ۋە بۇنداق زىيادىلىكنى ئۆستۈرۈشكە يېتەرلىك بىلىم بولمىسا، ھەتتا ئۇ بالىدا بار ئالاھىدە ئىقتىدار ئاتا - ئانا بولغۇچىدا بولمىسا، ئۇ بالا قانداق قىلىپ تالانتلىقلار قاتارىغا كىرەلەيدۇ؟ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى خىل پىرسەنت ئەنە شۇنداق دىتنىڭ بولۇش - بولماسلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئاتا - ئانا ئەقلىي زىيادىلىكنى ھەقىقىي تالانتقا ئايلاندۇرۇشتا ئۆزى ئۇلارنى بايقاش، تەربىيىلەشكە ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ

بىلىمى يەتمىگەن تەرەپلەردە بۇ ھەقتە بىلىمى بار ئۇستازلارغا مۇراجىئەت قىلىدىغان يەنە بىر خىل زىيادە ۋەزىپە ئۆتەش كېرەك.

پسىخولوگلار: بالىلار خېلى كۆپ تەرەپلەردە ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۇدۇمىنى ئالىدۇ، بالىلارغا ياخشى ئۇدۇم قالدۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا لايىق لاياقەت ھازىرلاش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇنداق لاياقەت ئادەتتە غايە، جاسارەت، بىلىم ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتتىن قۇرۇلىدۇ. چۈنكى غايىسى بولمىغان، كۆڭلىگە ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى پۈكمىگەن، ئەپلەپ - سەپلەپ جان بېقىشنىڭ كويىدا يۈرگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇلۇغ مەقسەت بىلەن بالا تەربىيىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىلىم بىلەن جاسارەتكە كەلسەك، بالىلارنى تەربىيىلەشكە بىلىم قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى. لېكىن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ھەممە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئوخشاش يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئاتا - ئانىلار مۇۋاپىق دەرىجىدىكى بىلىم ئاساسىدا بالىلاردا جاسارەت يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەربىيىلىنىشتىكى بۇنداق جاسارەتنى بىلىمخۇمارلىق ۋە ئىنتىلىش رىغبىتى دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بار، بىرىنچىسى، كۈچلۈك بىلىم تەشنالىقى بىلەن ئۆگىنىپ ھارماسلىق؛ ئىككىنچىسى، تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىنتىلىپ، بىلگەنلىرىگە قانائەت قىلماسلىق. ئەگەر بالىدا مۇشۇنداق جاسارەت يېتىلدۈرۈلسەكەن، ئۇ بالا تەپەككۇر قىلىشقا، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشكە، ئۈزلۈكسىز يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشكە ئادەتلىنىدۇ. ئالدىغا ئۇچرىغان توسالغۇ، قىيىنچىلىقلارنىمۇ يېڭىپ كېتىدۇ، بۇنداق جاسارەتنى بالىلارغا كىم ئۆگىتىدۇ؟ تەبىئىيكى جەمئىيەت، مەكتەپ، ئائىلە ئۆگىتىدۇ. بىراق بالا ئاتا - ئانىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمىگەن، چۈشكەندىمۇ بۇ قۇچاقتىن نېرى كەتمىگەچكە، ئالدى بىلەن بىرىنچى ئۇستازى



بولغۇچى ئاتا - ئانا ئۆگىتىدۇ. بىراق، بۇنداق ئۆگىتىشنى يالغۇز گەپ بىلەن ئورۇنداپ كېتەلمىگەچكە، ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ ئۈلگىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن بالىدا: «ۋاھ، مېنىڭ دادام، ئانام نېمىدېگەن جاسارەتلىك. نېمىدېگەن بىلىم خۇمارى» دېگەن تەسىر قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆگىتىدۇ. ئەخلاق تېخىمۇ شۇنداق، كىچىك بالىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تەپەككۇر شەكلى ئوبرازلىق تەپەككۇر بولغاچقا. ئۇلار كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان مودېللارغا ھەممىدىن بەك قىزىقىدۇ. ئاتا - ئانا بۇ مودېللار ئىچىدە ئەڭ يارقىن، سەلتەنەتلىك مودېل بولۇپ، ئاتا - ئانا ئەخلاقىي پەزىلەتلىك، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، ئومۇمىيلىقنى سۆيىدىغان شەخسىيەتسىز بولسا، بالا ئاشۇ ئوبراز ئارقىلىق ئىلھاملىنىپ ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى تاۋلايدۇ. يەنى ئەخلاق قارىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاتا - ئانا ئەخلاقلىق بولسا بالا ئەخلاقىي ئۇدۇمغا ئادەتلەنسە، ئەخلاقسىز بولسا ئەخلاقسىز ئۇدۇمغا ئادەتلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇشۇ ئۈچ جەھەتتىكى ئۈلگىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇستازلىق ئۈلگىچىلىكى بالىلارنى ئەقلىي زىيادىلىككە يېتەكلەيدىغان لاياقەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئىشىنىش كېرەككى، بۇنداق لاياقەتلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بالىلار ھەرقاچان مۇۋەپپەقىيەتنىڭ باشلىمى بولغان ئۆزىگە ئىشىنىش، تالانتنىڭ ئۇل تېشى بولغان تىرىشچانلىق، تالانتلىق بولۇشنىڭ يولى بولغان ئىچ - ئىچىدىن قايناپ ئۆگىنىش، تالانتنىڭ يېتەكچىسى بولغان ساغلام خاسلىق يېتىلدۈرۈشكە قاراپ ئىنتىلىدۇ. بىراق، بۇ ھەرگىز ئاتا - ئانىلار خالىغانچە ئورۇنداپ كېتەلەيدىغان ۋەزىپە ئەمەس. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار بۇنداق لاياقەتنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەقلىي زىيادىلىكىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن زىيادە ۋەزىپە ئۆتەش كېرەك.

## 2. ئەقلى نورمال بالىلارنى بالدۇر يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئەقلىي زىيادىلىككە كۆتۈرۈش

ئەقلى نورمال بولغان كۆپلىگەن بالىلارنى بالدۇر يېتىلدۈرۈش ۋە شۇ ئاساستا ئەقلى زىيادە بالىلارغا يېتىشتۈرۈپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟ هازىر نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار ھەدېسىلا بالىلىرىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلمايدۇ. پسىخولوگلار بۇنداق بىرتەرەپلىمە تەربىيە نەتىجىسىدە بالىلار مەكتەپتە يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئوقۇيدىغان، ئەمما قابىلىيەتتە ئارقىدا قالىدىغان ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار بولىدۇ دەپ قارايدۇ. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، بالىلارنى جەمئىيەتكە كېرەكلىك قابىلىيەتكە ئىگە ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار بالىلارنى بالدۇر يېتىلدۈرۈشتە تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر:

ئالدى بىلەن بالىلارنى ئائىلىۋى مەدەنىيەت كەيپىياتىدا تاۋلاش. ئائىلىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان غايە، بىلىم، جاسارەت، ئەخلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئاتا - ئانىنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، قىممەت يۈزلىنىشى، ئائىلىنى بېزەش ئەھۋالى ھەتتا يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىنىش جەھەتلەردىكى تەقى - تۇرقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بۇنداق مەزمۇنلار ئادەتتە بالىلارغا بېرىلىدىغان تەربىيىگە مۇناسىۋەتسىزدەك تۇيۇلغانلىقتىن، ئاتا - ئانىلار ئۇنچىۋالا دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ ھەتتا بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ تۇرمۇشى باياشات بولغانلىقتىن، بالىلارغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەيىنلەپ قويۇپلا كارى بولمايدۇ. ئەمما، «تۇرمۇشتا بالىلارغا كېرەكلىك نەرسىلەر



تولۇق، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىمۇ ھەم بار» دەپ تەڭگىنى ئېگىز قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ياكى ھەر كۈنلۈكى قىلىدىغان ئىش تاپالماي تۇرمۇش مەئىشەتلىرىگە بېرىلگەن، قارتا ئوينىغان، قۇرۇق پاراڭ سوققان، لاغايلاپ يۈرگەن، كەيپ قىلغان، قىلىقسىزلىق قىلغان ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا بېرىدىغان تەسىرى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ياكى باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ بەرگەن تەلىم - تەربىيىسىنى بىكار قىلىدۇ ياكى ئۈنۈمىنى تۆۋەنلەشتۈرىدۇ. بىز بەزىدە شۇنچە كۆپ پۇلى بار ياكى خىزمەت شارائىتلىرى ياخشى بولغان تۇرمۇشى باياشات كىشىلەرنىڭ بالىلىرى شۇنچە ياخشى شارائىتتا ئاتا - ئانىسىچىلىك قابىلىيەت يېتىشتۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يارىماس ئەركە - نايناقلاردىن بولۇپ چىقىپ، پۈتكۈل ھاياتىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقدايدىغان، ۋىجدان بىلەن قېرىنداشلىرى ياكى يار - بۇرادەرلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى يەڭگىللەتمەيدىغان يۈزى قېلىنلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق بالىلارنىڭ كىچىكىدىكى ماددىي تۇرمۇشى باياشات بولسىمۇ، مەنىۋى تۇرمۇشى گاداي بولغانلىقتىن، ئۇلاردا كەلگۈسىگە ئىنتىلىدىغان غايە، كىشىلىك ھايات قىممەت قارىشى، جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق يېتىلمىگەن. بۇنداق ئىكەن، بۇ، ئەۋزەل شارائىتتا ناچار تەربىيىلىنىش بولماي نېمە؟ تەبىئىيكى، بۇنداق ئاقىۋەت ئاتا - ئانىلارنىڭ ئائىلىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە بالىلارنى تەربىيىلىمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئائىلىلەردە ئاتا - ئانىلار مەنىۋى يۈكسەكلىككە ئىنتىلىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىدە ئادىل، قىزغىن، ئەدەبلىك بولىدۇ، كىشىلەرگە مەنىۋى رىغبەت بىلەن خەيرخاھلىق ھېسسىياتىدا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرى بىلەن ئائىلىسىدە قويۇق مەدەنىي ھاۋا

هاسىل قىلىپ، باللارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يول ئاچىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئائىلىلەرگە كىرگىنىمىزدە، كۆز ئالدىمىزغا ئاتا - ئانىلار ئالغان تەقدىرنامىلەر، ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان سەنئەت - بۇيۇملىرى، قىممەتلىك كىتابلار ھەتتا ئاتا - ئانىلار ئىجاد قىلغان ئەسەرلەر جاھازلارغا رەتلىك تىزىلغان بولۇپلا قالماستىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىۋاتقان، يېزىۋاتقان، سىزىۋاتقان، ئىجاد قىلىۋاتقان مەنىۋى رىغبەت مەنزىرىسى نامايان بولىدۇ. بۇنداق بولۇپلا قالماي، ئاتا - ئانىلارنىڭ كىيىنىشلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ پاكىز، رەتلىك، ئاددىي - ساددا بولۇپ، خۇددى ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئوخشايدۇ. بۇنداق مەنزىرە ۋە نەپىس ھەرىكەتلەر تەبىئىي ھالدا باللارنى تۇيدۇرماي تۇرۇپ گۈزەللىككە، ياخشىلىققا، بىلىم تەشنالىقىغا ئېلىپ بارىدۇ - دە، باللار بۇلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت ۋە مەنىۋى قوزغىلىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، ئىشچانلىق، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، ساغلام پەزىلەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىش، ئەدەب بىلەن ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى شەرەپ بىلىشتەك ئەخلاقىي يۈزلىنىشتە بولىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، باللارنىڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرى ئۆسۈش باسقۇچىدا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدراك قابىلىيىتى، ھېسابلاش قابىلىيىتى، مەنتىقىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەريانىدا فىزىئولوگىيىلىك تەرەققىيات بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىت فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىش جەريانى ئارقىلىق باللارنىڭ خاسلىقى ۋە ھەرىكەت خۇسۇسىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئالايلۇق، 1992 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ نىۋادا شتاتىدىكى رىنو شەھىرىدە 21 ياشلىق مەشھۇر پىئانىنوچى گاۋ پىڭغا يالغۇز كىشىلىك مەخسۇس



مۇزىكا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىلگەن. ئۇ ناھايىتى يۇكسەك ماھارەت كۆرسەتكەنلىكتىن، شۇ كۈننى ئۇلار بۇ شەھەرنىڭ مۇزىكا خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتكەن. ئۇنىڭ بۇنداق كارامەتنى كۆرسىتەلىشى، ئۇنىڭ مەدەنىيەتنىڭ تېگىشلىك ساھەلىرىدە ئەتراپلىق يېتىلگەن مۇزىكانتلار ئائىلە مۇھىتىدا تاۋلانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ دادىسى گاۋ ۋېيجى ئاتاقلىق كومپوزىتور، مۇزىكا نەزەرىيىچىسى، پېداگوگىك ئىكەن. ئانىسى جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتى ئوپېرا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى ئىكەن. بۇلار بالىسى گاۋ پىڭنى ھامىلە چېغىدىن باشلاپ تەربىيىلەشكە كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مۇزىكا مۇھىتى بىلەن تاۋلاپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا مۇزىكىغا ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈر بولغان. مۇزىكا ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ قايناق بىر ھېسسىياتتا چوڭ بولغان. مۇزىكا ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مەركىزىي مەزمۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇ مەكتەپتىكى تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشتىن باشقا، دائىم ئۆز ئالدىغا بەزى كۈيلەرنى ئىجاد قىلغان. بۇنى ئاتا - ئانىسىغا ئۇقتۇرمىغان. بىر قېتىم بىر دوستى بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ بىر باشلىنىش مۇزىكىسى تەقدىم قىلغان. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن گاۋ پىڭنىڭ دادىسى ئۇنىڭ دوستىغا ئۇچراپ قالغاندا، گاۋ پىڭنىڭ ئۇنىڭغا باشلىنىش مۇزىكىسى تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلگەن. گاۋ پىڭنىڭ قارىشىچە، بىر مۇزىكانتنىڭ ماھارەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى پەقەت ئۇنى ناھايىتى بىر ئۇستا قىلىپ كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئىكەن، مۇزىكانت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى مۇزىكا جەھەتتىكى مىجەزى ئىكەن. سەنئەت، مۇزىكا، ئەدەبىيات ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ ئۈچ خىل تالانت ئۇنىڭدا بار بولۇپ، بۇنىڭ

ئىچىدە مۇزىكا ئۇنىڭ دىلىدا ئاجايىپ ھاياجان قوزغايدىغان، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئەڭ ئەسقاتىدىغان بىردىنبىر مۆجىزات ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ مۇزىكا دېسە ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كېچەلەيدىكەن. بۇ ئائىلىۋى مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ تاۋلىشى يالغۇز مۇزىكا ئىشقىدا يانىدىغان مىجەزىنىلا ئەمەس، باشقا جەھەتلەردە ئالاھىدە بولغان ئائىلىلەردىمۇ شۇ ساھەدىكى تالانت بولۇپ كۆرۈنىدىغان مىجەز ھاسىل قىلىش مۇمكىنلىكى بولماي نېمە؟

يەنە ئالايلۇق، شىن لىن، بىن گىن دېگەن ئىككى ئاپتور جىياڭسۇ ئۆلكىلىك تالانت ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «تالانت» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 2 - سانىنىڭ 44 - بېتىدە «ئائىلىنىڭ تاۋلىشى ئۇنى ئەقلىي زىيادە قىلدى» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلىپ، 14 ياشتا تەبىئىي پەنلەر بويىچە 596 نومۇر بىلەن نەنجىڭ داشۆسىنىڭ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن شۈي جىشياۋ دېگەن بىر بالىنى تونۇشتۇرغان. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ بالا جيەنخۇ ناھىيىسىنىڭ چىڭپىڭ بازىرىدا خەلق باشقۇرغان بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بۇ تولىمۇ ئاددىي ئائىلە، ئاتا - ئانىلارمۇ ئاددىي خىزمەتچىلەر، بىراق ئۇلار ئائىلىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن بالىسىنى تاۋلاشتا ئۈلگىلىك رول ئوينىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ تىلى چىقاي دېگەندىلا دادىسىنىڭ تەربىيىسىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇنىڭ ئەقلىي بۇلىقىنى بۇرۇنراق ئېچىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككى ياشقا كىرگەن چاغدا ئۇنىڭغا چوڭلارنىڭ شاھمات ئوينىغىنىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. ئۇ كۆرە - كۆرە شاھماتنىڭ ئۈستىدىكى خەتلەرنى تونۇۋالغان ھەمدە ئاتىسىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن 100 گىچە ساناشنى ئۆگەنگەن. تۆت



ياشتىن باشلاپ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، خەت تونۇغان ھەمدە ئەرخۇ چېلىشقا تەمشەلگەن. بەش ياشتا چوڭ ئانىسى قازا قىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆيدە قارايدىغان ئادەم يوق، ئانىسى بىلەن سىنىپقا بېرىپ، بالىلار يېنىدا ئوينىۋېتىپ ئاستا - ئاستا سىنىپتا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ خېلى قىسمىنى بىلىۋالغان. ئىمتىھان ئېلىپ كۆرگەندە ئوبدان نەتىجە قازانغان. بەش ياشتىن ئاشقىچە 500 خەت ئۆگىنىپ بولغان ھەمدە ئىنگلىزچە ئېلىپبەنى تۈگەتكەن. ئالتە ياشقا كىرگەندە ئەرخۇ بىلەن يەرلىك ئاددىي ناخشىلارنى چالغان. يەتتە ياشقا كىرگەندە 3 - سىنىپنى تاماملاپ، قىشلىق تەتىلدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپ ھېساب دەرسلىكىنىڭ 6 -، 7 - قىسىملىرىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تىل دەرسلىكىنى 1 — 7 قىسىملىرىغىچە يادلىۋالغان، ئومۇمىيۈزلۈك ئىمتىھان ئېلىپ كۆرگەندە نەدىن سورىسا شۇ يەرگە جاۋاب بەرگەن. يەتتە ياشقا تولۇق توشقاندا بولسا، تىل بىلەن ھېسابتىن 144 نومۇر ئېلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىن باشلاپ ئۇنىڭ دادىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئەقلىي بۇلىقىنى ئېچىشقا ئاتلانغان. ئۇ بارلىق دەرسلەردە ئەلا دەرىجىدە ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە باشلىغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇ باشقا بالىلارغا ئۈرشۇقچىلىق قىلغان، باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا باشقا بالىلارنى تەنقىد قىلماستىن، ئالدى بىلەن شۈي جىشياۋنى تەنقىدلىگەن ۋە ئۇنىڭغا يېڭى تەلەپلەرنى قويغان. بەزىدە ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ قالسا، ئانىسى مىختەك تۇرۇپ ئۇنىڭ يامان گەپلەرنى قىلىشىنى تۈزەتكەن ھەمدە ئاتا - ئانا ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە ھەرقاچان ئۇنىڭغا ئۈلگە بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سەممىمىي، كەپسىزلىك

قىلمايدىغان، ئىشچان، ياماق كىيىملەرنىمۇ ئەتىۋارلاپ كىيىدىغان ئاددىي - ساددا بالا بولۇپ يېتىشىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىنىمۇ قولغا كەلتۈرگەن. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىقىغا چىققاندىن باشلاپ ئۇنىڭدا دەرسلەرنى پۈتۈن زېھنى بىلەن تىڭشايدىغان، ئۆگىنىش ھەۋىسى كەڭرى، تىرىشچان، تەنتەربىيە ۋە سەنئەت تۈرلىرىگىمۇ قىزىقىدىغان، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىپ، ئۆزىنىمۇ ھاردۇرۇپ قويمايدىغان خىسلەت يېتىلىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. ئەنە شۇنداق ئۈستۈنلۈكلىرى بىلەن 14 يېشىدا داشۆگە چىققان. بۇ پاكىتمۇ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش قانچە بۇرۇن باشلانسا، ئۇسۇل قانچە توغرا بولسا، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان روھ بولسا، ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى ئۈلگە بولسا، قىسقىسى، ئائىلىۋى مەدەنىيەت بىلەن تاۋلاش مۇۋاپىق دەرىجىدە بولسا، ئەقلىي نورماللىقنى بالدۇر يېتىلىشكە، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەقلىي زىيادىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەمدۇ؟

## 3. ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش

كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى بىلىم جەھەتتە تەربىيىلەشكە بېرىلىپ كېتىپ، ئۇلاردىكى ھەيران قېلىش ھېسسىياتى، خىيال ياكى تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ھەقىقىي ئالىمنىڭ ھەيران قېلىش ھېسسىياتىدىن، خىيالپەرەستلىكتىن يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك بالىلارنىڭ تالانتلىق بولۇپ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە خىلاپتۇر. چۈنكى تەربىيىنىڭ مەقسىتى ئوقۇتۇش يولى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى داۋاملاشتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى بالىلاردىكى تۇغما قابىلىيەتنى چېچەكلىتىپ



مېۋە بەرگۈزۈشتۇر. تۇغمىلىقتىكى بۇنداق قابىلىيەتنى چېچەكلىتىش، مېۋە بەرگۈزۈش ئەڭ دەسلەپتە بالىلارنىڭ ھەيران قېلىش ھېسسىياتىنى قوزغاش، خىيال سۈرۈش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق بولىدۇ.

ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ئىنسان تەبىئىتىدە تۇغما مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ ئاددىي ھېسسىيات ھەرقانداق ئىش ۋە شەيئىگە ھەيران قېلىشتىن ئىبارەت بولغان. ئىنسانلار ئەتراپىدىكى سىرلىق دۇنيانى بىلمىگەن چاغلىرىدا ھەيران بولۇپلا يۈرگەن، ھەيرانلىق ئىچىدە خىيال سۈرگەن. بۈگۈن سۈرگەن خىيال ئەتىسى تەن بىلەن قانغا سىڭگەن، بۇنداق ھەيرانلىق بىلەن خىيال سۈرۈشتىن پۈتۈلگەن ئىنسان تەبىئىتىدە ھۆكۈم سۈرگەن خىياللار خۇددى كۆپىنچە ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئېيتىپ قويۇلغان ھەقىقەتتەك كىشىلەرنىڭ ئالغا بېسىش يوللىرىنى يورۇتقان. شۇنىڭ بىلەن ھەيران قېلىش ۋە تەسەۋۋۇر ئادەمنىڭ تالانت ئېتىزى بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئەقلىي زىيادىلىكنى تەربىيىلەپ ھەقىقىي تالانتقا ئايلاندۇرۇشتا، تالانتنىڭ ھەيران قېلىش ھېسسىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئېتىزغا ئوبدان ئىشلەش كېرەك بولىدۇ.

— ھەيران قېلىش، — دەيدۇ ئارىستوتېل، — ئادەمنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر قىلىشىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇچراۋاتقان ناتونۇش شەيئىلەردىن ھەيران قالىدۇ، ئاندىن ئاي، قۇياش، سەييارىلەردىكى ئۆزگىرىش ۋە شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە تەدرىجىي ئىزدىنىدۇ. ئارىستوتېلنىڭ ئېيتقىنى راست، نۇرغۇن ئالىملار بالا ۋاقتىدا دانىشمەنلەردىن ئەمەس ئىدى، ھەتتا تېخى دەرس ئۆگىنىش جەھەتتە ئارقىدا قالغان ئىدى. ئېدىسون ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نەزەرىدە «قاپاق كاللا» ئاتىلىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن

مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلگەنىدى. ئېينىشتېيىن تاكى داشۆنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ نەزەرىدە «ئەيۋاشقا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان نەرسە» ئىدى. دارۋىن «ناتوغرا ئىشلارغا بېرىلگۈچى» نامىنى ئالغانىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىقلىي قابىلىيىتى ياشلىق دەۋرىگە كەلگەندە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئۆسۈپ كەتكەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ ئۇلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا ھەيران قېلىش ھېسسىياتى كۈچلۈك بولغان. ھەيران قېلىش ئاساسىدىكى مەلۇم نەرسىگە قىزىقىش، مەلۇم بىلىم ساھەسىگە مەستانە بولۇپ كىرىشىپ كېتىش، شۇ ئاساستا مەڭگۈلۈك ئۇلۇغ ئىستەككە ئۆتۈش، ئۇلارنىڭ خاسىيەتلىك ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بىز ئادەتتە ئادەم ئەزالىرىنىڭ قانچىكى كۆپ ئىشلىتىلگەنلىرى شۇنچە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، ئىشلىتىلمىگەنلىرى ئاجىزلاپ بارىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇلار ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ھەيران قېلىش ئاساسىدىكى ھېسسىياتى بىلەن خىيال سۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ مېڭىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەقلىي زىيادىلىك تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، باشقىلاردىن ھالقىغان ھەقىقىي تالانت دەرىجىسىگە يېتىپ يەتكەن.

— دادىل ئېيتىشقا بولىدۇكى، — دەيدۇ پېروگوۋ، — كوپېرنىكمۇ، نيۇتونمۇ پەندە ئىگە بولغان ئۇتۇقلىرىنى خىيالسىز زادى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى①. بۇ بىز ئۈچۈن نېمىدېگەن جىددىي سىگنال — ھە! ئىلىم — پەن يولىدا تۈرلۈك نەرسىلەرگە ھەيران بولۇپ، خىيال سۈرۈۋاتقان بۇ چولپانلاردىكى ئۇتۇق بىزنىڭمۇ ئۆلگىمىز. ئېينىشتېيىننى ئالايلۇق، ئۇ 12 ياش ۋاقتىدا ئۆكلىد گېئومېترىيىسىگە

① «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى.



ھەيران قالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەندە ھېچقانداق ئالاھىدە ئىقتىدار يوق، پەقەت مەسىلىلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئاقتۇرۇپ تەكشۈرىدىغان ئىشتىياقلا بار». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىم تەبىئەت سىرلىرىنى ئېچىشتا پۈتۈنلەي توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئارزۇنىڭ بولغانلىقىدىن بولۇپ، مەندە بۇنىڭدىن باشقىچە بىر مۇددىئا يوق». بۇنداق كۈچلۈك ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ئۇنىڭدا بىلىمگە بولغان كۈچلۈك تەشنالىق ۋە ئىزدىنىش روھىنى ھاسىل قىلغان، شۇ ئاساستا ئۇنىڭدا ناھايىتى مول بولغان فىزىكا، ماتېماتىكا ھەققىدىكى بىۋاسىتە تۇيغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ پىكىر يوللىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ماكان، زامان مەسىلىلىرى ۋە «مەيدان» جەھەتتىكى ئالاھىدە تەرەپلەرگە كېڭەيتەلىگەن. مانا مۇشۇنداق يېتەكلىگۈچى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ھەقىقەتەنمۇ تالانت يېتىشتۈرۈشتىكى بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ھەيران قېلىش ئاساسىدىكى قىزىقىش، ھەيرانلىقتىكى سىرنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇزاق - ئۇزاقلارغىچە ئارقا - ئارقىدىن خىيال سۈرۈش تالانتنى ئۆستۈرىدىغان ھايات بۇلىقى. ئۇلار يالغۇز تەبىئەت جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت، روھىي ھالەت ھەققىدىكى تۈرلۈك پەن ساھەلىرىدىمۇ شۇنداق رول ئوينايدۇ. ئالىم ۋېيېر شتىراسىس: «ئازراق شائىرلىقى بولمىغان ئادەم ھەقىقىي ماتېماتىك بولالمايدۇ» دېگەندەك. ھەيران قېلىش ھېسسىياتى تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى باللار ئۆزلىرى ھەيران قالغان، ياخشى كۆرگەن ئىشلارغا قىزىقىدۇ. بۇنداق

قىزىقىش بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدىكى ئاساس بولۇپلا قالماستىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇلارنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىشىدىكى پايدىلىق شارائىت بولىدۇ. جۇڭگو بويىچە يېشى ئەڭ كىچىك بولغان ئاسپىرانت شى يەنبو ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشقا ھەيران قالغان. شۇنىڭ بىلەن ماتېماتىكىغا قىزىققان، ئاتىسىنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردىمى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىرىنى ئۆگىنىپ بولغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئانالىتىك گېئومېترىيە ۋە ئىنتېگرال دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. مۇشۇ جەرياندا، ئۇ ھېساب ئىشلەشنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەرقاچان شۇ ئويۇن بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئادەت شەكىللەندۇرگەن. شۇنىڭ بىلەن 11 يېشىدا جۇڭگو پەن - تېخنىكا داشۆسىگە كىرىپ، 15 يېشىدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ فىزىكا ئىنستىتۇتىغا ئاسپىرانت بولۇپ كىرگەن. ئۇ ئاسپىرانت بولۇشقىچە بولغان جەرياندا ھەيران قېلىش ۋە شۇ ئاساستىكى قىزىقىشنىڭ ئۇنىڭدا پەيدا قىلغان مۆجىزىلىرىگە قارىغاندا، بالىلاردىكى ھەيران قېلىش، قىزىقىشنىڭ ھەقىقەتەن مۆجىزە پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بالىلاردىكى بۇنداق ھېسسىياتنى ئۇزاق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەرىپەتچى، مۇتەپەككۇر پېداگوگىك روسو ھەيران قېلىش ھېسسىياتىغا ئۇلاپ: «بالىلاردا قىزىقىش پەيدا قىلىش كېرەك، بۇنداق قىزىقىش يېتىلگەندە، ئاندىن ئۇلارغا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويۇش كېرەك» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلاردا ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش قوزغىشى ئۈچۈن ماياك ئورنىتىپ بەرگەن.

خىيال ياكى تەسەۋۋۇرمۇ ھەيران قېلىش ھېسسىياتىغا



ئوخشاش ئىنسانلاردىكى يەنە بىر خىل تۇغمىلىق بولۇپ، ئۇ تالانت خەزىنىسىنىڭ تۆرىدە تۇرىدۇ. بۇ بىر خىل، ئىنسان تەبىئىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلاردا ئەڭ مول بولىدۇ. خۇددى لوشۇن ئېيتقاندەك: «بالىلارغا ئاپىرىن، ئۇلار ھەمىشە ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، يەر شارىدىكى ئەھۋاللارنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، گۈل - چېچەكلەرنىڭ لازىمەتلىك يوللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ھاشاراتلارنىڭ تىلىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقماقچى بولىدۇ، چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ باقماقچى بولىدۇ...» خىيال سۈرۈش ياكى تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى ئادەمنىڭ تەبىئىيىتى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئادەمنىڭ ئىجادىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىدىكى پەشتاق. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئالىملار بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىشلەردە بولۇپ، خىيال ھەم تەسەۋۋۇرنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

خىيال بىلىمدىن مۇھىمراق، چۈنكى بىلىم دېگەن چەكلىك نەرسە، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى دۇنيانىڭ ھەممىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە بىلىمنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بۇلاق بولىدۇ. جىددىي ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇر پەن تەتقىقاتىدىكى ھەقىقىي ئامىلدۇر.

— ئېينىشتېين

خىيال تەسىرچان ئادەمنى سەنئەتكار، يۈرەكلىكنى قەھرىمان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

— ئا. فرانس

توغرا تەجرىبە ۋە كۆزىتىش، تەتقىقاتنىڭ ئاساسى قىلىنسا، تەسەۋۋۇر تەبىئىي پەن نەزەرىيىلىرىنىڭ لايىھىلىگۈچىسىگە ئايلىنىدۇ.

— تىندال

ئەڭ ئۇستا ۋە ئەپچىل تەجرىبە قىلىپ كۆرگۈچىلەر ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىدۇ ۋە بىر - بىرىدىن مۇتلەق يىراق چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. گەرچە بۇ قىياسلار غەلىتە ۋە ھەقىقەتتىن يىراق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاقىل، ۋەزمىن ۋە يۈرەكسىز دانىشمەنلەر ھېچ ۋاقىت ئويلاپ تاپالمىغان بۈيۈك ۋە مۇھىم كەشپىياتلار ئۈچۈن بەختلىك بىر تاسادىپىيلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

— ۋ. پىرستىلى

شېئىرىيەتتە خىيال سۈرۈش ئاساسلىق پائالىيەت. ئىجادىيەت جەريانى پەقەت خىيال ھەم تەسەۋۋۇر بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

— بېلىنسكىي

مۇزىكانتتىكى خىيال قانچە مول بولسا... ئۇنىڭ ئەسىرى ئادەمنى شۇنچە ھاياجانغا سالىدۇ، جەلپ قىلىدۇ. قىسقىسى، خىيال ئالاھىدە بىر خىل ماتېرىيال، ئۇ بولمىسا، بىر ئادەم شائىرمۇ بولالمايدۇ، ئالىممۇ بولالمايدۇ، پىكىر قىلىدىغان ئادەم، غايىلىك ئادەم، ھەقىقىي ئادەم بولالمايدۇ.

— دىتلو



ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇمكى، خىيال سۈرۈش ئادەم تەبىئىتىدىكى زور بايلىق بولۇپ، بىلىمدىنمۇ مۇھىم. بۇ بايلىقنى ئېچىش ئەقلىي زىيادىلىكنى پەيدا قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە. ھازىرقى تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، پەن - تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە باش كۆتۈرگەن تالانتلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەيران قېلىش ھېسسىياتى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت تالانت ئىقتىدارىدا ئىشلەشتىن ئىش باشلىغان. ھازىرقى بىرمۇنچە بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ بىلىمىگىلا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت بىر تەرەپلىمە ھەيدەكچىلىكى تۈپەيلى، ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشچان بولسىمۇ، ئەقلىي تەرەققىياتىدا زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنى ئەقلىي زىيادىلىككە يېتەكلەشنى ھەيران قېلىش ھېسسىياتى بىلەن خىيال سۈرۈش، تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئالىملار بۇ ھەقتە ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەر ۋە تۈرلۈك سىرلىق ئاجايىباتلار ئارقىلىق بالىلارغا قوزغىتىش قىلىشنى ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەكىتلەيدۇ. دېمىسىمۇ، فانتازىيە ۋە ئاجايىباتلار مېڭىمىزنىڭ سىرتىدىكى جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان يېڭى بىر دۇنيا بولۇپ، ئۇ بالىلارنى ئاشۇ دۇنيا بىلەن ھەسسىلەپ ئۇستۇن سەۋىيىدە ئۇچراشتۇرىدۇ. پەننى قىزغىن سۆيىشمۇ قولىقىنى يوپۇرۇپ، ئۆيدىن چىقمايدىغان ئادەمنىڭ ئالىم بولۇشىنى، مۇزىكىغا قىزىقىشمۇ ئەدەبىيات ياكى سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىن تېگىشلىك بىلىمى يوق ئادەمنىڭ ھەقىقىي مۇزىكانت بولۇشىنى، شېئىرىيەتكە ھەۋەس قىلىشمۇ، كەڭ بىلىمى يوق ئادەمنىڭ مەزمۇنى كۈچلۈك مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازىدىغان شائىر بولۇ-

شىتى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، ئۆزىنىڭ يۇمران ياكى
ئۆسمۈر ھالىتىدە فانتازىيىلىك ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە ئاجايىباتلار
ياكى باشقىچە قىزىقارلىق ئىشلار ئارقىلىق تاشقى دۇنيا ئۈستىدە
تەسەۋۋۇر يۈرگۈزمىگەن باللارنىڭمۇ تالانتلىق بولۇپ يېتىلى-
شىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. تەجرىبىلەردىن قارىغاندا،
زامانىمىزدىكى خېلى كۆپ ئالىملار ئىلمىي فانتازىيە ئەسەرلى-
رىنىڭ تەربىيىسىدە ھەيران قېلىش ھېسسىياتىنى قوزغىغان،
تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئاسىموۋ توققۇز يېشىدىن
باشلاپ فانتازىيە ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشكەن، بولۇپمۇ
فىرىنىنانىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا ئالاھىدە قىزىققان. ئىلمىي
فانتازىيە ئەسەرلىرى قۇرۇق خىيال سۈرۈشكە ئوخشىمايدۇ، ئۇ
ئىلىم - پەن ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، رېئال تۇرمۇش
تەرەققىيات تەلىپىدىكى تەسەۋۋۇرغا ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ شۇنداقلا
ئادەتتىكى خىياللاردىن پەرقلىق ھالدا كەلگۈسى ئۈستىدە
ئالاھىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ - دە، خىيالنىڭ بىر خىل رومانتىك
ئىپادىلىنىشى بولىدۇ. ئۇ شەيئىلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ۋە
كۆنۈككەن مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئادەتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ،
تېخىمۇ يۈكسەك ۋە يېڭىچە ئاجايىپلىق ئىچىگە كىرگەن
ھالدا شەيئىلەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلار بالىلارنىڭ
ياشاۋاتقان مۇھىتتا تاۋلىنىشىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، مەلۇم
قىزىقىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ - دە، شۇئان گويا بالى-
لارنىڭ كۆزى ئالدىدا لەپپىدە بىر چىراغ يورىغاندەك بولىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاجايىپلىقتىن ھەيران قېلىش ئاساسى-
دىكى پىكىر يوللىرىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوزغايدۇ. ئىدىيىنى
يۈكسەك ھالدا تېخىمۇ كەڭلىككە ئېلىپ كىرىپ، ئىجادىي
تەپەككۇرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىلمىي فانتازىيە
ئەسەرلىرى يەنە بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى يېتىلدۈرىدۇ.



نەزەر دائىرە ئىدىيىۋى لوشيەن ۋە ئىلمىي ئالدىن كۆرەلەيدىغان
قابىلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، بۇنداق ئالدىن كۆرەر-
لىككە ئىگە بالىلار تەسەۋۋۇر ئارقىلىق كەلگۈسىنىمۇ مۆلچەر-
لىيەلەيدۇ. چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىن كۆرۈش قابىلىيىتى ئىلمىي
فانتازىيىلىك ھېكايە، كىنو قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردە تولۇق
ئىپادىلەنگەن. ئالايلۇق، 1949 - يىلى ئەنگىلىيىدە نەشىر
قىلىنغان «1984 - يىل» ناملىق ئەسەردە كەلگۈسىدە ئىختىرا
قىلىنىدىغان 137 تۈرلۈك تېخنىكىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىلگەن.
تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 1979 - يىلىغا
كەلگەندە بۇ تېخنىكىلارنىڭ 80 تۈرلۈكى ئىختىرا قىلىنىپ
بولغان. ئىلمىي فانتازىيىنىڭ پىرى فىرىنىنانىڭ «يېرىم ئەسىر ھەتتا
بىر ئەسىردىن كېيىن مەيدانغا كېلىدىغان، كىشىلەردە ئەڭ زور
زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى
تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئالدىن كۆرگۈچى» دەپ تەرىپلىنىشىمۇ
ئاشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. سىرلىق ئالامەتلەر بىلەن بالىلاردا
ھەيرانلىق ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇرنى قوزغاشقا كەلسەك، ئوبيېك-
تىپ دۇنيا بىزگە سان - ساناقسىز سىرلىق ۋەقەلەرنى قالدۇ-
رۇپ كەتكەن. مەسىلەن، 2 مىليارت يىل بۇرۇنقى يادرو
رېئاكتورى، 27000 يىل بۇرۇنقى ئاسمان خەرىتىسى، 30000
يىل بۇرۇنقى دۇربۇن ۋەقەسى، مىسىردىكى ئەلئېھرام ۋە ئامېرىكا
قىتئەسىدىكى پىرامىدا سىرلىرى، تۇڭگۇس پارتلاش ۋەقەسىنىڭ
سىرلىرى، بېرمودا ئۈچ بۇرجەك رايونى ۋەقەسىنىڭ سىرلىرى،
شۇنداقلا ھازىرقى كۈندىكى ئۇچار تەخسە ۋە يىراق سەييارىلار-
دىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى ھەققىدىكى سىرلار، زامانىمىزدىكى
كۈچتۈڭگۈرلۈق بويىچە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان
گۇمپا سىرلىرى، ئادەمدىكى ئالاھىدە قابىلىيەت سىرلىرى، ئىنسا-
نىيەت مەدەنىيىتىدىكى تېخىچە ئېچىلمىغان ئەقىل سىرلىرى،
تەپەككۇر سىرلىرى، پەزىلەت سىرلىرى، خاسلىق سىرلىرى،

پالچىلىق سىرلىرى قاتارلىق ئاجايىپ - غارايىپلار بار. بۇنداق ئاجايىباتلارنى ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى تېخىچە بەرگەن نەزەرىيىلەر ۋە ياكى مۇنتىزىملاشقان لوگىكىلىق تەپەككۇر يوللىرى بىلەن شەرھلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ياكى تولۇق شەرھلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئاجايىبات سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ھازىر يەر شارى خاراكتېرلىك بولۇۋاتىدۇ، بەلكى بارغانسېرى كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتىدۇ. ۋوشەنكى، ئاتا - ئانىلارنى، چوڭلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە بۇ ئاجايىباتلار ھەرقانداق نەرسىنى بىلىشكە تەشنا بولۇپ ھەيران قېلىۋاتقان بالىلارنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، بۇنداق ئاجايىباتلار ھەققىدىكى تەربىيە بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاجايىباتلار ھەققىدىكى ھەيران قېلىشلىرىنى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى تېخىمۇ كۈچلۈك تەسەۋۋۇرلىرىنى قوزغايدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى مىليارت يىللاپ ئۆتمۈشكە، مىليون يىللاپ كەلگۈسىگە تەلپۈندۈرۈپ، ئۆتمۈشكە يۈزلەنگەندە بالىلارنى ئىنسانىيەتنىڭ ئاپىرىدە بولۇش مەنبەلىرى، دۇنيانىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىق چوڭ - چوڭ ئىلمىي ئوردىلارغا ئېلىپ كىرسە، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، ئاجايىباتلار بالىلارنىڭ ھەيران بولۇش ھېسسىياتىنى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان، يەنە بىر غىدىقلاش دورىسى. ھەر بىر ئاتا - ئانا قانداقتۇر بىر ئىش ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئىشى تەبىئىيكى، ئالدى بىلەن بالىلىرىنى ئاشۇنداق ئىلمىي ئوردىلارغا ۋە گۈزەل كېلەچەككە ئاتلاندۇرۇش بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى مۇشۇنداق ئاجايىباتلارنى كۆرۈش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەشنى ئاتا - ئانىلىق بۇرچى قىلىشى كېرەك. ئەمما، ھەيرانلىق ھېسسىياتى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى كۆپ ھاللاردا ئەركىنلىككە



موھتاج بولغانلىقى ۋە ئەركىنلىك يوق يەردە ھەتتا نابۇت بولىدىغانلىقتىن، ئىرىنشىپ تەربىيىلەش بىلەن بىللە، بالىلارنىڭ ئۆزىدىكى خىياللار، ھەيران قېلىشلار ھەتتا ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ ئەيىبلەنمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى خىياللار ئاسرىلىشى، شۇ بويىچە تېخىمۇ كۆپلەپ ئىلھام بېرىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى ئىلھام تەسەۋۋۇرلىرىدىن پەيدا بولغان قىزىقىشىنىڭ نۇقتىلىرى بويىچە يېتەكلىنىشى كېرەك.

## §2. ھامىلىلەرگە تالانت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش

بىز كىچىكىمىزدە ياكى چوڭ بولغاندىن كېيىن بەزى بالىلارنىڭ تۇغۇلغاندىلا باشقا بالىلاردىن ئەقىللىق بولۇپ چىققانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت، چۆچەك ۋە ياكى ئاجايىباتلارنى ئاڭلىغانمىدۇق. ئەمدىلىكتە ئۇ بىر خىل رېئاللىق بولۇپ ئالدىمىزغا كەلمەكتە. بىر مۇخبىر كانادا مونتارىئو ئۆلكىسىنىڭ مېلتون سىمفونىيە ئۆمىكىنىڭ دىرىژورى بولتون بوررىتتىن ئۇنىڭ قانداق قىلىپ مۇزىكىدا تالانتلىق بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى سورىغاندا:

— مەن تۇغۇلغان چاغدىلا مۇزىكا ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ بولغانىكەن، مەن ناھايىتى ياش ۋاقتىمدىلا ئۆزۈمدە ئادەتتىن تاشقىرى تالانتنىڭ بارلىقىنى سەزگىنىمدە، ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم، يەنى دەسلەپتە سەھنىگە چىقىپ نوتىغا قارىماي دىرىژورلۇق قىلغىنىمدا باس ئىسكىرىپكا مېلودىيىسىنىڭ ئاھاڭ رىتىمى ئۈزۈلمەستىن كاللامغا زاھىر بولغانلىقى، بەلكى نوتىغا قارىمىغاندىمۇ بىر ئاھاڭنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان يەنە بىر ئاھاڭنى توپتوغرا بىلىپ تۇرغانلىقىمدىن ھەيران قالدىم. بىر كۈنى ئانام باس ئىسكىرىپكا چېلىۋاتاتتى،

مەن بىرىپ ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. مەلدە ھەيرانلىق ھىسسىياتى پەيدا قىلغان بۇ ئەھۋال ئانامدا قىزىقىش قوزغىدى. ئانام مەندىن كاللاڭدا قايسى كۈيلەر پەيدا بولدى دەپ سورىغاندا بۇ سىر ئاندىن يېشىلدى. دىمەك، مەن دەسلەپتە دىرىژورلۇق قىلغان ئاشۇ كۈي مەن تېخى ئانامنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا ئانام دائىم چېلىپ تۇرىدىغان كۈي ئىكەن — دەپ جاۋاب بەرگەن.

مىلتوندا كۆرۈلگەن بۇ ئەھۋاللارغا ئوخشاش ھامىلە ھالىتىدە تالانت بىخى سۈرگەن باللار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان مەشھۇر پسىخولوگ توماس بېرنىنى «ھامىلىلەر سىرلىق دۇنياسى» ناملىق كىتاب يېزىپ، ھامىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇن تەجرىبە ۋە تەربىيە نەتىجىلىرى ئارقىلىق، ھامىلىلەردە پەۋقۇلئاددە يوشۇرۇن قابىلىيەت بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا ھامىلىلەر ئانىسىنىڭ پىكىر، ھېسسىياتىنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئەنگىلىيە پسىخولوگلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى مىشىل كىرەيمىن قورسىقىدا ئالتە ئايلىق ھامىلە بار ئانىنىڭ ناخشا ئاۋازىنى لىنتىغا ئېلىۋېلىپ، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇ ناخشىلارنى بالىسىغا قويۇپ بەرگەندە، بوۋاق ئاجايىپ خۇشال بولۇپ پىلتىڭلاپ كەتكەن. بۇنىڭدىن ئۇ، ئانىنىڭ ئاۋازى ھامىلىدە ناھايىتى مۇھىم «خاتىرە ئىزى» قالدۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. ياپون ئالىمى جىڭشىن مەشھۇر رۇس باسچىسى لىئاندىر كوگىنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى مۇنداق كەچۈرمىشىنى ئاڭلىغان:

بىر كۈنى مەن بىر مۇزىكا كېچىلىكىدە رۇس كومپوزىتورلىرى ئىجاد قىلغان بىر يېڭى كۈينى ئورۇندىماقچى بولدۇم. بۇ كۈينى مەن خوتۇنۇمنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن قىسقا مۇددەت رىپېتىتسىيە قىلىۋالغانىدىم. بۇ چاغدا خوتۇنۇمنىڭ كۆزى يورۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا خوتۇنۇم بىر



ئوغۇل تۇغدى. ئوغلۇم تۆت ياشقا كىرگەندىلا ئىسكرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى. بىر كۈنى ئۇ توساتتىن ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۆگەتمىگەن بىر مۇزىكىلىق ئەسەرنىڭ كۈيلىرىنى چېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ چالغان مۇزىكىلىق ئەسىرى دەل ئاشۇ چاغدا بىز مۇزىكا كېچىلىكىدە ئورۇندىغان ئەسەر ئىدى. بۇ ئەسەرنى پەقەت ئاشۇ كۈنىدىكى مۇزىكىلىق كېچىلىكتە ئورۇندىغاندىن باشقا كېچىلىكلەردە ئورۇندىمىغانىدۇق ھەم مۇزىكا لېنتىسىغىمۇ ئېلىپ قويمىغانىدۇق، ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن بۇيان بۇ مۇزىكىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق ئىش بولدى. شۇڭا، مەن بۇ ئەھۋالنى بالىلار ۋە ھامىلىلەر تەربىيىسىگە قىزىقىدىغان جىڭشىن دازىڭغا سۆزلەپ بەردىم.

جىڭشىن دازىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنداق ئەھۋالنىڭ بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق كەچۈرمىشلىرى بار كىشىلەرنىڭ ھامىلىلىرىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ شۇ دەرىجىدە بولىدىغانلىقىدىن چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. يالغۇز بوررىت، كوگىنلار شۇنداق دەپلا قالماستىن، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىۋاتقان پىئانىنوچى ئارتور، ئىسكرىپكىچى جوھىدلارمۇ شۇنداق گەپلەرنى قىلغان. نۇرغۇن ئالىملار ۋە كاتتا دوختۇرلار بۇنداق ئالامەتلەر ھەققىدە تەكرار ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىش، نازۇك ئەسۋابلار بىلەن ھامىلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئارقىلىق قورساقتىكى ھامىلىنىڭ گۇل، گومۇش، سېزىمسىز بولماستىن، بەلكى ئۆتكۈر سېزىمچانلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق سېزىم ئەزالىرىنىڭ ئۇلاردىكى پاراسەت يول ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ھازىر ھامىلە تەربىيىسى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان بەزى مۇتەخەسسىسلەر ھامىلىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پاراسەت بۇلىقىنى ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن،

ئاۋستىرالىيىنىڭ كانبېررا تۇغۇتخانىسىنىڭ دوختۇرلىرى 35 نەپەر ئېغىر ئاياق خوتۇننى ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا دوختۇرخانىغا كېلىپ مۇڭلۇق، لەززەتلىك مۇزىكىلارنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرغاندا، ھامىلىلەرنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئاڭلاش ئەزالىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ياخشى بولۇپلا قالماي، مۇزىكا سېزىم قابىلىيىتى ئۆسكەن. بۇ ئانىلاردىن تۇغۇلغان بالىلار بىردەك تەندۇرۇس، ئەقلىي قابىلىيىتى ئۈستۈن، مىجەزى ئوبدان، سەزگۈر بولۇپ چىققان. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇلار ئىچىدىن يەتتە بالا بالىلار مۇزىكا مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلانغان، ئىككى بالا ئۇسسۇل ئارتىسى بولغان، باشقىلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ بىردەك ئەلا بولۇپ، ھېچقايسىسىدا ناچار قىلىقلار كۆرۈلمىگەن. دېمەك، ھامىلىگە مۇزىكا ياكى باشقا ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تۇجۇپىلەپ تەربىيە ئېلىپ بېرىلسا، ئۇلاردىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە بۇرۇنقى زامانلاردىمۇ ئىزدىنىشلەر بولغان بولۇپ، بۇنداق ئىزدىنىشلەرنىڭ يەكۈنى: تاشقى تەسىر ياخشى بولسا ھامىلە ياخشى ئۆسىدۇ، تاشقى تەسىر يامان بولسا ھامىلە ياخشى ئۆسەلمەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. ئۆتمۈشتىكى مۇشۇنداق يەكۈننىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، زامانىمىز ئالىملىرىمۇ كۆپ ئىزدەندى. بۇ ئالىملاردىن ئامېرىكا پسىخولوگى تاپسون بۇنداق ئەھۋالنى ھايۋانلاردا سىناق قىلىپ كۆرگەن. ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، ئەڭ ئاتاقلىقى چاشقانلار ئۈستىدىكى تەجرىبىسىدۇر. ئۇ قورساق كۆتۈرگەن بەش دانە چاشقان ھەرىلەرنىڭ غۇڭۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىنتېسۋىيىلىك توك ئارقىلىق شۇنداق ئاۋازلارنى تەكرارلاپ ئاڭلىتىش ئارقىلىق چاشقانلارنى قورقۇتقان. بۇنىڭ بىلەن بۇ چاشقانلار دائىم تەشۋىش ئىچىدە تۇرغان. بۇ بەش دانە چاشقان 30 بالا تۇغقان. تاپسون



ئانىلىرى تەشۋىش ئىچىدە تۇرۇپ تۇغقان بۇ چاشقان بالىلىرىنى ئانىلىرى خاتىرجەم ھالەتتە تۇرۇپ تۇغقان چاشقان بالىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن. بۇنداق ئىككى خىل چاشقان بالىلىرىنى مەيدانغا قويۇپ بەرگەندە، ئانىلىرى خاتىرجەم ھالەتتە تۇغقان چاشقانلار مەيداندا ئەركىن ھەرىكەت قىلغان، يېمەكلىكلەرنى دادىل تېپىپ يېيەلىگەن، ھەرىكەت ھالىتىدە چەبدەس بولغان. ئانىلىرى تەشۋىش ئىچىدە تۇرۇپ تۇغقان چاشقانلار بولسا، يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يېيىشتە ئەركىن، جانلىق بولالمىغان، دەم مېڭىپ، دەم توختاپ ئالاقزادە بولۇپ يۈرگەن، تەشۋىش ئىچىدە ئەندىشە قىلىپ يۈرۈشكەن. تەشۋىش ۋە خاتىرجەملىك ئىلكىدىكى ئىككى خىل چاشقاننىڭ بالىلىرىدا كۆرۈنگەن ئىككى خىل ئەھۋال شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، يامان تاشقى تەسىر قورساق كۆتۈرگەن چاشقانلاردا تەشۋىش پەيدا قىلغان، تەشۋىشى ئارقىسىدا ئىچكى ئاجراتمىلاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش قان ئارقىلىق ھامىلە بەدىنىگە ئۆتكەن، ھامىلە تۇغۇلغاندىن كېيىن تەشۋىش كېسىلىگە گىرىپتار ئەۋلاد بولۇپ چىققان. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ھامىلە ئانىسىنىڭ تېنى ۋە ئاۋازى ئارقىلىقمۇ ئىنتېسۋىيىلىك توك زەربىسى (توك كۈچى) ۋە غۇژغۇن ئاۋاز زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر مەنىۋى توسالغۇسى بار پسىخىك ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىكەن.

بۇ تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھامىلە تاشقى تەسىرنىڭ غىدىقلىشىغا نىسبەتەن سەزگۈرلۈك بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇنداق غىدىقلاشلارنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايدۇ. ئالىملار مۇشۇنداق ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ھامىلىنى قورساقتا تۇرۇپ ئۆگىنىش ھادىسىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. فرانسىيىدە ئوددېل دېگەن تۆت ياشلىق بىر قىز بالا غېرىبانىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، گەپ قىلماس بولۇپ قالغان. ئۇ قىز فرانسۇز

تىلى پسىخولوگى توماتتىسنىڭ داۋالىشى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەيلا كەپ قىلىدىغان بولغان. ئەمما ئۇنىڭ كېسىلى پەقەت ئىنگلىزچە كەپ قىلغاندىلا ساقايغان، فرانسۇزچە كەپ قىلغان ھامان يەنە تۇتۇلۇپ قالغان. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئىنگلىزچە بىلمىگەنلىكتىن فرانسۇزچە سۆزلىشىدىكەن. بۇنىڭدىن توماتتىسمۇ ھەيران قالغان. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئانىسى ئۇددىلىغا ھامىلىدار بولغاندا پارىژدىكى بىر سودا شىركىتىدە خىزمەت قىلغانلىقىنى، بۇچاغدا بۇشىركەتتە ئىنگلىزچەسۆزلەشكىلا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا: «ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن - دە!» دەپ ئۇددىلىنىڭ ئىنگلىزچە تىلى ئاساسىنىڭ قورساقتا ھامىلە بولۇپ تۇرغاندا شەكىللەنگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان. قاراڭلار، ھامىلە نېمىدېگەن ھوشيار - ھە! بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ سىگنال بولماي نېمە؟ بۇ، تاشقى تەسىرنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ھامىلىنى بالدۇر يېتىلدۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى بولماي نېمە؟



# VI باب تالانتنىڭ جانلىق ھالىتى

تالانت مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىتتا ئىجادىي ئەمگەكنى ئارقىلىق جەمئىيەت، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشىدىغان جانلىق ئادەمدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىز تالانتنىڭ يېتىلىشىنى پۈتۈنلەي ئىجادىي پىكىر ۋە ھەربىر كەتكە باغلاپ چۈشىنىمىز ۋە ھەرقاچان ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ ئالىلىقانداق بىر ساھەسىدە ئىجادىي قابىلىيەت شەكلىدە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلىمىز. ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىجادىيەت سۆزى ھەممە جايدا قوللىنىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ھازىر ئاددىي بىر كارخانىچىنىڭ ئۆز كارخانىسىنى يېڭىلاش پىلانى تۈزۈلگەن جايدىن ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر بىر تۈرلۈك مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئېرىشكەن تېلېۋىزىيە خەۋىرىگىچە، ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش ئېلىپ بارىدىغان باش ئورگانلىرىدىن تارتىپ ئۇنى كونكرېت ئىجرا قىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى يېزا - كەنتلەرگىچە، ئىجادىيەت سۆزى جاراڭلاۋاتقان مىڭلاپ سورۇنلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئىجادىي قابىلىيەت كىشىلەرگە بەخت - ئامەتنى ئالدىن كۆرسىتىپ قويىدىغان نەرسە بولغانلىقتىن، ناھايىتى كۆپ كارخانا، ئىدارە، مەكتەپلەردە ئەقىل بۇلىقى - ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرغان ئورگانلارنى

ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئىجادىيەت سۆزى جاراڭلاۋاتقان سورۇنلار ۋە ئىجادىيەتنى ئېخمۇ ئۇلغايتىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان ئىجادىي قابىلىيەت بۇلىقىنى ئېچىش ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئالدىمىزغا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدە بەھۇزۇر سۆزلەپ بېقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇرلاردىن كۆز ئالدىمىزغا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تازا مۇۋاپىق كېلىدىغان بەزى چارىلەرمۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇشۇنداق ئەركىن ئويلاپ كۆرۈشكە يېتەكلەش ئاساسىدا ھەربىرىمىزدە كۈچلۈك غىدىقلىنىش بولىدۇ. بۇنداق غىدىقلىنىش ئارقىسىدا بىزدىكى قابىلىيەتنىڭ ئىشقا سېلىنىشىغا توسقۇن بولىدىغان بىسىم كۈچلەر ئاجىزلاپ، بىزمۇ ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان بولىمىز. بۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇر ياكى تەپەككۇر قىلىشتا كەسىپ ئەھلى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىمىزدۇر. ئۆزى تۇرۇۋاتقان تۇرمۇش ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈش بىزگە ئەڭ ئاۋۋال ھەممىمىزنىڭ تالانت دائىرىسىگە كىرىپ كېلەلەيدىغان ئىجادىيەتچى بولالايدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرسە، ئىككىنچىدىن، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئۆي ياكى ساندۇقنى ئاچىدىغان ئاچقۇچتىن بىرنى ئېلىۋالسىلا دائىم قولۇپنى ئاچقىلى بولىدىغان قورال ياكى بىر ئادەم ئىگىلىۋالسىلا دائىم ئىشلەتكىلى بولىدىغان خىسلەتلىك دورا ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئادەمنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنى، تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىغا ئىگە قىلىدىغان مەنىۋى ئىستەكتۇر. ئىجادىي قابىلىيەت ھاسىل قىلىدىغان ئىجادىيەتنىڭ ماھىيىتى ئاللىقانداق جەريانلار ئەمەس، يەنىلا ئىستەكتۇر. ئىستەك دېگىنىمىز — ئىدىيىدىكى تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى تەشكىللەپ، ئىجادىيلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىغان روھتۇر. ئىجادىي قابىلىيەت — ئىستەك دەپ ئاتىلىدىغان بۇ



روھ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىگە تولۇق خوجايىن بولۇشىغا، يېشىلمىگەن مەسىلىلەردىكى سىرلارنى ئېچىش ئۈچۈن بەلگىلەپ قويۇلغان ئەندىزىلەرنى رەت قىلىشىغا، مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويۇشىغا، ئۇستازلار ھەم ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك تەسەۋۋۇر ۋە تەكلىپلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە، قىسقىسى، ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن جەمئىيەت، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشۇشقا جۈرئەت قىلىشقا ئىلھام بېرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئىجادىي قابىلىيەت سىرلىق نەرسە ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئادەم مەشق ئارقىلىق ئىگىلىۋالىدىغان، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۆزىنى تالانت تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ كېتىدىغان ھەرىكەتچان نەرسە. ئەگەر بىز ئىجادىي قابىلىيەتنى ئەمەلىيەت ئاساسىدا مۇشۇنداق چۈشىنىۋېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ دۇنياغا خۇددى ئەۋلىيا، پادىشاھلارغا ئوخشاش كاللا بىلەن تۆرەلگەنلىكىمىزنى ۋە تۆرۈلۈشىمىزدىكى ئەقىل بايلىقىنى ئەمەلىي مەشق ئارقىلىق ئۆستۈرۈپ، نىسپىي بولغان مەلۇم ساھەدە ئىنسان كامالىتى ھاسىل قىلالايدىغانلىقىمىزنى جەزملەشتۈرەلەيدىكەنمىز، جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر دەرھال «تەسەۋۋۇرچىلار گۇرۇھى»، «تەپەككۇر ماھىرلىرى گۇرۇھى» قاتارلىقلارنى قۇرۇشىدۇ — دە. بىزنىڭمۇ ئۆزىدەك ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، ئىنسانىيەتكە بىزنىڭمۇ مەدەنىيەت بايلىقى يارىتىش مەجبۇرىيىتى بىلەن تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇيدۇ ۋە بىزنىڭ ئۈستىمىزدە تۇرۇپ، بىز ئۈچۈن تۇرمۇش، ئىدىيە ھەتتا كەلگۈسىنى ئويلاشنى كەسىپ قىلىۋالىدۇ. ئەگەر بۇ گۇرۇھلار كۆپىيىپ كەتسە، بىزنىڭ پىكىر ۋە ئىجادىي ھەرىكىتىدىكى تۆۋەنلىكىمىز ئۇلارغا سەۋەب بولۇپ بېرىدۇ — دە. بىز بۇ داۋراڭكەشلەر دەستىدىن تالانت باغچىسىغا كىرەلمەيمىز. شۇڭا، ئۆزىمىزنى قەدىرلەش، ئۆزىمىزنى كۈچەيتىش، ئۆزلىمىزنى تالانت بوسۇغىسىدىن ھەقىقىي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بىزمۇ

«تەسەۋۋۇرچىلار گۇرۇھى»، «تەپەككۇر ماھىرلىرى گۇرۇھى» بولۇپ تەشكىللىنىپ، تالانتنىڭ ھەرىكەتلىنىش ھالىتىنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولسا تالانتنىڭ كۆرۈنۈش قىلىدىغان مەيدانى — ئىجادىيەت دېگەن نېمە؟ ئۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىجادىي قابىلىيەت قانداق بولىدۇ؟

## §1. ئىجادىيەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەركىبى

### 1. ئىجادىيەت

ئىجادىيەتنى تىلغا ئالغان ھامان كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلۇغ ئىجاتكارلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاجايىپ زور ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، چۈنكى تارىخ ھەرقاچان ئىجادىيەت بىلەن يېڭىلانغان، تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، ئىجادىيەتكە پەقەت ئىجادكارلار ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى ئارقىلىق تەبىر بېرىش كېرەك.

تارىخنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا قاراپ باقايلى: زامان ئېتىبارى بىلەن تەڭتۇشلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ناۋائى، سى ماچيەن، ساۋ شۆچىن، نيۇتون، بابۇر، دارۋىن، ئېينىشتېين، ئېدىسونلارغا ئوخشاش چولپانلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەقىل — پاراسەتنىڭ، دانالىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار بۇرۇنقى كىتابنامىلەر ۋە كونا ئەندىزىلەرگىلا ئېسىلىۋالماستىن، كىشىلەرنى ھەيرانۇ — ھەس قىلىدىغان ئىجادىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت — سائادەت ئاتا



قىلغان. ئاشۇنداق گىگانت ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىشى بىلەن دۇنيادا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. بۇ ئۆزگىرىشلەر كۆپ ھاللاردا ئىنسانىيەتكە بەخت كەلتۈرگەن.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئالايلۇق، ماركسىزم دۇنياغا كېلىشى بىلەن نۇرغۇن مىللەتلەرنى ئاسارەتتە تۇتۇپ تۇرغان قۇللۇق كىشەنلىرى چېقىپ تاشلاندى؛ ياۋۇز ئىرقچىلىق ۋە ئەلا نەسىلچىلىك ئاساسىدىكى چوڭ مىللەتچىلىك ئىنكار قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت بارلىققا كەلدى؛ ئېلېكتر ۋە ئېلېكتر چىرىغىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر قاراڭغۇلۇقتىن ھەتتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى؛ ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر ئېغىر ئەمگەكلەردىن ئازاد بولدى؛ دۇربۇن ۋە مىكروسكوپنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە ۋە مېدىتسىنا پەنلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى؛ ئايروپىلان، راكېتا ۋە ئالەم كېمىلىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تارىختىن بۇيانقى قۇشلار كەبى ئۇچۇش ئارزۇسى قاندۇرۇلۇپلا قالماي، ئالەم بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشتىمۇ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشلەر بولدى؛ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردىكى نۇرغۇن ئېغىر خىزمەتلەردىن ئازاد بولدى... ۋەھاكازالار.

مانا مۇشۇ كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەر ئىنسانىيەتنى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە بارغانسېرى يۈكسەكلىككە ئېلىپ ماڭدى. ئاشۇ كەشپىياتلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاشۇ كەشپىياتلار يارىتىلىشتىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا يوق نەرسە بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئاشۇ ئىجادكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگەن. يەنى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئەقىل — پاراسەت بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە بۇ

جەرياندا ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىش تارىخى، ئىجادىي قابىلىيەت ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىياتقا، ئەركىنلىككە، ئازادلىققا ئېرىشىش تارىخى بولغان. يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىلاردەك ئۇلۇغ ئىجادكارلار ھەقىقەتەن ئىنسانلار ئەقىل - پاراستىنىڭ پەخرى. ئىنسانلارنىڭ پەخرى ھېسابلانغان ئۇلۇغ ئالىملار ئەنە شۇ ئىنسانلاردا ئورتاق بولغان ئىجادىي قابىلىيەت چېچەكلىرىنىڭ تۈرلۈك مېۋىلىرىنى تېتىپ كۆرۈپ، مۇجەسسەملەش ئاساسىدا رېكورت يارىتىپ ئۇلۇغلانغان. شۇڭا، ئىجادىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە ئىنتىلىش ھەممە كىشىگە ئورتاقتۇر.

لېكىن، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارچە، ئىجاد قىلىش باشقىچە بىر ئالىي ماتېرىيالدا ياسالغان ئالىي كىشىلەرنىڭ ئىشى ھېسابلىنىدۇ. بەلكى مۇشۇنداق خاتا قاراش بولغاچقا، ئۇلار ئۇششاق ئىشلارغا بېرىلىپ ياكى ئەستايىدىل ئادەملەر قىلغان ئىجادىي ئىشلارغا ھەيران بولۇپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. بۇنداق ئادەملەر ھەرقاچان ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىگە ئىشەنسە ۋە بىرەر يېڭى لايىھەنىڭ كويىدا بولسا (چولىسى تەگكەندە ئويلاپ، كۆڭلى باشقا ئىشقا تارتىپ كەتكەندە تاشلاپ قويماي)، ھامان بىر كۈنى نەتىجە قازانماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئىجادكارلىقنىڭ دەسلىپى دۇنيادىكى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى كۆزىتىش ۋە بۇ ھەقتىكى كۆڭلىگە زاھىر بولغان يېڭى پىكىرلەر ئاساسىدا ئۆزىنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن باشلىنىدۇ. بىز ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا زېرىكمەيدىغان توقۇمىچى قىزلارنىڭ تۈرلۈك - تۈرلۈك كۆركەم پوپايكىلارنى ئۆزى توقۇپ كىيىۋالغانلىقىنى ۋە توقۇشنى ئادەت قىلمىغان يىگىتلەرنىڭ شۇنچە قاۋۇل تۇرۇقلۇق بۇ ئىشتا ئاشۇ قىزلارغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى



كۆرسىمىزغۇ؟ پىيادە ئادەم زېرىكمەي مېڭىپ بىردەمدىلا يېتىپ بارغان يەرگە بەزىلەرنىڭ ئاپتوموبىل كۈتۈپ تۇرۇپ پىيادىلەرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بارغانلىقىنىمۇ كۆرسىمىزغۇ؟ ئىجادىي پائالىيەتمۇ خۇددى پوپايكىنى ئۆزى توقۇپ كىيىۋالغان قىزلارغا ۋە ئاپتوموبىل بولمىغان شارائىتتا زېرىكمەي ھەم تېرىكمەي ئاپتوموبىل كۈتۈپ تۇرغۇچىلاردىن بۇرۇنراق نىشانغا يېتىپ بارغان ئەزىمەتلەرگە ئوخشايدىغان ئىش. بىز پەقەت ھەرقاچان «ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەن مەۋقەدە تۇرۇپ، بىر مەسىلىنى ياخشى ئويلاپ، ئۇتۇق قازانغاندىن كېيىن يەنە بىر يېڭى لايىھە ئۈستىدە ئويلاشنى، مۇشۇ تەرىقىدە مەسىلىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئويلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئولتۇرساق - قوپساق شۇ ئىجادىي تېمىنىڭ كويىدا بولساق، مەيلى كارىۋاتتا ئوڭدىچە ياتقاندا، ئاپتوموبىلدا كېتىۋاتقاندا، سەيلە - ساياھەت قىلىپ سەگىدەپ يۈرگەندە... كاللىمىزدا بىرەر يېڭىلىق پەيدا بولغان ھامان خاتىرىلىۋېلىپ، بۇ ئويىمىز مەيلى ياخشى ياكى ناچار بولسۇن ئۇنى تەكرار ئويلايدىغان، پىششىقلايدىغان بولساق، نا ئۇستىنىڭ مەشىق ئارقىسىدا ئۇستا بولغىنىدەك ياكى دەسلەپتە قارىغا تەگكۈزۈشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ مەشىق ئارقىلىق يۈگۈرۈك كېيىكنى تۇيدۇرماي ئېتىۋالىدىغان مەرگەنگە ئايلانغىنىدەك نا ئۇستىلىقتىن ئۇستىلىققا ئۆتىمىز.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خېلى ئەقىللىق تۇرۇپمۇ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىقى، ئاساسلىقى ياكى كىتابىي بىلىم بىلەن توختاپ قېلىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە دىققەت قىلمىغانلىقى ياكى ئەقلىنى جارى قىلدۇرىدىغان پەزىلەتتە ئاجىز بولغانلىقى ياكى ئۆزىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرىدىغان كۆڭلى سۇيۇق بولغانلىقى ۋە ياكى باشقىلار چايناپ بەرگەن ناننى يېيىشكە كۆنۈپ قېلىپ،

باشقىلار ئىشارەت قىلمىسا يول يۇرۇشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان دەرىجىدە قاتماللىشىپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر-نىڭ ھەممىسى ئاشۇ قىلىقلارنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئۆتسىلا، ئاز بولسىمۇ ھوسۇل ئالالايدۇ. پىچاقنى بىلىمىسە داتلىشىپ كەتكەن-دەك، ئادەم مېڭىسىنى مۇستەقىل ئىشقا سالمىسىمۇ قېرىپ كېتىدۇ. پىچاقنىڭ دېتىنى بىلەپ چىقىرىۋەتكىلى بولغان بىلەن، قېرىپ كەتكەن مېڭىنى ئۇنداق ئاسان ياشارتىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر كىم ياخشىسى، مېڭىنىڭ بۇرۇن قېرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. بۇنداق ئالدىنى ئېلىشتا، ھېچ بولمىغاندا، ئۇقۇپ تەسىرلەنگەن كىتابلىرىدىكى مەزمۇنلار ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنى ئويلاپ بېقىش، ئىجادىي پائالىيەتكە يېقىنلىشىدىغان ياكى مېڭىنى ھەرىكەتلەندۇرۇشكە پايدىلىق بولغان پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش، ئىجادىيەتنىڭ پرىنسىپ ھەم ئۇسۇللىرىنى كىتابتىن ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىلىمىگە لايىق تەرەپلەردە مۇستەقىل لايىھەلەرنى ئويلاپ كۆرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ. دۇنيادا بىردەم ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى دەيدىغان، بىردەم ھەممىنى يامان دەيدىغان، بولۇپمۇ ھاياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئىنتىلمەيدىغان پالەچلىك نېمىدېگەن زېرىكەرلىك — ھە؟ ئارىمىزدا بىرمۇنچە كىشىلەر ئەنە شۇنداق قىلىشىدۇ. بۇنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بىلىمسىزلىكنىڭ تولۇق ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر بىلىم ئاساسى بولمىغاچقا، ئومۇمەن، ئۆزى بىلگەن نەرسىلەرگىلا چوقۇنىدۇ، ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلەر-نى، ھەتتا ئۇ ھەقىقەت بولسىمۇ ئۆچ كۆرىدۇ. شۇڭىا، ئۇلار ئەسلىدە ئەنئەنىۋى مودېللارنىڭ ھەممىسى توغرا دەپ توۋلاپ يۈرگەن بولسا، يەنە بىر خىل پىكىر ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتسە، ئەسلىدە ئۆزى ياخشى دېگەن نەرسىلەرنى يامان ئاتلىق قىلىپ تىللايدۇ. مانا بۇ شەيئىلەرگە تۇرغۇن ھالەتتە مۇئامىلە



قىلمىغانلىق، ياخشى دەپمۇ، يامان دەپمۇ ئاقتۇرالمىغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي جاۋابكارلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىپەرۋالىق قىلغانلىق. ئارىمىزدا بىلىمسىزلىكتىن شۇنچە بىچارە ھالەتتە تۇرۇپمۇ بىكارچىلىقتا قارتا ئويناپ، دامكا ئويناپ يۈرىدىغانلار بار. ئويلاپ بېقىڭا. بىكارچىلىق سىزنى بىردەم نوچىلىق بىلەن ئويناتقاندەك تۇرغان بىلەن سىزگە نامراتلىق، نادانلىق ئېلىپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەقلىڭىزنىڭ بىرەر نەرسىگە ئىنتىلىشى، ئەمگەك ۋە ئىجادىي پائالىيەت ئاددىيدەك كۆرۈنگەن بىلەن سالامەتلىكىڭىزنى ياخشىلاپ، روھىڭىزنى ئۈستۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەرقانچە ئەقىلسىز بولساقمۇ شۇنچە ئۇلۇغ نام — شەرەپ ۋە سالامەتلىككە قۇدرەت كەلتۈرىدىغان ئەقىل ئىشلىتىش، ئىجاد قىلىشنى ئارزۇ قىلماي يۈرۈشنى خالىمايدىغاندىمىز؟ رۇسلارنىڭ دۇنياۋى يازغۇچىسى تولستوي: «ئەمگەك ئىجادىيەتكە ئايلانغان بورۇندا، تەبىئىيكى ئۆلۈم دەھشىتى فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىنمۇ يوقىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ، ئىجادىيەتكە بۇزلەنمىگەن ئادەملەر ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى نەسىھەت. بۈگۈنكى كۈندە، يەر يۈزىدىكى ھەممە نىجاسەت ئەمگەكنى ئۆچ كۆرگەن، ئەمگەكنى ئىجادىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئېرىنچەكلىك قىلغان كىشىلەر تەرەپكە كەلكۈندەك ئېقىپ كەلمەكتە. مۇشۇنداق شارائىتتا تولستوينىڭ سۆزىنى ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلاپ، ئەمگەك ۋە ئەمگەكنى ئىجادىيەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئۆلۈم دەھشىتىدىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولسا، ئىجادىيەتنىڭ تەبىرى نېمە؟

ئىجادىيەتكە، تۈرلۈك پەنلەردە چوڭقۇرلاپ كەتكەن ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئىسسىق — سوغۇق كۈنلىرىگە ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرىغا قاراپ تۈرلۈك تەبىر بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى تەبىر ھازىرغىچە تېخى تولۇق بىرلىككە كەلمىدى. ئەمما، تارىختىن بۇيان ئىجادىيەت ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن يا ئۇنداق، يا

بۇنداق تەبىرلىنىپ كەلگەن. ئىلمىمىز ئالىملىرى قەدىمكى زاماندا ئىجادىيەتكە «دەسلەپ قىلىپ ياسىماق» ياكى «كۆرۈلمىگەن مۆجىزە ياراتماق» دەپ تەبىر بەرگەن.

ياۋروپالىقلار كۆپ ھاللاردا ئىجادىيەتنى تالانت، پاراسەت، ئەقىل جەۋھىرى دېگەنلەر بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ شەرھلىگەن. ھازىرقى كۈندە، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ياۋروپادا كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىجادىي مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىۋاتقاچقا، بىز بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئاندىن ئۆز تونۇشىمىز بويىچە تەبىر بېرىپ ئۆتىمىز. ياۋروپالىقلارنىڭ قاراشلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى خىل قاراش. بۇنداق قاراشتىكىلەر ئىجادىيەت باشقىلارغا يول باشچىلىق قىلىدىغان ئىقتىدار — ئىستىبدات دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراشقا س. ئامىدنىڭ، ھ. م. شىرودىر، ج. ۋ. ھايىپلې ۋە ن. ر. ھايمۇۋتىزلار ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئامىدنىڭ قارىشىچە، ئىجادىيەت ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىدىيىلەر ئۈستىدە يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار. ھايىپلېنىڭ قارىشىچە، ئىجادىيەت كۆڭۈلدىكى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئوشۇق ئۇقۇمنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ئۇقۇم ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى. ئىجادىيەتنى ئىقتىدار دەيدىغان تەلىماتلار ئىچىدە ھايمۇۋتىزنىڭ تەبىرى بىرقەدەر مۇكەممەل، ئۇ «ئىجادىيەت يېڭىلاش، ئىختىرا قىلىش ۋە ئېلېمېنتلارنى ئەسلى كۆرۈلمىگەن ئورتاقلىققا كىرگۈزۈش ئىقتىدارى» دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە ئىجادىيەت تۇغما قابىلىيەتلا ئەمەس، بەلكى جۇغراپىيىلىك، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت شارائىتلىرىدىكى پايدىلىق شارائىتلار ئارقىسىدا شەكىللەنگەن تەجرىبىلەرنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراش. بۇنداق قاراشتىكىلەر ئىجادىيەت



پىكىر قىلىشنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش ياۋروپادا باھايىتى ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا چىققان. 1930 - يىللىرى ج. م. روبىنسىن: «... بۇنداق پىكىر قىلىش بۇرۇن ئىقىل ئىشلىتىش دەپ قارالدى، چۈنكى، بۇنداق پىكىر قىلىش ئارقىسىدا ھاسىل بولغان بىلىملەر ھەمىشە ئىجادىي بولىدى. ئۇ ھەم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پىكىرلەرگە ئوخشىمىدى، ھەم بۇنىڭ بىلەن يېڭى بىلىملەر دۇنياغا كەلدى» دېگەن. ج. پ. گويىلفورد ئامىللارنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىجادىي ئىقتىدار بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەتقىق قىلىپ، مەركەزلەشتۈرۈش تەپەككۇرى ئاللىقاچان بىلىنگەن ۋە تەييار بولغان پاكىتلارنى مەنتىقە ۋە تەرتىپ ئىچىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بار بولغان بىلىم ۋە توغرا ئۇسۇللارغا رىئايە قىلىنغان ھالدا تەرتىپلىك ھەم سىستېمىلىق پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت. تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى تېپىش مەقسىتىگە يېتىش يولىدىكى پىكىر قىلىش بولۇپ، بۇنداق پىكىر قىلىش جەريانى تۇرالۇك تۈمەن خىل ۋە تەرتىپسىز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ۋە يېڭى شەيئىلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ بۇ قارىشى بىرقەدەر توغرا بولغانلىقتىن، كېيىنكى كۈنلەردە ئىجادىي تەپەككۇرنى تەتقىق قىلىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئا. ج. كروپلەي بۇ نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن، تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى — ئىجادىيەت دېگەن قاراشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۈچىنچى خىل قاراش. بۇنداق قاراشتىكىلەر ئىجادىيەتنى بىر پىسخىك جەريان دەپ قارايدۇ. پىسخىكا ئانالىزى نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، ئىجادىيەت جەريانى مىنىمۇم سەزگۈ، ئالدىنقى سەزگۈ، سەزگۈدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. بۇنداق نۇقتىئىنەزەردىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىجادىيەتنىڭ

پۈتكۈل جەريانىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجادكار مىنىمۇم سەزگۈلى
ھېس قىلمايدۇ. پەقەت ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئالدىنقى
سەزگۈ باسقۇچىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ باسقۇچقا لوگىكا، پەنلەر،
پىلانلار قاتنىشىدۇ، بۇ باسقۇچتىكى سىستېمىلىق ئالماشتۇرۇشلار
ئارقىلىق، سەزگۈ دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ، بۇ باسقۇچ
ئىجادىي تەپەككۇر پەيدا بولىدىغان باسقۇچتۇر.

پسخىكا ئانالىزى نۇقتىئىنەزەرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن
كېيىن، گ. ف. كىنەللى ئىجادىيەتنىڭ پسخىك جەريانىنى بەش
باسقۇچقا يىغىنچاقلىغان، يەنى كۆزىتىش، تەييارلىنىش،
يوشۇرۇن تۇرۇش، يورۇتۇش، ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت بۆلەكلەرگە
بۆلگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، يورۇتۇش باسقۇچى ئىجادىيەت
جەريانىنىڭ يۇقىرى پەللىسى — ئىلھام كېلىدىغان دەقىقىدۇر.

تۆتىنچى خىل قاراش. بۇنداق قاراشتىكىلەر ئىجادىيەت —
مۇددىئا، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا،
ئىجادىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئۇنىڭ نېگىزلىك مۇددىئاسى
بولىدۇ، ئەمما مۇددىئا ئىجادىيەتنىڭ ھەممە قىسمىغا ۋەكىللىك
قىلالمايدۇ.

ياۋروپادا ئىجادىيەتكە بېرىلىدىغان تەبىرلەر تەتقىقاتنىڭ
چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى
شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتنى كۆزىتىش نۇقتىلىرى ئوخشىمايدۇ.

چەت ئەلدە ۋە جۇڭگودا قولغا كەلتۈرۈلگەن تەتقىقات
نەتىجىلىرى بويىچە قارىغاندا، ئىجادىيەت ئادەمنىڭ جىسمانىي
ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى بارلىق قابىلىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە
مەركەزلەشكەن ھالەتتىكى بىر خىل پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ
مىسلى كۆرۈلمىگەن شەيئىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىجادىيەت
جەريانىدا ئادەمنىڭ پسخىك پائالىيىتى يۈكسەك دەرىجىگە
كۆتۈرۈلىدۇ. ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى ھەرقانداق
ئادەم، جۈملىدىن ئىجادىي قابىلىيەت ئەڭ يۈكسەك بولغان



پسخىك تالانتلىقلارمۇ ئورتاق ئىجادىي پائالىيەت قانۇنىيەتلىرىگە
رىئايە قىلىش ئاساسىدا ئىجاد قىلىدۇ. ئىجادىي پائالىيەت
ئادەمنىڭ قابىلىيىتى، پاراسىتى، ئىرادىسى، ھېسسىياتى
ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ
باغلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئىجادىي ئىقتىدارمۇ تۈرلۈك تەرەپلەردە
ئىپادىلىنىدۇ.

ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىر قاتار ئىجادىي
تۆھپىلەرنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەدەنىيەت تارىخىدا
ئىجادكارلار ۋە ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەش ئەزەلدىن
بولۇپ كېلىۋاتقان ئىش بولسىمۇ، ئىجادىيەتنى نىشان قىلىپ
مەخسۇس تەتقىق قىلىش يېقىنقى 30 — 40 يىلدىن بۇيانقى
ئىش بولدى. مۇشۇ يىللاردىن بۇيانقى ئەھۋالدىن قارىغاندا،
ئىجادىيەت ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ بارلىق ئاڭلىق پائالىيەتلىرى
بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇ ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە
ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىجادىيەتنىڭ شەكلى ماددىيمۇ، مەنىۋىمۇ بولىدۇ. شەكلى
ماددا بولغان ئىجادىيەتلەر، ئاساسلىقى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىجاد
قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي مۇنا-
سىۋەت، مەنىۋى مەھسۇلاتلار مەنىۋى ئىجادىيەتتۇر. ئامېرىكىلىق
مەشھۇر سوتسىيولوگ پاسىنسنىڭ قۇرۇلما — فۇنكسىيە نەزەرىيىسى
بويىچە قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىجادىيەتلىرىنىڭ
ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك تۆت
تۈرلۈك:

بىرىنچى، ئىجادىيەتنىڭ سۇبيېكتلىقى. يەنى ئىجادىيەتنىڭ
سۇبيېكتى ئىددىيە ياكى باشقا بىر نەرسە بولماستىن، بەلكى
رېئال ئادەم. تەبىئىي ئۆزگىرىش ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن
نەتىجىلەر بۇ كاتېگورىيىگە كىرمەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىجادىيەتنىڭ تىزگىنلەشچانلىقى. ھەرقانداق

بىر خىل ئىجادىيەت سۇبيېكت مەقسەتلىك ھالدا ئوبيېكتنى تىزگىنلەيدىغان، تەكشۈرىدىغان بىر خىل پائالىيەت. سۇبيېكت ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئوبيېكتىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇچۇر، ماددا ۋە ئېنېرگىيە ئالماشتۇرىدىغان جەريانىدۇر.

ئۈچىنچى، ئىجادىيەتنىڭ يېڭىلاشچانلىقى. ھەرقانداق بىر خىل ئىجادىي پائالىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى نەتىجىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئىجادىيەتنىڭ قىممەتچانلىقى. ھەرقانداق ئىجادىي پائالىيەت ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

ئىجادىيەتشۇناسلىقتا ئىجادىيەت بىلەن ئىجادىي قابىلىيەت يادرولۇق ئۇقۇمدۇر. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئىجادىي قابىلىيەت سۇبيېكت ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا ئىشقا سالغان ۋە يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان تۈرلۈك قابىلىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى بىلەن ئۇلارنى ئىجادىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىغان روھ بولۇپ، ئاساسلىقى، يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە يېڭى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ماھارەتلەردۇر. بۇنداق ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلەن ئىجادىي ماھارەتلەر ئىجادىي خاسلىق قوماندانلىقىدا ئىجادىي نەتىجىگە ئايلىنىدۇ.

ئىجادىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى رولىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئىجادىيەتنى مۇنداق تەسۋىرلەش مۇمكىن:

ئىجادىيەت — ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بەلگە، پاراسەتنىڭ گۆھىرى، ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىق ماھىيىتى. ئۇ، بۇرۇن تۇرمۇشىمىزدا يوق نەرسىلەرنى پەيدا قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىنسانلار كەشىپ قىلىش



ۋە ئىختىرا قىلىشنى بىلمىگەن بولسا، تا بۈگۈنگىچە ئېيتىلىپ ئۆڭكۈرلەردىن چىقالمىغان بولاتتى. تۈرلۈك – تۈمەن مۆجىزىلەر ۋە ئادەمدىن قانچە ھەسسە كۈچلۈك ۋەھشىي ھايۋانلار تالىشىپ تۇرۇۋاتقان بۇ يەر شارىغا خوجايىن بولالمىغان بولاتتى. ئاسمانغا چىقىپ كائىناتنى ساياھەت قىلالمىغان بولاتتى، ئىنسانلار تارىخى ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىجادىيەت بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. ئىجادىيەتنىڭ بولماسلىقى بىلەن چېكىنىدۇ. مىللەتلەر تەقدىرىمۇ مۇشۇ ئورتاق قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ. ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشىنىش كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالىرى تېخىمۇ ئۇلۇغ رول ئويناپ، پۈتكۈل مىللىتىمىز بويىچە ھەممە پۇقرالار ھەۋەس بىلەن قاتنىشىدىغان ئىجادىيەت دولقۇنىنى قوزغاپ، بىكىنمە جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن غاپىللىقنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ، كىشىلەرنىڭ چوڭ تەبىئەتتىن تېخىمۇ كۆپ بايلىق ئېلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. ئۇلار بارغانسېرى سان - ساناقسىز ئەقىل غۇنچىلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، دۇنيانى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىكى باقىي دۇنيانىڭ بېھىش باغچىلىرىغا ئوخشىتىۋېتىشى مۇمكىن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىختىرا ئاساسىدا بالداقمۇبالداق ئۆرلەپ ماڭىدىغان ئىجادىيەت ئىنسانلارغا مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتلەردىن چەكسىز ئازادلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يۈز يىللىق گۈللىنىش مۇساپىسىدە مىللەتكە تۆھپە قوشۇپ، يېڭى ئىز قالدۇرۇشنى ئويلىغان ھەربىر كىشى، بولۇپمۇ ياشلار زەبەردەست ئەجدادلار ئىقتىدارىنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئازادلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي

پائالىيىتى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا تېخىمۇ كەڭرەك مەنىۋى ئازادلىق يارىتىش ئۈچۈن، ھەربىر ئىشنى ئىقتىدارلىق ئۈستۈرۈشتىن باشلىشى ۋە ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «ئەقىلسىز باش — جانسىز تەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولسا، ئادەم ئۆزىدىكى ئاشۇنداق ئىجادىي پائالىيەتلەر-نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەركىبىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

## 2. ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەركىبى

ئىجادىي قابىلىيەت (creare) سۆزى لاتىن تىلىدىن كېلىپ چىققان ئىجاد قىلماق، قۇرماق، ياساپ چىقماق، ئىشلەپ چىقارماق دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىپ، ئۆسۈپ يېتىلىش (crescere) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە يېقىنراق كېلىدۇ. ھازىرقى كۈندە ئادەم ئۆزىدىكى ئاشۇ ئىجادىي پائالىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ ناھايىتى كۆپ قابىلىيەتلەر بىلەن باغلانغان. مەسىلەن، ئىزدىنىش قابىلىيىتى، ئىرخشىتىپ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، تەجرىبىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى، ئوبرازلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى، باھالاش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، ئىپادىلەش قابىلىيىتى... قىسقىسى، يۇقىرىدىكى قابىلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن باغلىنىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ قانداق بولۇشى ئاشۇ قابىلىيەتلەرنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادىي پائالىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ



بېرىش ئۈچۈن، ئىجادىيەتنىڭ تارىخىي جەريانى [illegible] يادروسى، خاتىمىسى ۋە ئۇسۇللىرى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش بىلەن ئۆزىمىزدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىنى تېپىپ چىقىشىمىز ھەمدە تەدبىر قوللىنىپ مەشىقتىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىمىزنى تولۇقلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش قابىلىيىتىمىز ئاجىز بولسا، مەخسۇس شەيئىلەرنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبى، ماھىيىتى، باشقا شەيئىلەر بىلەن باغلىنىشى قاتارلىق تەرەپلەردە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ مەسىلىلەرنى ئىزدەپ تېپىشنى ئۆزلۈكسىزدىن مەشىق قىلساق بولىدۇ، خاتىرە قابىلىيىتى ئاجىز بولسا، ئۇنى تولۇقلاش جەھەتتە زامانىمىزدىكى پەن جاۋاب بەرگەن [illegible] ئىشەنچلىك ھەم ئاددىي چارىلەر بىلەن مەشىق ئېلىپ بارساق بولىدۇ، قانچىلىك ۋاقىت ئىچىدە مەشىق قىلىپ تۈزەش ھەققىدە ئۆزىمىزگە ۋەزىپە بەلگىلەپ، مەشىقتىن كېيىن ئىلمىي قائىدىلەر بويىچە تەكشۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ شۇ مەشىق ئارقىلىق قايسى ساھەدە، قانچىلىك دائىرىدە، قانچىلىك ئىزدەنگەنلىكىمىزنى سىناق قىلىپ باقساق بولىدۇ ۋە باشقىلار.

لېكىن، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان پەنلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتلەردە پەرق بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئالىملارنىڭ بەزىلىرى «ئىجادىي قابىلىيەت ساغلام پەزىلەتنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى» دېسە، بەزىلىرى «ئىجادىي قابىلىيەت بىر خىل گۈزەللىكنى قوغلىشىش» دەيدۇ، يەنە بەزىلىرى «تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئۆزى ئىجادىي قابىلىيەت» دېسە، بەزىلىرى ئىجادىي قابىلىيەت نۇرغۇن

«ئۆزگىچە ئىدراكى باغلىنىش» هاسىل قىلىدىغان قابىلىيەت دەيدۇ. بۇ سۆزلەر ناھايىتى ئابستراكت بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنى زاغرا تىلى بىلەن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك مەقسەت ھەم ۋەزىپىگە ئاساسەن، ئەسلىدە بار بولغان بىلىم، تەجرىبىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ۋە يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇپ، مەلۇم يېڭى، ئۆزگىچە، جەمئىيەت ياكى شەخسىي ئۈچۈن قىممەتكە ئىگە بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇش قابىلىيىتى دەپ ئاتاش مۇمكىن. تېخىمۇ قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ئەقلىي ئىقتىدارنى ئىجادىي نەتىجىگە ئايلاندۇرىدىغان پائالىيەتچان قابىلىيەت دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئىجادىي قابىلىيەتنى ئىگىلىگۈچىلەرگە بۇنداق بىر قائىدىنى يادلىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق بولغانلىقتىن، ئۇنى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئامىللار بىلەن بىللە چۈشىنىش ئەقىل تەقەززاسىدۇر. بۇ ھەقتە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تۈرلۈك تەلىمات ۋە قۇرۇلما مودېللىرى بولۇپ، بىزگە نىسبەتەن ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرىدىن جاڭ تاۋسىنىڭ مودېلىنى كۆرۈپ ئۆتۈش ئەمەلىيىتىمىزگە يېقىنراق بولۇش مۇمكىن. جاڭ تاۋسىڭ ئەپەندىم ئىجادىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنى مودېللاشتۇرغاندا، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئەقىل قۇرۇلمىسىنى نەزەردە تۇتقان. لېكىن بىز ئەقىل تەركىبىدىكى قايسىبىر ئامىلنى ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا ئىشلىمەيدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنى بۇ يەردە ئۆرنەك قىلىمىز.






2 - رەسىم

A — ئەقلىي ئىقتىدار ئامىللىرى
- $A_1$ — خاتىرە قابىلىيىتى
- $A_2$ — ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى
- $A_3$ — تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى
- $A_4$ — ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتى

B — پەزىلەت ئامىللىرى
- $B_1$ — كەيپىيات
- $B_2$ — ئىرادە
- $B_3$ — قىزىقىش
- $B_4$ — خاراكتېر

C — ئىجادىي ئامىللارنى بىرىكتۈرۈپ ئۆزگىچە ئارزۇ هاسىل قىلىش، بۆسۈش نىشانىنى تۇرغۇزۇش.

D — تەپەككۇرنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش، ئۆزگىچە ئىدراك شەكىللەندۈرۈش

E — ئوبيېكتىپ مۇھىت شارائىتلىرى بىلەن سۇبيېكتىپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرلىكى

F — ئىجادىي نەتىجە

بۇ مودېلدا ئامىللار بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرىنى مۇستەقىل بولىدۇ دېمەستىن، بىرى - بىرىگە باغلىنىپ ۋە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىر يۈرۈش ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي ئامىللار دەپ قاراپ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئىجادىي ئامىللارنىڭ بىرىكمىسى ئىكەنلىكىنى، ئىجادىي

ئامىللارنىڭمۇ پەقەت كۆپ خىل ئامىللارنىڭ ئورگانىك بىرىكى-
شى ئارقىسىدىلا شەكىللىنەلەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن
هەمدە ئاپتور ئىجادىي قابىلىيەتنى هەرىكەت ھالەتتە تەسۋىرلەپ،
ئۇنى كىچىكتىن چوڭلۇققا، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە قاراپ
سەكرەپ ماڭىدىغان كۈچ دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ بۇ
قارىشى دۇنياغا مەشھۇر ئىجادىيەتشۇناس د. ن. پېركىنىس بۇ-
رۇن ئوتتۇرىغا قويغان «مەيلى قابىلىيىتى بولۇپ قىزغىنلىقى
بولمىغان، مەيلى قىزغىنلىقى بولۇپ قابىلىيىتى بولمىغان
ئادەملەرنى ئىجادىي ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ئىجا-
دىي قابىلىيەتنى قابىلىيەت ۋە پەزىلەتنىڭ بىرىكىمىسى دەپ
قارىشىمىز كېرەك». ① «شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى،
ئىجادىي قابىلىيەت يالغۇز قابىلىيەت مەسىلىسىلا ئەمەس، شۇ-
نىڭ بىلەن بىر چاغدا ئىستىل، قىممەت ۋە باشقا ئامىللار مە-
سىلىسى» ② دېگىنىگە يېقىنلاپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىجادىي
قابىلىيەتنىڭ كۆپ خىل ئامىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتى-
شى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۇنىۋېرسال قابىلىيەت ئىكەنلىكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئومۇم-
لاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىجادىي قابىلىيەت ئادەمنىڭ قىممىتىنى
ئىپادىلەيدىغان ماھىيەتلىك قابىلىيەت بولۇپ، ئۇ هەر بىر
ئادەمدە ئۆزگىچە بولىدىغان تەپەككۇر قابىلىيىتى،
خاس ماھارەت ۋاستىلىرى بىلەن جەمئىيەت يەتكۈزۈپ
بەرگەن مەدەنىيەت مەنزىرىسىدە ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئومۇمىي
سەۋىيىنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئىجادىي
قابىلىيىتى هەم ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام قىلىپ
كېلىۋاتقان تارىخىي چوكمە (مەدەنىي مىراس) سىنى مەنبە قى-

① ② د. ن. پېركىنىس: «ئىجادىيەت زېھنىمىزنىڭ ئەڭ ئەلا پەا-
ئاليىتى» خەنزۇچە نەشرى، 285 ـــ 286 ـ بەتلەر.



لىدۇ. هەم جەمئىيەتنىڭ [illegible]
ئىلىق يارىتىش هاياتىي كۈچى ۋە ئىجادىي [illegible]
ئىلھاملىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، مەلۇم [illegible]
ئىيەت يەتكۈزۈپ بەرگەن دائىرىلەك هاياتىي [illegible]
كىنىڭ تەسىرى ۋە ئىجاد قىلىش پەزىلەتنى [illegible]
دەرىجىسىگە بېقىنىدۇ. بۇ، ئىجادىي قابىلىيەت [illegible]
يوشۇرۇن تۇرىدىغان قابىلىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن [illegible]
ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن رېئاللىقتا هەربىر ئادەمدىكى [illegible]
قابىلىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يېتىپ بارالايدىغان [illegible]
قابىلىيەتنى ئېچىش قاتلىمى، ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ئىجتىما-
ئىي ئىجادىي فۇنكسىيە سەۋىيىسى جەھەتلەردە يەنە ناھايىتى
زور دەرىجىدە ئىجادىي مۇھىت تەرىپىدىن هاسىل قىلىنغان
ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتى ۋە پەزىلەت قۇدرىتىنىڭ تەسىرىنى
قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، هەممە ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى
بەھۇزۇر يايرىيالايدىغان جەمئىيەت، ئۈمىدلىك جەمئىيەت
بولىدۇ؛ ئىجادىي قابىلىيەتنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېڭى ئىجتى-
مائىي قىممەتكە ۋە شەخسىي قىممەتكە ئايلاندۇرالىغان ئادەمۇ
تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ۋە خاسلىق پەزىلەتلىرى جەھەتتە دەۋر
ئېقىمىغا ئۇيغۇنلاشقان ئادەم بولىدۇ. جەم-
ئىيەت ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى
مۇشۇنداق ئىجادىيلىقنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشى دۆلەت ياكى مىللەت-
نىڭ شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان ئىجادىي فۇنكسىيىسىنى
ناھايىتى زور مەدەنىي يېڭىلاش قۇدرىتى قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش-
نىڭ بىردىنبىر يولى بولۇپ، قايسى دۆلەت ياكى مىللەت
مۇشۇ قەدەمنى بېسىپ، ئىنسانىيەت ئىجادىي پاراسىتىنىڭ تەرەق-
قىياتىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە قەدەمنى باسقان.

لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ ئىجادىي
قابىلىيىتى يەنە بىر ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. هەربىر ئادەمنىڭ

ئىجادىي قابىلىيىتى شۇ ئادەمنىڭ مەلۇم ئالاھىدە ياشاش ھالى-
تى، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان جىسمانىيەت ۋە روھىي ھالىتى،
ئۆزگىچە ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى، ئالاھىدە بىر نەرسىنى
قوغلىشىدىغان پەزىلىتى، روھىي ھالىتى، يېڭىلاش ھاياتىي
كۈچىگە ئەڭ باي بولغان خاسلىقلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇن-
داق بولغاچقا، كىشىلەردىكى ئىجادىي قابىلىيەت تۆۋەندىن
يۇقىرىغا قاراپ بىرمۇنچە دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئىجادىيەتشۇ-
ناس تايلورنىڭ قارىشىچە، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ بەش دەرى-
جىسى بولۇپ، ئەڭ تۆۋەندىن ھېسابلىغاندا، ئىپادىلەش شەك-
لىدىكى ئىجادىي قابىلىيەت، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى ئىجا-
دىي قابىلىيەت، ئىختىرا قىلىش شەكلىدىكى ئىجادىي
قابىلىيەت، يېڭىلاش شەكلىدىكى ئىجادىي قابىلىيەت ۋە
يۇقىرى دەرىجىدىكى (سىرلىق ئىجادىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈ-
رىدىغان) ئىجادىي قابىلىيەتتىن ئىبارەت بەش دەرىجىگە بۆلۈنى-
دۇ. يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجادىي قابىلىيەت ئالدىنقى تۆت
دەرىجە ئىجادىي قابىلىيەتتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ چى-
قىدۇ. خېلى كۆپ ئالىملار تايلورنىڭ بۇ قارىشىنى ياقلاپ،
ئادەملەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت جەھەتتىن يۇقىرى - تۆۋەن
بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئادەم-
نىڭ ئىجادىي قابىلىيەت جەھەتتىكى سۈپەت دەرىجىسى تۇغما
ئۈستۈنلۈك ۋە تىرىشچانلىق ئارقىسىدا تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆر-
لەيدىغان ھەرىكەتچان قۇرۇلما بولۇپ، بۇنداق ھايات مەشغۇلا-
نى كىشىدىكى ھەقىقىي تۇردە ئۆزىنى بىلىۋېلىش ئاساسىدا
ئېگىز كۆتۈرسە، ئۇنىڭ قىممىتى ئۆسۈپ بارىدۇ.

ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە
ئالىملاردا ئوخشىمايدىغان قاراشلار بار. بەزى ئالىملارنىڭ ستا-
تىستىكا قىلىپ كۆرۈشىچە، مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ زېھنىي
بۆلۈنمىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 170 ئىكەن، شائىر، يازغۇ-



چى ۋە دراماتۇرگلارنىڭ 160 ئىكەن، ئالىملارنىڭ 155 ئىكەن.
پەيلاسوپلار، ئالىملار، يازغۇچىلار زېھنىي بۆلۈنمىسىنىڭ نورمال-
لىق ھېسابلىنىدىغان 120 دىن ئۈستۈن بولۇشى ئىجادىي قا-
بىلىيەتنىڭ ئەقلىي زىيادىلىككە چىڭ باغلىنىدىغانلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، ناھايىتى كۆپ تەكشۈرۈشلەردە
زېھنىي بۆلۈنمىسى ئۈستۈن بولمىغان ئادەملەردىمۇ ئىجادىي
قابىلىيەت يەنىلا كۈچلۈك بولغان بەزى سىرلىق ئالامەتلەر كۆ-
رۈلگەن. بۇ ئېھتىمال بۇنداق ئادەملەردىكى ئىجادىي خاسلىقنىڭ
ئۈستۈنلۈكىدىن بولسا كېرەك. بىز ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئاسا-
سلىقى ئىجادىي تەپەككۇر ھەم ئىجادىي خاسلىق ئامىللىرىدىن
تەركىب تاپقانلىقىنى تۆۋەندىكى بابلاردا بايان قىلغانلىقىمىز
ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئەقىلغا باغلى-
نىشىنى قىسقارتىپ ئېيتىمىز. ئومۇمەن قىلغاندا، ئەقلى زىيادە
ئادەملەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى ئۈستۈنرەك بولىدۇ ياكى
ئۇلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىشى ئاسانراق بولىدۇ.
لېكىن، ئەقلىي زىيادىلىك ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ زىيادىلىكىگە
تەڭ ئەمەس. شۇڭا، ئەقلى زىيادە بولغانلارنىڭ ھەممىسى
ئىجادىي قابىلىيەتتىمۇ زىيادە بولۇۋەرمەيدۇ. زېھنىي بۆلۈنمىسى
تۆۋەنرەك بولغان ئادەملەرنىڭ «ئىجادىي» قابىلىيىتى تۆۋەنرەك
بولىدۇ. ئەمما، ئىجادىي قابىلىيىتى ئۈستۈن بولغان بىرمۇنچە
ئادەملەر ئەقلى نورمال ئادەملەردۇر. شۇڭا، زېھنىي بۆلۈنمىسى
تۆۋەنرەك ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئىجادىي قابىلىيەت ئاجىز
بولمايدۇ، بەزىلىرىدە ھەتتا كۈچلۈك بولىدۇ.

ئەقىللىق بىلەن ئىجادىيلىق ئەنە شۇنداق پەرقلىق بول-
غانلىقتىن، ئۇلارمۇ تەڭ تەرەققىي قىلمايدۇ. بەزى چاغلاردا
ئەقلىيلىق تېز ۋە ئۈزۈلمەي تەرەققىي قىلسا، ئىجادىيلىق بىر
توختاپ، بىر ئۇلغىيىپ دولقۇنسىمان تەرەققىي قىلىدۇ.
ئىجادىيلىق تەرەققىي قىلغاندا، ئەقلىيلىق ئىچىدىكى ھەقىقىي

ئىجادىيەت ئېلېمېنتلىرى ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئىجادىيلىقنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ئىگىلەش بوۋاقلىق، بالىلىق، ياشلىق، قىرانلىق، قېرىلىق باسقۇچلىرىدىكى ئىجادىيلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىرسىيەت، مۇھىت ۋە ئىجادىيلىقنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاش، ئىجادىيەت بۇلاقلىرىنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ئېچىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھەربىر خەلق دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئالاھىدە تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، كېلەچەك ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقتىن، ئالىملار بالىلاردا كۆرۈلىدىغان ئىجادىي قابىلىيەت زىيادىلىكىنى بايقاشقا ماھىر بولۇشنى ۋە بۇنى بايقاشنى تالانتلىقلارنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم ھالقا قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.

خەلقئارادا، بالىلاردىكى ئىجادكارلىقنىڭ زىيادە ياكى كەملىكىنى بايقاشتا ئادەتتە «تۇررانسە ئۇسۇلى» بىلەن «دورانس ئۇسۇلى» ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ.

دورانس ئوتتۇرىغا قويغان بالىلاردىكى ئىجادىيلىقنى بايقاش ئۇسۇلى 17 ماددا بولۇپ، ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەر بار ئوقۇغۇچىلار ئىجادىيلىقى زىيادە ئوقۇغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:

1. باشقىلارنىڭ سۆز - نۇتۇقلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلايدۇ.

2. سۆزلىگەندە ياكى يازغاندا دائىم سېلىشتۇرما قىلىدۇ ۋە مەلۇم خۇلاسىگە كېلىدۇ.

3. ئوقۇش، يېزىش ۋە شەيئىلەرنى تەسۋىرلەش ماھارىتىنى ياخشىراق ئىگىلىيەلەيدۇ.



4. ئومۇميۈزلۈك نۇقتىئىنەزەرلەرگە سوئال نەزەرى بىلەن قاراشنى ياخشى كۆرىدۇ.

5. شەيئىلەرنىڭ ئۆتمۈشىدىن ھازىرغىچە بولغان ئەھۋالىنى يىپ - يىڭنىسىدىن تارتىپ ئېنىقلىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

6. نەرسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن زىيارەت قىلىشقا ئامراق بولىدۇ.

7. ئۆزىنىڭ بايقاشلىرىنى باشقىلارغا ئېيتىشقا بەكمۇ ئالدىرايدۇ.

8. كۆچۈش خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئەبجەخ مۇھىتىمۇ ئۆز تەتقىقاتىغا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ. ۋاقىت بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ.

9. شۇنداقلا قارىماققا ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنگەن شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشنى تاپالايدۇ.

10. يولدا كېتىۋېتىپ ياكى ئۆيگە قايتىپ كېتىپمۇ دەرسخانىدا ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى تەكرار ئويلىنىدۇ.

11. ھەيرانلىق ھېسسىياتى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

12. ھەمىشە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەجرىبە ۋاسىتىلىرىنى تەتبىقلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

13. شەيئىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە مۆلچەر ئېلىپ بېرىشقا ئامراق بولىدۇ.

14. ئۆزى باغدا، كۆڭلى تاغدا بولىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

15. ھەمىشە بىلىپ بولغان شەيئىلەر ۋە ئۆگىنىپ بولغان نەزەرىيىلەر ئۈستىدە يېڭىباشتىن يىغىنچاقلاش، خۇلاسىلەش ئېلىپ بارىدۇ.

16. ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات تېمىسىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

17. بارلىق ئېھتىماللىقلارنى ئىزدەپ تېپىشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھەمىشە «يەنە قانداق چارىلەر بار؟» دېگەن سوئالنى قويىدۇ.

«تۇررانسە ئۇسۇلى» تۆۋەندىكىچە:

1. باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزىنى ئاڭلاشتا، شەيئىلەرنى كۆزىتىشتە، ھەرىكەتتە بەجانىدىل بولىدۇ.

2. نۇتۇق ياكى قەلەم قۇۋۋىتى زىيادە بولىدۇ ھەمدە سۆزلىگەندە ۋە يازغاندا سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنالايدۇ.

3. زېھنىنى يىغىپ ئوقۇيدۇ ۋە يازىدۇ.

4. ئوقۇتقۇچى ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولغاندا ھاياجانلىنىدۇ.

5. نوپۇزلۇقلارغا مۇسابىقە ئېلان قىلىدۇ.

6. شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئادەتلىنىدۇ.

7. شەيئىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدۇ.

8. باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزىدىن قۇسۇر تاپىدۇ.

9. ئىجادىي پائالىيەتكە كىرىشكەندە ئۇخلاش ۋە تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

10. مەسىلىلەرنى ۋە مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىمۇ بايقىۋالالايدۇ.

11. كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ نېگىزلىك تەرەپلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باشقا چاغلاردا بىلىم، ماھارەت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

12. ھەيرانلىق ھېسسىياتىدا بولىدۇ.



13. ئۆزگىچە تەجرىبە ئۇسۇلى ۋە بايقاش ئۇسۇلى بولىدۇ.

14. يېڭى نەرسىنى بايقىغاندا روھىي جەھەتتە قەۋەت ھاياجانلىنىدۇ.

15. ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ ۋە بۇ ئاقىۋەتنى توغرا تەكشۈرەلەيدۇ.

16. ئىش - ھەرىكەتتە بوشىشىپ كەتمەيدۇ.

17. ھەر دائىم شەيئىلەر توغرىسىدا يېڭى جاۋاب، يېڭى نەتىجە ھاسىل قىلىشنى ئويلايدۇ:

18. ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتىگە ۋە مەسىلە قويۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

19. ئۆگىنىشتە ئۆزى كۆڭۈل قويىدىغان تەتقىقات تېمىسى بولىدۇ.

20. بىر نېمىنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىرلا تەرەپتىن ئەمەس، كۆپ تەرەپتىن ئويلاپ كۆرىدۇ.

21. ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى تەسەۋۋۇرلاردا بولىدۇ، ئويۇن - تاماشا ئارىلىقلىرىدىمۇ يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى يۈرگۈزىدۇ.

ئالىملارنىڭ تەجرىبە قىلىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىچە، ئەقلى زىيادە باللار بىلەن ئىجادىيلىقى زىيادە باللار ئوخشاشلا نورماللىقتىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئەقلىي قابىلىيەت نۇقتىلىق ھالدا توغرا بىلىشكە، ئىجادىي قابىلىيەت يېڭىلىق يارىتىپ كەشىپ قىلىشقا خىزمەت قىلغانلىقتىن، ئەقلىي ۋە ئىجادىي قابىلىيەت جەھەتتە زىيادىلىك كۆرۈلگەن باللارمۇ ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. ياپون ئالىمى ئىنتىيەنجاڭ ئەقلىي ۋە ئىجادىي قابىلىيەت جەھەتتە زىيادە باللارنىڭ پەرقىنى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرگەن.

## ئەقلى زىيادە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىجادىيلىقى زىيادە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈرلىرى / سېلىشتۇرۇش مەزمۇنى | ئەقلى زىيادە ئوقۇغۇچىلار | ئىجادىيلىقى زىيادە ئوقۇغۇچىلار 2 |
|---|---|---|
| ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا قارىتا | ياخشى چۈشىنىدۇ ھەمدە ئەستە قالدۇرىدۇ. | ئوقۇتقۇچى ئۆتكەن دەرسنىڭ مەزمۇنىنى تۇتۇۋالغىنىمدىن، ئۆزۈم بىلمىگەن مەزمۇن ئۈستىدە ئىزدەنگىنىم ياخشى دەيدۇ 2 |
| ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى | تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ پىكىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەم ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە كېلىشەلەيدۇ | قىزىقىدىغان شەيئى ئۈستىدە باشتىن - ئاخىر بىردەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىزدىنىشنى خالايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ كەيپى بىلەن ئۆز خاھىشىدىن يانمايدۇ 4 |
| ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشى | بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىشلارنى قىلىدۇ | بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلمايدۇ 3 |



داۋامى

| ئىنتىزام | ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ | ئىنتىزامغا ھەرقاچان بىردەك رىئايە قىلىپ كېتەلمەيدۇ 1 |
|---|---|---|
| مۇددىئا | تەييار قىممەت قارىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ | تەييار قىممەت قارىشىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ 1 |
| نىشان | ئوقۇتقۇچى ئۆتكەن دەرسلىكتە يېزىلغان بىلىملەرنى ئالىدۇ | ئوقۇتقۇچى ئۆتكەن ۋە دەرسلىكتە يېزىلغان بىلىملەرنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلاردىن بەزى مەسىلىلەرنى بايقايدۇ 2 |
| 7 | 11PC | 16.6PC |

بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن دەرسلەرنى ئوبدان ئەستە قالدۇرۇپ، ئىگىلەپ ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيدىغان، نورمال پائالىيەتلەردە قولىقى يۇمشاق، ئىنتىزامچان، ئەقلى زىيادە بالىلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئىمتىھان تۈزۈملىرىمۇ بەلگىلەنگەن جاۋابلارنى ئىزدەپ تېپىشنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، كۆپىنچە مەكتەپلەردە ئەقلى زىيادە بالىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ئۆزلۈكسىز بايقايدىغان، ئىزدىنىش ئاساسىدا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ھەتتا دەرسلىك كىتابى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆتۈۋاتقان دەرسىدىمۇ مەسىلە ئىزدەپ باقىدىغان، ئىجادىي ئوقۇغۇچىلارغا سەل قارىلىدۇ. بىراق، ئىجادىيلىقنى كىتابىي بىلىملەرنى قولىقىغا قۇيۇپ قويۇش ياكى ئۆلۈك يادلاش يولى بىلەن

يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ. دۇنيا تارىخىدا مىسلىسىز مۆجىزە ياراتقانلارنىڭ تولىسى كىتاب موللىسى بولماستىن، ئەركىن پىكىرلىك جىگىرى بار ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئىجادىيلىقنى يېتىلدۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرمەي تۇرالمايمىز. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار تارىخدا مەكتەپتە ئەلا بولالمىسىمۇ، ئىلىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقانلارنى ۋە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پىرامىدا بولۇپ قەد كۆتۈرگەن ئۇلۇغلارنىڭ مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە غايىلىك ھەمدە مەۋجۇت شەيئىلەرنىڭ كەمچىل جايلىرىنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئادەمنى بىلىش ئۆلچىمىنى ئۆزگەرتىش، ئىجادىيلىقى زىيادە بالىلار ۋە بالىلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىجادىيلىقنى بايراق قىلىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىش كېرەك. بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىجادىيلىق تەرەققىياتىنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىغا ئوخشاش ئىزچىل بولماستىن، تەۋرىنىپ ياكى توختاپ ئىلگىرىلەيدىغان دولقۇنسىمان ھالىتىنى بىلىپ يېتىش تېخىمۇ مۇھىم. پىسخولوگ توررانىسە ۋە ئىنتىيەنجاكلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بالىلار توققۇز ياشقا كىرگەندە (باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - سىنىپىغا چىققاندا)، 12 — 13 ياشلار (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى يىللىقى) دا، 17 ياش (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقى) تا ئىجادىيلىق ئۆسۈپ بارماستىن، بەلكى چېكىنىپ كېتىدۇ، بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ياشانغانلارنىڭ ئىجادىيلىقىدا چېكىنىش چوڭراق بولىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جىددىي تەتقىقات تېمىسىدۇر.

قىسقىسى، ئىجادىيلىق ياكى تالانت خۇددى ئەقلىي زىيادىلىكتەك بايقاش، يېتىشتۈرۈشكە موھتاج بولۇپ، ئۇ ھەرگىز



ئالا موزاينىڭ بالىسى چار قويرۇق، قارا خېنىمنىڭ بالىسى قارا قۇمچاق دېگەندەك ئىرسىيەت شەكلى بىلەن تەرەققىي قىلمايدۇ، بەلكى ئىرسىيەت ئاساسىدىكى يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جەريان، جەريانلاردىكى باسقۇچلار ۋە دولقۇنسىمان تەرەققىياتنىڭ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بېرىلگەن تەلىم - تەربىيە ئارقىسىدا يېتىلىدۇ.

ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي ئىقتىدارنى رېئال ئىجادىي قابىلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا كېلىدىغان بولساق، ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي ئىقتىدارنىڭ رېئال ئىجادىي قابىلىيەتكە ئايلىنىشى ئىچكى - تاشقى ئامىللارنىڭ ناھايىتى مۇھىم. مۇرەككەپ ھالدىكى ئۆزئارا غىدىقلىشى، ھەمكارلىشىشى، ماسلىشىشى ئارقىسىدىكى ھەرىكەتچان جەرياندۇر.

ئادەم ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش بىلەن بىر چاغدا، دۇنيانىڭ مەلۇم دائىرىلىك ئوبرازىنى ئۆزگەرتىدىغان ئالىيجاناب ئىجادىيەت — نوقۇل ھالدىكى ئويغۇنلىشىش ھاياتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھاياتتا يېڭى بىر قىممەت ھاسىل قىلىدىغان ماھىيەتلىك قوغلىشىش، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ ئەڭ ئىززەتلىك، ئەڭ مېغىزلىق، ئەڭ ئوبيېكتىپ گەۋدىلىنىشى بولغانلىقتىن، ئىجادىي قابىلىيەت مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە قابىلىيەت ئارقىلىقلا مۇقىم رېئاللىققا ئايلىنالمايدۇ ياكى تەرەققىي قىلالمايدۇ. ئۇ كۆپ خىل قابىلىيەت ۋە بازلىق ئالاھىدە خۇسۇسىيەت (مەنىۋى، پسىخىك، فىزىئولوگىيىلىك) نىڭ بىرلىكىدۇر. مۇنداق بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغۇچىلار بىز كۆزلىگەن ئىجادىي ئادەمنىڭ ئۆزىدۇر. ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ نۇرغۇن ئالامەتلىرى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدە ئامايان بولىدۇ.

## §2. ئىجادىي ئادەم

ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئىجادىي قابىلىيەت ئامىللىرى شۇنداق مۇرەككەپ ئۇنىۋېرسالىلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئۇلارنى ئادەم جانلىق ئىپادىلەپ تۇرغانلىقتىن، ئىجادىي ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەت جەريانى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئادەم ئىگىلىۋالالايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈپ ئىجادىي قابىلىيىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرەلەيدۇ. شۇڭا، د. ن. پېركىنس: «بىز خۇددى ئىجادىي ئادەم ھەققىدە سۆزلىگەندە، ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەمنى سۆزلەشنى ياخشى كۆرىمىز①» دەيدۇ. شۇڭا، بىز بۇ يەردە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ جانلىق ئادەمدىكى تۈيۈنغان كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپ ئۆتىمىز.

پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ۋە دۇنياغا مەشھۇر ئىجادىيەتشۇناس ج. پ. رىسنىڭ قارىشىچە، ئىجادىي قابىلىيىتى بار ئادەملەردە ئون تۈرلۈك ئۆزگىچىلىك بولىدىكەن:

1. ئەقىللىق بولىدۇ.

2. ئەمەلىيەت بىلەن بىرلىشىشكە ماھىر بولىدۇ.

3. بىلىش پائالىيىتىدە جانلىق بولىدۇ.

4. ئۆزگىچە ئىنكاس قايتۇرالايدۇ ھەمدە ئۇلار قايتۇرغان ئىنكاسنىڭ مىقدارى بىلەن سۈپىتى پائال باغلىنىپ تۇرىدۇ.

5. مۇستەقىل ئويلاش ۋە ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

6. تاشقى دۇنياغا قارىتا كۆزىتىش پوزىتسىيىسى تۇتىدۇ ھەمدە ئىچكى دۇنياسىدا ھېس قىلغان تەجرىبىلەر ياكى تاشقى

① د. ن. پېركىنس: «ئىجادىيەت زېھنىمىزنىڭ ئەڭ ئەلا پائالىيىتى» خەنزۇچە نەشرى، 285 ــ 286 ـ بەتلەر.



دۇنيانى كۆزىتىش ئارقىسىدا ئېرىشكەن تەجرىبىلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن تاشقى دۇنيادىن كۆزەتكەن شەيئىلەرنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ.

7. بىۋاسىتە سەزگۈ قابىلىيىتى بولىدۇ.

8. نەزەرىيە ۋە گۈزەللىكنى پەرق ئېتىش جەھەتتە كۈچلۈك قىممەت قارىشى بولىدۇ.

9. تەقدىر تۇيغۇسى بولىدۇ.

10. ئۆزىنى چۈشىنىدۇ، ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئومۇمىي جەرياندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

ئا. ئى. بروۋىن ئۆزىنىڭ تەتقىقات ۋە تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئىجادىي ئىقتىدارى زىيادە كىشىلەردە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ:

1. بىلىش تەشنالىقى بولۇشى، مەسىلىلەرگە قارىتا ھەر قاچان «نېمە ئۈچۈن؟»، «بۇنداق بولمىسا قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئاللارنى قويالىشى كېرەك.

2. يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشى، يەنى سەزگۈر بولۇشى، كونىلىققا ئېسىلىۋالماسلىقى كېرەك. ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردا ھەر قانداق چاغدا «بىز سىناپ قىلىپ بولغان، ئەمدى بۇ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

3. گۇمانىي مەسىلىلەرنى باشقىلاردىن ئاۋۋال بايقاش ماھارىتى بولۇشى ۋە ئۇ مەسىلىلەرنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئىپادىلەپ بېرەلىشى كېرەك.

4. ئېھتىياجغا قارىتا يۇكسەك سەزگۈر بولۇشى ۋە ئۇنى باشقىلاردىن ئاۋۋال بايقىۋالالىشى كېرەك.

5. باشقىلار خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئاخباراتلارنى بىرلەشتۈرۈپ يىغىنچاقلىيالىشى كېرەك.

6. ئەنئەنىۋى ۋارىسچىلىقتىن چەتنىيەلىشى ۋە ئوپوزغا جەڭ ئېلان قىلىشقا، ئادەتتە ئېيتىلغان ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارىتا ئوخشىمايدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالىشى كېرەك.

7. كاللا ئىشلىتىشكە ئامراق، ئومۇملاشتۇرۇشقا ماھىر، قىلىۋاتقان ئىشىغا مەست بولۇشى كېرەك.

8. مەسىلە ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەلىشى، بېكىتىلگەن نىشانغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىشى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللانماسلىقى كېرەك.

9. ھەممە ئىجادكارنىڭ ئەقلى زىيادە بولۇشى ناتايىن، ئەقلى ئوتتۇراھاللاردىمۇ بەزى ھاللاردا تېخىمۇ ئىجادكارلىق بولىدۇ.

ج. پ. گىيولفورد ئىجادچانلىقنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان پسىخولوگ بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىغانلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ:

1. يۈكسەك ۋېكېتاتىۋلىق (ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش) قا ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە قارىسىغا قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.

2. كۈچلۈك بىلىش تەشنالىقى ۋە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش روھى بولىدۇ.

3. كۈچلۈك ھەيرانىلىق ھېسسىياتى بولىدۇ، شەيئىلەرنىڭ ئايلىنىش قانۇنى ۋە سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىدۇ.

4. بىلىمى كەڭ، كۆزىتىشكە ماھىر، خاتىرە قابىلىيىتى ئۈستۈن بولىدۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدۇ.



5. خىزمەتلەردە رەتلىك، توغرا، جىددىي بولۇشنى قوغلىشىدۇ.

6. تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە بىۋاسىتە سەزگۈ قابىلىيىتى مول بولىدۇ. ئابستراكت تەپەككۇر قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەقلىي پائالىيەتلەر ۋە تاماشىلارغا كەڭ تۈردە قىزىقىدۇ.

7. گۇمانىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئەركىن — ئازادە تۇرالايدۇ. قالايمىقانچىلىقلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان ھالدا پۈتۈن زېھنىنى قىزىققان مەلۇم مەسىلىگە يىغالايدۇ.

8. يۇمۇرلۇق ھېسسىياتى بولىدۇ، ئەدەبىيات — سەنئەتنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئامېرىكىلىق مائارىپ پسىخولوگى سوللى بىلەن گىيولفورد بىرلىكتە يازغان «مائارىپ پسىخولوگىيىسى» دېگەن كىتابتا، ئىجادچانلىقى زىيادە بولغان ياكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بولغان كىشىلەردە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن:

1. ئىدىيىنىڭ جانلىقلىقى: ئىجادكار روھقا باي كىشىلەر يۈگەنسىز خىيال — قىياسلارغا يۈكسەك دەرىجىدە يول قويىدۇ، ئادەتتىكى ئەھۋالدىن ۋە رېئاللىقتىن ھالقىغان ئىستەكنى كېڭەيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خۇشال بولىدۇ شۇنداقلا بولۇشى ناتايىن بولغان ۋە بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان شەيئىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىش خاھىشىدا بولىدۇ.

2. مۇستەقىللىكلىكى: ئىجادچان كىشىلەر باشقىلارغا قارىغاندا، ئادەتنىڭ چەكلىمىسى ۋە تىزگىنلىنىشىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ پەرىزلىك (چېكى بار) بولغان بويسۇنمىغۇچىدۇر. ئۇ باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.

3. جىنسىيەت رولچىلىقى: ئىجادكار ئەرلەر ئاياللارنىڭ مىجەزىگە يۈزلىنىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئەرلەرگە قا-

رىغاندا، ئەنئەنىۋى ئەرلىك زولىنى ئۈنچىۋالا قاتتىق ئىگىلەپ كەتمىگەنلىكىدىندۇر. ئۇلار ئەرلىك ياكى ئاياللىقنىڭ ئاقىلانىلىك ۋە مەدەنىيەت ھەۋىسىنى كۆرسىتىش ۋە ئىپادىلەشتە دېلىغۇل بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەرلىك تەمەننانىسىنى قويمايدۇ، ھەمدە ئەرلىك سالاھىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۈنچىۋالا ئۇچراپ كەتمەيدۇ.

4. ئېنىقسىز شەيئىگە بولغان سەۋرى - تاقىتى: ئىجادكار كىشىلەر تۇرمۇشتىكى ئېنىقسىز شەيئىلەرگە سەۋرى - تاقەت قىلالايدۇ ۋە دېگەندەك ئېنىق بولمىغان مۇرەككەپ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدۇ. ئۇلار ناھايىتى مۇرەككەپ شەيئىلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ ھەتتا قارشى ئالىدۇ. كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان مالىماتاڭچىلىقلاردىن پەرىشان بولمايدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدۇكى، رېئاللىقنى بۇرمىلاش ئۇسۇلى بىلەن مالىماتاڭ شەيئىلەرنى بىر تەرەپ قىلمايدۇ. شۇنداقلا قىيىن مەسىلىلەرنى زورىغا ئاددىي ۋە ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن «ھەل قىلىش» ئارقىسىدا قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ.

5. خاتالىقلارغا بولغان سەۋرى - تاقىتى: بىر مەسىلىگە قارىتا تاللىۋېلىشقا بولىدىغان بىر مۇنچە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى كەڭ تۈردە ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئەركىن - ئازادىلىك بىلەن چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈش پوزىتسىيىسى ئىجادكارلاردا بولىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر. ئۇلار خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقمايدۇ. ئۇلار بىر تۈرلۈك پەرەز ياكى يەكۈننىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىنى بىر تۈرلۈك ئۇچۇر قاتارىدا كۆرىدۇكى، شەخسىيگە نىسبەتەن بىر خىل خورلۇق ياكى مەغلۇبىيەت قاتارىدا كۆرمەيدۇ. لېكىن، ئىجادىيەت جەريانى ئېھتىماللىقنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت بىرىنچى باسقۇچتىن مۇۋاپىق خاراكتېردىكى ئىككىنچى باسقۇچقا قەدەم قويۇشنى ئويلاشقاندا، ئۇلاردىكى خاتالىققا سەۋرى - تاقەت قىلىش پوزىتسىيىسى خاتالىقنى رەت



قىلىش پوزىتسىيىسىگە ئۆزگىرىدۇ.

6. ئەقلى زىيادە بولىدۇ: زىيادە ئىجادچانلىققا ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن زىيادە بولىدۇ.

7. ئالاقە قابىلىيىتى ئادەتتىكىچە بولىدۇ: ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى جامائەت بىلەن چىقىشالمايدىغان ياكى جەمئىيەت بىلەن قارشىلىشىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ماھىيەتتە ئۇلار ئۇنداق ئەمەس. پەقەت ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىدا شۇنداق كۆرۈنىدۇ، بۇ ھال پەقەت ئۇلارنىڭ قۇرداشلار ئالقىشى ئارقىسىدا ئېرىشىدىغان خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىككە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنىلا بىلدۈرىدۇ، خالاس. ئۇلار ھەتتا ھېچقانداق ئادەمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئانچە خاۋاتىرلىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى بېرىلگەن مەسىلىنىڭ تەلىپىگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن باھاسىدىنمۇ بەك سەزگۈر بولىدۇ.

8. زىيادە پەرىشانلىق: ئىجادكار كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ياكى ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە «ئادەتتىن تاشقىرى نارازى» بولىدۇ. رېئال ھالەتنىڭ ئۆزىنىڭ كۈتكىنى ياكى غايىسىدىن پەرقلىق تۇرغانلىقىدىن ناھايىتى خاتىرجەمسىزلىنىدۇ.

9. نەزەرىيىگە يۈكسەك دەرىجىدە قىزىقىدۇ: ئىجادكارلار كەڭ ئۇقۇم خاراكتېرلىك مەناغا ۋە مۇھىم ئارزۇغا ئادەتتىكىلەردىن زور دەرىجىدە قىزىقىشتا بولىدۇ. ئۇلار ئۇششاق ئىشلارغا ۋە پاكىتنىڭ ئۆزىگە ئۈنچىۋالا قىزىقىپ كەتمەيدۇ.

ئەۋدىبورتنىڭ قارىشىچە، تالانتلىق ئادەمدە مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئۆزگىچىلىك بولىدىكەن:

(1) خىزمەت مىقدارى زور، ئۈنۈمى يۇقىرى، مەزمۇنى مول بولىدۇ.

(2) ئەسەرلىرىدە يادرولۇق مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسى

ۋەتلىك كىچىك تېمىلار ئىزچىللىشىپ بارىدۇ، تالانتلىق ئادەمنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۆز زامانىدىكى ئادەملەرگە ۋە كەلگۈسى ئەۋلادقا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

(3) تالانتلىق ئادەملەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەڭگۈلۈك بولىدۇ، شۇنداق بولغانلىقتىن، مەيلى ئىلگىرى، مەيلى كېيىن بولسۇن، ھامان جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئىگە بولىدۇ.

(4) نۇرغۇنلىغان ھىمايىچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ئالىملار نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ئىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىجادىي ئادەملەرنى تېزلىكتە كۆپەيتىش مەقسىتىدە، ئىجادىي ئادەملەرنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويساق تۆۋەندىكىچە:

1) كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي مەقسەتلەرنى كۆزلەش دۇنيادىكى ئەڭ لايىق نەرسىلەرنى تاللاش بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەقلى بىلەن ئەقلىنى بىلگەندە پايدا ئالغىلى بولىدۇ دەپ قاراپ، يېڭى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ۋە ھەر قاچان قوبۇل قىلىش تەييارلىقىدا بولىدۇ.

2) ئەقلىنىڭ كۆلىمى غايىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئۇيغۇنلۇقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، دەپ قارايدۇ، تۈرلۈك پىكىر ۋە پوزىتسىيەلەرنى چۈشىنىدۇ. كاللىسى ئوچۇق ھەم ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ، يېڭى كۆز قاراش ياكى پوزىتسىيە شەكىللەندۈرەلەيدىغان بىلىم ياكى پاكىتلارنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئىرق، تىل، تەن تۈزۈلۈشى، دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلى ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمىلىك قاراش ياكى ئۆچمەنلىكتە بولمايدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆزلەپ، باشقىلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.



3) خۇشاللىق بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالغا يۈزلىنىپ، توغرا لىنىيىلىك سېلىشتۇرما قىلالايدۇ ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، تېخنىكىلىق مۆلچەر قىلالايدۇ. كونىراپ كەتكەن نەرسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ ئۇزۇنىسىغا سېلىشتۇرما قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ۋاقىت قارىشى كۈچلۈك بولىدۇ. ۋاقىتقا رىئايە قىلىدۇ ۋە ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. ھەر قانچە كۆڭۈلسىزلىك بولسىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈگەيدۇ دەپ قاراپ، ھەر قاچان كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتنى خۇشاللىق بىلەن ئەقىل ئىشلىتىش سورۇنىغا ئايلاندۇرىدۇ.

4) ئىنسان ھاياتى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتىكى ئۆسۈش ۋە دائىمىي شەكىللىنىش جەريانى دەپ قارايدۇ، ناھايىتى كۈچلۈك ئىجادىي ئېڭى بولىدۇ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولىدۇ، تەسەۋۋۇر ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە باي بولىدۇ. ئىجادىيەت جەريانىدا باتۇرانە ئىرادە ۋە جەسۇر شىجائەتتە بولىدۇ. چېچى ئاقارغان تەقدىردىمۇ مەكتەپنىڭ سىرتىدا ئوقۇۋاتقاندەك ۋە ئەجداد، ئەۋلادقا مەسئۇل بولغان ھالدا بىرەر ئىجادىي تەۋەررۈك ئۈچۈن ئىشلىشىۋاتقاندەك مەنىلىك ياشايدۇ.

5) ناھايىتى كۈچلۈك ئۈنۈم ئېڭى بولىدۇ، ئەڭ ئاز سەرپىيات بىلەن ئەڭ زور ئۈنۈم ۋە نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ئۆزى ھەرىكەت قىلمىسا ھېچنېمىنى ھېچكىم بەرمەيدۇ، جان پىدالىق بىلەن ئىشلىمىسە ۋە يېڭى تەسەۋۋۇردا بولمىسا تالانتلىقلارمۇ چىقمايدۇ دەپ قاراپ، ئىجادىي پائالىيەتلەر ئالدىدا جاپادىن قورقمايدۇ.

6) پەن - تېخنىكا، بولۇپمۇ بىرەر ساھەنى مەركەز قىلغان پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە ۋە تەتقىقاتىغا بېرىلىپ، مۇشۇ جەھەتتىكى تېخنىكا ماھارىتى ۋە جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق ھەق ئېلىشتىن ئىبارەت پىسخىك يۈزلىنىشى

بولىدۇ. پەننىڭ چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن، پەن ئاساسىنى پۇختا ئىگىلەيدۇ، بىر ئىجادىيەتنى باشلىسا ئۇنى باشقا چىقارماي تۇرۇپ ئۇ شاختىن - بۇ شاخقا قونمايدۇ. ئەڭ ئاددىي تېخنىكا پائالىيىتىنىمۇ كامالەتكە يەتكۈزسە ئۇلۇغلۇقنى تاپقىلى بولىدۇ دەپ قاراپ، نامى ئۇلۇغ، ئەمما ئۆزى قىلالمايدىغان ئىشلارنىڭ كەينىدىن چېپىپ يېرىم يولدا توختاپ قالمايدۇ.

7) شەخسىي تۇرمۇش، جامائەتچىلىك ئىشلىرىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈش تەرەپدارى بولىدۇ. ئۇلۇغ غايىگە ۋە غايىگە يېتىدىغان نىشان يۆنىلىشىگە ئىگە بولىدۇ. ئۆزىنى ئىنسانىيەت بېشىدىكى كۈلپەت - جاھالەتنى يوقىتىشقا بېغىشلاپ، جاھالەتنىڭ بىلىمگە، ھەقىقەتكە، ئەڭ مۇھىمى ئەقىلغا زىت بولغان بۇلۇتلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ.

8) تەلىم - تەربىيە، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئادەمنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئېچىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. مائارىپ ئورۇنلىرىدا بولغاندا، دەرسلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىنى تاللاش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى باھالاش جەھەتتە ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن بەند بولۇپ قالماستىن، زامان قارشىنى ئاساس قىلىدۇ. شاگىرتلىرىنى پىكىر قىلىشقا، ھەممە ساھەنىڭ چالا ساۋاتسىزى ئەمەس، بىرەر ساھەنىڭ ئىجادكارى بولۇشقا، ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ زاماندا تۇرۇپ ئەجدادلارنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ھەم ئەۋلادلارغا مېۋە قالدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ.

9) ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ دۇنياغا بولغان تەلپۈنۈشى كۈچلۈك بولىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىنى. كىشىلىك ھۆرمەتنى قەدىرلەيدۇ. بولۇپمۇ يۈرىكى ھەممە ئۈچۈن تېپىۋاتقان ئادەملەرنى قەدىرلەيدۇ، ئۆزىنىڭ كا-



مالىتىنى دۆلىتى ۋە خەلقىغە قىلغان خىزمىتى بىلەن ئۆلچەيدۇ.

10) ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭ جەريانىنى چۈشىنىدۇ. پەن - تېخنىكىغا ۋە باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇ تۈپەيلى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى كۆپتۈرۈپ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىگە يېپىشتۇرۇۋالمايدۇ.

11) ئىجاد قىلىش دۇنيانىڭ تېخىچە ئېچىلمىغان سىرلىرىنى، ھەقىقەتلىرىنى ئىزدەش جەريانى بولغانلىقتىن، ئىجادىيەت ئالدىدا مەغلۇپ بولمايدىغان ئادەم بولمايدۇ. ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەملەر بىر نەچچە قېتىملىق مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگىشىپ كەتمەي، مەغلۇبىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى تولۇقلىغانلار بولىدۇ، كەلگۈسى دانالار يالغۇز ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالغانلارلا بولماستىن، بەلكى ئىمتىھاندىكى مەغلۇبىيىتىگە ئاساسەن توغرا ئۇسۇل تاللاپ چىقالىغانلار شۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلىپلا قالماستىن، مەغلۇبىيەتنى پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىدىغان پەشتاققا ئايلاندۇرغانلار بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىلمىي ئىجادىيەتتە بىرەر قېتىم مەغلۇپ بولغانلارغا كۈلگۈچى نادان ۋە خۇراپىي ئەخمەقلەر بىلەن مەڭگۈ بىر يولدا ماڭمايدۇ.

12) ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى بىلىشنى ئىجاد قىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى دەپ قاراپ، ئىستېداتلىقلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ. ھەممىگە بىلەرمەنلىك قىلىدىغان بىلىمسىزلەرنى ئەخلاقىي جەھەتتىكى چاكىنىلار قاتارىغا قويىدۇ. ئەقلىي پائالىيەتلەردە ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى «ۋەتىنىمدىن، خەلقىمدىن چىقتى» دەپ پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى ۋەتەن ھەم خەلق ئۈچۈن تۆھپە ياراتقۇچىلار بىلەن ئىنقىلابىي مۇسابىقە مەيدانىغا قويىدۇ، ئۇلارنى يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن قوللايدۇ، بۇ سەپەر ئۈستىدىكى ھەسەت ئالۋاستىلىرىنى قوغلاپ، تۆھپىكارلارغا تېخىمۇ كەڭ يول بېرىشتىن ئىبارەت مەردانىلىك بىلەن

يۈگۈرۈپ، ئاخىرى ئۇلاردىن ئاشىدۇ — دە، «... ئاھ، بەختىم» دەپ مېھنەت تەرىگە كەلگەن ئىجادىيەت مېۋىسىنى قۇچاقلايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىجادىيەتشۇناس ئالىملار ھازىر دۇنيادا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، بىئو تېخنىكا قاتارلىقلارنى بەلگە قىلغان، ئۇچۇرنى يادرو قىلغان يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى بولغانلىقتىن، ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى ھەم ئىجادىيەتچىلەرگە تۆۋەندىكىدەك يېڭى تەلەپلەرنى قويۇش كېرەك دەپ قارايدۇ:

1) ئۇچۇرنىڭ ئەھمىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە تونۇش، ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ئۇچۇرغا ناھايىتى سېزىمچان بولۇش شەرت. بولۇپمۇ ئۇچۇرنىڭ بايلىق مەنبەسى، ئەقلىنىڭ پۇل ئىكەنلىكى، ئىقتىدارلىق ئادەمنىڭ ھەممىنىڭ نېگىزى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش شەرت.

2) تۈرلۈك ئۇسۇل، ۋاستە، پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇچۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇچۇرلارنى كىرگۈزۈپ، چىقىرىپ بېرىپ تۇرىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى ئورنىتىپ، ھۆججەت، ماتېرىياللار ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە ياخشى مەشقتىن ئۆتكەن بولۇشى شەرت.

3) ئۇچۇرغا بولغان يۈكسەك ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتى بولۇش، ئۈنۈملۈك ۋە ئۈنۈمسىز ئۇچۇرلارنى ناھايىتى تېزلىكتە تەھلىل قىلىپ پەرقلەندۈرەلەيدىغان، دەرھال كەسكىن ھەم زېرەك ئىنكاس قايتۇرالايدىغان، ھەرىكەت قوللىنالايدىغان بولۇش شەرت.

4) يېڭى ئۇچۇر ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى بولۇش، بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى بولۇش، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى، يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ماھارەتلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەھەتتە تەربىيە كۆرگەن بولۇش، بەلگىلىك سان ۋە سۈپەتكە ئىگە بولغان ئىجادىي



تەپەككۇر نەتىجىسىنى تېزلىكتە قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بولۇش شەرت.

ئالىم زوككاز ئىجادىي قابىلىيەتكە باي ئادەملەردىن بولۇش ئۈچۈن ھازىرلاشقا زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى ناھايىتى قىسقارتىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان:

1) مۇداپىئەدە تۇرۇش ۋە باشقىلارنى چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى چىقىرىپ تاشلاش، تۈرلۈك تەجرىبىلەرنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىش، ئەركىن ھەم جانلىق پوزىتسىيىدە بولۇش شەرت.

2) ھەيران قېلىش ھېسسىياتى كۈچلۈك بولۇش، ئەمەلىيەتتىن كۆپلەپ ئۆتكۈزۈشكە، كۆپلەپ تەپەككۇر قىلىشقا ئامراق بولۇش شەرت.

3) پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى مۇۋاپىق بولۇش — بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ناھايىتى ئېنىق باھالاش ئۆلچىمى بولۇش شەرت.

تالانتشۇناس جىنما ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ساقلىنىشى ئۈچۈن ئادەمدە تۆۋەندىكىدەك قابىلىيەت ۋە پەزىلەتلەر ھازىرلىنىشى شەرتلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1) يېڭى بىلىملەرنى جۇغلاش ۋە ئۇچۇر قىممەتلىرىنى ئىشقا سېلىش قابىلىيىتى.

2) ئەھمىيەتلىك شەيئىلەرنى روھىي ھالەت سۈرەتلىرىگە ئايلاندۇرۇپ ساقلاش قابىلىيىتى.

3) مول ھەم رېئال قىممەت تۇيغۇسىنى قوغلىشىشنى يوقاتمىغان تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى.

4) ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى باھالاش، ئۆزىنى تۈزىتىش ۋە ئۆزىنى تەڭ-

شەش قابىلىيىتى.

5) مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرگە پائال قاتنىشىش ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئەستايىدىللاشقا بولغان قىزىقىش ۋە قابىلىيەت.

6) مۇناسىۋەتلىك يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ھەر قاچان ئويغىتىدىغان ھەمدە ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە ئايلاندۇرىدىغان رىغبەت.

7) مۇستەقىل قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جاسارەت ۋە شىجائەت.

8) فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرلارنى ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان لايىھىلەرگە ئايلاندۇرۇش قابىلىيىتى.

9) يۈزەكى قاراشلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بارغانسېرى ئاشۇرۇش خاراكتېرى.

10) مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى جانلىقلىق ۋە يىراقنى كۆرەرلىك.

11) ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ياكى مۇنەۋۋەر دەرىجىدىكى بىۋاستە سەزگۈ.

جىن ما يۇقىرىدىكى شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدىكى شەرتنى ناھايىتى گەۋدىلىك چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ بۇنداق چۈشەندۈرۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، تارىختىن بۇيانقى تالانتلىق ئادەملەر ئەنە شۇنداق بىۋاستە سەزگۈ ۋە دادىللىقتىن ئىبارەت تەپەككۇر ۋە خاسلىقتا ياتىدىغان ئىككى تەرەپتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن مۇرەككەپ ھەم تەرتىپسىز شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەت ۋە تەرتىپچانلىقىنى تاپقان. بىۋاستە سەزگۈ تەپەككۇرى ئالاھازەل ھەربىر ئالىمنى، يازغۇچىنى، سەنئەتكارنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان كىچىك دائىرىدىن ھالقىتىپ، ئەسىرلەر بويى ھايات تۇرىدىغان مۆجىزىلىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرغان. بۇ ھەقىقەتنى بىز ئىجادىي تەپەككۇر بابىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىمىز.

ئىجادىي ئادەملەرنى يىغىنچاقلاپ چۈشىنىشكە بولمىغانلى-



قى ئۈچۈن، بۇ يەردە يەنە ياپونىيە ئالىملىرىدىن گۇڭچاڭ يىنىمبېي شەرھلىگەن، جىن تىلىڭ لوگفۇ مۇپەسسەل تەتقىق قىلغان، ئىنتىيەنجاڭ مودېللاشتۇرغان تەسۋىر تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تالانتلىق ئادەملەردىكى ئىجادىيلىق مەدەنىيەتكە ئالاھىدە تۆھپە قوشۇشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى، قابىلىيىتى، تەبىئىتىدە ئىجادىيلىق بىلەن باغلانغان ئامىللار بولىدۇ. بۇلار ھاياتىي قۇدرەت (روھىي كۈچ، جاسارەت، جەسۇرلۇق، ھەرىكەتچانلىق)، راۋاجى قۇدرەت «ھەرىكەت ۋە تەپەككۇرنى راۋاجلاندۇرغۇچى قۇدرەت» (ئىزدىنىشچانلىق، تەۋەككۇلچىلىك)، بىرىكتۈرگۈچى قۇدرەت «تەييار نەرسىلەرنى يىغىپ باشتىن بىرىكتۈرۈش قۇدرىتى» (ئىلھام، سەزگۈرلۈك، ئۇنىۋېرساللىق، ئۇلانما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، قۇراشتۇرۇش قابىلىيىتى) ۋە خاسلىق (مەخسۇسلۇق) لاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ مودېللىق كۆرۈنۈشى مۇنداق بولىدۇ:




3 - رەسىم. ئىجادىيلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن ھاياتىي قۇدرەت يەنى جىسمانىي ۋە روھىي قۇدرەت راۋاجى قۇدرەتنى رولغا ئىگە قىلىدۇ. راۋاجى قۇدرەت تارقاقلاشتۇرغان نەرسىلەر يەنە بىرىكتۈرگۈچى قۇدرەتنىڭ ياردىمى بىلەن بىرلىشىدۇ. خاسلىق (ئۆزگىچىلىك) تۆت تەرەپلىكنىڭ چوققىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاياتىي قۇدرەت، راۋاجى قۇدرەت ۋە بىرىكتۈرگۈچى قۇدرەتلەرنى تىزگىنلەش ئورنىدا تۇرىدۇ.

ئىجادىيلىقتا ياردەمچى بارلىق قابىلىيەتلەرنى تىزگىنلەش قۇدرىتىگە ئىگە بۇنداق ئىجادىي خاسلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغۇچىلار تەبىئىيكى، ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەجدادلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ۋە ئەۋلادلارغىمۇ ئۆز ئەقلىدىن نەپ قالدۇرۇشنى بىلىدىغان پىداكار كىشىلەردىن بولالايدۇ.

— پىداكار كىشىلەر قۇياشتەك زۆرۈر، — دەيدۇ مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ئا. پ. چېخوپ — ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ شائىرانە ۋە ھاياتبەخش ئېلېمېنتى بولۇپ، باشقىلارغا ھاياجان، تەسەللى بېغىشلايدۇ ۋە ئۇلارنى ياشارتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىززەت - نەپسى ئوپتىمىزم توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان، زېرىككىنىدىن چالا - پۇلا پوۋېستلار، كېرەكسىز لايىھىلەر ۋە بەش تىيىنغا يارىمايدىغان دىسسېرتاتسىيىلەر يازىدىغان، ھاياتنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئەخلاقسىزلىق قىلىدىغان، بىر پارچە ناننى دەپ يالغان سۆزلەيدىغان ئادەملەر تائىپىسىدىن سىرت باشقىچە تۇرىدۇ. جاسارەت، ئېتىقاد ۋە ئېنىق مەقسەتكە ئىگە بولغان ئادەملەرمۇ بارلىقىنى جەمئىيەتكە بىلدۈرۈپ تۇرغۇچى جانلىق گۇۋاھلاردۇر.

بىز قالاقلىق تەقدىرىنى ئۆز ئىختىيارىمىزغا بويسۇندۇرۇش يولىدا ئەقلىي ۋە ئىجادىي زىيادىلىكنى ئومۇمىي خەلق ساپاسىغا ئايلاندۇرماقچى بولىدىكەنمىز، ئاشۇنداق پىداكارلاردىن، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ جەمئىيەتتە بارلىقىنى بىلدۈرەلەيدى-



غان گۇۋاھچىلاردىن بولۇپ، ئاتالمىش ئادەت ۋە ئەنئەنىمىزگە ئايلانغان خوراپىيلىق، نادانلىق، بىپەرۋالىق دۇنياسىغا قارشى ئاتلىنىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە.

روشەنكى، بۇنداق ئاتلىنىش ئىجادىيەتكە ئاتلىنىشتۇر. ئىجادىيەتكە ئاتلانغان ئادەم ئىجادىي قابىلىيەتنى نامايان قىلغۇچىدۇر. ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ئۇنىڭ پسىخىك ئىنكاسىنىڭ نەتىجىسى بولغانلىقتىن، ئادەمنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى پسىخىك ھالىتىنى — ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان قابىلىيىتىنى ئىگىلىۋېلىش ھەم تىزگىنلەش مۇمكىن. كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ ئارخىپلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كەلگەن خۇلاسىدىن قارىغاندا، ئىجادىي ئادەمدىكى ئىجادىي قابىلىيەت ئاساسلىقى ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن ئىجادىي خاسلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك شەرتلەر ۋە سىرتنىڭ تەسىرى پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ماددىي ئاساسى بولىدۇ. ئادەم مۇشۇ نېگىزلىك مەسىلىلەردە نىشانلىق تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتسە، ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن بالداقلىرىدىن يۇقىرى بالداقلىرىغا يەنى ئادەتتىكى تالانتتىن ئالاھىدە تالانتقا قاراپ تەرەققىي قىلالايدۇ.

## §3. تالانتلىق ئادەمدىن ئالاھىدە تالانتلىق ئادەمگىچە

ئىجادىيەت ۋە ئىجادىي ئادەملەر توغرىسىدىكى قىسقىچە چۈشەنچىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىجادىيەت چوڭ تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى ياكى مەلۇم تالانتلىق شەخسلەرنىڭ يۈگەنسىز ئاتلاردەك خالىغان بىر يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىشى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت داۋامىدا كىشىلەرنىڭ ئىجا-

دى قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرىدىغان
ئەمگەك نەتىجىسىدۇر. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىجادىيەتنى بارلىققا
كەلتۈرگەن ئالىملاردا ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئىجادىيەت
مۇددىئاسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى بولىدۇ، مول بىلىم،
ئىلمىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە كۆزىتىش قابىلىيىتى بولىدۇ؛
ئۇلار باشقىلاردىن دادىلراق كېلىدۇ؛ ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى چەك-
لەپ، ئىدىيىلىرىنى چۈشەپ يۈرمەيدۇ، بەلكى مۇستەقىل تەپەك-
كۇر قىلىدۇ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى خىياللارنى ئىنسا-
نىيەتكە بەخت كەلتۈرىدىغان گۈزەللىك ھەرىكىتىگە ئايلاندۇ-
رۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەتكە ئىنتىلىدۇ؛ ئۇلاردا ئىنتايىن كۈچلۈك
بولغان ھەيران قېلىش ھېسسىياتى بولۇپ، ئىجاد قىلىنغان
نەرسىلەردىن مەڭگۈ قانائەت تاپمايدۇ. بۇ ئالامەتلەر بارلىق
ئالىملاردا ئورتاقتۇر. ئەمما، ئالىملاردىكى ئىجادىيەتكە بولغان
مۇنداق كۈچلۈك مۇددىئا، مۇستەقىل تەپەككۇر، ھەيران قېلىش
ۋە ھەر نېمىدىن قانائەت قىلماي ئىنتىلىشىنىڭ دەرىجىسى ئوخ-
شاش بولمىغانلىقتىن، ئىلىم - پەن تارىخىدىكى ئىجادىيەتلەر-
نىڭ قاتلاملىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئالايلۇق، مىسلى كۆرۈل-
مىگەن قائىدىلەرنى ئىجاد قىلىش بىر خىل ئىجادىيەت بولسا،
بىرەر پەننى بىر قەدەر تولۇقلىغان ياكى رەسمىي پەن دەپ
ئاتىغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈش بىر خىل زور ئىجادىيەت
بولىدۇ؛ يېڭى بىر نەزەرىيە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق بىرەر پەندە
ئىسلاھات ھاسىل قىلىش ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيغۇنلاشالايدىغان
بىر خىل تەتقىقات ئۇسۇلى تۇرغۇزۇش پەندىكى بىر خىل ئىن-
قىلاب بولىدۇ؛ ئايرىم بىر پەندىكى ئىسلاھاتنى پۈتكۈل ئىلىم -
پەن بىلىملىرى سىستېمىسىدىكى ئىسلاھاتقا ئايلاندۇرۇش - ئىلىم -
پەندىكى ئۇلۇغ بىر ئىنقىلاب بولىدۇ. ئالدىنقى بىر خىل ئىجا-
دىيەتنى بۆسۈش دەپ ئاتاش توغرا كەلسە، كېيىنكى بىرنەچچە
خىلىنى زور بۆسۈش، زور ئىجادىيەت دەپ ئاتاشقا توغرا كېلى-



دۇ. دېمەك، ئىجادىي قابىلىيەتلەر زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلى-
دىغان ھەم ئادەتتىكى تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان
قابىلىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ بەزىدە ئادەتتىكى تەپەككۇر
جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆگىنىش جەريانىدا كىتابقىلا
ئېسىلىۋالماسلىق، كىشىلەر نېمىدەپ يېزىپ قويغان بولسا «ھەق
راست» دەپ تونۇۋالماسلىق، ئۇنىڭدىكى كونا، خاتا نەرسىلەرنى
تەشەببۇس قىلىدىغان رامكىلارنى بۇزۇش، يېڭىلىق يارىتىشقا
جۈرئەت قىلىش قاتارلىقلارمۇ مول ئىجادىيلىققا ئىگە بولغانلىق-
تىن، مۇشۇنداق نورمال تەپەككۇرلاردىمۇ ئىجادىي قابىلىيەت
بولىدۇ. ناھايىتى يۈكسەك زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئىجادىي
تەپەككۇرلاردا يۈكسەك ئىجادىي قابىلىيەتلەر ئىشلەيدۇ. ئىجادى-
يەتتىكى بۇنداق پەرقلەرنى تېپىش تالانت تەتقىقاتىدىكى مۇھىم
ھالقا بولۇپ، بىزنىڭ ھەر خىل ئىجادىيەتلەرنى باھالاش ئىق-
تىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايلا قالماستىن، ئىجا-
دىيەتنىڭ تۆۋەن بالداقلىرىدىن يۇقىرى بالداقلىرىغا ئۆتۈش-
مىزگە، تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتلىرىمىزنى يۇقى-
رى دەرىجىلىك ئىجادىي قابىلىيەتلەرگە ئۆستۈرۈشىمىزدە، بىر
ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئادەتتىكى تالانتتىن ئالاھىدە
تالانتقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوي-
نايدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئىجادىيەتنىڭ قاتلاملىرى ۋە شۇ قاتلام-
لار بويىچە ئايرىلىۋاتقان تالانتلار قانداق بولىدۇ؟

ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ قاتلاملىرى ھەققىدىكى تەتقىقات-
لاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار بويىچە قارىغاندا، ئىجادى-
يەت ئىنقىلاب خاراكتېرلىك، ئىسلاھات خاراكتېرلىك، ئۇيغۇنلى-
شىش خاراكتېرلىك بولۇپ، تالانت شۇ ئىجادىيەت قاتلاملىرىدا
كۆرسەتكەن نەتىجىلىرىگە قاراپ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدۇ.
پسىخولوگىيىدە ئىجادىي قابىلىيەتنى تەتقىق قىلىش ئۇزاقتىن
بۇيان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئالىم ۋە سەنئەتكارلار دائىرىسىدە

توختاپ قالغانلىقتىن، تالانتنىڭ داۋاملىق ئۆسۈپ بېرىشىغا داغدام يول ئېچىلمىغانىدى. ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە چېنىقىش نەتىجىسىدە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرىدىغان قابىلىيەت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھەرگىز بىراۋلاردا تولۇق بولىدىغان، بىراۋلاردا زادىلا بولمايدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئالاھىدە تالانتلىقلاردىن ئادەتتىكى ئادەملەرگىچە (ئەقلىدىن ئازغان كېسەل ۋە تۇغما گاللاردىن باشقا) ھەممە ئادەمدە بار بولغان ئومۇمىي نەرسە ئىكەنلىكى، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا پەقەت كونكرېت ئىجادىي قابىلىيەت، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىدىلا پەرق بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تالانتىمىزنى نورماللىقتىن ئالاھىدە دەرىجىگە كۆتۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇشىمىز كېرەك.

ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىجادىيەت دېگىنىمىز — پۈتۈنلەي يېڭى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ سىياسىيسىدا ياكى ئىقتىساد، مەدەنىيەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك، بىۋاسىتە يۈكسىلىش ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق ئىجادىيەتلەر بىرەر ساھە بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. قەدىمكى جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن قەغەز، كومپاس، مىلتىق دورىسى، مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى، دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى، ئېينىشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى، ھور ماشىنىسى تېخنىكىسى، ئېلېكتر ماگنىت نەزەرىيىسى، تېلېفون، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، سۈنئىي ئۇقسىل پىروتېئىنازىسى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئىنسانىيەتكە كەڭ دائىرىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىجادىيەتلەر بولۇپ، بۇنداق ئىجادىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچى، ئىنقىلاب خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىلەر مېڭىسى



ناھايىتى سەگەك ھالدا ئۆزىنى مۇرەككەپ ئىجتىمائىيەت ياكى ئىلمىي مۇھىت ئىچىگە قويىدۇ. ئىككىنچى، ئۆزىنى يۈكسەك جىددىيلىك بىلەن رىقابەتچىسى بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا، ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي جاپالىق ئىزدىنىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئۈچىنچى، بۇنداق ئىجادىيەتلەردە خېيىم - خەتەر چوڭ بولغانلىقتىن، ئىجادىيەتچى يېتىم قېلىشتىن قورقمايدۇ، تۈرلۈك تەھدىتلەر ئالدىدا جاسارەتلىك بولىدۇ. تۆتىنچى، ئىجادىيەت جەريانىدا بۆسۈپ ئۆتىدىغان يوللار ياكى ئۇسۇل - چارىلەر كۆرسىتىپ قويۇلمىغانلىقتىن، ئىجادىيەتچى تېخىچە مۇنتىزىملاشمىغان يۈكسەك ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتى بىلەن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ.

ئىسلاھات خاراكتېرلىك ئىجادىيەت دېگىنىمىز — ئىجادىيەتچىنىڭ مەلۇم بىلىش ئوبيېكتىغا قارىتا مۇۋاپىق باھا بېرىش ياكى مەلۇم بىر شەيئىنى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھات خاراكتېرلىك ئىجادىيەتتە نېگىزلىك قائىدىلەر بۇزۇپ تاشلانمىسىمۇ، ئەمما ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم تەرىپىدە بىۋاسىتە ئۈنۈم بېرىدۇ. ئىككىدىن ئارتۇق مەھسۇلات، ئىش قابىلىيىتى، ئۇسۇل ياكى قائىدىلەرنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدىغان بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى، بىرىنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىۋالىدىغان ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى شۇنداقلا ئىخچاملاش ئۇسۇلى، ئەندىزىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئىسلاھات خاراكتېرلىك ئىجادىيەتلەردە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللاردۇر. ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا ئېيتقاندا، ئەسلىدە بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى مەلۇم ھالقىلارنى يېڭىلاش، ھۈنەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئۈسكۈنىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇسۇللارنى ياخشىلاش، مەھسۇلاتلارنىڭ چىداملىقىنى ئۆستۈرۈش، مەھسۇلات بازىرىنى كېڭەيتىش، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەلالاشتۇرۇش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، ئىش-

لەپچىقىرىش دەۋرلىكىنى قىسقارتىش قاتارلىقلار ئىسلاھات خاراك-
تېرىدىكى ئىجادىيەتلەردۇر. بۇنداق ئىجادىيەتلەردە ناھايىتى
پۇختا، سىستېمىلىق نەزەرىيە بولۇشى ناتايىن بولۇپ، ھەمىشە
بىر چارە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلسا بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ - دە،
ئەمەلىيەتتە مەسىلە ھەل بولىدۇ. مۇنداق ئىجادىيەتلەرنىڭ
خۇسۇسىيىتى مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچى، ئىجادىيەتچى تۇرلۇك
لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇللىرى (ئابستراكت يىغىنچاقلاش،
دېدۇكسىيىلەش، ئىندۇكسىيىلەش، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇ-
رۇش) نى قوللىنىپ، ئىجادىي ئاڭ پەيدا قىلىشقا ماھىر بولىدۇ.
ئىككىنچى، مەخسۇس بىر نەرسىنى ياخشىلايدۇ ۋە مۇكەممەللەش-
تۈرىدۇ. ئۈچىنچى، ئىجاد قىلغان نەتىجىسى رېئال ئەھمىيەتكە
ئىگە بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇدۇللاق كۆرۈنىدۇ ۋە ئەت-
راپتىكىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. تۆتىنچى، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئەق-
لىي ئىقتىدارى كېرەك بولمايدۇ، بىلىمى ئۇنچىۋالا سىستېمىلىق
بولمىغان ئادەملەرمۇ بۇنداق ئىجادىيەتلەرنى قىلىپ كېتەلەيدۇ.

ئۇيغۇنلىشىش خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز —
ئۆزى - ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش، ئۆزى - ئۆزىنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان قىممەتنى ئۈزلۈك-
سىز تۈردە بايقاپ مېڭىشتۇر. روشەنكى، ئادەمنىڭ ئىجادىي
پائالىيىتى ئۆزى ياشاۋاتقان تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىن ئايرىلال-
مايدۇ، ئىجتىمائىيلاشقان ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ رېئاللىشىشى،
ئاشۇ شارائىتلاردا باھالىنىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت ساھەسىدە ئېيتى-
لىدىغان ئۇيغۇنلىشىشنىڭ ماھىيىتى ئادەمنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان
مۇھىتقا بولغان ئۇيغۇنلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق لايىقلى-
شىش ئادەمدىن ئۆزى تۇرۇۋاتقان شارائىتقا قارىتا ئۆزى
ھۆكۈم چىقىرىش، پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش،
مەسىلىلەرنى ئاكتىپ ھەل قىلىشنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر
چاغدا يەنە ئوبيېكتىپ شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئىجادىي



پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئۇيغۇنلىشىش
ئاساسلىقى شۇ ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتقا قارىتا تۇتقان
پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولىدۇ.
ئوبيېكتىپ شارائىت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇنا-
سىۋەتنىڭ قانۇنىيىتى تەخمىنەن مۇنداق بولىدۇ:

ئادەم مۇستەقىل، رىغبەتچان، ئۆزىگە قارىتا مەسئۇلىيەت-
چانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلغانسېرى شۇنچە يۇقىرى گۈزەللىك،
باشقىلاردىن ھالقىغان پاراسەت، ئۈزلۈكسىز تۈردە داۋاملىشى-
دىغان ئىجادىي ھەرىكەتكە يۈزلىنىدۇ؛ ھامان ياشىغاندىكىن،
ئالدىنقى قاتاردا ياشاي دەيدىغان ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە كىشى-
لەر ئارىسىدىن تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ باش كۆتۈرۈپ چىقىدى-
غان ئىجادىيەت نىشانىغا ئىگە بولغانسېرى، ئىجادىي پائالىيەت-
نى ھاياتنىڭ ماھىيىتى دەپ قارىغانسېرى، دەۋر يۈكلىگەن ۋە-
زىپىلەرنى ئورۇنداپ، ئەۋلادلارغا «بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قالتىس
ئىدى، جۇمۇ!» دەيدىغان تەسىرات قالدۇرۇشقا ئالدىرىغانسېرى
شۇنچە جاسارەتلىك بولۇپ، مۇھىت شارائىتلىرىدىن كەلگەن
تۇرلۇك قولايسىزلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت
پادىشاھلىقىنىڭ چوڭقۇر ئۇردىسىرىغا كىرەلەيدۇ. ئەگەر ئوبيېك-
تىپ شارائىتقا مۇنداق مۇئامىلىدە بولمىغاندا، ئادەمدىكى ئۆزى-
نىڭ يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى ئېچىش جاسارىتى ئاجىزلاپ
كېتىدۇ، ئەسلىدە ناھايىتى كۈچلۈك ئىجادىيلىقى ئىگە بولسىمۇ،
كېيىنچە مۇنداق ئاكتىپ پوزىتسىيە تاشلىۋېتىلگەندە بولسا،
ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھايا-
تىي كۈچلەر بوغۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ شۇنداق بولغانلىقتىن بولسا
كېرەك، ئامېرىكا شائىرى ئىلىست نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن
چېغىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ مۇكاپات ماڭا ناھايىتى بۇرۇن
بېرىلىپ قالدى. نوبېل مۇكاپاتى بىر ئادەمنىڭ ئۆز گۆرىگە
كىرىش بېلىتى ئىكەن. مەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن

كېيىن تۈزۈك بىر ئىش قىلالىغان ئادەمنى كۆرمىدىم». قاراڭلار، نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلارنىڭ شۇنچە شۆھرەتلىك تۇرۇپ، ئۇلۇغ رىغبەتنى يوقاتقان ھامان سەپتىن چۈشۈپ قالغىنىنى! بۇ، «مەن دېگەن مۇنداق ئادەم» دەپ ئۆزىنى دۇنياغا، ھېچ بولمىغاندا ئەتراپىدىكىلەرگە تونۇتۇپ قويماقچى بولغان ئادەمدە ئۇيغۇنلىشىش ئىجادىيىتىگە، ئۆز ھالىتىدىن ھالقىپ كېتىشكە زور ئىشتىياق بولۇش كېرەك، دېگەن گەپ.

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇنلىشىش خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەت كەڭ ھەم تار مەنىدە بولۇپ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ۋە بايقاش جەريانىدۇر. بۇنداق جەرياننىڭ ھەربىر باسقۇچىدا بۇنداق خاراكتېر ئىنسانىيەتنى زىددىيەت بىلەن تولغان دۇنياغا تېخىمۇ ئوبدان ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىدۇ. جانلىقلىق ۋە ئۇيغۇنچانلىق پەزىلىتى ئالاھىدە تالانتلىقلار، تالانتلىقلار ۋە ئىجادىيەتكە ماھىر ئادەملەردە ئالاھىدە ئۈستۈن بولىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ رىغبەت ۋە قابىلىيەتلىرىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىنساننىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيىتى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىنقىلاب خاراكتېرىدىكى ۋە ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، ئىجادىيەت بىر پارچە شېئىر، بىرەر ماقالە، بىرەر تەتقىقات نەتىجىسى... ئومۇمەن بىلىنمىگەن ساھەلەر دېڭىزىدا مەلۇم ئارال پەيدا قىلالايدىغان ھەر قانداق پائالىيەتتىن تاكى پۈتكۈل دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئۇلۇغ كەشپىياتلارغىچە داۋاملىشىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ مۇنداق ئىككى ياقلىملىق رولىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇ يېڭى ساھەلەرنى كېڭەيتىپ، دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، كىشىلەر قەلبىنى مۇنداق يېڭى ساھەلەرنىڭ



تەسىرى بىلەن بېيىتىپ بارىدۇ. مۇنداق تەرەققىيات جەريانىدا بىز كۆرۈپ تۇرغان ۋە ئاڭلاۋاتقان نەرسىلەر كەلگۈسىدە ئىجاد بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ناھايىتى كىچىك بولىدۇ. بۇ ھال بىزنىڭ رېئاللىقىمىز بىلەن كېلەچىكىمىز ئوتتۇرىسىدا بىر خىل پەرق ھاسىل قىلىپ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ يېڭى بۇلىقىنى مەڭگۈلۈك ئۇلغايتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت قاتلىمىدىكى ئۈچ دەرىجە توختىماستىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، بىزنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت بۇلىقىنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئېچىشىمىزنى شەرت قىلىدۇ.

تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇنلىشىش خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەت ئىنسانىيەت ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئومۇمىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا، جارى قىلدۇرىدىغان ئىجادىي ئىش قابىلىيىتىنىڭ تەجرىبىلەرگە يۈزلەنگەن ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىش ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇنداق ئىجادىي ئىش قابىلىيىتى ھەممە ئادەمدە بولىدۇ. ئالايلۇق، بالىلار ئويناۋاتقان توپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەندە، توپنى ئېلىش ئۈچۈن بىر بالا كارىۋاتنى يۆتكىمەكچى، بىر بالا كارىۋات ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرمەكچى، بىر بالا تاياقچە بىلەن ئىتتىرىپ چىقارماقچى بولسا، بۇ بالىلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇيغۇنچان قابىلىيەت بولغان بولىدۇ. ئەمما، مۇشۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ كۈچ سەرپ قىلماستىن توپنى تاياقچە بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىشنى ئويلىغان بالىنىڭ ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتى ئۈستۈن بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەربىر ئادەمدە ھەربىر ئىشقا قارىتا ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتى بولىدۇ، ئۇ پەقەت ئۇيغۇنلىشىش دەرىجىسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئەمما، ھەممىمىزنىڭ تەبىئىتىدە بار بۇنداق ئىجادىيلىقنى ئۇلۇغلارغا مەنسۇپ قىلىۋېتىدىغان خاتا تەشۋىقات بىزدە ئۆزىمىزنى پەس

كۆرۈش، ياندىكىلەرنى سەل چاغلاش، يىراقتىكىلەرگە چوقۇنۇش، ياندىكىلەردە پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرسا دىققەت نەزەرىنى سالماسلىقتەك بىمەنە كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. داۋادا بىز ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلەشنى، ئۆزىمىزنى ئىجادىيلىق بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى شارائىتلارغا ئۇيغۇنلىشىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، باشقىلارغا تىزلىنىپ تەزىم قىلىشتىن روھىمىزنى ئازاد قىلساق، بىزمۇ ئىجادىيلىق يولىغا ماڭالايمىز ھەمدە ئىجادىيلىق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپلا قالماستىن، تالانتتىن ئالاھىدە تالانتقا تەرەققىي قىلالايمىز. بىزگە ئىجادىيەت سىرلىق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان پەردە، ياپونلاردا ئالتە مىليون ئىختىراچى پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈچ مىليون 500 مىڭى بىزدە كەمسىتىلىۋاتقان خوتۇن - قىزلار ئىكەنلىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي كىشىلەرگە ئايلىنىش مۇمكىنلىكى بولماي نېمە؟

كىشىلەرنىڭ قابىلىيەتلىرىدە يۇقىرى - تۆۋەنلىك بولىدۇ، خاسلىقلىرىدا پەرق بولىدۇ، ئەمما، ئەڭ مۇھىمى ھەربىر ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت يادروسى بولغان ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەت خاسلىقى جەھەتتە ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۆزىنى نىشانلىق تەربىيىلەش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قابىلىيەت قۇرۇلمىسى ۋە خاسلىق ساپاسىنى بارغانسېرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجادىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشتۇر.

ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ قاتلاملىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ شۆھرەت قازانغان تايلورنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئالاھىدە تالانتقا ئايلىنىش ئۈچۈن، ئىجادىي قابىلىيەتلىرىنى ئاساسلىقى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈچ خىل ئامىل تەرەپتە ئۆستۈرۈشى كېرەك. بۇلار ئەقلىي ئامىل، مۇددىئا ئامىلى، خاسلىق ئامىلىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىجادىي قابىلىيەتكە كۆپلەپ تەسىر كۆرسىتىدىغان



ئەقلىي ئامىل دېگىنىمىز — خاتىرە، بىلىش، باھالاش، تەپەككۇر ۋە تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش تەپەككۇرىدۇر. ئىجادىي قابىلىيەتكە كۆپلەپ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇددىئا ئامىلى دېگىنىمىز — رىغبەت، پىداكارلىق، پەم - پاراسەت، ئورتاق قانۇنىيەتلەرگە بولغان قوغلىشىش، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش تەشنالىقى، كەشپىيات يارىتىش تەشنالىقىدۇر. خاسلىق ئامىلى دېگىنىمىز — مۇستەقىللىك، زىيادە تولۇق ئىشەنچە، بىر مەسىلىگە بولغان كۆپ خىل چۈشەنچىنى كاللىسىغا سىغدۇرۇش كامالىتى، كەسىپ ئۈستىدىكى ئۆزىگە ئىشىنىش. مۇشۇ ئۈچ تەرەپتە كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرغاندا، ئالاھىدە تالانتقا يېتىشىش ئىمكانىيىتى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ.

بىزنىڭچە، ئىجادىي قابىلىيەت ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا ئىپادىلىنىدىغان يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ناھايىتى كۆپ پسىخىك ئامىللاردىن تەركىب تاپىدىغان مۇرەككەپ قۇرۇلما بولغاچقا، ئۇنىڭدا ھەم ئىجادكارنىڭ ئۆزى تاللىۋالغان نىشانىنى قوغلىشىش ئىستىكى، ئىزدىنىش قىزغىنلىقى، مۇستەھكەم مەقسەتچانلىق، باتۇرلۇق روھى، مۇستەقىللىق ۋە جاسارەت قاتارلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش ئامىللىرى بولىدۇ، ھەم ئىجادىي تەپەككۇر (ئىجادىي تەسەۋۋۇر، بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كۆزىتىش، خاتىرە قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدار ئامىللىرى بولىدۇ. تاللىۋالغان نىشانغا بولغان قوغلىشىش ئىستىكى كىشىلەرنى ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىتتىرىدىغان غايەت زور ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ. تاللىۋالغان نىشان قانچە چوڭ، ئۇلۇغ، يۈكسەك، ئىجتىمائىي قىممىتى يۇقىرى بولغانسېرى، بۇ نىشانغا بولغان قىزغىنلىق قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، ئىجادكارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادىيلىقىنى جارى

قىلدۇرىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى شۇنچە تولۇق ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىدىن يۇقىرى دەرىجىسىگە قاراپ ئۆزىنى چېنىقتۇرغۇچىلار، بولۇپمۇ ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن ئىجادىيەت خاسلىقى جەھەتتە چېنىقتۇرغۇچىلار ئادەتتىكى تالانتتىن ئالاھىدە تالانتقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدا تەبىئىي پەن ساھەسىدىن چارلىز دارۋىننى مىسالغا ئېلىپ ئۆتەيلى:

— پەنگە قىزغىن مۇھەببەت باغلىدىم، — دەيدۇ ئۇ «تەرجىمىھالىم» دېگەن كىتابىدا، — ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىدە ھارماي - تالماي ئويلاندىم، قىلچىمۇ بوشاڭلىق قىلمىدىم، پاكىتلىق ماتېرىياللارنى ئىجتىھات بىلەن كۆزەتتىم ۋە توپلىدىم، يەنە كېلىپ پىكىر دۇنيالىرىمنى ساغلاملاشتۇردۇم. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئاشۇنداق قىلىش بىلەن مەن ئادەتتىكى بىر ئىقتىدارغا ئىگە تۇرۇقلۇق، كىشىلەرنىڭ مەلۇم مۇھىم ئىلمىي مەسىلە ئۈستىدىكى قاراشلىرىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتىم.

دارۋىننىڭ سۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئۇنىڭ قابىلىيىتى ئەسلىدە ئادەتتىكى تالانتلاردا بولىدىغان قابىلىيەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەت ئۈستىدىكى ئاشۇ تىرىشچانلىقلىرى ئۇنى ئالاھىدە تالانتقا ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭدا بەزى خاسىيەتلىك تالانت خاسلىقلىرى بولغان. ئەمما، ئۇنى دارۋىن: «مېنىڭ باشقىلاردىن ھالقىپ كەتكەن جايلىرىم: باشقىلاردا ئاسانلا سەل قارىلىدىغان شەيئىلەرنى سېزىۋېلىش ھەمدە ئۇلار ئۈستىدە ئىنچىكە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش»، «زادىلا زېرىكمەستىن يۈكسەك تەپەككۇر ئەركىنلىكىنى ساقلاش، ناۋادا ئۆزۈم ھەرقانچە مەپتۇن بولۇپ قالغان قىياسلار بولسىمۇ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭدىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلەردىن



ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت» دەپ يەكۈنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ تىل ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ: «مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئىخچام يورۇتۇپ بېرەلمەيمەن.... مېنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىمدا قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئاجىزلىق بار، بۇ ئاجىزلىق مېنى ئۆزۈمنىڭ چۈشەنچە قىياسلىرىمنى دەسلەپتە ئىپادىلىگەندە خاتا بولمىسىمۇ، راۋان بولمايدىغان قىلىپ قويغان» دېگەن. دېمەك، دارۋىن ئۆزىنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيەتلىرى ۋە خاسلىق پەزىلەتلىرىنى بەش قولدەك بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرسا، ئاجىزلىقنى تولدۇرۇپ ماڭغان. بۇ ئۇنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدە زۆرۈر بولغان ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى، قەتئىي ئىزدىنىش روھى، جانلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى، يېڭى پىكىر ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىش ماھىرلىقى قاتارلىق سۈپەتلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئالاھىدە تالانت دەرىجىسىگە يېتەلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب.

بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدە بالزاكنىڭ قابىلىيەت ۋە خاسلىق سۈپەتلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى مىسالغا ئېلىپ ئۆتەيلى:

— يازغۇچىلار بارلىق ھادىسىلەر، بارلىق ھېسسىياتلار بىلەن تونۇشۇشى كېرەك، ئۇنىڭ قەلبىدە شەيئىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان بىر «ئەينەك» بولۇشى كېرەك، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئالەم بۇ «ئەينەك» تە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك... چۈنكى ئۇ كۆز ئالدىدىكى شەيئىلەرنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆتمۈشتىكى شەيئىلەرنىمۇ ئويلىيالىشى كېرەك. مەلۇم تاللاشتىن ئۆتكەن تىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شائىرانە ئوبرازلارنىڭ پۈتكۈل سېھرىي كۈچلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى گۈزەللەشتۈرۈشى ياكى ئەڭ دەس-

لەيكى تۇيغۇلاردىكى جانلىقلىقنى ئۇلارغا ئاتا قىلىشى كېرەك... ناھايىتى نۇرغۇن مەشھۇر شەخسىيلەردە تۇغما بولغان ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى بار، ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ پىكرىنى جانلىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ماھىر ئەمەس؛ بەزى يازغۇچىلارنىڭ تىلى ئاجايىپ گۈزەل. ئەمما، ئۇلاردا ھەممىنى بايقايدىغان ۋە ئەستە قالدۇرىدىغان كۆزىتىش قابىلىيىتى ۋە ئۆگىنىپ ھارمايدىغان روھ كەمچىل. مۇشۇنداق ئىككى خىل ئىقتىدار بىر ئادەمنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى كۆرۈش ۋە تېگىش سەزگۈسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يولدا بىر ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى ماھارەت بولسا، يەنە بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى تەپەككۇر بولىدۇ؛ بىرىنىڭ قولىدا مۇزىكا تۇرسىمۇ كىشىنى جەزبىلىك ھالغا كەلتۈرۈپ ياش ئاققۇزىدىغان ياكى كىشىنى چوڭقۇر خىياللارغا غەرق قىلىدىغان ئالىيجاناب كۈيلەرنى چالالمايدۇ؛ يەنە بىرىدە مۇزىكا بولمىغانلىقتىن، ئۆزى ناخشا قىلىپ ئوقۇيدىغان داستانلارنى يازىدۇ.

دېمەك، بالزاك ئەدىب ھەم پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن بەدىئىيات ساھەسىدىكى ئىجادكارلاردا بولىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتنىمۇ ئاساسلىقى ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن ئىجادىيەت خاسلىقى جەھەتتە كۆرسەتكەن.

قىسقىسى، ھەر قانداق ئۇلۇغ ئالىم ياكى يازغۇچىدىمۇ تەپەككۇر ياكى خاسلىق جەھەتتە ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىك بولىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ۋە خاسلىق سۈپەتلىرىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى توغرا بىلىپ يېتىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجىزلىقلىرىنى تۈگىتىپ، ئالىم ياكى سەنئەتكار بولىدۇ. ئادەتتىكى تالانتلىقلاردا ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرى بولۇپلا قالماستىن، بەزىلىرىدە ھەتتا شۇ ئالىم ۋە سەنئەتكاردا يوق ئارتۇقچىلىقلارمۇ بولىدۇ. سەنئەتكار، ئالىملاردىكى ئالاھىدە ئار-



تۇقچىلىقلار كۆپ ھاللاردا ئۇلار ھەل قىلغان ئىجادىيەت ئېھتىملىرىنىڭ ئېھتىملىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قانداق ھەل قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمايدۇ. ھەر بىر تېمىنى قانداق ھەل قىلىش ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز قولىدا بولۇپ، ئەگەر بىر كىشى ئالىم، سەنئەتكارلاردا يوق بىر چارىگە ئىگە بولغان ھامان شۇ تېما ساھەسىدە ئالىم، سەنئەتكارلاردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ھەر كىم ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا ئالىم، سەنئەتكارلاردا بار ئارتۇقچىلىقلارنى شۇ پېتى ئىگىلىيەلەيمەن دەپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىققا لايىق بىر يول تۇتسا ھەممە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ يادروسى بولغان ئىجادىي تەپەككۇر ھەم خاسلىق جەھەتتىكى كېرەكلىك ئامىللارنى تاللىۋېلىپ ئۇنى دائىم تولۇقلىسا، چېنىقتۇرسا، بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سالالايدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى يارىتالايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئالاھىدە تالانتلىقلار يولىنىمۇ ماڭالايدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئادەم ئىجادىي قابىلىيەتنى «بىرلىق» دەيدىغان قورقۇنچنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىدىكى بۇ بىباھا بايلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

جياڭسۇ ئۆلكىلىك تالانت ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «تالانت» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىلى 2 - سانىدا «ئىشچى - ماگىستىر - دوكتور - پروفېسسور» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور ماقالىسىدە 1991 - يىلى 1 - ئايدا بېيجىڭدىكى خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن جۇڭگو دوكتورلىرى» نامىلىق ئوردېن تارقىتىش يىغىنىدا شۇ شەرەپكە ئىگە بولغان پروفېسسور كوۋ جىسۇڭنى تونۇشتۇرغان. بۇ ئادەم 1964 - يىلى 5 - ئايدا تيەنجىندە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئائىلە تەركىبى ئۇستۇن دېگەن سەۋەب بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمەي، ئىشچى بولغان، 1972 - يىلى نىكاھلانغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ

خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ بىر ئېغىز زەيكەش ئۆيىدە 13 يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ ئىشچى بولغان كۈنىدىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، 1979 - يىلى 9 - ئايدا دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ تيەنجىن داشۆسىنىڭ سىستېما قۇرۇلۇشى تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان. 1981 - يىلى 12 - ئايدا ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقتىن مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1982 - يىلى دوكتورلۇق سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ۋە ئۇستازى پروفېسسور ليۇ باۋنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى بىلەن «دۆلەت ئېنېرگىيىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى» ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ ئەلا نەتىجە قازانغان. ئۇ، بۇ ماقالىسىدە تۇنجى بولۇپ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئېنېرگىيە ئەندىزىسى ۋە ئۇچۇر سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ لايىھىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى ئالىملار كۆرۈپ: كۆز قارىشىدا مۇستەقىل ئۆزگىچىلىك بار، نەزەرىيە ھەم ئەمەلىي قوللىنىلىش قىممىتى بار، شۇڭا، دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ئۈلگىسى قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان. 1987 - يىلى 6 - ئايدا دوتسېنت كوۋ جىنسۇڭ رەسمىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. 1988 - يىلى مەكتەپ پارتكومىغا ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تەتقىقات راسخوتىغا پۈتۈنلەي ئۆزى ھۆددە قىلىدىغان ئۇچۇر ۋە تەتقىقات ئورنى قۇرۇشقا دوكلات يېزىپ تەستىقلاتقان. شۇ يىلى ئۇ شاگىرتلىرى بىلەن «دۆلەت ئېنېرگىيىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى مۆلچەرلەش، تەھلىل قىلىش تورى سىستېمىسى»نى ئورۇنداپ، دۆلەت پەن - تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئالغان. بۇنىڭ ئارقىسىدىن 10 تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسىنى تۇتۇپ، ئالتە تۈردە ئۆلكە ھەم دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا



ئېرىشىپ، تەتقىقات ئورنىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى نەچچە ئون تۈمەن يۈەنلىك سايمان، ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە قىلىپ، پۈتۈن مەكتەپ بويىچە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئاپتور ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇنداق ئالاھىدە تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىشىدىكى جەريانلارنى بايان قىلىپ بولۇپ مۇنداق دېگەن: «مەن كۆپ قېتىملاپ مەغلۇپ بولدۇم، ئەمما زادىلا ئېتىراپ قىلمىدىم. قانچە قېتىم مەغلۇپ بولسام، شۇنچە قېتىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ جەڭگە ئاتلاندىم. بۇ جەرياندا مەن بەل قويۇۋەتمەي تىرىشقان ئادەمنىڭ ھامان ئۇتۇق قازانماي قالمايدىغانلىقىغا ئىشەندىم».

ئەمما، شۇنىمۇ دىققەت قىلىش لازىمكى، «ھەرقانچە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان شەرەپمۇ مەڭگۈ دەۋران سۈرىدىغان ئالەمگە، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا سىڭىشتۇرغاندا، گويا بىر تامچە سۇ ياكى ئۇچۇپ كېتىدىغان بۇلۇتتۇر. مانا بۇ زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلايدىغانلا بولسا، ئۇ، ئادەتتىكى ئادەمنىڭ تالانت ئىگىسىگە، تالانت ئىگىسىنىڭ ئالاھىدە تالانت ئىگىسىگە تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىغا بىر مىسال بولالايدۇ.

ھازىر دۇنيادا ئەقلىي نورماللىقنىڭ ئەقلىي زىيادىلىككە، تالانتنىڭ ئالاھىدە تالانتقا كۆتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە بولغان قاراش ئومۇميۈزلۈك جەزملەشكەن بولۇپ، بۇ مەسىلىگە بولغان تەتقىقات ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەتبىقلاش جۇشقۇن راۋاجلانماقتا. ئامېرىكا ۋە ياپونىيىلەردە ئۇ تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلماقتا. ئەڭ قىزىقارلىقى، ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە ئېچىلغان «ئىشتىن سىرتقى ئىختىرا، ئىجادىيەت ئىنستىتۇتى» مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە يېشى ھەر خىل ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتقان. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنژېنېرلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنداقلا ئاددىي ئىشچى ھەم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار

بىردەك ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ تالانت بابىدا ئۆسۈشنى مەقسەت قىلىپ مەكتەپكە كىرگەن. ئۇلارغا پاتېنت ئىلمىنى، مۆلچەرشۇناسلىق، ئۇچۇرشۇناسلىق، ئىختىراچىلىق تارىخى ۋە ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى قاتارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىش ۋە مۇنازىرىدىن ئۆتۈش ئۇسۇلىمۇ باشقىچە بولۇپ، ئومۇمەن ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا بىرەر مەسىلىنى ئىجادىي يول بىلەن ھەل قىلغان. مۇشۇ تەرىقىدە ئېلىپ بېرىلغان ئوقۇشتا ئۇلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىدىكى ئۆسۈش دەرىجىسىنى ھېسابلاپ كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدىكى ئۈنۈم توققۇز ھەسسە ئۆسكەن. ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ بۇ ئىجادىيىتىنى كۆرگەن بەزى دۆلەتلەرمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، شۇنداق مەكتەپلەرنى قۇرغاندا، يەنىلا ياخشى ئۈنۈم قازانغان. بۇ ئۈلگىلەر بىز ئۈچۈنمۇ بىر كۆرسەتمە ئەمەسمۇ؟

زامانىمىزنىڭ ئالىملىرى تالانت ئۈستىدىكى بۇنداق دولقۇنلۇق سەپەرنى پۈتكۈل ئاھالىگىچە كېڭەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، ئۇنى تېخىمۇ توغرا، ساغلام راۋاجلاندۇرۇپ، ئارقىدا قېلىۋاتقان مىللەتلەرنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلىش، نامرات خەلقلەرنى باي قىلىش، راۋاج تاپمىۋاتقان رايونلارنى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تالانتلىق دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىقتىدارلىقلار بىلەن ئالاھىدە تالانتلىقلارنى پەرقلەندۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئالاھىدە تالانتلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق كامالىتى ئۈچۈن ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىقتىدارنى تىرىشىپ ئۆستۈرگەندىلا ئاندىن ئالاھىدە تالانتلىققا، غايەت زور ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بولغان



خۇسۇسىيەتكە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئالاھىدە تالانتلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشنىڭ بىرەر تۇرلۇك ھەل قىلغۇچ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى. ئۇنى ھەر كىم ئۆزىدىكى بىرەر تۇرلۇك گەۋدىلىك ئارتۇقچىلىقىغا ياندىشقان باشقا قابىلىيەتلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىقتىدارلىقلار، تالانتلىقلار بىلەن ئالاھىدە تالانتلىقلارنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

ئالاھىدە تالانتلىقلار ئىجاد قىلىدۇ، ئىقتىدارلىقلار ئۆزگەرتىدۇ؛ ئالاھىدە تالانتلىقلار بىۋاستە سەزگۈگە تايىنىدۇ، ئىقتىدارلىقلار تەھلىل قىلىشقا ۋە ئىزدىنىشكە تايىنىدۇ؛ ئالاھىدە تالانتلىقلار ئاللىقانداق بىر نىشانلارنى قوغلىشىپ يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش نىشانى ئىجادىيەت بولىدۇ؛ ئىقتىدارلىقلار ئاللىقانداق بىر مەقسەتلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ نىشانى ھوقۇق بولىدۇ؛ ئالاھىدە تالانتلىقلار مەڭگۈگە ناتونۇش بوز يەرلەرنى ئاچقۇچى، مەڭگۈگە ناتونۇش قىستۇرما كۈيلەردە بىر مەھەل توختاپلا ئۆتۈپ كەتكۈچى بولىدۇ؛ ئىقتىدارلىقلارچۇ؟ يەر شارى ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شادلىق باغچىسى، تەبىئىي، توقۇنۇش يوق بولغان ئىجتىمائىي تەڭشىگۈچ. ئالاھىدە تالانتلىقلاردىمۇ ئىقتىدار بولىدۇ، ئۇلاردىكى ئىقتىدار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەرىجىسىگىچە تەرەققىي قىلىپ، مەڭگۈگە ساقلىنىپ قالىدۇ (ئادەملەردىكى جانلىق ھالىتىدە ئەمەس، بىرەر ئىجادىيەت مۆجىزىسى بىلەن). ئىقتىدارى بار ئەمما ئۈستۈن بولمىغان ئالاھىدە تالانتلىقلار خۇددى تىل قابىلىيىتى (ئىپادىلەش قابىلىيىتى) ناھايىتى ناچار بولغان ئۇلۇغ دانىشمەنلەرگە ئوخشايدۇ. ئالاھىدە تالانتقا ئىگە بولمىغان

ئىقتىدارلىقلار بولسا، تۆۋەن قابىلىيەتلىك بىر مېڭىگە بېقىنغان سۆزمەن تىلغا ئوخشايدۇ.

ئىقتىدارلىق ئادەملەر باشقىلاردىن تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ توغرا تەپەككۇر قىلالايدۇ؛ ئالاھىدە تالانتلىقلار بولسا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تېخىمۇ ساپ، تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدۇ. ئالاھىدە تالانتنىڭ نېگىزلىك خۇسۇسىيىتى ئومۇملۇقتىن ئالاھىدىلىكنى كۆرۈشتۇر. نيۇتوننىڭ ئالمىنىڭ يەرگە چۈشۈشىنى «تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدىكى جىسىم» دەپ قارىشى ئەنە شۇنداق ئومۇملۇقتىن ئالاھىدىلىكنى كۆرۈشنىڭ بىر مىسالىدۇر.

پىكىر قىلىشتىكى ئوبيېكتىپلىق ئالاھىدە تالانتلىق ئادەمنىڭ ئۆزگىچە بىلىش ئۇسۇلىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر. ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشى سۇبيېكتىپ ئارزۇغا بېقىنمايدۇ. ئالاھىدە تالانتلىقلارنىڭ پائالىيىتى بىر خىل ئىچكى قوزغىلىش ياكى «تەبىئىي تۇيغۇدىكى ئېھتىياج» تەرىپىدىن پەيدا بولىدۇ؛ ئالاھىدە تالانتلىقلار ھەرگىز شەخسىي نەپسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئېھتىياتچان تاللاش ئېلىپ بارمايدۇ ھەم ئىستېمالچانلىق ۋە مەنپەئەتپەرەسلىك قىلمايدۇ. ئىقتىدارى بار، ئەمما ئالاھىدە تالانتلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەنلەر شەخسىيىتىگە بەكرەك بېرىلىدۇ، ئالاھىدە تالانتلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پائالىيىتىلا مەقسەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، شۇ پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن قانائەت تېپىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇ پائالىيەتكە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي تالانتلىقلارنىڭ پائالىيىتى خەلق، ۋەتەن، ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن بولغاچقا، شۇنداقلا ئۆزىمۇ شۇ بەختنىڭ ئىچىدە ئويلىنىلغان بولغاچقا، ئۇ شەخسىي چوت سوقۇشقا ھاجەت بولمايدۇ. باشقىلارغا نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پائالىيەت دېگەننىڭ ھەرقاندىقى



ۋاستىدۇر. قىسقىسى، ئالاھىدە تالانتلىقلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، ئەجدادى ۋە ئەۋلادى ئالدىدا نومۇسچان كىشىلەر بولۇپ، ئۆتكۈر، سەممىمىي، قىزغىن، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىدىغان، كېزى كەلگەندە يالغۇزچىلىقتىن يېتىمسىرىمەيدىغان ئادەملەردۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئالاھىدە تالانتلىقلار ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت، دىن ۋە تۈرلۈك پىسخىك ئامىللارنىڭ ئەلا مۇجەسسەمى بولۇپ، بۇنداق مۇجەسسەملىك ئۈچۈن ھازىرقى بار ئىقتىدارىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى جىددىي ئىلگىرى سۈرۈش ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھەقىقىي تۆھپە قوشۇشنىڭ شەرتىدۇر. بۇنداق ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغانلارنى تەربىيىلەش مەيلى قايسى خەلق، قايسى يەردە بولسۇن سەييارىمىزنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ، كېلەچىكىمىزنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە پاك ـ دىيانەتلىك ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ، زامانىمىز ئەخلاقىنىڭ تۆرىدە تۇرىدۇ.

# VII باب ئىجادىي تەپەككۇر

ئىجادىي تەپەككۇر ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىلىش ساھەلىرىنى ئاچىدىغان تەپەككۇر بولۇپ، ئۇ، ئابستراكت تەپەككۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇر قاتارلىق نورمال تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسى ۋە ئۇيۇشتۇرۇلغان بىرىكمە ھاسىل قىلىدىغان غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ ئىجادىي كۆرۈنۈشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىجادىي قابىلىيەت تەركىبىدە يادرولۇق ئورۇن تۇتىدۇ ۋە بىزنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشتىكى ئالدىنقى شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## §1. ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

### 1. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تەبىرى

تەپەككۇر — ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇش ياكى يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۇچۇرلارنى پىششىقلاش جەريانىدا ئۇچۇرلاردا سان ئۆزگىرىشى ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىش دېمەكتۇر. ئەگەر ئۇچۇرلارنىڭ سان جەھەتتىكى ئۆسۈشى ۋە كېمىيىشىنى



ئادەتتىكىچە تەكرارلىنىدىغان تەپەككۇر دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئۇچۇرلارنىڭ سۈپىتىدە سەكرەش ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىدىغان تەپەككۇر — ئىجادىي تەپەككۇر بولىدۇ. يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ھۆكۈم، يېڭى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇدىغان ھەمدە لوگىكىلىق دەلىللەش ۋە سىناش ئېلىپ بارالايدىغان تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئىجادىي تەپەككۇر دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا، ئىجادىي تەپەككۇر دېگىنىمىز — پەقەت ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدىلا مەۋجۇت بولىدىغان، تەپەككۇر پائالىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي، ئەڭ ئىجادىي قىممەتلىك، ئەڭ ئاكتىۋال شەكىل، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، يېڭى بىلىم ۋە يېڭى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىدىكى ئۇنۇملۇك ۋاستىدۇر. شۇڭا، ئۇمۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا تەپەككۇردۇر. شۇنداقلا، ئالاھىدە تەپەككۇردۇر. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ يادروسى بولسا ئايرىملىقتىن ئورتاقلىقنى بىلىش، ئورتاقلىقتىن قانۇنىيەتلەرنى بايقىۋېلىشتۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر قىلىشتۇر.

تەپەككۇرنىڭ ئىجادىي ياكى ئىجادىي ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، ئاساسلىقى ئۇنىڭ يېڭى ئۇنۇم ھاسىل قىلغان - قىلمىغانلىقىغا، يېڭى ھۆكۈم، يېڭى قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان - قويمىغانلىقىغا، مەنتىقىلىق دەلىلىنىڭ بار - يوقلۇقىغا، ئەمەلىيەتتىكى سىناقتىن ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكىگە قارىلىدۇ.

ئىجادىي تەپەككۇرنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللار بىلىم، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتى، قىزىقىش، ھەيران قېلىش ھېسسىياتى، كۆزىتىش، خاتىرە، ئوبيېكتىپلىق، شۇبھىلىنىش پوزىتسىيىسى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، يەكىدىللىق ۋە چىدام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. د. ۋوككا مۇشۇ ئامىللارنى تېخىمۇ

ئۈچگىرىلەپ تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى: ئىجادىي ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتى، مۇھىتقا بولغان سەزگۈرلۈك، ئۆزلۈكسىز پەيدا بولىدىغان يېڭى ئىدىيە، ئۇسۇللارنى تەتبىقلاشتىكى جانلىقلىق، يەكدىللىق دەرىجىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك ماھىيەتلىك ئامىلغا بۆلگەن.

ئامېرىكا ئۇنىۋېرسال ئېلېكتر شىركىتىدىن ك. پونىپېر ئىجادىي تەپەككۇر يالغۇز يېڭى ئۇقۇم ھاسىل قىلىشقىلا باغلىنىپ قالماستىن، بەلكى يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ تەتبىقلىنىشىغىمۇ باغلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇ ئىككى تەرەپتىكى ئامىللارنىڭ 15 تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى، تالانتلىق بولماقچى بولغان ئادەمنىڭ بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىشى شەرت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىجادىي بولغان قانائەتسىزلىك، ئۆزگىچە ئىجادىي خاسلىق، رىغبەت ياكى جۈرئەت، مەخسۇس بىلىم، ئومۇمىي بىلىم، ماكرولۇق بىلىم، تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش قابىلىيىتى، قايىل قىلىش قابىلىيىتى، قىزغىنلىق، جەسۇرلۇق، زېھنىي قابىلىيەت، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان روھ، يۇمۇرلۇق ھېسسىيات، ھەمكارلىق خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئامىل ۋە شەرتلەردۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قابىلىيەت ياكى ئىقتىدارلار قاتلاملىق قۇرۇلما بولۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ بەش دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ئادەم قايسى دەرىجىدە تۇرسا، شۇنىچىلىك ئىجادىي تەپەككۇر قىلالايدۇ.

ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان پسىخولوگ، پېداگوگ، پەيلاسوپ، ئالىم، تارىخچى، سوتسىيالوگ ۋە ئىجادىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىجادىي تەپەككۇردا رول ئوينايدىغان مۇقىم قابىلىيەتلەر كەڭدىلىك تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئىلمىي تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى،



ياتلىشىش تەپەككۇر قابىلىيىتى، ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئىلھامنى كەلتۈرۈش قابىلىيىتى، كەينىگە قايتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن.

ئىجادىي تەپەككۇر — ئەنە شۇنداق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن بارلىققا كېلىدىغان ئالىي دەرىجىدىكى تەپەككۇر بولغانلىقتىن، ئۇ خىلمۇخىل ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى كەڭ ھەم تار مەنىدە چۈشەنسەك، تار مەنىدىكى ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تەكىتلەيدىغىنى تەپەككۇر نەتىجىسىنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئىجادىيلىقى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولۇپ، ئۇ ئىجادىي تەسەۋۋۇر، ئىلھام، بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى جەريانىدىكى رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تار مەنىدىكى بۇنداق ئىجادىي تەپەككۇر كەڭ مەنىدىكى ئىجادىي تەپەككۇر ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ ۋە ئۇ كەڭ مەنىدىكى ئىجادىي تەپەككۇر قاتارىغا كىرىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئىجادىي تەپەككۇر دېگىنىمىز، كونكرېت تەپەككۇر سۇبيېكتىنىڭ يېڭى ھەم يېگانە تەپەككۇر پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق نورمال ئادەم بۇنداق تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئېلىپ بارالايدۇ. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولمىغان، رىئايە قىلىشقا بولىدىغان ئېنىق بەلگىلىمە بولمىغان شارائىتتىكى تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجادىي تەپەككۇر قاتارىغا كىرىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپلا قالماي يەنە ئۇ ھەرقاچان يۈز بېرىدىغان، ئومۇمىي ۋە ئۈنۈملۈك بولغان تەپەككۇر پائالىيىتى بولغانلىقتىن، كەڭ مەنىدىكى ئىجادىي تەپەككۇر تېمىلىرىنى ھەل قىلغاندا، تار مەنىدىكى ئىجادىي تەپەككۇردە تەكىتلىنىدىغان تەسەۋۋۇر، ئىلھام ۋە بىۋاسىتە سەزگۈ پائالىيەتلىرىدىن باشقا، سېلىشتۇرۇش (ئوخشىتىش)، ئۆزلەشتۈرۈش، بىرىكتۈرۈش، ئۇلانما تەسەۋۋۇر، رىغبەتلەندۈرۈش،

سىناپ كۆرۈش، ئۆرنەك قىلىش، ۋاسىتىچى تاللاش، كېڭەيتىش، ئاددىيلاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش، بۆلۈش، تەھلىل قىلىش، ئابستراكتسىيىلەش، ئومۇملاشتۇرۇش، چوڭايتىش، ئەندىزە ئېلىش، ئالماشتۇرۇش، ئورنىغا دەسسىتىش... قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. دېمەك، ئىجادىي تەپەككۇردا ئالللىقانداق بىر خىل قېلىپ ياكى ئەندىزە بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدا جانلىقلىق، كۆپ خىللىق، خاسلىق، ئالاھىدىلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئىلىم ساھەسىدە ئىجادىي تەپەككۇر ئۇقۇمى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە قارىتا بىرقەدەر ئورتاقلاشقان قاراشلار بارلىققا كەلگەن. بارلىق تەبىرلەر شەرتلىك، نىسپىي بولۇپ، ئۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمىغانلىقتىن، بىز بۇ قاراشلارنى ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بېكىتكەن تەبىرى دەپ ئاتىيالمىساقمۇ، ئەمما ھازىرقى پىكىرلەرنىڭ توختامى تەرىقىسىدىكى ئىخچام يەكۈن دەپ ئېيتالايمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىجادىي تەپەككۇر ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش تەپەككۇرىدۇر. ھازىر، دۇنيا يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىي تەپەككۇر ئىلمىگە جەڭ ئېلان قىلماقتا. يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تېز تەرەققىياتى كىشىلەردىن بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتى جەھەتتە چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. تەپەككۇر سۇبيېكتى مەخسۇسلاشقان بىلىم ئىگىلەشتىن، تۈرلۈك بىلىملەرنى تور شەكلىدە ھەممە تەرەپكە چېتىلىپ تۇرىدىغان گەۋدىلىك بىلىم قۇرۇلمىسى تۇرغۇزۇش زۆرۈر بولماقتا. تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرى، يول ئېچىپ مېڭىش خاراكتېرى، ئىجاد قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە قىلىش زۆرۈر بولماقتا. ئىجادىي تەپەككۇر ئادەتتە ئىنسانىيەت بىلىشىدە يېڭى ساھە ئاچىدىغان تەپەككۇر ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيا



يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە بېرىپ تاقىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئويلىنىشىغا، تەتقىق قىلىشىغا، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان يېڭى بىلىملەرنى يەتكۈزۈپ بەردى، نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت ھازىرقى دۇنيادا كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ قالدى. ئىجادىي تەپەككۇرغا مۇناسىپ ھالدا يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى يەنە تەپەككۇر سۇبيېكتىدىن مۇستەقىللىك، جەسۇرلۇق، چىدام ۋە غەيرەت، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، ئۆتكۈرلۈك، جانلىقلىق ۋە تېتىكلىك قاتارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ھازىرقى جەمئىيەتتە يول ئېچىپ مېڭىش تىپىدىكى، رىقابەت تىپىدىكى تالانتلىقلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇلار رىقابەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى يول تۇتۇپ مېڭىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىللىك، بوشىشىپ كەتمەيدىغان جەسۇر ئىرادە ۋە جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ يالغۇز زامانىمىزدىكى ئالىم ـ سەنئەتكارلارنىڭ مۇھىم پەزىلىتى بولۇپلا قالماستىن، جەمئىيىتىمىزدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن مەشغۇل بولۇشىدىكى مۇھىم شەكلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشنى ئىجادىي قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشنىڭ شەرتى دەپ بىلىمىز.

## 2. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى

ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە ئېلىپ بېرىلىش دەرىجىسى، ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈپەت (پەزىلەت) ياكى ئالاھىدىلىك، شەكىللەر ئوخشاش بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكنى بىز ئۈچىنچى پاراگرافتا ئىجادىيەتنىڭ ئۇسۇل ياكى تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىرقەدەر تەپسىلىي ئۆگىنىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت ھالقىلىق نۇقتىلارنى يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويىمىز.

مۇكەممەل ۋە قۇرۇلما ھالىتىدە بولۇش — ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى. نۇرغۇن ئالىملار بۇ ھەقتە توختالغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئادەم نېمىس گېشتالت پسىخولوگى ۋايتھام بولۇپ، ئۇ «ئىجادىي تەپەككۇر» دېگەن ئەسىرىدە، ئىجادىي تەپەككۇر «پارچە - پۇرات ھالەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن گەۋدە ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن گەۋدە ئالاھىدىلىكى بىلەن ھېسابلىنىدۇ. ئەھۋال قۇرۇلمىسىدىكى ئەمەلىي ئېھتىياج تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ، «پىسخىك ھالەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ئاددىي، پارچە - پۇرات پاكىتلار ھەقىقىتى ئەمەس، بەلكى قۇرۇلمىنىڭ ھەقىقىتى» ئىكەنلىكىنى تەكرار ئىزاھلىغان. ئۇ يەنە: ئىجادىي تەپەككۇر جەريانىدا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان ئامىل ۋە ھېسابلاشنىڭ ماھىيىتى «بىرىكتۈرۈش، مەركەزنى بەلگىلەش، يېڭىباشتىن تەشكىللەش قاتارلىقلار ئەھۋالنىڭ قۇرۇلمىسىغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ». چۈنكى ئىجادىي تەپەككۇر ئالدىقاچان ئېرىشكەن بىلىش ئاساسىدا بۆسۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېلىپ بارىدۇ.



تەپەككۇر سۈپىتى جەزمەن مۇكەممەل ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇر قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇش كېرەك، دېگەنلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدە دېگىنى تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدىكى بىلىم، ئەقلىي قابىلىيەت، تەجرىبە، كۆز قاراش، باھا، ئەنئەنە، ئادەت قاتارلىق ئامىللار ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلىنىشى كېرەك دېگىنى بولۇپ، ئۇ، ھەرگىز بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى تەپتەكشى ھاسىل قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنى نورمال ھازىرلاش ئاساسىدا ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان ساھەدە باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىجادىي تەپەككۇر پەقەت ئۆزىنىڭ تەتقىقات نىشانىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مېڭىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكتە خىزمەت قىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە پىنھان ئاڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرغانلىقى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، بىۋاسىتە سەزگۈ، ئىلھام قاتارلىقلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىدۇ.

تارقاقلاشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى. بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلەر، دۇنياغا مەشھۇر ئەقلىشۇناسلاردىن ۋودۋورت ۋە گىيولفوردلار بولۇپ، ئۇلار ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ يادروسى تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىدىن ئىبارەت دەپ قارىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئالىملار بۇ ھەقتە ئىزدەندى، بەزىلەر بۇ خىل تەپەككۇر شەكلىنى ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدە شەكلى دەپمۇ قارىدى. مەيلى ئۇ قانداق ئېيتىلسۇن، باشتىن - ئاخىر ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مۇھىم شەكلى سۈپىتىدە ئىزاھلاندى. شۇڭا، ئۇ ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئۇنداق بولسا، تارقاقلاشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش دېگەن نېمە؟

تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى دېگىنىمىز — كۆز ئالدىدىكى

ئۇچۇر ۋە خاتىرىدىكى ئۇچۇرلارنى تۈرلۈك ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن ئويلىنىپ كۆرۈپ، يېڭى بىر ئۇچۇر پەيدا قىلىشتۇر. بۇنداق تەپەككۇر شەكلى ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا ھەم مۇھىم، ھەم ماڭمىسا بولمايدىغان بىرىنچى قەدەمدۇر. كىشىلەر يېڭى بىر خىزمەت ياكى يېڭى بىر ئىسلاھات لايىھىسىنى ئويلىغانلىرىدا نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىجادىيەتچىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئىجادىي پائالىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت ئامىللىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ. يازدا سەكرەشنى مىسالغا ئالساق، تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىنىڭ تەسىرى بىلەن سەكرەشنىڭ بىرمۇنچە ئۇسۇللىرىنى ئويلاپ چىققىلى بولىدۇ. تالانى نەزەردە تۇتقاندا، دەرەخنىڭ سايىسىدا، دەريا — ئۆستەڭ بويلىرىدا، دېڭىز — كۆل بويلىرىدا، تاغ ئۈستىدىكى يايلاق — ئوتلاقلاردا سەكرەش مۇمكىن. تالاغا چىقمىغاندا ئۆزىنى يەلپۈش مۇمكىن. يەلپۈشتە ھەر خىل يەلپۈگۈچلەردىن پايدىلىنىش مۇمكىن. ئېلېكترلىك شامالدۇرغۇچ، ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىشمۇ مۇمكىن. مۇشۇنداق ھەممىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئويلىۋالىدىغان تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىغا ئاساسەن، ئەڭ ئاخىرىدا مەركەزلەشتۈرۈپ سەكرەشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بىر خىل ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىش مۇمكىن.

مەركەزلەشتۈرۈش تەپەككۇرى دېگىنىمىز — ئاللىقاچان ئېرىشكەن ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ توغرا بىر يەكۈنگە ئىگە بولۇشتۇر. مەركەزلەشتۈرۈش تەپەككۇرىدا ئەگەر بىر تۈرلۈك خىزمەت، بىر تۈرلۈك ئىسلاھات ئوبيېكت قىلىنغان بولسا، ئادەتتە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن لايىھەلەر ئاساسىدا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تازا لايىق كېلىدىغان بىرى تاللىۋېلىنىدۇ.



دېمەك، ئىجادىيەت تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش تەپەككۇرى جەريانىدىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن مۇكەممەل بىر بىلىش جەريانى شەكىللىنىدۇ. ئالدى بىلەن تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىنىڭ كۆپ خىل شەكىللىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇزاكىرە، تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا ئىدىيە بىر يەرگە مەركەزلىشىدۇ — دە، ئىجادىي نەتىجە بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ھال بۇنداق ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ ھەم دىئالېكتىك بىرلىك ئىكەنلىكىنى، ھەم ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇش تەلىپىگە تولۇق ئۇيغۇنلىشالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پائال تۈردە پاكلىنىشقا يۈزلىنىش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى.

ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى بولۇش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تۆتىنچى ئالاھىدىلىكى.

ئۆزگىچە بىلىم قۇرۇلمىسى بولۇش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بەشىنچى ئالاھىدىلىكى.

ئىجادىي تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئالتىنچى ئالاھىدىلىكى.

ئىلھامنى قەدىرلەش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ يەتتىنچى ئالاھىدىلىكى.

ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئاخىرقى بەش ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى پاراگرافلاردا سۆزلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئىجادىي تەپەككۇر سەزگۈرچان بولۇشنى، خۇددى ناتونۇش بىر مېھمان كەلسە، قىزغىن كۈتۈۋالغانغا ئوخشاش، يېڭى بىر ئىدىيە پەيدا بولدى دېگەن ھامان ئۇنى سىزىۋېلىشنى، ئويلىغان ماتېرىياللارغا ئېرىشىشتىلا ئويلاپ قالماستىن، مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى قىيىنچىلىقنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋېلىشنى، خاتالىقلاردىن پايدىلىق ساۋاققا ئىگە

بولىدىغان قابىلىيەت ۋە ئادەتتىن تاشقىرى سەمىمىي قىزغىنلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## §2. ئىجادىي تەپەككۇر ۋە غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكىللىرى

ئىجادىي تەپەككۇر جەريانىدا، بىرەر نەرسىنىڭ غىدىقلىشى، قاتتىق تەسىر قىلىشى ۋە مەلۇم مەسىلىگە قارىتا ئالاھىدە بېرىلىش نەتىجىسىدە تۇساتتىن بىر خىل كەشپىيات، ئىختىرا، بىر خىل ئىجادىيەت ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق تەپەككۇر شەكىللىرى لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكىللىرى بىلەن باغلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئىلھام، بىۋاستە سەزگۈ، تەسەۋۋۇرلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 1. ئىلھام بىلەن بىۋاستە سەزگۈ تەپەككۇرىنىڭ پسىخولوگىيىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى

ھەر كىمدە بىلىنەر - بىلىنمەس زاھىر بولىدىغان تۈرلۈك پسىخىك پائالىيەتلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئادەم دىققەت قىلماي تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئادەمنىڭ ئېڭىغا كىرىپ كېلىدۇ. پسىخولوگلار بۇنداق ھادىسىنى پىنھان ئاڭ دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق پىنھان ئاڭ ئىجادىي تەپەككۇر تەتقىقاتىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ. چۈنكى زاھىر ئاڭ بىلەن مۇشۇنداق پىنھان ئاڭ قوشۇلۇپ ھەرىكەت قىلغاندا، ئاندىن ئىجادىي تەپەككۇر پائالى-



يىتى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ.

ئۇيقۇ كەلتۈرۈش (گىپنوزلۇق) ئۇسۇلىدا ئىسپاتلىنىشىچە، ئېڭىمىزنىڭ پىنھان قاتلىمىدا مول تەبىئىي بايلىقلار بار. بىر ئادەمنى ئاجايىپ - غارايىپ غىدىقلىغۇچىلار بىلەن تولغان بىر ئۆيگە باشلاپ ئەكىرىپ قويۇپ، بىردەمدىن كېيىن ئۇنى ئۆيدىن قايتۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن قانداق تەسىراتقا ئىگە بولغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئادەتتە 20 — 30 خىل مەزمۇننى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇيقۇسى كەلگەن ھالەتتە بولسا، كەم دېگەندىمۇ 200 خىلدىن ئارتۇق مەزمۇننى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بىزنىڭ پىنھان ئېڭىمىزدا ناھايىتى كۈچلۈك زاپاس كۈچ يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. كىشىلەرنىڭ زاھىر ئاڭ ھالىتىدە ئۇچۇرلارنى تەكرارلاش قابىلىيىتى پىنھان ئاڭ ھالىتىدىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كەم بولىدۇ. ئالايلۇق، مونترىيال داشۆسىدىن دوكتور بېنفورت تۇتقاق كېسەل بىلەن ئاغرىغان بىر ئايالنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ تۈرلۈك رايونلىرىغا توك بىلەن غىدىقلاش ئېلىپ بارغان. مېڭىسىنىڭ بىر قىسمىغا غىدىقلاش ئېلىپ بارغاندا، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى دەريا بويلىرىدا ۋە دەرەخزارلىقلاردا ئويناپ يۈرگەن مەنزىرىلەرنى ئېنىق يادىغا كەلتۈرگەن، مېڭىسىنىڭ يەنە بىر قىسمىغا غىدىقلاش ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ نەزىرىدە سېرىك ئويۇنى كۆرگەن چاغدىكى مەنزىرىلەر پەيدا بولغان.

بۇ مەسىلىنى ئەڭ بۇرۇن سۈرەتلەپ بەرگەن ئادەم فرويىد بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: پىنھان ئاڭ پاسسىپ ھالەتتىكى ساقلاش ئامبىرى ئەمەس، بەلكى ئاككۇمۇلياتورلۇق باتارېيىگە ئوخشاش ھەرقاچان تەشەببۇسكارلىق بىلەن توقۇنۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۈچ تارقىتىپ تۇرىدىغان، ئۆز ھالىتىدىن ئۆرلەپ زاھىر ئاڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان

تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. مانا مۇشۇنداق چوڭقۇر يوشۇرۇنغان پىنھان ئاڭنىڭ بۆكتۈرمىدە تۇرغان ئىقتىدىن ھاسىل بولغان پىسخىك پائالىيەتنىڭ كۆرۈنۈش قىلىدىغان مىكرولۇق دولقۇنلىرىدىن ئىبارەت بۇنداق پىنھان ئاڭ ھەم تەبىئىي مەئەللىكنىڭ مەنبەسى، ھەم جىنسىي ئىنتىلىش ۋە ھېسسىي تەجرىبىلەرنىڭ مەنبەسى. بۇنداق پىنھان ئاڭ گەرچە تورمۇزلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنى قانائەت تاپتۇرۇش ئۈچۈن مەڭگۈگە ئۈزلۈكسىز تۈردە كۈرەش قىلىپ تۇرىدۇ①. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، فىرويىدنىڭ «تورمۇزلىنىش تەسىرى» توغرىسىدىكى تەلىماتىدا تالاش - تارتىش قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى بىۋاسىتە سەزگۈ، ئىلھامنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ تەلىمات پىسخولوگىيىگە رەسمىي كىرىپ كەلدى. پىسخولوگىيىدە پىنھان ئاڭ «دەسلەپكى ئىنكاس»، زاھىر ئاڭ بولسا «كېيىنكى ئىنكاس» دەپ ئاتالدى.

بۇ نەزەرىيە بويىچە قارىغاندا، پىنھان ئاڭدا پەيدا بولغان ئويلار زاھىر ئاڭ قاتلىمىنىڭ ئاستىدا يۈز بېرىدۇ، ئۇنى زاھىر ئاڭ ھە دېگەندىلا تۇتۇۋالالمايدۇ، ئىجادىي بولغان بۆسۈشلەردە ئەنە شۇنداق پىنھان ئاڭ كۈچ كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى پىنھان ئاڭ غەيرىي ئەقلىي، غەيرىي لوگىكىلىق يوسۇندا يۈز بەرگەنلىكتىن، پىسخولوگلار ئۇنى بىۋاسىتە سەزگۈ، ئىلھام دەپ تەتقىق قىلدى، زاھىر ئاڭ ئەقلىي، لوگىكىلىق يوسۇندا يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۇنى قائىدىگە ئۇيغۇن بولغان ئاڭلىق ئىنكاس دەپ تەتقىق قىلدى. ئومۇمەن ئالغاندا، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ئۈن ۋە سىنئالغۇلارغا ئوخشاش كەچۈرمىش

① «فىرويىدنىڭ تەرجىمىھالى»، خەنزۇچە نەشرى، 99 - بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى.



سەزگۈلەرنى خاتىرىگە ئالىدۇ. پىنھانلىقتا ئۆتكەن بۇ خاتىرىلەرنىڭ بەزىلىرى تەبىئىي ھالىتى بويىچە ساقلانسا، بەزىلىرى پىششىقلىنىپ «دەسلەپكى مەھسۇلات» قا ئايلاندۇرۇلىدۇ. پىنھان ئاڭنىڭ ئۈنۈملۈك ئېچىلىشى ئادەمنى چىنلىققا قايتىپ كېلىپ، بالىلارچە خىيال ۋە ئەسلىمە قىلالايدىغان قىلىدۇ؛ ئادەمنى ئۆزى تونۇشلۇق بولسىمۇ ناتونۇش بولۇپ قالغان، ئەمما يەنە تونۇشلۇقتەك كۆرۈنىدىغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا غەيرىي ئەقلىيلىك بىلەن ئەقلىيلىكنى باغلايدىغان ۋە سىمۋول تۇرغۇزىدىغان كۆۋرۈك تۇرغۇزالايدىغان قىلىدۇ. ھە دېسىلا قائىدىلىك بولۇشنى، لوگىكىلىق بولۇشنى، كىتابنامىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالىدىغان ئادەملەر ئۆزىدىكى مۇنداق پىنھان ئاڭ (ياكى قابىلىيەت) نى ئاچالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر كىم تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىشتا، ئۆزىدىكى ئاشۇنداق پىنھان ئاڭنى ئاشكارا ئاڭغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

پىنھان ئاڭنىڭ زاھىر ئاڭغا ئايلىنىشى ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدىلا ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدۇ ھەم ئوڭاي ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، ئىجاد قىلغاندا، پىلانلىق كېتىۋاتقان زاھىر ئاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاستىنقى قاتلىمىدا پىلانسىز تۇرۇۋاتقان پىنھان ئاڭنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. زاھىر ئاڭ تەپەككۇرى ئادەم تەپەككۇرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئەگەر زاھىر ئاڭنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى ۋە يېتەكلىشى بولمىسا پىنھان ئاڭ رېئاللىققا ئايلىنالمايدۇ. ئادەمنىڭ بىلىشىنىڭ پائالىيەتچانلىقى، ھاسىلچانلىقى، ئۆزئارا ياندىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتى ۋە ئوبيېكتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ماھىيەتكە سىڭىپ كىرىش قابىلىيىتى قاتارلىقلار بىلىش جەريانىدىكى سۇبيېكتىپ تەركىبلەرنىڭ ئىجابىي رولىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئادەمدىكى بۇنداق زاھىر ئاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتى يەنە ئادەمنىڭ

مەقسەتلىك، تەشەببۇسكارلىق، سىستېمىلىق ھالدا پەرق ئېتىش، تەھلىل قىلىش، شۇنداقلا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىدۇ ھەمدە پىنھان ئاڭدىكى ئويلارنى قوزغاپ سۇبيېكتتىكى چەكلىمىلىك ئۇچۇرلار بىلەن غەيرىي چەكلىمىلىك ئۇچۇرلارنى يېڭىچە قوشۇلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. يەنى كېيىنكى ئىنكاس بىلەن دەسلەپكى ئىنكاس بىر - بىرىدىن بۆلۈنمەي زەنجىرسىمان باغلىنىپ تۇرىدۇ. دەسلەپكى ئىنكاستىكى يېڭى گىن بولمايدىكەن، كېيىنكى ئىنكاستىكى ئىجادىي سەكرەش بولمايدۇ. بۇ يېڭى گىن ھەرقاچان ئادەمدە تۇساتتىن ئاجايىپ خىياللارنى پەيدا قىلىدۇ؛ ئۇ، پىنھان ئاڭدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

زاھىر ئاڭ بىلەن پىنھان ئاڭنىڭ ئىجادىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەريانىدىكى ھەمكارلىشىشى خۇددى قەشقەر يېزىلىرىدا ئېتىزلارغا ئوغۇت ياكى قۇم توشۇغاندا «ئېشەك ھەيدەش» ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. «ئېشەك ھەيدەش» تە ئادەتتە بىر ئادەم قۇم ياكى قىغ تاغىرى ئارتىلغان بىر ياكى بىرنەچچە ئېشەكنى بۇياقتىن مەلۇم ئارىلىققا ھەيدەپ بارغاندىن كېيىن، ئۇياقتىكى يەنە بىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇياقتىن ھەيدەپ كېلىنگەن ئۈستىدە قۇم ياكى قىغ تاغىرى يوق ئېشەكلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ قايتىدۇ. ئۇياقتىكى ئادەم قىغ ياكى قۇم ئارتىلغان ئېشەكلەرنى تېخىمۇ ئۇياقتىكى يەنە بىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەنە شۇنداق بىرى يەنە بىرىگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرىدا ئېتىزلىققا يېتىپ بارىدۇ ۋە ئېشەك ئۈستىگە ئارتىلغان تاغارلاردىكى قۇم ياكى قىغنى ئېتىزلىققا تۆكۈپ بولۇپ قايتىدۇ. دېھقانلار شۇنداق ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان كۈنلىرىدە ئېشەكلەرنى مانا مۇشۇنداق ھەمكارلاشتۇرۇپ ھەيدەش كۈن بويى داۋاملىشىۋېرىدۇ. بۇ يەردىكى ئېشەكلەرنى ھەيدەپ ماڭغان ئادەمنى زاھىر ئاڭغا ئوخشاتساق، ئادەم ئېشەكلەرنى



ھەيدەپ نىشانغا بارغاندەك، ئادەم مېڭىسىدىكى زاھىر ئاڭ تەپەككۇرى پىنھان ئاڭ تەپەككۇرىنى ئىجادىيەت نىشانىغا ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، زاھىر ئاڭ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىنھان ئاڭنىڭ ئورۇندىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، پىنھان ئاڭ تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولاي دېگەندە يەنە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ ئېلىپ قوبۇل قىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، زاھىر ئاڭ دېگىنىمىز — ئىجادىيەت ئومۇمەن ئاڭلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەپەككۇر ھەرىكىتى بولۇپ، بۇنداق تەپەككۇر ئادەتتە بىز ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىگە تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ مەسىلىگە تىكىلىشى ئاڭسىز ھالدا تۇرغان پىنھان ئاڭغا «سەنمۇ قاراپ تۇرامسەن؟» دېگەن سوئال بولۇپ قويۇلۇپ، قوزغىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن پىنھان ئاڭدا خىيال ياكى دەرمەھەللىك ئوي قوزغىلىدۇ ۋە بۇنداق خىيال ياكى دەرمەھەللىك ئوينى زاھىر ئاڭنىڭ رەتلىشى، چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئىجادىيەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا زاھىر ئاڭ بىلەن پىنھان ئاڭ ئوتتۇرىسىدا مانا مۇشۇنداق مەسىلە تاپشۇرۇش، مەسىلىنى ئۆز مەيلىچە بىر تەرەپ قىلىپ نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىش ھەرىكىتى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ. ئىلھام ئەنە شۇ ئاشكارا ئاڭنىڭ مەسىلە تاپشۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان پىنھان ئاڭ بولۇپ، ئىجادىيەت جەريانىدىكى زاھىر ئاڭنىڭ قانچىلىك سەۋىيە ۋە تىرىشچانلىق بىلەن مەسىلە تاپشۇرۇشىغا قاراپ غەيرىي ئەقلىي سۈپەت بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ، ئەمما ئۇ زاھىر ئاڭنىڭ قوزغىتىشى بىلەن مەيدانغا چىقمىسىمۇ، خۇددى تەنتەربىيىنىڭ مەلۇم بىر تۈرىگە قەۋەتلا ئۇستا بىر ماھىر چىقىپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئۇ مەيدانغا چىققاندا زاھىر ئاڭدىكى ئوي - پىكىرلەر ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىجادىيەتتە كۆڭۈل يورۇش ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، بۇلار ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ يادروسى ھېسابلىنىۋاتقان ئىجادىي تەپەككۇردا ناھايىتى مۇھىم

تەتقىقات ھالقىسىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، بەزى ئالىملار بىۋاسىتە سەزگۈ بىلەن ئىلھامنى تەپەككۇر ئىلمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا تەپەككۇر تەتقىقاتىدىكى بۆسۈش ئېغىزى دەپ قارايدۇ. ئۇنداق ئىكەن، بىۋاسىتە سەزگۈ بىلەن ئىلھام بىر نەرسىمۇ؟

## 2. ئىلھام تەپەككۇرى بىلەن بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرىنىڭ پەرقى

ئىلھام تەپەككۇرى ھەققىدە ئالدى بىلەن پلاتون، دېموكرىتلار توختالغان بولۇپ، پلاتون ئىلھامنى: «شائىرلار ئىجاد قىلغان چاغدىكى مەستانىلىك» دېسە، دېموكرىت: «بىر شائىرنىڭ قىزغىنلىق ۋە مۇقەددەس ئىلھام ئىلكىدە تۇرۇپ ئىجاد قىلغان شېئىرى كەپ يوق گۈزەل بولىدۇ» دېگەن. دۇنيادا بىلىم ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئىزدەنگەن ئالىملاردىن بىكونمۇ ئىلھامنىڭ بارلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۇنى «ئىچكى رىغبەتنى قوبۇل قىلىش» دەپ ئاتىغان. ھازىرقى كۈندىكى پەيلاسوپلار ئۇنى ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى، ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ بىلىش جەھەتتە سۈپەت ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك قىسمى، بىر خىل ئىجادىي تەپەككۇر شەكلى دەپ ئاتايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە چيەن شۆسېننىڭ كۆز قارىشى ئىلھام بىلەن بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە «ئۇلارنىڭ باغلىنىش» پەرقىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئەڭ ئىنچىكە يورۇتقان بولۇپ، ئۇ 1980 - يىلى «ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا بىر پارچە خەت» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئىجادىي تەپەككۇر داۋامىدىكى ئىلھام ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت تەپەككۇرغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تەپەككۇر شەكلى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردە ئىلھام بار، پەن -



تېخنىكا خىزمەتچىلىرىدىمۇ ئىلھام بار. ئۇ ئىجادىيەت جەريانىدا زۆرۈردۇر.... يالغۇز ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئابستراكت تەپەككۇرغا تايانغان بىلەن ئىجاد قىلغىلى بولمايدۇ، بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئىجادىيەتتە بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئىلھام بولۇش كېرەك». ئۇ مۇشۇ خەتنى يازغاندىن كېيىن، ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تالاش - تارتىشلىرىغا قارىتا جاۋاب تەرىقىسىدە 1983 - يىلى پروفېسسور ياڭ چۈندىڭغا خەت يېزىپ يەنە مۇنداق سۆزنى تەكرارلىغان: ئىلھام دەۋاتقانلىرىمىز تېخىمۇ مۇرەككەپ نەرسە بولۇپ، «پىنھان ئاڭغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىدە ھاسىل بولىدۇ. زاھىر ئاڭ بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ؛ زاھىر ئاڭ بىر قاتلام بولىدۇ، پىنھان ئاڭ بىر ياكى كۆپ قاتلام بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئىلھام تەپەككۇرى گەۋدىلىك بولىدۇ، تېخىمۇ تەس بولىدۇ.» ئۇ بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن، بىۋاسىتە سەزگۈ «ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بىۋاسىتە سەزگۈسى»، «مۇتەخەسسىسلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، باش - ئايىغى بار، ئويلاپ تاپقىلى بولىدىغان» ① نەرسە دەپ قاراپ، بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قاتارىغا كىرگۈزگەن. شۇنداقلا «بىۋاسىتە سەزگۈ زاھىر ئاڭ، ئىلھام بولسا پىنھان ئاڭ» دېگەننى تەكىتلىگەن. ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئالىم ياڭ جىڭنىڭ «دەرمەھەللىك كۆڭلى يورۇش ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئويلىغاندا پەيدا بولمايدۇ؛ بەلكى ھەمىشە تازا ماھىرلاشقان ئەھۋالدا ھەتتاكى چۈش كۆرگەندەك بىر ئەھۋالدا تۇساتتىن پەيدا بولۇپ، زادىلا ئويلاپ تاپالمىغان مەسىلىگە جاۋاب بولىدۇ؛ مانا مۇشۇنداق دەرمەھەللىك كۆڭۈل يورۇتۇش ھاسىل قىلىدىغان ئويىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرغاندا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېگەن. ئۇ،

① چيەن شۆسېن: «تەپەككۇر ئىلمى توغرىسىدا»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 143 - بەت.

بۇنداق دەرمەھەللىك كۆڭلى يورۇشنى ئىلھام كېلىش دەپ ئاتىغان. بۇلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىلھام بىۋاسىتە سەزگۈ بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئەمەس، خېلى كۆپ كىشىلەر بۇ ئىككى خىل تەپەككۇرنى ئوخشاش دەپ قاراپ، ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلار ئوخشاش بولغان غەيرىي ئەقلىي كاتېگورىيىدە بولسىمۇ، ئەمما يەنە پەرقلىنىدۇ: ئىلھام ئاساسلىقى «زاھىر ئاڭ دائىرىسىنىڭ سىرتىدا، پىنھان ئاڭدا بولىدۇ». بىۋاسىتە سەزگۈ بولسا زاھىر ئاڭنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇزاق مۇددەتلىك بىلىم، تەجرىبىلەر بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ چېنىقتۇرۇشى ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئىلھامنىڭ بىر ئۇچى بەلگىلىك ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە ئابستراكت تەپەككۇرغا مۇناسىۋەتلىك بولغان زاھىر ئاڭ پائالىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا تىزگىنلەشكە بولسىمۇ، يەنە بىر ئۇچى پىنھان ئاڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، تىزگىنلىگىلى بولمايدۇ. ئىلھام بەزىدە ستېخىيىلىك ھالدا قوزغىلىدۇ، بەزىدە تەبىئىي تىپلارنىڭ رىغبىتى بىلەن قوزغىلىدۇ، بىۋاسىتە سەزگۈ بولسا، ئاساسلىقى سۇبيېكتنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتچانلىقىغا تايىنىدۇ. دېمەك، ئىلھام بىلەن بىۋاسىتە سەزگۈ باغلىنىدۇ ھەم پەرقلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاساسلىقى بەش تۈرلۈك بولىدۇ: (1) ئىلھام بىۋاسىتە سەزگۈگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدۇ. ئىلھامنىڭ ئۇشتۇمتۇتلۇقى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە زاھىر بولۇش ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ، ئەگەر دەماللىققا مۇستەھكەملەش ئېلىپ بارمىسا ئادەمنىڭ يادىدىن چىقىپ كېتىدۇ. (2) بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ قارىشى ئاستا - ئاستا كۈچىيىپ بارغاچقا، ئۇنىڭ خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان مۇجمەل تۇيغۇسى ئۇنىڭ قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا دەماللىققا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئىلھام



تەپەككۇرى سۈپەت ئۆزگىرىشى جەريانىدا جاۋابقا تېز يېقىنلىشىدۇ، ھەتتا بىراقلا جاۋاب تاپىدۇ. (3) بىۋاسىتە سەزگۈ مەسىلىگە بولغان قاراشنىڭ مۇجمەللىكى جەريانىدا يول باشلاش رولىغا ئىگە بولىدۇ. ئىلھام بولسا ھازىر جاۋاب بولىدۇ. (4) ئىلھام ئومۇمەن مەلۇم تاسادىپىي ئامىللارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە تاشقى نەرسىلەرنىڭ غىدىقلىشى بىلەن كېلىدۇ، بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ پەيدا بولۇشىدا تاسادىپىي ئامىللارنىڭ ۋە تاشقى نەرسىلەرنىڭ غىدىقلىشى شەرت قىلىنمايدۇ. (5) تەپەككۇردىكى ئىجادىيەت جەريانى تەييارلىق باسقۇچى، تۆرەلمە باسقۇچى، يورۇش باسقۇچى، ئىسپاتلاش باسقۇچىدىن ئىبارەت تۆت باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. مۇشۇ جەريانلاردا ئىلھام بىلەن بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسىدە پەرق بولىدۇ. ئالايلۇق، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆز كەسپىنىڭ يۆنىلىشىنى بىلەلىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالىغان بولۇشى ناتايىن بولىدۇ. بىرەر ئىجادىيەت تۈرىنى تاللاشتىن بۇرۇن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بار بىلىمى ۋە تەجرىبىسىگە تايىنىپ ھۇجۇم يۆنىلىشىنى تاللايدۇ. بۇ جەرياندا بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئۇ تەييارلىق باسقۇچىنىڭ تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرىغا ماسلىشىپ بىرىنچىنىڭ ئاساسلىق تەپەككۇر شەكلىدۇر. بۇنداق بولغاندا، تۆرەلمە باسقۇچى ئارقىلىق پىنھان ئاڭ قاتلىمىدىكى تەپەككۇر قوزغىلىشى كۈچىيىپ بارىدۇ، بۇنداق كۈچىيىش بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ يول باشلىشىغا ۋە ئىلھامنىڭ كېلىشىگە پايدىلىق. يورۇش باسقۇچى ئىلھامنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان باسقۇچ بولۇپ، بۇ چاغدا ئىلھامنىڭ رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئۇ مەسىلىنىڭ مۇھىم ئۇقتىسىنى، قىيىن نۇقتىسىنى جاۋابقا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، بىر ئىلھام بىلەن بىۋاسىتە سەزگۈنى پەرقلەندۈرۈپ

چۈشىنىشكە مەجبۇرمىز. تالانتلىق ئادەمگە ياكى مىللەتنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالاھىدە تالانتلىقلارغا ئايلىنىشىمۇ مۇشۇ تۈگۈننى قانچىلىك بىلگەن ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە قانچىلىك ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باغلىق بولغانلىقتىن، بۇ مەسىلىدە بىز ھەتتا كىچىككىنە بىر ئىلگىرىلەش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى كۆپ بەدەل بېرىشكە تەييارمىز.

## 3. ئىلھام ياكى ئىلھام تەپەككۇرى

ئىلھام — بەلگىلىك ئابستراكت تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئاساس قىلغان ھالدا، زاھىر ۋە پىنھان ئاڭنى گىرەلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىجادىي ئوبراز ياكى پىكىر پەيدا قىلىدىغان دولقۇنلۇق تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى ئىجادىي كۈچكە تولغان پسىخىكىلىق ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ھالەتتە ئالىملاردا تۇساتتىن ئىختىرا پەيدا بولىدۇ، ئەدىبلەر ئاجايىپ ۋەقەلەرنى، شائىرلار تەسىرلىك شېئىرلارنى، ئىختىراچىلار يېڭى مودېللارنى تۇساتتىن توزۇپ چىقالايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىلھام ئادەتتە يېڭى ئوبراز، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بۆسۈشتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئالايلۇق، مىندېلېيېۋنى خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ دەۋرىي قىلىش جەدۋىلىنى ئىجاد قىلىشتا مۇشۇنداق بۆسۈش يۈز بەرگەن. ئۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك چارچاش دەستىدىن داۋاملىق ئىشلەشكە بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر كۈنى خىيال سۈرۈپ ئۇخلاپ قالغان. ئەمما ئۇيقۇمۇ ئۇنىڭ داۋاملىق تەپەككۇر قىلىشىنى توسۇپ قالالمىغان، خاراموش ياتقاندا تۇساتتىن بىر ئىلھام كېلىپ، ئۇ كېچە - كۈندۈز ئويلاپ تاپالمايۋاتقان ئېلېمېنتلارنىڭ دەۋرىي قى-



لىش جەدۋىلى ئۇنىڭ كاللىسىغا زاھىر بولغان، ئۇ شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىلھام بەخش ئەتكەن ئاشۇ پىكىرلەرنى كاتىپقا بايان قىلىپ بېرىپ، ئۇلۇغ ئىجادىيىتىنى تاماملىغان. يەنە ئالايلۇق، قەدىمكى زاماندا گرېتسىيىلىك بىر پادىشاھ ساپ ئالتۇندا ياساتقان پادىشاھلىق تاجىغا زەرگەرنىڭ مىس ياكى كۈمۈش قوشۇپ قويغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئارخىمېدقا ئۇنى تەكشۈرۈشكە بەرگەندە، ئارخىمېد شەكلى مۇرەككەپ ھەمدە ھەممە يېرىگە نەقىش چېكىلگەن پادىشاھلىق تاجىنى گېئومېترىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ھېسابلاپ چىقالماي، ئويلا - ئويلا، بىر كۈنى مۇنچىغا كىرگەندە بىردىنلا ئىلھاملىنىپ، «ۋاننىدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇنىڭ مىقدارى بەدىنىمنىڭ ۋاننىغا پاتقان قىسمىغا توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىغان - دە، كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ: «تاپتىم - تاپتىم!»، «پادىشاھلىق تاجىنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان ئۇسۇلنى تاپتىم!» دەپ ۋارقىراپ كەتكەن. ئۇ شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھلىق تاج بىلەن تەڭ ئېغىرلىقتىكى بىر پارچە ساپ ئالتۇن ۋە پادىشاھلىق تاجىنى سۇ تولدۇرۇلغان داسقا ئايرىم - ئايرىم سالغان. نەتىجىدە ساپ ئالتۇن سىقىپ چىقارغان سۇ تاج سىقىپ چىقارغان سۇدىن ئاز بولغان. ئارخىمېد بۇنىڭغا قاراپ، تاجىنىڭ ئالتۇنىغا باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغان. چۈنكى ئالتۇننىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى چوڭ بولغانلىقتىن، ئېغىرلىقى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا ھەجمىمۇ كىچىك بولىدۇ، باشقا نەرسىلەر قوشۇلغاچقا ھەجمى چوڭىيىپ، سۇنى كۆپ سىقىپ چىقارغان دەپ ھۆكۈم قىلىپ، بۇ ئارقىلىق سېلىشتۇرما ئېغىرلىق قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلغان. دېمەك، بۇ يەردىمۇ بۆسۈش يۈز بەرگەن. ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ خىيال سۈرگەندە ئاجايىپ پىكىر جەۋھەرلىرىگە ئېرىشىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. مەسىلەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئىلھام مۆلچەرلىگۈسىز رول

ئوينايدۇ. شائىرلار بەزىدە ھەرقانچە قىلسىمۇ بىرەر نەرسە يازال-
مايدۇ، ئەمما مەلۇم بىر مەنزىرە ياكى بىرەر ۋەقەنىڭ تەسىر
قىلىشى بىلەن ئۇنىڭدا پىكىر كەپتەرلىرى قانات قاقىدۇ. شائىر-
لار مۇشۇنداق خىيال كەپتەرلىرىنى ئۇچۇرۇپ، لىرىك دېڭىزدا
ئۈزىدۇ، ئىلھام - تەپەككۇر چوققىلىرىغا چىقىپ، ئاجايىپ يىراق
ۋە گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيدۇ. قىسقىسى، ئىلھامدىن ئىبا-
رەت نورماللىقتىن ھالقىغۇچى ئۇچقۇن بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىيات-
سەنئەت ۋە ئىلىم - پەندە يېڭى بوسۇشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان پەننىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، ئىلھام كى-
شىلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە پەيدا بولىدىغان مۇرەككەپ
پسىخىك ھادىسە، ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئالىي شەكىللىرى-
دىن بىرى. ئۇ خۇددى باشقا پسىخىك ھادىسىلەرگە ئوخشاشلا،
ئادەم مېڭىسىنىڭ ھەر خىل ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈش ھەرىكىتىدۇر. ئۇ تەپەككۇر قابىلىيىتى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر
قابىلىيىتى ۋە خاتىرە قابىلىيەتلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئۇچرىشى-
شىدىن ھاسىل بولۇپ، ئىجادىيەت يولىدىكى مەسىلىلەرنى تېز-
لىكتە ھەل قىلىدۇ. ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھەل
بولۇشى، يەنى ئىجادىي تەپەككۇردا بوسۇشنىڭ ھاسىل بولۇشى،
ئىجاد قىلغۇچىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئاڭلىق تەپەككۇر قىلىشى-
نىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ئىجادىيەت يولىدا ئىلىشىۋاتقان ھەم-
مە كىشىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۈز بېرىدۇ. ئامېرىكا ئالىملى-
رىنىڭ 232 نەپەر تەتقىقاتچى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈ-
رۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ 33 پىرسەنتى دائىم
ئىلھاملىنىدىكەن، 50 پىرسەنتى بەزى بەزىدە ئىلھاملىنىدىكەن.
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر كۆپرەك ئىلھاملىنىدىكەن. جۇڭگو پەن-
لەر ئاكادېمىيىسىدىن دوتسېنت ليۇ ئەرجۇڭنىڭ 3 - نۆۋەتلىك
ئىختىراچىلار كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان 100 نەپەر ئىختىراچى
ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ئۇلاردىن 38 پىرسەنت ئا-



دەم كاردىۋاتتا ياتقاندا ئىلھاملانغان، 27 پىرسەنت ئادەم قىرا-
ئەتخانىدا ئىلھاملانغان. 21 پىرسەنت ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ
ئىلھاملانغان، 17 پىرسەنت ئادەم ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ياكى باش-
قا سورۇنلاردا ئىلھاملانغان. قىسقىسى، ئىلھاملىنىش كۆپرەك خىز-
مەتتىن سىرتقى سورۇنلاردا بولغان. ئىلھام ئالغان ۋاقىتنىڭ نىس-
بىتىدىن ئالغاندا، جىددىي خىزمەت ئىشلىگەندە 31 پىرسەنت،
ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كاللىنى سەگىتكەندە 52 پىرسەنت، مۈگدەپ
تۇرغاندا 21 پىرسەنت، ھاياجانلانغاندا 25 پىرسەنت بولغان.
يەنە كېلىپ، كەسپىي ئىختىراچىلارمۇ كۆپرەك خىزمەتتىن بوشى-
نىپ ئەركىن - ئازادە تۇرغاندا ئىلھاملانغان. قىسقىسى، ئىجاد-
كارنىڭ ھەر قاندىقىدا ئىلھام بولغان. لېكىن، ئىجادكارلار ئىل-
ھامنىڭ نېمىلىكىنى تولۇق سۈرەتلەپ بېرەلمىگەن، ئى-
جادكارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىدە يۈز بەرگەن پسىخىك
ھادىسىلەرنى سۈرەتلەپ بېرەلمەسلىكى، ئىجادكارنىڭ پۈتكۈل
دىققىتىنى ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر-
نى كۆزىتىشكە ئەمەس، ئىجادىيەت ئوبيېكتىغا قاراتقانلىقىدىن
بولغان. ئىجادكار ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزىدە يۈز بەرگەن
پسىخىك ھادىسىلەرنى سۈرەتلەپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئىجادىيەت
پائالىيىتىنىڭ مەقسىتىنى، ئىجادىيەت تىرىشچانلىقىنىڭ نېمىگە
قارىتىلغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئىلھامنى سىرلىق قى-
لىپ كۆرسىتىش ياكى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلى-
كىنى ئىنكار قىلىش ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

پەننىڭ قارىشىچە، ئىلھام ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. ئۇ، ئى-
جادكارنىڭ مەسىلىلەرنى قىزغىن ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئىجادىي
ھەل قىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىجادكار مەلۇم مەسىلىنى
ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئىجادىي
تەپەككۇر ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ. بىر مەسىلىنى ئۇزاق مۇددەت
ئويلاۋەرگەندە، چوڭ مېڭىدە بىرمۇنچە ئۇلاقە پونكىتلىرى قۇرۇ-

لىدۇ. چوڭ مېڭە كۈچلۈك بىر ھەدىقلاشقا ئۇچرىغاندا بولسا، بۇ ئالاقە پونكىتلىرى تېزدىن گىرەلىشىپ، خۇددى كۇنۇپكىنى باسسا ئېلېكتر چىرىغى يورۇغاندەك كاللىدىكى تەتقىقات تېمىسىنىڭ كۆزى يورۇيدۇ. دېمەك، ئىلھام ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئىزدەنمىگەندە ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ. خۇددى رۇس سەنئەتكارى رېپىن ئېيتقاندەك، ئىلھام جاپالىق ئەمگەككە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. كومپوزىتور چايكوۋسكىي ئېيتقاندەك: «ئىلھام شۇنداق بىر مېھمانكى، ئۇ يالقاۋنى زىيارەت قىلمايدۇ». شۇڭا، جاپالىق تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماي، ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئەمگەكسىز ئاللىقانداق ئىلھامغا باغلاپ قويۇش «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەندەك ئەخمىقانە ھەرىكەتتۇر. ئەڭ كاتتا تالانتلىق ئادەم بولغاندىمۇ، بىلىم ئېلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغاندا، مەڭگۈ ئىلھامغا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىلھامنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئىلھام تەپەككۇرنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى ئۈزۈلۈشى ۋە سەكرىشىدۇر. ئىلمىي تەجرىبىدە ئىسپاتلىنىشىچە: ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ئۈچ خىل ئېلېكترونلۇق دولقۇن بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، تېز دولقۇن بولۇپ، ھەر دەقىقىدە 14 — 30 دەۋرى بولىدۇ، بۇ بېرىلىپ ئىشلىگەن چاغدىكى مېڭە پائالىيىتىنىڭ رىتىمىدۇر؛ ئىككىنچى خىلى، ئاستا دولقۇن بولۇپ، ھەر دەقىقىدە 8 — 13 دەۋرى بولىدۇ، بۇ نورمال ئادەملەر تەنەپپۇس قىلغان چاغدىكى مېڭە پائالىيىتىنىڭ رىتىمىدۇر؛ ئۈچىنچى خىلى، سىتو دولقۇنى بولۇپ، ھەر دەقىقىدە 4 — 8 دەۋرى بولىدۇ، بۇ خىيالپەرەس ھالىتى ياكى خىيالنىڭ غىل - پال يورۇش ھالىتىدە تۇرغان چاغدىكى مېڭە پائالىيىتىنىڭ رىتىمىدۇر. ئىلھامنىڭ كېلىشى ھەر قاچان سىتو دولقۇنى ئارقىسىدا بولىدۇ. تەجرىبىدە ئىسپاتلىنىشى-



چە، بۇنداق دولقۇن دەرمەھەللىك بىلەن خاراكتېرلەنگەن. تەجرىبە قىلغۇچى دەرمەھەللىك خىيال ئارقىلىق ئاستا دولقۇنىنىڭ ئۈزۈلۈشىدۇر. بۇ چاغدا تەپەككۇر تازا ئازادىلىك ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇ، ئىلھامنىڭ كېلىشى تەپەككۇرنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى ئۈزۈلۈش ئارقىسىدا سەكرەشكە ئۆتۈشىدىن ئىبارەت، دېگەنلىك بولىدۇ.

دېمەك، ئىلھام مېڭىدىكى ئاشۇ دولقۇنلار ئارقىسىدا ئىجتىمائىي يېتىلىدىغان شۇۋە قەدرىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئىجادىي پائالىيەتلەر جەريانىدا مېڭىنىڭ پائالىيەت رىتىملىرىنى ئىگىلەشكە كۆڭۈل قويۇش بىلەن بىر چاغدا، ئىلھام كېلىشنىڭ تاشقى شەرتلىرىنىمۇ بىلىش ۋە ئۇنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى تەكىتلەيدۇ. ئالىملارنىڭ تەشەببۇسىدىكى تاشقى شەرتلەرنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىلھامنىڭ كېلىشى بىلىمنىڭ جۇغلىنىشىغا بېقىنىدۇ. شۇڭا، ئىلھاملىنىش ئۈچۈن بىلىم ئېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. ئادەمنىڭ بىلىمى قانچە كۆپ بولسا، ئىلھاملىنىش شۇنچە زور بولىدۇ. بىلىمنىڭ جۇغلىنىش جەريانى سان ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ، ئىلھامنىڭ كېلىشى سۈپەت ئۆزگىرىشىدۇر. ئەمما بىلىمنى جۇغلاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئىجادىيەتتە ئوخشىمىغان ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىلىم ئادەمنىڭ ئىجادىي مەقسەتلىرىگە خىزمەت قىلىش لازىم. كۆپ تەرەپلىمە بىلىم جۇغلاش بىر تەرەپلىمە بىلىم جۇغلاشتىن ئۈنۈملۈك بولسىمۇ، ئىجادىيەتكە بىلىم ئاشۇرۇشلا كۇپايە قىلمىغاچقا، ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك تەتبىقلاش تەرىپىدە ئىگىلەش كېرەك. ئېنىق ئىجادىيەت نىشانى بويىچە بىلىم جۇغلاشنىڭ ئۈنۈمى قارىغۇلارچە بىلىم جۇغلاشتىن كۆپ ئەۋزەلدۇر.

ئىككىنچى، ئىلھامنىڭ كېلىشى ئەقلىي سەۋىيىنىڭ ئۆستۈ-

رولۇشىغا بېقىنىدۇ. ئىلهامنىڭ كېلىشى ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىلهام بىر خىل تەپەككۇر ئىجادىي قابىلىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت قانچە تەرەققىي قىلسا، پىكىر يوللىرى قانچە سەزگۈر بولسا، تەسەۋۋۇر قانچە مول بولسا، ئىلهامنىڭ كېلىشى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىلهامنىڭ كېلىشى جىددىي تەپەككۇر ئەمگىكىگە بېقىنىدۇ. ئىلهاملىنىش ئۈچۈن يالغۇز بىلىم بىلەنلا ئىش تاڭ ئاتمايدۇ. جىددىي تەپەككۇر ئارقىلىق چېچىلاڭغۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بىلىملەرنىڭ ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۇچراشتۇرۇش، گىرەلەشتۈرۈش، بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە شۇنىمۇ بىلىش لازىمكى، تالانت جىددىي ئىزدىنىشچانلىقتىن ۋە تەپەككۇردىن كېلىدۇ. جىددىي ئىزدىنىشچانلىق بىلەنلا تالانتلىق بولالمايدىغان ئەھۋال بولىدۇ. چۈنكى ئوي - پىكىر نىشانلىق بولمىغاندا، تۇتامى يوق نەرسىلەرنى ئويلاۋەرگەندە قۇرۇقتىن - قۇرۇق چارچاشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ. شۇڭا، بىلىمنى نىشانلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، ئىلهامنىڭ كېلىشى ناھايىتى ياخشى روھىي ھالەتكە بېقىنىدۇ. ھەسرەت - نادامەت، قايغۇ - ئەلەم ئىلهام ئۈچۈن قارا بالادۇر. تۈرلۈك ناھەق خورلىنىشلار ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا كېلىپ چىقىدىغان زەردىگۈش بولۇشلارمۇ ئىلهامنى يوقىتىدۇ. ئىلهام كۆڭلى ئازادە، ھال - كۈنى ئارامىدا تۇرغاندا، ئەڭ ياخشىسى خۇشال - خۇرام تۇرغاندا كېلىدۇ. شۇڭا، روھىي جىددىيلىكنى كۆڭلى ئازادىلىككە يۆتكەش، گېپى كەلگەندە ئەرزىمەس ئىشلارنى چۆرۈۋېتىپ بولۇشىغا ئويناپ - كۈلۈش، ناھايىتى كەڭ ھەم گۈزەل مەنزىرىلەرنى خىيالدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق يوقىلىۋاتقان ئىلهامنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئىلهام ئاسماندىن چۈشمەيدۇ،



ئۇنى بىرەر نەرسە ئاتا قىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىجادىيەت پائالىيىتى داۋامىدا جەسۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىش ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق ئالىم گومبىزنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە: «مېنىڭ تەجرىبەم دائىرىسىدىن ئېيتقاندا ... ئالدى بىلەن، مەن ئىجاد قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى تەكرار ئويلىنىپ، مېڭەمدە بۇ مەسىلىنىڭ بارلىق نۇقتىلىرى ۋە مۇرەككەپ تەرەپلىرىنى يازماي تۇرۇپلا باشتىن - ئاخىر ئەركىن سۆزلەپ بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يېتىمەن. ئادەتتە ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ، مۇنداق دەرىجىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس». نۇرغۇنلىغان ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئىلهام ئۇزاق مۇددەتلىك جىددىي ئويلىنىشلاردىن كېيىنكى ۋاقىتلىق ئارامغا چۈشكەندە، خىيال سۈرۈپ مۈگدەپ ياتقاندا، گۈل - چىمەنلەرنى سەيلە قىلىۋاتقاندا، ئىشقا كېتىۋاتقان ياكى ئىشتىن يېنىۋاتقان پەيتلەردە، كىيىم كىيىۋاتقان، مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقان چاغلاردا، مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندا، ئومۇمەن يەڭگىل بىر خىل ھەرىكەت ئۈستىدە ئەركىن يۈرگەندە، گەپلىشىۋاتقان ۋە مۇنازىرىلىشىۋاتقان چاغلاردا تۇساتتىن زاھىر بولىدۇ. يۇقىرىدا مىسالغا ئالىنغان مېندىلېيېۋ ۋە ئارخىمىدلارنىڭ كەشپىياتلىرى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، مۇنداق پۇرسەت ۋە ياخشى مۇھىتتا غىل - پال پەيدا بولغان ئىلهام ئۇچقۇنلىرىنى قەدىرلەش كېرەك. مۇشۇ نۇقتىنەزەر بويىچە كىشى ئىلهام ئالىدىغان مەنزىرىلەرنى ۋە ئىلهام كەلتۈرىدىغان ئۇسۇللارنى تۆۋەندىكىچە تەۋسىيە قىلىش مۇمكىن:

بىرىنچى، تەبىئىي تىپلارغا ئەھمىيەت بېرىش. تەبىئىي تىپلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئىلهام پەيدا قىلىشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. بۇ يەردىكى ئىلهام ئېلىش باشقا بىر شەيئىدىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تېپىش بولۇپ، مۇھە-

تىمىزدىكى رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغۇچى بارلىق شەيئىلەر تەبىئىي تىپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان شەيئىلەر ئاشۇنداق تەبىئىي تىپلاردىن بولالايدۇ. تەبىئىي ھادىسىلەر، كۈندىلىك بۇيۇملار، ماشىنا — ئۈسكۈنىلەر، ئىشارەتلىك خەرىتىلەر، يازما بايانلار، ئاغزاكى نۇتۇقلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي تىپ بولالايدۇ. بۇنداق تەبىئىي تىپلارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن ئىلھام ئېلىپ، ئىجادىيەتتە غەلىبە قازانغان مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئالايلۇق، قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشى ئايروپىلاننىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغا ئىلھام بەردى. چاچ تارايدىغان تارغاق شال كۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغا ئىلھام بەردى. بىر تال يىپ ئېگىرىشكە بولىدىغان ئاددىي چاق مۇرەككەپ ئېگىرىش ماشىنىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئىلھام بەردى ۋە باشقىلار. ئەمما، شۇنى بىلىش لازىمكى، مەلۇم شەيئىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئويناش — ئوينىماسلىقى، ئاشۇ تەبىئىي تىپ بولغۇچى شەيئىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگىلا باغلىق بولماستىن، يەنە ئىجادكارنىڭ تەبىئىي تىپ بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى پسىخىك پائالىيەت ھالىتىگىمۇ باغلىق. تەبىئىي تىپنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، تەبىئىي تىپ ئىجادكار ئىجاد قىلماقچى بولغان كەلگۈسى مۆجىزاتقا مەلۇم دەرىجىدە ئوخشايدۇ. بۇ ئاشۇ ئوخشاشلىقنى ئىجادىيەت ئوبيېكتىغا سېلىشتۇرۇپ ئويلىنىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى لايىھىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئىجاد قىلغۇچىدا شۇنداق تەبىئىي تىپنى بايقىۋالالىغۇدەك ماھارەت بولۇشى لازىم. ئاندىن قالسا، ئىجادىيەتچىنىڭ ئىجاد قىلىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، باشقۇرغۇچىلار ھەل قىلماقچى بولغان ھالقىلىق مەسىلىلەرگە ئاساسەن، مەقسەتلىك ھالدا ئىشارەتلىك خەرىتە، مودېللارنى ياساپ كۆرگەزمە ئېچىش ياكى نىشانلىق ئېكسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. مۇشۇ تەرىقىدە تەبىئىي تىپلارنىڭ رىغبەت-



لەندۈرۈشىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرگەندە، ئىجادىيەتتە بىر مۇنچە يېڭى ئىلھاملارغا ئېرىشىش مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئادەتلەنگەن تەپەككۇر تەرتىپىنىڭ چىرمىۋېلىشىدىن ئازاد بولۇش. مۇئەييەن بىر خىل پىكىر يولى بىلەن مەسىلىنى ئويلاۋەرگەندە، ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان مۇتلەق تەپەككۇر تەرتىپى بەزى ھاللاردا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى لايىھىسىنى تېپىشقا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پىكىر يولىنى توسۇپ قويۇش، ھەتتا ئىدىيىنى قاتماللاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ خۇددى تەنقىد ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ئىنكار قىلىشقىلا كۆنۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئەقلى ناچارلىتىشىپ، قۇرۇپ، تۈگەپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى ۋاقىتلىق قايرىپ قويۇش، ئادەتلەنگەن تەپەككۇر تەرتىپىنىڭ چىرمىۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى ئىلھامغا ئىگە بولۇشقا پايدىلىق. بۇنداق قىلغاندا، بىر نەچچە كۈن، بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بۇنداق قاتمال تەپەككۇر تەرتىپى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ياكى يېڭى تەپەككۇر يولى ئېچىلىشى مۇمكىن. نۇرغۇن كىشىلەردە مۇنداق تەسىرات بار: ماقالىنى يېزىپ تاشلاپ قويۇپ بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىپ ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ تۈزىتىشكە تېگىشلىك نۇقسانلىرى كۆرۈلىدۇ. فرانسىيىلىك ماتېماتىك لاپلاس: «ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان مەلۇم مەسىلىنى بىرنەچچە كۈن تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يېڭىباشتىن ئويلىغاندا، ئىنتايىن ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ، قىيىن بولغان ئىجادىيەت تېمىلىرى ئۈستىدىكى گەپ بولۇپ، ئىجادىيەت خاراكتېرىگە بولمىغان تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىكى زۆرۈر ئىشلارنى ھەمىشە كېچىكتۈرۈپ قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، خاتىرە يېزىش، مۇزاكىرە، مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىش، بولۇپمۇ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلاش ۋە

تەھاسىل قىلىش كېرەك. بۇ چاغلاردا كاللىغا دەرھال زاھىر بولغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئوبرازلارنى تېزلىكتە خاتىرىلىۋېلىپ، ئاندىن بالداقمۇ بالداق چوڭقۇرلاتتىش كېرەك. ئېينىشتېيىن بىر تەتقىقات تېمىسىنى ۋاقىتلىق تاشلاپ قويۇپ، بىر كۈنى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇشقا بېرىپ، دوستى بىلەن شۇ تېمىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، تۇساتتىن ئىلھامغا ئىگە بولۇپ، دوستىنىڭ ئۆيىدە ۋە ئۆزىنىڭ يانچۇقىدا قەغەز بولمىغاچقا، دەرھال دوستىنىڭ ئاق داستىخىنىغا ئىلھامبەخش ئەتىكەن فورمۇلالارنى يېزىۋالغانىكەن. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئايال يازغۇچى بىلانت يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىدىكەن. ھەرقانداق ئىشنى قىلىۋاتقاندا، كۆڭلىگە تۇساتتىن زاھىر بولغان نەرسىلەرنى دەرھال خاتىرىلىۋېلىپ، ئاندىن ئىشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. دېمەك، ئادەتلەنگەن تەپەككۇر تەرتىپىدىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن، قىيىن تېمىنى ۋاقىتلىق تاشلاپ قويۇش، يېڭى تەپەككۇر يولىدا ئۇچرىغان چەۋھەرلەرنى خاتىرىلەش، تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، خۇشال، خاتىرجەم بولۇش. ئەنسىزلىك، پەرىشانلىق، ئۈمىدسىزلىك، خاپىلىق، ئەقلىي قابىلىيەت پائالىيىتىنى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈرىدۇ. چۈنكى، ئاچچىق كەلگەندە ئەقىل ئارقىدا قالىدۇ، ھەمىشە ئاچچىقلاپ يۈرگەن كىشىنىڭ ئىلھاملىنىپ ئىجاد قىلىشى تەسكە چۈشىدۇ. ئىجاد قىلغاندىمۇ ئۇلۇغ ئىجادىيەت يارىتالمايدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن پاكىتلىرى بار. يۇقىرىقىدەك چۈشكۈن كەيپىياتلار كىشىنىڭ روھىي ھالىتىدە بىھۇدە خوراش ھاسىل قىلىپ، ئىلھامنى بوغۇپلا قالماستىن، بەلكى سالامەتلىكنىمۇ بۇزۇشى مۇمكىن. كۆڭلى ئازادە، خۇشال — خۇرام تۇرغاندا ئىجادىي تەپەككۇردا سەكرەش بولۇپ، ئىلھام مەرتىۋىلەپ كېلىشى مۇمكىن (ئىجاد



قىلمايدىغان ئادەمنىڭ خۇشال يۈرۈشى باشقا گەپ ئەلۋەتتە)، بەدەن ساغلام ۋە ئەركىن — ئازادە تۇرغاندا، كارىۋاتتا بەخىرامان يېتىپ خىيال سۈرگەندە، ئاجايىپ ياخشى تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى، مۇۋاپىق مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاندا، ئىجادىي تەپەككۇرغا مۇۋاپىق كېلىدىغان شادىمان كەيپىياتنىڭ ئۆرلىشى خۇشاللىق ئىلھامغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ مەنزىرە ۋە ئۇسۇللاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئىلھام ئۆلۈك نەرسە بولماستىن، ئۇ ئادەمنىڭ چېۋەرلىكىگە قاراپ كېلىدىغان جانلىق نەرسە. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىكى ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئىلھامغا ئېرىشىشتىكى ئاچقۇچ: بىرىنچىدىن، ئىجادىيەت پاراستىنى جانپىدالىق بىلەن قوغلىشىش؛ ئىككىنچىدىن، پىنھان ئاڭ پائالىيىتىنىڭ رولىنى تەييارلىقى، مەقسىتى بولغان ھالدا تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئىككى خىل نېگىزلىك نەرسىنى چىڭ تۇتۇپ، باشقا ئۇسۇللارنى ئۇنىڭغا يانداشتۇرغاندا، ئىلھامغا ئاسانراق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئىلھام تەۋەسىدە شۇنداق بىر نەرسىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇ بولسىمۇ چۈشتۇر. ھازىر ئىلىم ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان يېڭى ئىزدىنىشلەر بىزنىڭ چۈش توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئۆزگەرتمەكتە. بولۇپمۇ ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئىلھام قىسمىنى ئۇيقۇ ۋە چۈش بىلەن باغلاپ كۆرمەكتە. پىنھان ئاڭ پائالىيىتىنىڭ ئىلھامنى ئويغىتىپ چىقىرىشى، كۆپ ھاللاردا ئۇخلاۋاتقان ياكى چۈش كۆرۈۋاتقان چاغدا بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت بىزنى بىر بۇرۇن قارشى تۇرغان بەزى نەرسىلەرگە يېڭىباشتىن باھا بېرىشكە تەلەپ قىلماقتا. بۇرۇن بۇ ھەقتە گەپ قىلغان ئادەم فرويدلا ئىدى. ئۇ: ئىلھاملىنىش «كىشىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدىغان روھىي پائالىيەت يەنى ئىختىيارسىز پائالىيەتنىڭ نەتىجىسىدە

دەپ قارىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن ئىلمىي بايقاشلار ئۇيقۇ ۋە چۈش ھالىتىدە ياكى ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز ھالىتىدە بەزى ئىجادىي ئويلارنىڭ غايىبتىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۈيۈك ئىنژېنېر بورۇنېل قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، شۇ مەسىلە چۈشىگە كىرگۈچە بىرنەچچە كۈن ئۇدا ئۇخلايدىكەن. دېكارت ماتېماتىكا، فىزىكا جەھەتتىكى بەزى ئۇقۇملارنى 1619 - يىلدىكى بىر ئاخشىمى ئۈچ قېتىم ئايرىم - ئايرىم كۆرگەن چۈشىدە ھەل قىلىۋالغانكەن. يېقىندا، ئەقلىشۇناس جىنما: «نۇرغۇن ئىجادىي پىكىرلەرنى ئۇخلاپ ئۇزاق ئۆتمىگەندە ياكى ئويغىناي دەپ قالغاندا تاپتىم» دەپ يازغان.

٣) ئادەم فىزىئولوگىيىسى ئانالىزى بويىچە قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ چۈش كۆرۈشى كۆپ ھاللاردا «كۆز ھەرىكىتى توختىمىغان ئۇيقۇ» ۋاقتىدا بولىدىكەن. بۇ ۋاقىت پۈتۈن ئۇيقۇ ۋاقتىنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ چاغدا ئادەم چوڭقۇر ئۇيقۇغا پاتسىمۇ، كۆز قارىچۇقى ھەرىكەتتىن توختىمايدىكەن، چوڭ مېڭىدە مەلۇم دەرىجىدە پائالىيەت بولۇپ تۇرىدىكەن. ئەمما، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆلچەپ كۆرۈشىچە، ئادەم كۆز قارىچۇقىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئۇيقۇ باسقۇچىدىمۇ چۈش كۆرىدىكەن، بۇ چاغدا مېڭىدىكى ئېلېكتر دولقۇنى ئەركىن ھالەتكە كېلىدىكەن. ياپونىيىلىك مېڭە فىزىئولوگىيىسى ئالىمى سۈگىن جۇنجىنىڭ قارىشىچە، چۈش «چۈش كۆرۈش» ۋە «ئويلىنىش» دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدىكەن. ئالدىنقىسى چۈش بولسا، كېيىنكىسى ئويلىنىش باسقۇچىغا كىرگەن ھالەت بولۇپ، ئۇخلاپ ئۇزاق ئۆتمىگەندە ۋە ئويغىناي دەپ قالغان ۋاقىت بولسا ئويلىنىش باسقۇچىغا كىرىدىكەن. بۇ چاغدا يېڭى ئىجادىي پىكىر ياكى بۆسۈش خاراكتېرلىك تەپەككۇر نەتىجىسى ھاسىل بولۇشىدىكى سەۋەب شۇ ئىكەن. ئەگەر بىز ئالىملار ئىز-



دىنىپ تاپقان مۇشۇ ئىلمىي قاراشلارغا قوشۇلساق، ئۇنداقتا، بىزنىڭ چۈشتىن ئويغىناي دېگەن ۋاقتىمىز ياكى تاساددىپىي ئويغىنىپ كەتكەن ۋاقتىمىز ئىلھامنى تۇتۇۋېلىشقا تازا ئەپلىك ۋاقىت بولۇپ، كېچىلە ياكى كۈندۈزدە ئۇخلاي دەپ قالغاندا ياكى ئويغىناي دەپ قالغاندا كاللىمىزدا زاھىر بولغان ئويلارنى دەماللىققا تەكرار يادىمىزغا كەلتۈرۈپ ياكى خاتىرىلىۋېلىپ، ئۇنى مۇستەھكەملەيدىغان بولساق، ئىجادىيەتتىكى بىرمۇنچە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىجادىي پىكىر قىلىشتا ھەتتا ئۆزىمىزمۇ ئويلاپ كۆرمىگەن دەرىجىدە ئۆسۈپ قالىمىز. ئەگەر بۇ چاغدا بوشاڭلىق قىلىدىكەنمىز، ئەتىسى قانچە ئويلىغان بىلەنمۇ ئۇنداق ئويلار يادىمىزغا كەلمەيدۇ.

كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى شۇ ئادەم بېشىدىن كەچۈرگەن، كۆرگەن، تەسەۋۋۇر قىلغان، ئۆزىنى قاچۇرغان شەيئىلەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىدۇ. بولۇپمۇ شۇ نەرسىلەر سەۋەبلىك پەيدا بولغان پىنھان ئاڭدىكى بىرمۇنچە نەرسىلەر بىلەن ئادەم سېزىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە باغلىنىدۇ. چۈشنىڭ سىتېخىيىلىك بولۇشى ۋە مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بولۇشى مانا مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. لېكىن، ئىجادىيەت پاراسىتىنى كۈچلۈك قوغلاشقۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئىجادىيەت پۇرسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىجادىي پىكىرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشتەك ئىجادىي پائالىيەت ئەمەلىيىتىگە مەستانە بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئىجادىيەتنى مەقسەت، گۈزەللىك، بەخت، قانائەتلىنىش دەپ بىلىدىغان پىسخىك دۇنيا بولۇپ شەكىللىنىدۇ - دە، توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال دېگەندەك، چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئويلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ۋە پىكىرلەرنى كۆپرەك كۆرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، مېڭىمىزدە تېخىمۇ كۆپ تەپەككۇرغا ئىما قىلىدىغان نۇقتىلارنى تۇرغۇزالايدىغان بولساق،

چۈشىمىزدىكى ئۆلانما تەسەۋۋۇرلارنى ئۈزلۈكسىز قوغلىشىۋاتقان، مۇناسىۋەتلىك ئىجادىي مەزمۇنلارغا ئېلىپ بېرىشقا بەزى ئىمكانىيەتلەر تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

ياپون پسىخولوگى ئىنتىيە نجالق قاتارلىقلار چۈشىدە كۆرگەن ئۆلانما تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يەتتە تۈرلۈك ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىجادىيەت ئارزۇسىنى كۈچەيتىش. بۇ ئىجادىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر. مەسىلە ھەل قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەسىلە ئېڭىنى كۈچەيتكۈچى، يەنى مەقسەتلىك ئۆلانما تەسەۋۋۇرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۈچەيتكۈچىدۇر.

2. مول ماتېرىيال توپلاش. بۇ ئىدىيىۋى قاراشنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى ئاساس بولۇپ، جەزمەن ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشتىن ئاۋۋال ماتېرىياللارنى كەڭ تۈردە توپلاش ھەمدە ئۇلارنى رەتلەپ، تەرتىپلەشتۈرۈش كېرەك. ئەگەر يازما خاتىرە ئىشلەتمەسلىككە مۇمكىنچىلىك بولسا، سۈرەت ياكى جەدۋەل ئارقىلىق ئىپادىلەش كېرەك. چۈنكى، ئوبرازلىق شەيئىلەر، بولۇپمۇ ئېسىدە چىڭ ساقلانغان ئوبرازلىق شەيئىلەر ئادەمنىڭ چۈشىدە ئاسان تەكرارلىنىدۇ.

3. ماتېرىياللارنى ئېلىپ كۆرۈشكە ئەپلىك جايغا قويۇپ، پات - پات ئوقۇپ تۇرۇش ياكى ئۆينىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يېرىگە چاپلاپ قويۇپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ پىنھان ئاڭغا سىڭدۈرۈۋېتىش كېرەك.

4. ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۆزىگە ئۆزى ئىما قىلىش. ئۇيقۇ تەتقىقاتچىسى شەنكۇ جاڭجۇ مۇنداق ئىما قىلسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ: مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كۆرسەتمە بولىدىغان چۈشنى سۈيىتى تاڭدا كۆرۈشنى، چۈشنى كۆرۈپ



بولغان ھامان ئويغىنىپ، چۈشنىڭ مەزمۇنىنى تۇتۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىش. ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئەگەر ئۆزىنى ئۆزى ئۇخلىتىش ئۇسۇلى ياكى ئىختىيارىي مەشق ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئۈنۈم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزىنى ئۆزى ئۇخلىتىش ئۇسۇلى ئىمانىڭ ئىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئىختىيارىي مەشق ئۇسۇلى بولسا، قالايمىقان غەرەزلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، «ئىختىيارسىز پائالىيەت» نى «ستېخىيلىك ھالدا «ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان» مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىش قابىلىيىتى ئۈچۈن بولىدۇ.

5. بۇنداق ئۇسۇلنىڭ باشتىلا ئۈنۈمى بېرىشى ناتايىن، ئۇنى تەكرار مەشق قىلىشتا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

6. تەكىنىڭ بېشىغا دەپتەر - قەلەم ئەكىلىپ قويۇپ، چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندىن كېيىنلا ئۇنى خاتىرىلىۋېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك ياكى ئۈنئالغۇنى تەييارلاپ قويۇپ، كۆرگەن چۈشلىرىنى دەرھال ئۈنلۈك سۆزلەپ لېنتىگە ئېلىۋېلىش كېرەك.

7. چۈش خاتىرىسى بىلەن تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تېپىش ياكى ھەمراھلىرىغا قويۇپ بېرىپ ئىگىلىتىش ... شۇنداق قىلىپ چۈشىدە كۆرگەن ئىدىيىۋى كۆرسەتمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، لوگىكىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇلارنى يىغىنچاقلاش، ئەڭ ئاخىرىدا مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، چۈش پۈتۈنلەي پاسسىپ ھالەتتىكى نەرسە بولماستىن، ئۇنىڭدىمۇ بىر مۇنچە بايلىق بار. شۇنداق بولغانلىقتىن، نۇرغۇن ئالىملار ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى كېچىدە يورۇتىدىغان. بۇ گەرچە ئومۇمىيۈزلۈك

ئەھۋال دېمىگەندىمۇ، خېلى كۆپ ئالىملار بۇنىڭغا قول قويغان. بۇ پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىلھام تەپەككۇرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى ئۇيقۇ نەزەرىيىسى ئۆزىنىڭ چەكلىمىلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. پاۋلوپ: «تورموزلىنىش پۇتېكۇل چوڭ مېڭە پوستلىقىغا تارقالغان ۋە پوستلاق ئاستىدىكى مەركىزى نېرۋىغا ئۆتكەندە ئۇيقۇ پەيدا بولىدۇ» دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى بويىچە ئۇيقۇ بىر خىل پاسسىپ جەرياندى يەنى قوزغىلىش ئاياغلاشقاندا ئۇيقۇ مەيدانغا كېلەتتى. ھازىرقى زامان تەتقىقاتى پاۋلوپنىڭ باشقا قاراشلىرىنى ھېلىھەم ياقىلاپ ماڭسىمۇ، ئۇيقۇ ھەققىدىكى قارىشىغا مۇسابىقە ئېلان قىلىدى. ئۇيقۇ ھالىتىدە ئىلھام پەيدا بولغانىكەن، ئۇنىڭدىمۇ بىر خىل تەشەببۇسكار جەريان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە قۇرۇلما ئاساسى بارلىقىنى، ئۆتكۈزگۈچ نېرۋىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. شۇڭا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا پاۋلوپنىڭ نەزەرىيىسىنى تولۇقلاش ئارقىلىق، ئىلھامنىڭ تېخىچە ئېچىلمىغان سىرلىرىنى ئېچىش ۋەزىپىسىمۇ تۇرماقتا.

### 4. بىۋاسىتە سەزگۈ

تەتقىقات ئۈستىدە بىز ئومۇمەن لوگىكىلىق يول بىلەن ئىلگىرىلەيمىز. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقانداق بىر ئىلمىي مەسىلىنى ھەل قىلغاندا مۇنداق ئىككى باسقۇچ بولىدۇ: بىرىنچىسى، تېما شەرتلىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە تېمىنى ھەل قىلىش ئىدىيىسى (قىياس) نى ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچى؛ ئىككىنچىسى، ئەڭ دەسلەپكى قىياس ئۈستىدىكى دەلىللەش، شۇنداقلا دەۋرى تەھلىل، ئومۇملاشتۇرۇش، دەلىللەشتىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەك ئارقىلىق



ئەڭ ئاخىرقى جاۋابنى شەكىللەندۈرۈش باسقۇچى. ھازىر نۇرغۇن ئالىملار تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ كۆز قاراشقا قوشۇلىدۇ. يەنى تېما ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا ئۇلاپلا تېما ۋە تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئاخباراتلار ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ ئاساستا بۇرۇن ھەل قىلىنغان مەسىلىلەرگە ئوخشىتىش ئېلىپ بېرىپ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە بۇ خىل ئۇسۇلنى دەلىللەش ھەم تاكاممۇللاشتۇرۇشقا قوشۇلىدۇ. لېكىن، كەشپىيات ۋە ئىختىرانى بۇنداق ئەندىزە ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇنداق ئەندىزىدىن پايدىلىنالىغان ئالىم ياكى ئىختىراچى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانچىلىك نەتىجىگە ئىگە بولۇش ۋە بۇنداق نەتىجىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىنى مەزكۇر ئەندىزىگە بولغان بىلىش دەرىجىسى ئەمەس، بەلكى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە مەسىلىلەرگە ئومۇملاشتۇرۇپ جاۋاب بېرىش (يېقىندىن ئوخشىتىش ۋە يىراقتىن ئوخشىتىش) قابىلىيىتى، بىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى، شۇنداقلا كەشپىيات، ئىختىراتېمىلىرىنى ھەل قىلىش تەجرىبىسى بەلگىلەيدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغان بىلەنلا جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى قىيىن، ئۆلچەملىك بولمىغان تېمىلار يىراقتىن ئوخشىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ توختىماستىن ئىزدىنىشنى، تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئوكۇشلۇق تۈردە بىرىكتۈرۈپ، ئادەمگە ئىلھام بېرىدىغان ئۇچۇرغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، تەتقىقاتچىنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە ئوخشاشلىقنى تېپىش بولۇپ، بۇنداق قابىلىيەت كەشپىيات ۋە ئىختىرالارنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسىدۇر. بۇنىڭدىن شۇنداق قاراشقا كېلىشكە

بولىدۇكى، بىز تالانتىمىزنى ئۆستۈرۈشنى ئويلىغاندا، ئالدى بىلەن تارىخىي تەجرىبىلەرگە ئەھمىيەت بەرگەن ھالدا، تارىختا ئۆتكەن ئالىملارنىڭ تەجرىبىسىنى ئەسلەش ئارقىلىق كەشپىياتلاردىن كەشپىيات يولىنى تېپىشىمىز كېرەك.

ھازىرقى زامان ئۇسۇلشۇناسلىقىنىڭ ۋەزىپىسى ئىلمىي ئىزدىنىش جەريانىنىڭ يۇقىرىدىكى باسقۇچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۇسۇلىنى مۇپەسسەل تەتقىق قىلىش بولۇپ، ئۇسۇلشۇناسلىق تەتقىق قىلىپ چىققان ئۇسۇللار بىزگە پەن-تېخنىكا تېمىلىرىنى ھەل قىلىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، ئەمما، تېمىلارنى يەككە-يەككە ھەل قىلىدىغان ئۇسۇلنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئىجادىي ئىزدىنىشنىڭ ئۇسۇللىرى مەيلى قانچىلىك مۇپەسسەل بولۇپ كەتسۇن، مەيلى بىز مۇناسىۋەتلىك تەكلىپلەرنى قانچىلىك ياخشى ئىگىلىۋالمايلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى پەن-تېخنىكا تېمىلىرىنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلالايدىغان قىلىشقا قادىر ئەمەس. ھەل قىلغۇچ نەرسە يۆنىلىشى، سىستېمىسى بولغان ھالدا ئۆزى تاللىۋالغان كەسىپلەردە مەسىلىلەر ۋە تېمىلارنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەل قىلىش؛ شۇنداقلا قەتئىي تۈردە ئاددىيلىق، ئاسانلىقتىن مۇرەككەپ، قىيىنلىققا قاراپ ئەتراپلىق مەشق ئېلىپ بېرىشتۇر.

ئاندىن قالسا، ئىجادىيەت نەزەرىيىسىنىڭ غەيرىي ئورتودوكسال تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقىپ، بۇ جەھەتتىكى قابىلىيەتلەرنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. غەيرىي ئورتودوكساللىقنى ئالىملار لوگىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش قىيىن بولغاندا ئىشقا ئاتىدىغان غەيرىي لوگىكىلىق ئەندىزە دەپ چۈشىنىدۇ. راست دېگەندەك، پەن-تېخنىكىدىكى لوگىكىلىق يول بىلەن ھەل قىلىنىدىغان تېمىلار ئادەتتە ناھايىتى روشەن بولغان ئاڭلىق ئەمگەك ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. لېكىن، بەزى تېمىلار لوگىكىلىق يول بىلەن قاتتىق



ئويلانغانلىقتىن، ئادەمنىڭ كاللىسىنىڭ قېتىمقى چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ھەل بولماي، بۇنداق ئاڭلىق خىزمەت ئۈزۈلۈپ قالغاندا، دەم ئالغاندا ھەل بولىدۇ. ئالاھىدە قىيىن تېمىلارغا يولۇققاندا تېمىنى ھەل قىلىدىغان بۇنداق پىكىر ھەممىشە ئۈشتۈمتۇت، ناھايىتى تاسادىپىيلىق بىلەن پەيدا بولىدۇ. بۇنداق پىكىرنى ئالىملار بىۋاسىتە سەزگۈ دەپ ئاتايدۇ. بىۋاسىتە سەزگۈ كۆڭۈل بىردىنلا يورۇپ، ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان جەۋھىرىي پىكىرگە ئىگە بولۇشتۇر. بۇنداق پىكىرگە ئىگە بولۇشنىڭ فورمۇلىسى: زاھىر ئاڭ ئىلكىدىكى خىزمەت — تەنەپپۇس — دەر مەھەللىك كۆڭۈل يورۇشتۇر.

بۇنداق دەرمەھەللىك كۆڭلى يورۇش بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەردە كۆرۈلىدۇ. ئەمما، ئالىملار، ئاساسلىقى ئىجادىيەت ئۇسۇلشۇناسلىقى بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ئالىملار ئىلىم-پەندە تەپەككۇر شەكلىدە رول ئوينايدىغان بىۋاسىتە سەزگۈنىلا ئاساس قىلىدۇ، ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىلمىي بولغان بىۋاسىتە سەزگۈ (ئالىملارنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈسى) ئىلمىي ئىجادىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئىلمىي ئىجادىيەت قابىلىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، زاھىر ئاڭ ئىلكىدە بولغان لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادىي قابىلىيەت — تالانتنى ئۆگىنىشتە بىۋاسىتە سەزگۈنى ئۆگىنىش يادرولۇق مەسىلىدۇر.

راست دېگەندەك، تەتقىقات ئىشىدا ھەرقاچان ئاچالغا ھەتتا تۆت كوچىغا كېلىپ قېلىپ قەيەرگە مېڭىشنى بىلەلمەيدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ئەقىل يەتمەيدىغان مەسىلىگە دۇچ كەلگەن بۇنداق چاغدا يول باشلاشقا ئادەممۇ بولمايدۇ. بۇنداق

چاغدا بىۋاسىتە تۇيغۇغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بىۋاسىتە تۇيغۇ بىزنى ئەنە شۇنداق ئاچا يولدىن توغرا يولغا باشلاپ قويىدىغان ياكى تۆت كوچىدىن تېگىشلىكىگە باشلاپ قويىدىغان پۇرسەت ئەلچىسىدۇر. لېكىن، بىز ئادەتتە لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ دېدۇكسىيىلەش ۋە ئىندۇكسىيىلەشتەك ئەندىزىلىرى بويىچە مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بىۋاسىتە سەزگۈدىن ئىبارەت ئۈنۈملۈك ۋاسىتىگە سەل قاراپ قالىمىز. ئەگەر ئۇنىمۇ تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت لوگىكىلىق تەپەككۇر جەريانىدا قوللىنالىساق، ئۇ بىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا زور دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ - دە، ھەرقانداق دېلىغۇل بولۇپ تۇرغان ئىككى ياكى ئىككىدىن يۇقىرى يول ئالدىدىن بىزنى نىشاندىكى يولغا ئىتتىرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ بىز ئۆزىمىزنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈ قابىلىيىتىمىزنى چېنىقتۇرساق ھەمدە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بايقاپ ھەرىكەت قىلىدىغان ھالەتكە كەلسەك، تەبىئىيكى، ئۆز ھالىتىمىزدىن ئۈنۈمى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان يېڭى ھايات يولىغا قەدەم تاشلىيالايمىز.

ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزغا قاراپ باقايلى: بىز كۆڭلىمىزدە توغرا تۇيغۇلاردا بولغانلىقتىن، قانچە قېتىملاپ «بۇرۇنلا شۇنداق ئويلايتتىم»، «شۇنداق بولارمىكىن دېگەنىدىم»، «پاھ»، «ئىش مەن دېگەندەك بولدى» دەپ كاللىمىزنىڭ ئىشلەيدىغانلىقىغا قول قويغان. بۇ ھالەت بىزنىڭ ئىچكى دۇنيارىمىزدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىلھام دولقۇنى بولۇپ، پەقەت بىز ئۇنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈ دېگەن نامىنىلا بىلەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ ئېھتىمالنى بىر غايىبلىقتۇر، دېگەن خاتا ئوي بىلەن كېتىشۋەرگەنىدۇق.

— توپ مۇسابىقىسى ۋاقتىنى بىرنەچچە مىنۇت ئۇزارتىپ



سىنىشىش باسقۇچىغا كىردى، — دەيدۇ بىر پسىخولوگ، — توپ ماھارىتى ئۈستۈن بىر توپچىنىڭ قولىغا چۈشتى، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ توسۇشلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ بىر بوشلۇقنى تاپتى - دە، زېرەكلىك بىلەن توپنى سېتكىغا ئاتتى، توپ سېتكىغا چۈشتى - دە، بىر مەيدان مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى قولغا كەلدى. توپ مەستانىلىرى ئۇنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈسىگە تايىنىپ ئۆتۈپ چىققان ماھارىتىگە مەستلىكى كېلىپ تاماقلىرىنى چېكىشتى.

پەن تارىخىدىمۇ بىۋاسىتە سەزگۈگە تايىنىپ پەندە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىجادىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەنلەر ناھايىتى كۆپ. مەيلى ئارخىمىد، مېندېلېيېۋ بولسۇن ياكى «كۆڭۈل گۇۋاھلىقى ناھايىتى مۇھىم، كۆڭلۈمنىڭ گۇۋاھلىقى مېنى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدىيىلەرنى ئىگىلىۋېلىشىمغا ياردەم بەردى» دېگەن ئېينشتېين بولسۇن، ئۇلار بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ نېمىلىكى ۋە قانداق چاغدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىزگە تۈرلۈك يوللار بىلەن نامايان قىلدى. چۈنكى، بىۋاسىتە سەزگۈ تېمىغا جاۋاب بېرىدىغان ئومۇمىي قائىدە بولمىغاندا، ئادەم دېدۇكسىيىلەش ئارقىلىقمۇ جاۋاب تاپالمىغان، ئېرىشكەن ئوي - پىكىرلىرىمۇ كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىندۇكسىيىلەپ بېرەلمىگەن. قىسقىسى، بىۋاسىتە سەزگۈ بارلىق تەجرىبە ۋە بىلىم زاپىسى يېتىشمەيۋاتقان قىيىن ئەھۋالدا مەيدانغا چىقىپ، تەتقىقاتچىغا خاسىيەتلىك ئامەت بېغىشلايدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇ تۆۋەندىكىدەك رول ئوينايدۇ:

بىرىنچىدىن، بىۋاسىتە سەزگۈ تېزلىكتە ئەلا تاللاش ئېلىپ بېرىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. كەشپىيات، ئىختىرالارنىڭ كۆپچىلىكى مەسىلىلەرنى بايقاشتىن باشلىنىدۇ. ئەمما ھەربىر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىدا بىرمۇنچە ئېھتىماللىقلار بولىدۇ، ئۇ ئېھتىماللىقلار ئۈستىدە توغرا تاللاش ئېلىپ بېرىش -

بارالماسلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولىدۇ. خۇددى فرانسۇز ماتېماتىكى پوئىنكار ئېيتقاندەك، «كەشپىيات دېگەن ئەمەلىيەتتە پەرق ئېتىشتىن ئىبارەت، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، تاللاشتىن ئىبارەت». ھەر خىل ئېھتىماللىقلار ئاستىدا ئەڭ ئەلا تاللاش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، بۇ ۋەزىپىنى لوگىكىلىق تەپەككۇر قائىدىلىرى بويىچە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، جەزمەن بىۋاستە سەزگۈگە تايىنىش كېرەك.

بىۋاستە سەزگۈ ئادەتتە بىلىمى كەڭ، تەجرىبىسى مول ئادەملەردە پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنىڭ ياخشى - ناچارلىقىنى بايقاپ، ناھايىتى قىيىن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئەڭ ئەلا تاللاش ئېلىپ بارالايدۇ. ئالايلۇق، پلانك ئېنېرگىيە كۇۋانتى پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن فىزىكىدا مەسىلە پەيدا بولغان، يەنى كلاسسىك فىزىكا نەزەرىيىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ ياكى ئىنقىلاش ئارقىلىق يېڭىچە كۇۋانت فىزىكىسىنى ئىجاد قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە پەيدا بولغان. ئېينىشتېين بۇنداق تاللىۋېلىشلاردا ئىنقىلاش يولىنى تۇتقان، ھەمدە «فوتو كۇۋانت پەرىزى» ئارقىلىق كۇۋانت نەزەرىيىسىگە زور تۆھپە قوشقان. ئاۋستىرىيىلىك فىزىك پاۋلىي ئېيتقاندەك، ئېينىشتېين ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىۋاستە سەزگۈ قابىلىيىتىگە تايانغان.

ئىككىنچىدىن، ئالىملارنىڭ ئىجادىي ئالدىن كۆرۈشلىرىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە كۆزىتىشتىكى ئاجايىپ قابىلىيەتلىرىگە تايىنىپ، مۇرەككەپ پاكىتلىق ماتېرىياللاردىن مەلۇم ھادىسىلەر بىلەن ئىدىيىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن سېزىپ، كەلگۈسىدە بۇ جەھەتتە زور ئىلمىي ئىجادىيەت



بىلەن ئىختىرانىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ. ئىنساننىڭ بۇنداق بىۋاستە سەزگۈ قابىلىيىتى «ستراتېگىيىلىك بىۋاستە سەزگۈ قابىلىيىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ راۋاجلىنىش ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئالايلۇق، ئىلىم - پەن تارىخى ئەنگلىيىلىك فىزىك ئېرنېست رۇسېرفوردنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى «ستراتېگىيىلىك سەزگۈ قابىلىيىتى» گە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. رۇسېرفورد ئاتوم فىزىكىسى بىلەن ئاتوم يادرو فىزىكىسى جەھەتتە بىرقاتار زور ئىجادىي تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئاتوم يادروسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاتوم تۈزۈلۈشىنىڭ سەييارە مودېلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە سەزگۈسىدىكى ھۆكۈمگە تايىنىپ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىگە بۇرۇنلا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاتلىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىسىدىن ئىبارەتتۇر. بول ئېيتقاندەك: «رۇسېرفورد ئۆزىنىڭ چوڭقۇر، بىۋاستە سەزگۈسى ئارقىلىق مۇرەككەپ ئاتوم يادروسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ مۇقىمچانلىقى بەزى غەلىتە ۋە يېڭىچە مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا تونۇغان». ئۇ مانا شۇ يول بويىچە مېڭىپ، بۇ جەھەتتە تولىمۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مۇھىم كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۈچىنچىدىن، بىۋاستە سەزگۈ ئالىملارنىڭ يېڭى ئىلمىي ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئالىملار نۇرغۇن تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى ئىگىلەپ، ئۆز ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانغا قەدەر، ئۇلاردا ئېينىشتېين ئېيتقاندەك: «ھېچقانداق مۇقەررەر لوگىكىلىق مۇناسىۋەت ساقلانمايدۇ، پەقەت مۇقەررەر بولمىغان بىۋاستە سەزگۈنىڭ پىسخىكىلىق

مۇناسىۋىتىلا ساقلىنىدۇ، ئۇ مۇقەررەر بولمىغاچقا، ئۆزگىرىدۇ.»

بىۋاسىتە سەزگۈ ئەنە شۇنداق مۇھىم بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھازىرغىچە مۇكەممەل تەبىر بېرىلگىنى يوق.

رۇس ئالىمى دېژنېتژاننىڭ قارىشىچە: «ئىلمىي كەشپىياتنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان چاغدىلا، ئاندىن بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ». بۇ ئالىم كەشپ قىلىشنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسىنى تەھلىل قىلىش ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت دېگەن كۆز قاراشنى ئالغا سۈرىدۇ. ئۇ مۇشۇ قارىشى بويىچە، ئىلىم - پەندىكى بىۋاسىتە سەزگۈ ئەقلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىدىغان ۋە جاۋاب بولىدىغان پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرىدىغان قابىلىيەتلەرنىڭ يىغىندىسى، بۇ قابىلىيەتلەر ئۆگىنىش ۋە مۇستەقىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىز بۇ ئالىمنىڭ پىكىرىگە قوشۇلساق، ئۇنىڭ «تالانتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش (تەسەۋۋۇرلار) تىن باشقا ئالاھىدە شەكىلدىكى بىۋاسىتە سەزگۈ زۆرۈر بولمايدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدىكى قابىلىيەتلەرمۇ ئىلىم - پەندىكى بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ دېگەن قارىشىمۇ ماقۇل بولۇپ، بىۋاسىتە سەزگۈنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىجادىي قابىلىيەتنى يەنە تەجرىبە بىلەن تولۇقلاش كېرەك دېگەن يەرگە كېلىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا بىز دەۋاتقان تەجرىبە تەتقىقاتچىنىڭ ساپاسى بىلەن سىستېمىلىق ئىلىم - پەن بىلىمىنىڭ بىرلىكى بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. تەتقىقات ساپاسى ئاكتىپ بولغان مۇستەقىل خىزمەت جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ھەمدە مەۋقەنى ئومۇمىي نەزەرىيە ئۇقۇملىرىغا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە زۆرۈر بولغان كونكرېت تەجرىبىلەر ئاساسىدا تۇرغۇزىدۇ.



بۇنداق ئىكەن، بىۋاسىتە سەزگۈ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانمىغان ئادەملەردە بولمايدۇ. پاسسىپ ھالەتتە تۇرغان بىلىملىك ئادەمدىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى تالانتنى ئىپادە قىلىۋاتقان بىۋاسىتە سەزگۈ ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەتقىقات تەجرىبىلىرى ئاساسىدىكى تەجرىبە ئەمەلىيىتىدە نۇرلىنىشى بولغانلىقتىن، ئۇ پەقەت ئاكتىپال ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزى بولىدۇكى، پاسسىپ ھالەتتە قاراپ تۇرغان ۋە مول ئىلىم - پەن بىلىمى بىلەن تەييارلىنىپ، تەجرىبە ئەمەلىيىتىگە قاتناشمىغان ئاتالمىش بىلىملىك ئادەملەرگە قاراپمۇ قويمايدۇ.

بىۋاسىتە سەزگۈدىن ئىبارەت بۇ ئامەت قىزنىقىشى بىلىم تەييارلىقى پۇختا، توختىماي ئىزدىنىۋاتقان، يەنى كاللىسىدا تولۇق تەييارلىقى بولغان ئادەمگە كېلىپ قونۇدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش يېتەرلىك ئىسپاتتۇر.

خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك ماگنىت دولقۇنىدىن، يەنى سىمسىز رادىئو، تېلېۋىزور، فوتو تېلېگراف، سۈنئىي ھەمراھ ئالاقىسى قاتارلىقلاردىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ تېخنىكىنىڭ يارىتىلىشى بىرنەچچە ئالىمنىڭ قولىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى ئەنە شۇنداق باشقىلار كەشپ قىلغان شەيئىلەر ئارقىلىق ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، بارلىق تەرەپلەرنى ئاختۇرۇپ تەتقىق قىلغان ئالىم گېرتنىس قولىغا كەلتۈرگەن.

1865 - يىلى ئەنگلىيىلىك فىزىك ماكسۋېل بىرىنچى بولۇپ بىر ئىلمىي ماقالىسىدە ئېلېكتر دولقۇنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بېشارەت قىلغاندىن كېيىن، 1873 - يىلى كلاسسىك ئەسىرى «ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنشۇناسلىقى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» نى ئېلان قىلىپ، ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا يەنە بىر قېتىم ھۆكۈم قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ سۈرئىتى نۇرنىڭ سۈرئىتى بىلەن ئوخ-

شاش، ئۇرنىڭ ئۆزىلا بىر خىل ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. لېكىن، ماكسۋېل ئۆز قولى بىلەن تەجرىبە ئىشلەپ بېرىپ، ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن. بۇنىڭ بىلەن، كىم شۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسە، پەن - تېخنىكا تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدىغان پۇرسەت شەكىللەنگەن:

ئالاھازەل ماكسۋېل ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنى تەتقىق قىلىۋاتقان چاغدا، تومسون دېگەن كىشىمۇ «غەلىتە» بىر خىل ھادىسىنى بايقىغان: ئۇ ئېلېكتر مەنبەسىنى ئالاھىدە ياسالغان كاتۇشكىغا ئۇلىغاندىن كېيىن، كاتۇشكىنىڭ يېنىدىكى تۆمۈر شىرەنىڭ بۇرجىكىگە، ئۆيدىكى سۇ تۇرۇبىسىغا، ھەتتا 9 مېتر يىراقلىقتىكى پار ماشىنىسىغا ئۇلاپ، پىچاقنى ئۇرغاندا ئوت ئۇچقۇندىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋرىنىش سىم ئورامى (تەۋرىنىش كارتوچكىسى) نى ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ، بىر جۈپ كۆمۈر ئېلېكترودتىن ياسالغان «قوبۇل قىلىش ئەسۋابى» ئارقىلىق تەجرىبە ئىشلىگەن. بۇ قوبۇل قىلىش ئەسۋابى ھەتتا يەر ئاستىدىكى ئۆي ۋە ئالتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۆگزىسىدەك يىراق جايدىمۇ ئېلېكترلىك ئۇچقۇن ھاسىل قىلغان. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ تومسون تولا ئويلاپ ھارغان ۋە تالىغان، ئەمما زادىلا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالماي، بولغان ۋەقەلەرنى خاتىرە قىلىش بىلەن ئىشنى تۈگەندى قىلغان.

بۇ يەردىكى سىر شۇ بولغانكى، تومسون 1871 - يىلى ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ تەجرىبىسىنى 1865 - يىلدىكى ماكسۋېلنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرەلمىگەن. مۇشۇ بىر ئۈزۈكچىلىك تومسوندا ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنى بايقايدىغان بىۋاسىتە تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۇسقۇن بولۇپ، ئۇنى ئۇلۇغ كەشپىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان.

ماكسۋېل «ئېلېكتر ماگنىتشۇناسلىقى ھەققىدە ئومۇمىي



بايان» نى ئېلان قىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى 1875 - يىلى بوستونلۇق ئىختىراچى ئېدىسون يەنە بىر زور كەشپىيات ياراتقان. ئۇ مىكروفون ياساش ئارزۇسى بىلەن تەتقىقاتقا كىرىشكەن ۋە شۇ سەۋەبتىن رىلېنىڭ خىزمەت ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ ماڭغان. رىلېنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى ئېلېكتر ماگنىتلىق تۆمۈر بولغانلىقتىن، توك بېرىلگەن ھامان ئۇلىغۇچنى تارتسا، توكنى ئۈزۈۋەتكەن ھامان ئۇلىغۇچ پۇرژىنا تەسىرىدە ئورنىغا قايتىدۇ. ئېدىسون مانا مۇشۇنداق رىلېنىڭ خىزمەت ئەھۋالىغا دىققەت قىلىش يولى بىلەن مىكروفون ئىجاد قىلىشنى ئارزۇ قىلغان. كىم بىلسۇن، ئۇ رىلېنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى بايقاۋاتقاندا ئۇلىغۇچ ئارىسىدا تۇساتتىن ئۇچقۇن پەيدا بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئېدىسون يەنە ئۆتكۈزگۈچنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇلىغۇچقا ئۇلاپ، ئۆتكۈزگۈچنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى مېتال ئۇچقا توغرىلىغان، «غەلىتە ھادىسە» شۇ بولغانكى، ئۆتكۈزگۈچ بىلەن مېتال ئۇچ ئوتتۇرىسىدا ئېلېكترلىك ئۇچقۇن پەيدا بولغان. ئېدىسون ناھايىتى ئەستايىدىل ئادەم بولغاچقا، بۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم تېخىچە بىلىنمىگەن يېڭى بىر قانۇنىيەت بار دەپ ئويلاپ، كۆزىگە كۆرۈنگەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي خاتىرىلىۋالغان، ئەمما، ئۇلارنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلماي يەنىلا مىكروفون ئىجاد قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ئېدىسون ئېيتقان «بىلىنمىگەن يېڭى قانۇنىيەت» ئۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ماكسۋېل ئېلان قىلغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى قانۇنىيىتى بولۇپ، ئەگەر ئېدىسون مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنى كەشىپ قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سىمسىز رادىئونىمۇ يادىغا كەلتۈرۈشتەك بىۋاسىتە سەزگۈگە ئىگە بولاتتى - دە، سىمسىز رادىئومۇ ئۇنىڭ قولىدا ئىختىرا بولۇپ پەن - تېخنىكا ئىختىرا تارىخىمۇ يېڭىباشتىن يېزىلغان بولاتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا بۇنداق بىۋاسىتە سەزگۈ گېرمانىيىلىك فىزىك گېرتسنىڭ قەلبىدە دولقۇنلىدى. ئۇ ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنى ھەقىقىي بايقىدى.

گېرتس تولىمۇ كىتابخۇمار، بىلىمخۇمار ھەم پىكىر يۈرگۈزگۈچى، كىتابىي بىلىملەر ئارقىلىق باشقا نەرسىلەرنى ئوخشىتىپ بېقىشقا ماھىر ئادەم بولغاچقا، ماكسۋېللنىڭ كلاسسىك ئەسىرى «ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنشۇناسلىقى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» نى ئېلان قىلىنغان ھامان ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ چىققان ھەمدە ئۇ ھەقتە بىرمۇنچە خاتىرە يازغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئېدىسون «غەلىتە ھادىسە» نى بايقاپ 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى 1886 - يىلى فىزىكا تەجرىبىخانىسىدا زەرەتسىزلىنىش كارتوچكىسى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىشنى باشلىغان، تەجرىبە جەريانىدا ئۇ تۇساتتىن زەرەتسىزلىنىش كارتوچكىسىدا ناھايىتى يېقىن يەنە بىر ئىزولياتسىيە كارتوچكىسىدا ئېلېكتر ئۇچقۇنداۋاتقانلىقىنى بايقىغان. گېرتس شۇ ھامان ماكسۋېللنىڭ ئېلېكتر دولقۇنى نەزەرىيىسىنى ئېسىگە ئالغان ۋە ماكسۋېل ئوتتۇرىغا قويغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1886 - يىلى 25 - ئۆكتەبىردىن باشلاپ پىلانلىق تەجرىبىسىنى باشلىغان. ماكسۋېللنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرنى لايىھىلىگەن. ئۇ ئىندۇكسىيىلىك سىم ئورامىنىڭ تەۋرەنمە توك ئېقىمى ئارقىلىق ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېلېكتر ئۇچقۇنى ھاسىل قىلىپ، ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغان.

گېرتس يەنە بەزى تەجرىبىلەرنى لايىھىلەش ئارقىلىق ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىدىمۇ نۇر دولقۇنىغا ئوخشاش قايتۇرۇش، سۇندۇرۇش ھادىسىلىرى بولىدىغانلىقىنى، ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى-



نىڭ سۈرئىتى نۇر سۈرئىتى بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. مۇشۇنداق تەجرىبىۋى ئىسپاتلار ئارقىلىق 1888 - يىلىغا كەلگەندە «ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ رادىئاتسىيىسى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزى ئېلىپ بارغان تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرغان ۋە ئۇنى بىر مۇنچە شەرتلىك خەرىتىلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئېدىسون ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزى خېلى بۇرۇنلا بايقاپ بولغان ھادىسىلەرنى ئېسىگە ئېلىپ: «ھەي ئىست! مېنى قايسى شەيتان ئازدۇرغاندۇ؟ نېمىشقا تەييار نەتىجىلەردىن پايدىلىنىشنى ئويلىمىغاندىمەن!» دەپ ھەسرەت چەككەن. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىۋاسىتە تۇيغۇ ئالىملارغا بېرىدىغان پۇرسەتتىن ئىبارەت ئامەت قۇشى ھەرقاچان تولۇق تەييارلىق بىلەن تۇرغان گېرتسقا كېلىپ قونغان.

بۇ پاكىت بىزگە بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ قۇرۇقتىن - قۇرۇق مەيدانغا كەلمەيدىغانلىقىنى، لوگىكىلىق تەپەككۇر جەريانلىرى، مول بىلىم ۋە توغرا يەكۈن قوغلىشىش قابىلىيىتىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا بەرمەستىن، يەنە تەتقىقات، يازغۇچىلىق ياكى بىرەر ماددىي ئىجادىيەت پىلانى ئۈستىدە زورۇقۇپ قالغىنىمىزدا ۋە ياكى ناھايىتى جىددىيلىشىپ خاتىرجەم بولالمىغان چېغىمىزدا قارىغۇلارچە زورۇقماي، دەرھال لوگىكىلىق تەپەككۇر، بىلىم ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى جەھەتتە ئۆگىنىش ھەم چېنىقىشنى كۈچەيتىشىمىز شەرتلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇنداق تەييارلىقلار يوق تۇرۇقلۇق بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ كۆڭۈلگە زاھىر بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق بولىدۇ. «ئۇنداق نېمىنى پۈتۈمىنىڭ ئۇچىدا يازىمەن» دەپ چېۋەر قولى بىلەنمۇ يازالمايدىغانلار ۋە ياكى ئۆمۈرۋايەت شۇنداق ئىشلار ئۈستىدە تۇرۇپ ئىجادىيەت-

نىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كېلەلمىگەنلەر ئەنە شۇنداق تەمەخورلاردۇر.
— شۇڭا، ئالدى بىلەن نىشانلىق ھەرىكەتتىن ئىشنى باشلاش، بۇ ئىش جەريانىدا تېگىشلىك شەرتلەرنى ئورۇنداش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا بىۋاسىتە سەزگۈ شۇنداق قىلغۇچىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتكۈچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىۋاسىتە سەزگۈنى ئىجادىيەت جەريانىدا تەتبىقلاش كېرەك. ئىجادىي پائالىيەت تازا ھەلقۇمغا يەتكەندە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە دائىم بىر خىل بىمالاللىق، تەمكىنلىك ئىلكىدە بولۇشى كېرەك. ئادەتتىن تاشقىرى باتۇر بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈسىگە بولغان تولۇق ئىشەنچىدە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، شەيئىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى سېزىۋالغاندا، ئۇ سىزىم ئادەمنىڭ ئۇ شەيئىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدىكى قارىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. ئادەتتىكى قائىدىلەردىن ھالقىپ كەتكەن بۇ مىنۇتتىكى پىكىر ھەتتا ئىجادكارنى «مەغلۇپ بولسام قانداق قىلارمەن»، «كىشىلەر كۈلكە قىلسا قانداق قىلارمەن»، «قۇزغۇنلار ھۇجۇم قىلسا قانداق قىلارمەن» دېگەندەك ئەندىشىلەرگە سېلىپمۇ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەندىشىلەرنىڭ ھاجىتى يوق، ئويلاپ باقايلى، بىز تالانت ئىگىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە مۇنار بولۇشىدىكى سىر، ئەنە شۇنداق ئەندىشە كۆرۈنگەندە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقى ۋە ئۇسلۇبىنى ئىككىلەنمەستىن جارى قىلدۇرغانلىقىدا. ئىلىم دۇنياسىغا قارايدىغان بولساق، باشقا — باشقا ساھەلەردىلا ئەمەس، بىرلا ساھەدىمۇ ئالىم، سەنئەتكارلارنىڭ بىرىگە بىرى ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. بىزدىكى ئۇسسۇل ماھىرلىرىدىن ئايتىللا قاسىم، مەريەم ناسىر، رەيھان ئابلىز، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجانلار بىرلا ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدە باشقا — باشقا ئۇسلۇب ۋە ماھارەت بىلەن تونۇلۇشى ئەنە



شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىز دۇنيادا قانچە ئالىم ۋە سەنئەتكار بولسا، ئۇلاردىكى ماھارەت ۋە ئۇسلۇبنىڭ شۇنچىلىك كۆپلۈكىگە قاراپ «بۇ بىر سىرلىق دۇنيا ئىكەن» دەپ قورقساق ياكى ئىجادىي پىكىرلەر بىلەن تولغان «يۈرەك سىرىمنى تۆكسەم» ئۇنداق بولارمىكىن، بۇنداق بولارمىكىن دەپ تەۋرىسەك بولامدۇ؟

ياق! ناھايىتى بىلىملىك ۋە تالانت كۆرسىتىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن، ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىدىكى قورقۇش پسىخىكىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كېرەك. ئادەم ئۆزىدىكى قورقۇش پسىخىكىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھامان ئەركىن — ئازادە ئويلاش جاسارىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئاتلىنالايدۇ. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان تالانتلىقلارمۇ ئالدى بىلەن ئاشۇنداق قورقۇش ئۈستىدىن، جامائەتكە ئاشكارا قىلىشتىن بۇرۇنقى ئەندىشە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ تونۇلغان. ئەگەر ئۇلار ئاشۇنداق غەم — ئەندىشە ۋە قورقۇش بىلەن ئارقىسىغا چېكىنگەن بولسا ئىدى، قورقۇش ۋە ھەممىسى ئۇلارغا چىرمىشىۋېلىپ، ئۇلارنى يۈرەكلىك مانېۋىر قىلدۇرمىغان ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا مۇنار بولىدىغان بىۋاسىتە سەزگۈنى بىزگە كۆرسىتەلمىگەن بولاتتى. شۇڭا، ئەڭ چوڭ ئىجادىيلىقتا ھامىلىدار بىۋاسىتە سەزگۈلەر ئىجادكارنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا باتۇر، تەمكىن بولۇشىنى ۋە باشقىلارنىڭ ھۇجۇملىرى قوزغالغاندىمۇ «ھامان بىر كۈنى سىلەرنى تەسلىم قىلىمەن» دەيدىغان ئېتىقادتا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئۇزاق كۆزىتىپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ، بۈگۈن بىر خىل ئىش بولسا، ئەتە يەنە بىر خىل ئىش يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە تېز ھەم يۇقىرى ئۈنۈم بېرىدىغان بىۋاسىتە سەزگۈ ئارقىلىق غەلىبە قىلىشقا

تېخىمۇ ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈش كېرەك.

بىز يۇقىرىدىكى مىسال ۋە تەھلىل ئارقىلىق بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ پەيدا بولۇشىغا قارىتا بىرئاز قانائەت ھاسىل قىلغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ تەبىرىنى بۇنىڭلىق بىلەن خۇلاسە قىلالمايمىز. ئۇنداق بولسا ئىلىم - پەندىكى بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ قانداق ئۆزگىچىلىكلىرى بار؟

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىنى يېڭىلاشتىن تارتىپ دۇنياۋى زىلزىلە پەيدا قىلىشقىچە بېرىپ يېتىدىغان بۇ مەسىلە ھەققىدە تەبىئىيكى نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار ۋە تېخىچە تولۇق بىلىنىپ بولۇنمىغان تەرەپلەر بار. ئەمما، داڭلىق ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئىلىم - پەندىكى بىۋاسىتە تۇيغۇنى بىلىۋېلىشنىڭ ئەينىكى قىلىشقا بولىدۇ.

ھازىر بۇ مەسىلە تەتقىق قىلىنىۋاتقان ئوچاقلاردىن ياۋروپاغا نەزەر سالساق، بىۋاسىتە سەزگۈنى ياۋروپالىقلار تىكىلىپ قاراش (intuitio) دەپ ئاتايدىكەن. بۇ سۆزنى ئىشلەتكەندە، لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىش باسقۇچىدىن ئۆتمەيلا بىۋاسىتە بىلىش ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتىدىكەن. لېكىن، بۇ سۆز ناھايىتى كەڭ ساھەلەردە قوللىنىلغانلىقتىن، ھەر خىل مەنىلەردە قوللىنىلىپ كەلگەن. بولۇپمۇ پەلسەپىدە ناھايىتى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ ھەقتە توختالغان ئالىملارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇلار ئاساسلىقى بىۋاسىتە سەزگۈنى پەۋقۇلئاددە بىلىش ھەرىكىتى دەپ قارىغان. بىز بۇ يەردە ئاساسلىقى ئىلمىي ئىجادىيەت ئۈستىدىكى بىۋاسىتە سەزگۈنى ئۆگىنىشنى نىشانلىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى تەپسىلىي تەھلىل قىلماستىن، نوپۇزلۇق تەلىماتلارغىلا كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆتىمىز:

دېكارت: بىۋاسىتە سەزگۈ بار، ئۇ ئارقىلىق يەشمە خۇلاسىنىڭ باشلىنىشى بولغان. شەك - شۈبھىسىز ۋە ئېنىق



بىلىنىپ تۇرغان ئۇقۇمنى ئاپقىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

سپىنوزا: «بىۋاسىتە سەزگۈ ئارقىلىق ئېلىنىدىغان بىلىم» ئۈچىنچى خىل بىلىم، بىۋاسىتە سەزگۈ ئەقلىي خۇلاسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەم ئەقلىي بىلىمنى تۈگەللەيدىغان ئەقلىي ئىقتىداردۇر. شۇ ئارقىلىق چەكسىز سۇبستانسىيىنى ياكى تەبىئەتنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىغان.

لېنىن: بىۋاسىتە سەزگۈ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئەقلىي ھەقىقەتنى بىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت، دەپ قارىغان.

پسىخولوگىيىدە، بىۋاسىتە سەزگۈ ھەقىقەتنى سەزگۈرلۈك بىلەن بىۋاسىتە پەرەز قىلىۋالالايدىغان بىلىش ئىقتىدارى، ئۇ ھاسىل قىلىنغان بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئالىملار ۋە پسىخولوگىيىدە بايان قىلىنغان قاراشلارنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسەتكىلى بولىدۇ:

(1) دەلمۇ دەل (بىۋاسىتە)؛ (2) بىۋاسىتە يۈز بېرىدۇ؛ (3) مەلۇم تىرىشچانلىق ياكى قىيىنچىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ؛ (4) جەريانلار گويا ئۆزىلا ئورۇنلىنىۋاتقاندەك ئورۇندىلىنىدۇ؛ (5) جەريان بىۋاسىتە سەزگۈ نەتىجىسىنىڭ توغرىلىقىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچتە بولۇش ھېسسىياتىغا ھامىي بولىدۇ؛ (6) بۇ جەرياننىڭ ئەقلىيلىكى بىۋاسىتە سەزگۈنى ئىمپۇلس (مەلۇم ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نېرۋا كۈچى) لىق ھەرىكەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ؛ (7) بىۋاسىتە سەزگۈ جەريانى ئېنىق ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن باغلىنىدۇ، بۇ ئۇنى ئادەت ۋە كۆنۈكۈشتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ؛ (8) تېز ياكى دەرھال يۈز بېرىدۇ.

كەشپىيات ۋە ئىختىرا جەريانىنىڭ ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشتا دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى

دۇنياغا سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان ئالىم دېۋتىڭژاننىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئالىمنىڭ قارىشى بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسنى ئۆزگىچە چۈشەندۈرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر خىل پىكىرنىڭ دېدۇكتىپلىق يەكۈن چىقىرىش يولىنى ياكى ئىندۇكتىپلىق دەلىللەش يولىنى تاپالمىغاندا، ئۇنداق پىكىر بىۋاسىتە سەزگۈ يولى بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. مەشھۇر كەشپىياتلار ئادەتتىن تاشقىرى بىۋاسىتە سەزگۈگە موھتاج بولىدۇ. ئاددىي تېمىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نېگىزلىك قابىلىيەت ۋە ساپا بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇنداق قابىلىيەت ۋە ساپانى «ئىلىم - پەندىكى بىۋاسىتە سەزگۈ» دەپ قەدىرلەش كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. بىز بېسىپ ئۆتكەن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش جەريانلىرىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش تەس ئەمەسكى، ئومۇمىي جاۋابى يوق ھەرقانداق تېمىدا، جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن قىياس زۆرۈر بولىدۇ، شۇ سەۋەبلىك مۇناسىپ دەرىجىدىكى ئەقلىي بىۋاسىتە سەزگۈمۇ زۆرۈر بولىدۇ... بۈگۈن ئىجادىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش زۆرۈر بولغان نەرسە، ئەتىلىككە ئاددىي، ئومۇمىي، ئۆلچەملىك جاۋابى بار نەرسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن... شۇنىڭ ئۈچۈن، بىۋاسىتە سەزگۈ بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي گەۋدە بولىدۇ. ئۇ تېمىنى تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى ۋە قىياسەن جاۋابلارنى ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى، مۇشۇ قابىلىيەتلەرنى تەتبىقلاش ساپاسى، تەتقىقات ئوبيېكتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەزەرىيە ۋە تەجرىبىۋى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنداق ئومۇمىي گەۋدىنىڭ رولى بىۋاسىتە سەزگۈ دەۋاتقان پىكىرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

دېمەك، بىۋاسىتە سەزگۈ گەرچە تاسادىپىي، غايىبلىقتەك مەيدانغا چىققان بىلەن، ئۇنىڭ يەنىلا ئاساسى بار. بۇنداق بىر ئاساسنى قايرىپ قويىدىكەنمىز، بىزدىكى ئىجادىيەت



ئاكتىپلىقىنى ئاللىقانداق تەلەپكە باغلاپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، ئەگەر بىۋاسىتە سەزگۈ ئاشۇنداق ئاساستا چۈشەندۈرۈلسە، ئىجادىيەت ئۈچۈن كېرەك بولغان تارىخىي تەجرىبە ۋە مول بىلىم ئېلىشمۇ چەتكە قېقىلىدۇ - دە، خۇددى بىلىم ۋە تەتقىقات تەجرىبىلىرى يوق بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدىمۇ بىۋاسىتە سەزگۈ ھاسىل بولىدىغاندەك تۇمان پەيدا بولىدۇ. ئىجادىيەتتە بۇنداق يولغا مېڭىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە قارايدىغان بولساقمۇ ئەھۋال شۇنداققۇ! شۇنچە بىلىملىك، يېزىش تەجرىبىسى شۇنچە كۆپ ئالىم ۋە يازغۇچىلارمۇ بەزى مەسىلىلەرنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەي ياكى يازالماي شۇنچە كۆپ ئىزدىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىنمۇ ئالىملار ۋە ئىختىراچىلاردا بولىدىغان بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ خۇددى مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان تەنھەرىكەتچىلەر ئىچىدىكى چېمپىيونلاردەك باشقىلاردىن ھالقىپ كەتكەن بىر خىل ئالامەت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ھالقىشنى پەقەت ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق ئارقىسىدىلا قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. شۇڭا، بىز بىۋاسىتە سەزگۈ سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تېمىنى تەھلىل قىلىش ۋە يېڭى پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت قابىلىيىتىمىزنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، تاللىۋالغان ساھەمىزدە ئاساسىي خاراكتېرلىك ۋە مەخسۇسلاشقان بىلىمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، تېمىنى ھەل قىلىش، جۈملىدىن بەلگىلەنگەن تېمىلارنى ھەل قىلىش سۈپىتىمىزنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. ئەمما، ئۇنى قانداق ئۆستۈرۈش ھەققىدىمۇ زۆرۈر مەلۇمات بولۇشى كېرەك.

ئوقۇتقۇچى ھەرقانداق ئادەمگە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىتىپ قويالايدۇ، - دەيدۇ ئۇسسۇلشۇناس دېۋتىڭژان، - پەقەت ئۇ

ئۆگىنىدىغان بولسا ھەمدە ئۇنىڭ ئاۋاز پەردىسى ياخشى بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاش توغرا بولغان مەشق ئۇسۇلى، تەتقىقات قابىلىيىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرەلەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭدا تۇغما قابىلىيەت بولىدىغان بولسا. مۇشۇنداق تۇغما قابىلىيەتنىڭ بولۇشىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولامدۇ، — دەيدۇ ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بولىدۇ ھەمدە بۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ھەرقانداق بىر بالا كۆنۈكمە ئىشلەش جەريانىدا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ قالسا، ئۇنىڭدا تەتقىقات قابىلىيىتى بولغان بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ كۆنۈكمىنى يېشىش جەريانىدا ناھايىتى ئەركىن - ئازادە بولسا ۋە مەستانىلارچە كىرىشىپ كەتسە، ئۇنىڭدىكى تەتقىقات قابىلىيىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ئالىم ياكى ئىختىراچى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈلات يولنى تاللىغۇچى ئادەم، ئالدى بىلەن چوڭ تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ۋە پەن - تېخنىكا ئىدىيىسىدىن تۆرەلگەن مۆۋەپپەقىيەتلەردىن ھاياجانلانغۇچىدۇر...... نۇرغۇنلىغان ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئەسلىمە ۋە تەرجىمىھاللىرىدا ئۇلارنىڭ ھاياتى بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش...... ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بالىلارنىڭ كەسىپ تاللىشىدا قىيىنچىلىق ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ، شۇنداقلا ئالاھىدىلىكىمۇ بولىدۇ. تاللاشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كەلگۈسى پائالىيەتلەرنىڭ ئۇمۇمىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەشتە خاتا ئىش قىلماسلىقتۇر. ئەگەر ئوقۇغۇچى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ماتېماتىكا كۆنۈكمىلىرىدە كۆرۈنەرلىك قىينىلىپ قالسا، ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت كەسىپلەرنى تاللايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ قىلغىنى توغرا. ھەم ئەدەبىيات - سەنئەتكە، ھەم ماتېماتىكىغا قىزىققان ئومۇميۈزلۈك ئەلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسىپ تاللىشى بىرقەدەر قىيىن



بولىدۇ. بۇنداق بالىلار تەبىئىي پەن، قۇرۇلۇش پەنلىرىنى تاللىسا ياخشى بولىدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىي پەنلەردە ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان قىزىقىش بولۇشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يۇقىرىقىلاردىن پەرقلىنىدىغان تۇغما قابىلىيەتلەرنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق قابىلىيەتلەر تەبىئىي پەنلەردە تەلەپ قىلىنىدىغان قابىلىيەتلەردىن ھېچبولمىغاندا كۆپ پەرقلىنىدۇ.

ئىككى تەرەپتە تەڭ ئەلاسۈپەتلىك بولغان بالىلاردىن باشقا، كىچىكىدىن باشلاپلا ماشىنا - زاپچاسلار ۋە تۈرلۈك ئەسۋابلار بىلەن ھەپىلىشىشكە بېرىلىپ كەتكەن، ھەتتا ئۆيدىكى شۇنداق نەرسىلەرنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ قويۇپ ياكى سۇندۇرۇۋېتىپ، چوڭلارنى كايىتىپ قويغان بالىلاردا تېخنىكا ۋە ئىختىرا ئىشلىرىغا بولغان يوشۇرۇن قىزغىنلىق بولىدۇ. ئۇلار پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ئۇلۇغ كەشپىياتلارنى ياراتقان ئالىملارنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نوقۇل ھالدا نومۇرىغىلا قاراۋالماسلىق كېرەك. ئاشۇنداق ۋە ئۇنىڭدىنمۇ نازۇك بولغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلاردا ئالىملار، ئىختىراچىلار ۋە ئىجادىي خىزمەت ئىشلىيەلەيدىغان مۇتەخەسسىسلەردە بولىدىغان بىۋاسىتە سەزگۈنى قانداق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ؟ شۇنداقلا زۆرۈر بولغان بىلىم، قابىلىيەت ۋە تەتقىقات ساپاسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن گەۋدىسىنى قانداق شەكىللەندۈرگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ ھازىرقى كۈندە مەكتەپلىرىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ھەممە دەرسلىكلەرنى قويماي يادقا ئوقۇش، بىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئىگىلەش، ئېرىشكەن بىلىملىرىنى چۈشىنىۋېلىش جەھەتتە ناھايىتى كەمچىل بولۇشىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى بىلىمنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى بىلىۋېلىشقا، ئىلمىي ئوقۇملارنىڭ

ماھىيىتىنى چۈشىنىۋېلىشقا يېتەكلەش، پەندە بىرەر ئۆتكەلنى قانداق بۆسۈپ چىقىش ھەققىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەركىن - ئازادە، كەڭرى سۆھبەتلىشىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابىنى ئوقۇشىلا ئەمەس، شۇ پەننىڭ روھىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. توغرا، چۈشىنىش ھەر كىمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسىي مەسىلە يېڭىدىن ئېلىنىۋاتقان بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىنىڭ بۇرۇنقى بىلىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنداق يېڭى مۇناسىۋەت ئوقۇغۇچىدا ئاللىقاچان تۇرغۇزۇلغان مۇناسىۋەت سىستېمىسى ئىچىگە كىرىش كېرەك. كونا ۋە يېڭى بىلىملەرنى ئۈزۈپ قويماي، مۇنداق سىستېما قىلىپ مېڭىش پەقەت مۇستەقىل تەپەككۇر ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئادەم پاراسىتىدىكى توختىماستىن ئىنتىلىپ سىستېما تۇرغۇزۇپ ماڭىدىغان بۇنداق بىلىم ئېلىش رولى ئالىم ۋە ئىختىراچى بولۇش ئىستىكىدە ھارماستىن سورىلىدىغان «نېمە ئۈچۈن» دېگەن تەنقىدىي روھ بىلەن بىرلىشىپ، ئادەمنى پەننىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە باشلاپ كىرىدۇ. ئىلىم - پەن نەزەرىيىسىدىكى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىسىدا ئېچىپ تاشلانغان باغلىنىشلار قانچە كۆپەيگەنسېرى، ئۇلار ئارىسىدىن ئېرىشىلىدىغان نەتىجىلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان يېقىنلاشمۇ شۇنچە تېزلىشىدۇ.

شۇنداقلا، تەتقىق قىلىنىۋاتقان ئىلىم - پەن مەسىلىلىرى ھەققىدە دائىملىق تەسىرات ھەم تونۇشلۇق ھاسىل قىلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. گوردون مۇنداق دەيدۇ: «مەسىلىگە يولۇققان چوڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى — تەھلىلدىن پايدىلىنىپ، ناتونۇش نەرسىلەرنى تونۇش، نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت». ئەدەبىيات - سەنئەتتە چوڭقۇر تەسىرات ھاسىل قىلغان نەرسىلەرلا بەدىئىي ئەسەرلەردىكى ئوبرازغا ئايلىنىدىغۇ؟ پەن ۋە تېخنىكىدىكى ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. توغرا پىكىر تەتقىق



قىلىنىۋاتقان ساھەنى كېزىپ چىققان، ئۇ يەردىكى ھەربىر چوڭ - كىچىك يوللاردا مېڭىپ كۆرگەن، ھەربىر جايدىكى ئوسالغۇ ۋە خەتەرلەرنى ئېنىق، توغرا كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئادەملىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق چېنىقىشتا ئەڭ مۇھىم بولغىنى پۈتۈنلەي يېڭى بولغان نەزەر بىلەن مەسىلىلەرگە قاراش بولۇپ، چېرىگەن، كونىرىغان، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، مۇقىملىشىپ كەتكەن كۆز قاراش، رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاش، كۆڭلىدە باشقىلارنىڭ «تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان ئەخمەق»، «سەۋدا» دەيدىغان مەسخىرىلىرىدىن قورقماي، خىيال، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەركىن قانات قاقتۇرۇپ، «گۇمانلىق»، «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن نۇقتىلارغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى رولى ئەنە شۇنداق چوڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ چەكلىمىلىك بار.

بىرىنچىدىن، ئاسانلا تار كۆزنىتىش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ھەتتا تەجرىبىسى مول تەتقىقاتچىلارمۇ. ئالايلۇق، پسىخولوگلار، دوختۇرلار ۋە بىئولوگلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ دائىم دائىرىسى چەكلىك بولغان ۋە سانى يېتەرلىك بولمىغان كۆزنىتىش پاكىتلىرىغا ئاساسەن پەيدا قىلغان بىۋاسىتە سەزگۈسىگە تايىنىپ پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئالايلۇق، دوختۇر كېسەلگە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش يۈرگۈزمەستىن بىۋاسىتە سەزگۈسى بويىچە ئالدىراپ - سالدىراپ ھۆكۈم چىقارسا، بۇ ھالدا دىئاگنوز خاتا بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بىۋاسىتە سەزگۈ بىر - بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىككى ھادىسىنى كۆپىنچە بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىدە ساختا ھېس پەيدا قىلىدۇ.

شۇڭا، بىۋاسىتە سەزگۈدىن چىقىرىلغان خۇلاسە ۋە قىياس-

لارنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئەمەلىيەتتە سىناش كېرەك. بۇ ئىلمىي ئىجادىيەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. ئەمما بىۋاسىتە سەزگۈدە چەكلىمىلىك بار دەپ ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتتىكى رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇنداق بولسا، بىۋاسىتە سەزگۈ قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قايسى شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟

بىرىنچى، مۇستەھكەم ۋە دائىرىسى كەڭ بولغان بىلىم ئاساسى بولۇش كېرەك. چۈنكى بىۋاسىتە تەپەككۇر ياكى بىۋاسىتە ھۆكۈم سۇبيېكتىپ ئارزۇغا، كىشىلەر ئۆز خىيالى بويىچە چۈشەندۈرۈپ يۈرگەن ئاللىقانداق غايىب «ئىلھام» لارغا ئەمەس، بەلكى مول بىلىم، ھەقىقىي قانۇنىيەتكە تايىنىدۇ.

ئىككىنچى، مول تۇرمۇش تەجرىبىسى بولۇش كېرەك. چۈنكى بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن يالغۇز كىتابىي بىلىم بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بىۋاسىتە تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى تېزلىك، جانلىق، چېۋەرلىك بولغانلىقتىن، بۇ ئىسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرمىگەن، تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كۆرمىگەن، تۇرمۇشتا مول تەجرىبىگە ئىگە بولمىغان ئادەملەر بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. تۇرمۇشتا ئەنە شۇنداق تەرەپلەردە چېنىققان ئادەم بولسا، ئەنە شۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكلىرى ئۇنىڭغا بەرگەن پاراسەت ئۇنى ئىجادىيەت جەريانىغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئىجاد قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم بۇنىڭغا سەل قارىماسلىقى، يۇرتىنىڭ، خەلقىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان خۇشلۇق ۋە خاپىلىقلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ، بەخت يارىتىش يولىدا ناۋادا غىل - پال يېنىپ - ئۆچۈپ كېتىدىغان شام يورۇقچىلىك بولسىمۇ، نۇر تارقىتىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى بولۇش كېرەك.



بىۋاسىتە سەزگۈ دەرمەھەللىك ئىچىدە بىۋاسىتە ئورۇنلىنىدىغان بولغانلىقتىن، پىكىرنىڭ ئەتراپلىق بولۇشى ۋە توغرا بولۇشى ناھايىتى تەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇردا مەسىلىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزىتىش، شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ۋە ماھىيىتىنى بىرقەدەر تېز كۆرۈۋېلىش قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا بىۋاسىتە سەزگۈدىن كېلىپ چىققان خۇلاسە تېخىمۇ ئىشەنچلىك، تېخىمۇ ئىلمىي بولىدۇ.

زامانىمىزنىڭ پسىخولوگلىرى كىشىلەرنىڭ ھەدېسىلا مېڭىش يولىدىكى توسالغۇلار ۋە تۈرلۈك جايلىرىنىڭ تارلىقى ئۈستىدە ۋايساپ، كۆڭۈلدىكى تارلىق ۋە پىكىرگە توسالغۇ بولىدىغان پسىخىك ئاجىزلىق ئۈستىدە كارى بولمايۋاتقان ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلقتە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ئېچىش نۇقتىسىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەرقانداق ئىجادىيەتنىڭ تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەتنىڭ توسالغۇلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەندىن كېيىن شەكىللىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. تەپەككۇر، ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىجادىي تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پسىخىك ئاجىزلىق شەكلى بىلەن مەيدانغا چىقىپ، بىزنى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىغا ئۆلۈك مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە تەپەككۇر ئادىتىدە قاتمال قىلىپ قويىدىغان تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەت توسالغۇلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ھازىر بىز بۇنداق پسىخىك ئاجىزلىقلارنى ئىدراك، مەنتىقە، ماھارەت، مۇھىت تەرەپلەردىن بىلىپ يېتىۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما بۇ جەھەتتىكى بىلىشىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. ھازىر بىزدىمۇ پسىخىك جەريانلارنى تەكشۈرىدىغان تەتقىقات راۋاجلانماقتا. پسىخىكا ۋە تەپەككۇر ئۈستىدە پسىخولوگىيە، لوگىكا، ستاتىستىكا، بىئو خىمىيە، مېڭە فىزىئولوگىيىسى، ئىجادىيەتشۇناسلىق، تالانت، ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى، پېدا-

گوگىكا قاتارلىق پەنلەر بويىچە ئوخشاش بولمىغان ئۇقتىلاردىن تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىزگە توسالغۇ بولۇۋاتقان پىسخىك ئاجىزلىقلار ۋە پىكىر جەھەتتە ئىجادىيلىقتا ئۆتۈشنىڭ سىرلىرى ئۇزاققا بارماي ئېچىپ تاشلىنىدۇ. بىراق، بىز داۋاملىق ساقلاپ تۇرالمايمىز. چۈنكى ھازىر ئۇچۇرنىڭ دۇنياۋى خاراكتېر ئېلىشى دۇنيا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمى بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىز سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەلنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسى ۋە ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىمىز ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشىشنىڭ بىر خىل تەدبىرى. بۇنداق ئەھۋالدا كەڭ دائىرىدە پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، كەڭ دائىرىدە تەپەككۇر قىلىدىغان پەرقلەرنى يېتىلدۈرۈپ، بىكىنمە تەپەككۇر قىلىشتىن ئۇچۇق تەپەككۇر قىلىشقا ئۆتۈپ، ئىجادىيەت قۇدرىتىمىزنى ئاشۇرۇش ناھايىتى مۇھىمدۇر.

تارىختىكى تەجرىبىلەردىن قارىغاندىمۇ، ھەر ئىشتا داڭق چىقارغان كىشىلەر ئىجادىيەتتە ئۇلۇغۋار نىشانغا ۋە كەسپىي جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغاندىن باشقا، ۋەتىنىگە، خەلقىگە، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىدىغان ساغلام، غايىۋى پىسخىكىغا ۋە جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە بولغان. ئۇلاردا ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار نىشان ۋە بىلىم بولغاچقا، ئۇلۇغۋار نىشان ئۇلارنىڭ ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا پائال ۋە جانلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولغان. ئۇلارنىڭ نىشان قوغلىشىشتىكى كۈچلۈك كەسپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولغان. دۇنيا تارىخىنىڭ بىر دەۋرىدە ھەممە مىللەتلەردە مۇھىم تۆھپە ياراتقانلار جەزمەن پىسخىكىسىدىكى ئاجىزلىقلارنى تونۇپ تۈزەتكەن، ۋەتىنىگە، خەلقىگە



چەكسىز مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان. شۇ زاماننىڭ ئىجادىي تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى جانلىق تەتبىق قىلالايدىغان ۋە تەپەككۇرنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلالايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلاردىكى مانا مۇشۇنداق غايىۋى نىشان، كەسپچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مىللەت، دۆلەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپلا قالماي ھەتتا ئۇلارنى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە سەۋەب بولغان. شۇڭا، نۆۋەتتىكى كوممۇنىزملىق غايە، كەسپچانلىق ئارقىلىق خەلققە بولغان جاۋابكارلىقنى بىرلەشتۈرگەن. كاللىسىدىكى پىسخىك ئاجىزلىق ۋە تەپەككۇر، توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەپەككۇر دائىرىسى كەڭ بولىدۇ، ئويلىغانلىرى مول مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار بىر دائىرىدە بىر نەرسىنى تەكرار ئويلاۋەرمەستىن، ئەگەشمە تەپەككۇرچىلار ئويلاۋاتقاندا، ئىجادىيەت مېۋىسىگە جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن سۇ قۇيۇپ بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئۆتكۈر، سەزگۈر بولۇپ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قۇيۇپ بېرىدىغانلارنىمۇ بايقىۋېلىپ، ئۆزگىرىشلەرگە تېز ماسلىشىدۇ - دە، ئەمگەك سەرپ قىلمايدىغانلار چۆچۈرىنى خام سانىغىچە ئىجادىيەت مېۋىسىنى ئۈزۈپ بولىدۇ. قىسقىسى، پىسخىك ئاجىزلىقلار ۋە تەپەككۇر قاتماللىقىدىن ئىبارەت ئىچكى ئاجىزلىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولماي، تاشقى بېسىملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىنسان ھوزۇرىنى سۈرىدىغان يېڭى ھاياتقا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشىدۇ. زامان تەلىپىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە ئادەملەرگە ئايلىنىش ئۈچۈن، بىز غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئېرىشىپ ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاش بىلەنلا قالماستىن، ئاشۇنداق چاسارەتلىك كىشىلەرنى ئۈلگە قىلغان ھالدا ئۆزىمىزدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلارنى ۋە تەپەككۇرىمىزدىكى توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

## 5. ئىجادىي تەسەۋۋۇر

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانىدۇر.

— ناپولېئون

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىشىغا سەۋەب بولغان.

— ئوسبورن

— ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىقتىدارلىرى ئىچىدە ئالىغا ئەڭ يېقىن بولغىنى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى.

— كىراك

— روھنىڭ پايانسىزلىقى، تەسەۋۋۇرنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشى، قەلبنىڭ ئىشچانلىقى — ئالاھىدە تالانتتۇر.

— دىدرو

— تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بۇلىقى. ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. مۇنداق قابىلىيەتنى بۇزۇۋەتكەن ھامان ئىنسانىيەت ياۋايىلىق ھالىتىدە توختاپ قالىدۇ.

— تۇگرىت ستۇخارت



— تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بىلىمدىنمۇ مۇھىم. چۈنكى بىلىم چەكلىك. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولسا دۇنيادىكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە بىلىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بۇلاق بولالايدۇ. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى پەن تەتقىقاتىدىكى ئەمەلىي ئامىلدۇر ... تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى يوق روھىي دۇنيا تېلىسكوپ يوق رەسەتخانىغا ئوخشايدۇ.

— ئېينىشتېين

— تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىجادىي بولغان بىلىش قابىلىيىتىدۇر. ئۇنىڭدا شۇنداق بىر كارامەت باركى، ھەقىقىي تەبىئەت يەتكۈزۈپ بەرگەن خام ماتېرىيالدىن ئۆزى ئويلىغان يەنە بىر تەبىئەت دۇنياسىنى ئىجاد قىلالايدۇ.

— كانت

ئىجادىيەت جەريانىدا تەسەۋۋۇرنى قەدىرلىمەيدىغان ئالىم ياكى سەنئەتكار يوق. تەسەۋۋۇر بىز ئەقىل تەركىبىدە سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدىن باشقا. ئادەمدىلا ئالاھىدە بولىدىغان پسىخىك جەريان بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئاللىقاچان ئېرىشكەن تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بۇرۇن خاتىرە قىلىنغان ئوبرازلارغا ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىباشتىن بىرىكتۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مەلۇم يېڭى ئوبراز ئىجاد قىلىدۇ، ئادەم گەرچە تېخىچە ھېس قىلمىغان ياكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان شەيئىنى تەسەۋۋۇر قىلىسىمۇ، ئەمما تەسەۋۋۇرنىڭ مەنبەسى ئوبيېكت ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. شۇڭا،

ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بارلىق ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتلەر تەسەۋۋۇردىن ئايرىلالمايدۇ. تەسەۋۋۇر ئىجادىي ئەمەلىيەت داۋامىدا تەرەققىي قىلىدىغان، ھېسسىي ئوبرازلار ئارقىسىدا بېيىپ بارىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن بىزنىڭ بىلىشىمىز چەكسىز رېئال دۇنيادا پەرۋاز قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىرلىق خىياللار دېڭىزىدا كېزەلەيدۇ؛ ئۆتۈپ كەتكەن ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى ئەسلەپلا قالماي، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان يىراق كېلەچەككىمۇ بارالايدۇ؛ دۇنيانى بىلىپلا قالماستىن، يەنە دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ. ئالىملارنىڭ قىياسلىرى، ئىنژېنېرلارنىڭ لايىھىسى، يازغۇچىلارنىڭ ئوبراز يارىتىشى، رەسسام، سەنئەتچىلەرنىڭ بەدىئىي نۇسخىلىرى، ئىشچىلارنىڭ تېخنىك يېڭىلىشى، دېھقانلارنىڭ يېڭى سورتلۇق ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈرۈشى قاتارلىقلار، ھەتتاكى ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىجادىي ئەمگەكلىرىدە ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ كرېستالى بار. بۇنداق ئىجادىي تەسەۋۋۇر بولمىسا، ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلالمايدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزىدىكى گۈزەللىكنى يوقىتىدۇ، كىشىلىك ھايات خۇنۈكلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىكەن، پەن تەتقىقاتى ئۇنىڭغا تېخىمۇ موھتاج بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئىلىمدە بۆسۈش بولۇشى، تالانتنىڭ ئۆزىنى تونۇتالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىلىم - پەن تارىخىدا گويا «بىمەنىلىك» كە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرمۇنچە تەسەۋۋۇرلار مەيدانغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان كونىلىق ساقلىغۇچىلارنىڭ ھۇجۇملىرى، بۆھتانلىرى، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ مەسخىرە كۈلكىلىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، دەل ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەر بىلەن چىقىشالمايدىغان تەسەۋۋۇرلار كونا تەلىماتلارنى بەربات قىلىپ، يېڭى تەلىماتلارنى ياراتتى، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىدا ئۆچمەس



ئىز قالدۇردى. دېمەك، تەسەۋۋۇر، ئىجادىيەت ئۈچۈن يەنىلا تەسەۋۋۇر كېرەك. خۇددى بۇ دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئارقىسىغا بىر سىر يوشۇرۇلۇپ ياتقاندەك. كىشىلەر زادىلا ئەقىلگە سىغدۇرالمىغان يەردىن، ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىغان يەردىن بىر مۆجىزىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىختىرا، كەشپىيات ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجادىيەتلەرنىڭ دەل كىشىلەر «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن يەردە ھاسىل بولۇشى تەسەۋۋۇرنىڭ مۇھىملىقى بولماي نېمە؟

پەندە ئىسپاتلىنىشىچە، پائالىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىدا بار نۇرغۇن قابىلىيەتلەرنىڭ ئورنىنى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئىگىلەپ كېتەلىسىمۇ، ئىجادىي قابىلىيەت (تەسەۋۋۇر قىلىش، ئالدىن كۆرۈش ۋە كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش) نىڭ ئورنىنى ھېچقانداق ماشىنا ئورۇنداپ كېتەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىجادىي تەسەۋۋۇردىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ئەمەلىيەتتە چەكسىز بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بىلىشنىڭ پىسخىك جەريانى سەزگۈ، خاتىرە، تەپەككۇر قاتارلىق بىلىشلەرنىڭ پىسخىك جەريانىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئەركىن بولۇپ، ئۇ بىلىش قابىلىيەتلىرى ئىچىدىكى خالىغان ئىشنى قىلالايدىغان ئەركە بالىدۇر. ئۇ شۇنداق ئەركىن بولغانلىقتىن، شەكىللىنىش جەريانىدا گەرچە ئەمەلىي پاكىتلارنى ئاساس قىلسىمۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئۇششۇمتۇت ئوتتۇرىغا چىقىپ، بېكىتىلگەن قائىدە، تەرتىپ، نىزام ھەتتا ئەدەب - قائىدىلەر بىلەن زىتلىشەلەيدۇ. شۇڭا، ئالىم، سەنئەتكارلارنىڭ جانلىق تەسەۋۋۇرلىرى ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئۇ چېكىدىن بۇ چېكىگىچە، ھەتتا كائىناتقىچە چەكسىز پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلالمايدىغان نەتىجىلەرگە ئىگە قىلىپ قويىدۇ. ئۇلانما تەسەۋۋۇر بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى كۆرۈنۈش-

لىرىگە قاراپ باقايلى: بىر كاۋچۇك زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى بولكىنىڭ خېمىرتۇرۇچ (ئېچىتقۇ) سېلىنغانلىقتىن، ئىچى ئۇششاق كاۋاكچە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇنداق خۇسۇسىيەتنى كاۋچۇك سانائىتىگە تەتبىقلاش مۇمكىنمۇ؟» دەپ ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلغان. شۇ ئاساستا ئىزدىنىپ كاۋچۇك بۇلۇتنى ئىجاد قىلغان. يەنە بىر زاۋۇت سوپۇنغا گاز پۈركۈپ، ئىچىنى كاۋاكلاشتۇرۇش بىلەن سۇدا لەيلەيدىغان سوپۇن ئىجاد قىلغان. بىر سېمونت زاۋۇتى مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئىچى كاۋاك ئەمما چىداملىق بېتون ئىشلەپ چىقارغان ... مانا مۇشۇنداق بىرمۇنچە ئىجادىيەت بولكىنىڭ ئىچى ھۆكۈنەك شەكىللىك كاۋاك بولۇشىدىن ئىبارەت بىر خۇسۇسىيەتتىن ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىنغان. بۇلار تەسەۋۋۇر ياكى ئۇلانما تەسەۋۋۇرنىڭ ئىجادىي تەپەككۇردىكى ناھايىتى مۇھىم ئالاھىدىلىك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، ئىجادىيەتتە باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئادەملەر ئەمەلىيەتتە كاللىسى ئەنە شۇنداق ئەركىنلىككە، مول تەسەۋۋۇرغا، چەكسىز رومانتىك خىياللارغا بېرىلگەن، ئاللىقانداق بىر مۆجىزىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا دۇنيانى كېزىپ چىقىشقا تەييارلانغان ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرلىرى زامان، ماكان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۇنياغا يۈزلەنگەن ۋە شەيئىلەرنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىلىرىگىچە كېزىپ يۈرگەنلىكتىن، ئىدىيىسىنى تار دائىرىگە ئىسكەنجىۋېلىپ، كىچىككىنە بىلىمى بىلەن قارىغۇلارچە داۋراڭ سېلىپ يۈرگەن ئادەملەردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، دۇنيادا كىشىلەر ھەرقانداق ئىشقا چەكلىمە قويالىسىمۇ، ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى تەسەۋۋۇرغا توسۇق قۇرالمايدۇ. بۇنداق توسۇقنى پەقەت ھەر ئادەم ئۆزىگە ئۆزى قۇرۇۋالىدۇ، كاللىسىدا بۇنداق توسۇق قۇرۇۋالغان ئادەملەر پىسخىك پەزىلەتتىكى ئاجىزلىق تۈپەيلى ئاللىقانداق «مۆتىۋەر ـ



مەخسۇملار»، «ئۆلىما ـ ئازىنىلار»، «سوپىزلۇق ئەربابلار» نىڭ تۈرلۈك خاتا يەكۈنلىرىگە باش ئۇرىدۇ (ۋاقتى كەلگەندە، ھەقىقىي ئەرسىلەرنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر، ئەلۋەتتە). كاللىسى ئازاد تەسەۋۋۇرچىلار بولسا، ھەرقانداق ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتنىڭ باسقۇچلۇق ھەقىقەتلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئاخىرىدا تاماملانغان ھەقىقەت دەپ باش ئۇرمايدۇ. قىسقىسى، تەسەۋۋۇر يولىدا ئاخىرىدا تاماملىنىش بولمايدىغانلىقىنى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مانا مۇشۇنداق تاماملىنىش بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ ئالغا باسىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، بەزى ئالىملار غەۋۋاسلىقنى ۋە سۇ ئاستى كېمىسىنى ياساپ دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ئاستىغا چۈشۈشنى، ھەتتا ئايغا چىقىپ ئايلىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا، كىشىلەر ئۇلارنى شاڭخو قىلغانىدى. ئەمما، ئۇ ئالىملار دېگەنلىرىنى شۇ ھامانلا رېئاللىققا ئايلاندۇرالمىغاچقا، شاڭخوچىلارغا: «قاراپ تۇرۇڭلار، بىر ئادەم تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، باشقىلار بولسا ئۇ تەسەۋۋۇرلارنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەن. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئالىملار دېگەندەك بولدىغۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى شۇكى، ھەر كىم بىلگىنىنى ئېيتار، كۆرگىنىنى قىلار دېگەندەك، ئىجادىي تەسەۋۋۇر باشقىلارنىڭ دېگىنىدەك بولمايدۇ، بەلكى تەشەببۇسكار ئىجادىيەتچىنىڭ ئارزۇلىرىدەك بولىدۇ. چۈنكى تەسەۋۋۇرنىڭ باشقا شەكىللىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدا ھەقىقىي ئىجادىي تەسەۋۋۇر ناھايىتى كۆپ ھاللاردا تەبىئىي ھالدا پەيدا بولمايدۇ. شۇ تۈپەيلى ئىجادىي قابىلىيەتمۇ نوقۇل تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن تېخىمۇ مول مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ ۋە بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز ھەم ئىستەكلىرىمىز بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن تەسەۋۋۇر شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىزنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىدۇ، ئەقلىي ئىقتىدارىمىزنى

تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسەن، بىلمىگەنلەرنىڭ تېرە تاراقشىتىشىدىن ئەندىكمەي، ھەقىقىي بىلگەنلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇزاققىچە تىرىشىدىغان بولساق، بىزمۇ ئاددىي ئادەملىكىمىزگە قارىماي ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ خاسىيىتى بىلەن توختىماستىن ئالغا باسالايمىز. يەنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى توختاتماي داۋام ئەتتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاشۇنداق يىراقنى كۆرىدىغان ئالىملارنىڭ شاگىرتى بولۇپ قالىمىز.

ئۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇرنىڭ ئىجادىيلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆپلەپ ماتېرىياللارنى توپلاش، بولۇپمۇ پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش روھىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. پاۋلوپ شاگىرتلىرىغا: «قۇشلارنىڭ قانىتى قانچە گۈزەل بولغان بىلەن، ئۇنى ھاۋا كۆتۈرۈپ تۇرمىسا مەڭگۈ ئېگىز ئۇچالمايدۇ. پاكىت ئالىملارنىڭ ھاۋاسىدۇر، ئەگەر سىلەر پاكىتلارغا تايانمايدىكەنسىلەر، مەڭگۈ ئۇچالمايسىلەر» دېگەن. بۇ سۆز ماتېرىيال توپلىمىغان، پاكىتلارنى بىلمىگەن، ئۆز جەمئىيىتى، خەلقى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلانمىغان ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلالمايدىغانلىقىغا گۇۋاھتۇر. بىرمۇنچە كىشىلەر نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ساپ نەزەرىيىدىن كېلىپ چىققان دېگەندە، ئېيىنشتېيىننىڭ بەرگەن جاۋابى بىز ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر تەربىيىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن جامائەتنىڭ مۇنداق بىر پاكىتقا دىققەت قىلىپ قويۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن: بۇ نەزەرىيە ساپ نەزەرىيىدىن كېلىپ چىقمىغان، بەلكى فىزىكا نەزەرىيىلىرىنى ئىمكان قەدەر كۆزىتىلگەن پاكىتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان». بۇ سۆزدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئالىملار، ئىختىراچىلارنىڭ دادىل قىياسلىرى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىدۇ، ئەدەبىيات — سەنئەتچىلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىمۇ رېئال تۇرمۇش جەريانىدىن ماتېرىيال ئالىدۇ،



ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت تەسەۋۋۇرنىڭ بۇلىقى ۋە مەزمۇنىدۇر.

ئىككىنچى، بىلىنمىگەن دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك. ئادەملەر پۈتكۈل دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش يولىدا ئاجايىپ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەممىدىن ھوشيار بولغاچقا، ئېھتىياتچان بولغان. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئايىغى چىقىپ ئويناشقا كىرىشكەن ھامان: «سۇ بويىدا ئوينىما»، «تونۇمىغان ئادەملەر بىلەن گەپلەشمە»، «چوڭلار سۆزلەۋاتقاندا ئاقساقاللىق قىلما» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ئەركىن ئويلاشتىن، سۆزلەشتىن، ئىشلەشتىن توسۇپ كەلگەن. ھەتتا كۇڭزىدەك بۈيۈك ئالىملارمۇ «ئارزۇلۇق بالاڭنى يانىڭ تۈۋىدە قويما» دېگەندەك يەكۈنلەر بىلەن كىشىلەرنى بىلىنمىگەن دۇنيا توغرىسىدا ئىزدىنىش تۈگۈل، قىلىشقا بولىدىغان تەييار ئىشلاردىمۇ ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مېڭىشقا تېگىشلىك يولدا ماڭالمايدىغان، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئالدىدا جۈرئەتسىزلىك قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن. مەسىلەن، ھازىرمۇ كۆپ ساندىكى ئادەملەر تاغدىكى تار يوللاردا مېڭىشتىن قورقىدۇ. ئەگەر شۇنداق تار يول تۈزلەڭلىكتە بولسا، ئۇلار زادىلا قورقماي ماڭالايدۇ. ئۇلاردىكى قورقۇنچ تاغلىقتىكى تار يوللاردا، بولۇپمۇ بىر تەرىپى تاغ، بىر تەرىپى دەريا ـ ئېقىن بولغان تار يوللاردا مېڭىپ كۆرمىگەنلىكتىن كەلسە قورقماسلىق، تۈز يەردىكى تار يوللاردىمۇ دائىم مېڭىپ كۆرگەنلىكتىن كەلگەن. كىنولاردىن ئۇۋچى، مەرگەنلەر، چارۋىچىلار «تاغ خەلقىنىڭ يۈرىكى تاغدەك» دېگەندەك، كىشىلەر قورقۇپ يۈرگەن شۇ تاغ يوللىرىدا ئەركىن مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، ھەتتا ئاتلىق چېپىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بولغىيتتىڭىز؟ ئۇلار بىلەن سىزنىڭ پەرقىڭىز پەقەت سىزنىڭ شۇ تاغ يوللىرىغا ناتونۇش بولغانلىقىڭىزدۇر. ئەگەر سىزمۇ شۇ تاغ يوللىرىدا

مېڭىپ گۆنسىڭىز، ئۇنىڭدىمۇ خۇددى تۈزلەڭلىكتىكىدەك مېڭىپ كېتەلەيسىز.

ئىلىم - پەن ساھەسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدە ھەرقانداق بىر پائالىيەتنى ئورۇنداپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا تولۇق ئىشىنىدىغان بولسىڭىز ۋە دادىللىق بىلەن ئۆزىڭىز ناتونۇش بولغان بىر ساھەگە كىرىپ ئىزدىنىدىغان بولسىڭىز، سىزمۇ بۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇرلىرىنى ھېس قىلالايسىز. ئالاھىدە تالانتلىق ئاتالغان، ئۆز ھاياتىدا نى - نى ئىشلارنى قىلىۋەتكەن ئادەملەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ باقسىڭىز، ئۇلار يالغۇز بىر ئىشنىلا پۇختا بىلىدىغان ئادەملەر ئەمەس، بىلىنمىگەن نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئادەملەردىنمۇ ئەمەس. فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، ئىبنى سىنا، فرانكلىن، داۋىنچ، گالىلېي، بابۇر، چېرچىل ۋە مۇشۇلارغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلىنمىگەن دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ پېشۋالىرىدۇر.

ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈرۈش مۇمكىن بولغان ئەڭ گۈزەل شەيئى سىرلىق، بىلىنمىگەن دۇنيادۇر، — دەيدۇ ئېينىشتېين — ئۇ بارلىق سەنئەت ۋە پەننىڭ ھەقىقىي بۇلىقىدۇر. ئەلۋەتتە بارلىق ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ ئادەتتىكى ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى پەقەت ئۇلارنىڭ ھەرقاچان ئىزدىنىش پەزىلىتىدە شۇنداقلا بىلىنمىگەن دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان جاسارىتىدە كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، بىز تەسەۋۋۇرىمىزدىكى ئىجادىيلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئالاھىدە تالانتلىقلارغا ئايلىنىش ئۈچۈن، بىلىنمىگەن نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق ئىزدىنىش جەريانىدا تەسەۋۋۇردىكى ئىجادىيلىق ئۆسۈپلا بارماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ باشقا قابىلىيەتلىرىمۇ يۇقىرى تەلەپ بىلەن ئۆسۈپ بارىدۇ.

ئۈچىنچى، تەسەۋۋۇرنى ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش



كېرەك. تەسەۋۋۇر بىزنى بىلىنمىگەن قاراڭغۇ دۇنياغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە بىز ئۆزىمىز بار بولغان بىلىمدىن يانىدىغان ئاجىز نۇر بىلەن بەزىدە مەلۇم قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن. ئەمما، بىز ئۇ ۋەقەلەرنى ئەستايىدىل دەڭسەپ كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ پەقەت بىزنىڭ دەرمەھەللىك دىققىتىمىزنى جەلپ قىلغان كېرەكسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى بايقاپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. تەسەۋۋۇر خۇددى لەگلەكنىڭ ئېگىزلەپ ئۇچىشىمۇ ئادەم تۇتۇپ تۇرغان يىپتىن ئايرىلىپ كېتەلمىگىنىگە ئوخشايدۇ. بۇ يىپ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئىلىم - پەندۇر. گېيوتى بۇ ھەقتە قىزىقارلىق ھەم ئوبرازلىق بىر سۆزنى قىلغان: «تەسەۋۋۇر سەزگۈدىن ھالقىپ كېتىدۇ. بۇ، يەنە سەزگۈ تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىدۇ. لېكىن، تەسەۋۋۇر يۇقىرىغا ھالقىۋاتقاندا يەنە ئەقلىيلىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان ھامان بۇ ئالىي رەھبەرگە مەھكەم ئىتائەت قىلىدۇ... ئۇ ئەقلىيلىك بىلەن قانچە بىرلەشكەنسېرى شۇنچە قىممەتلىك بولىدۇ». بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر پۈتۈنلەي خىيالپەرەسلىك ئەمەس. مەلۇم مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىلمىي يوسۇندا قىلىنغان تەپەككۇرنىڭ ئالىي قاتلىمى بولۇپ، ئۇ ھەر قاچان ئەقلىيلىكتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولۇپمۇ ئۇ توغرا - خاتالىق ئۆلچىمى بويىچە ھۆكۈم قىلىشتىن ئۆتۈشى كېرەك ھەتتا ئالىملار تەجرىبىخانا ئەمەلىيىتى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا كۆزەتكەن پاكىتلار ئارقىلىق ئۆز قىياسلىرىنى تەكشۈرۈشى، لايىھىلىگۈچىلەر تەجرىبە ئارقىلىق ئۆز لايىھىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇرىمىزدا پەقەت ھۆكۈملا بولسا، پىكرىمىز غۇۋالىشىپ كېتىدۇ، بۇنداق بولماي پەقەت تەسەۋۋۇرلا بولسا، نىشاندىن ئادىشىپ كېتىمىز.

تۆتىنچى، يەكدىل بولۇش كېرەك. ھەر ئادەمدە بار ئېگىزلىك قابىلىيەت كۆپ ھاللاردا باراۋەر بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن ئارتۇقچىلىقى ناھايىتى ئاز ھەم كەۋدىلىك تەرەپلىرىدىن بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى نېمىشقا ئوخشىمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت رىتىمىدا، ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشتىكى ئىختىيارىي تىرىشچانلىقىدا بولىدۇ. بۇنداق ئىختىيارىي تىرىشچانلىق، بولۇپمۇ ئىختىيارىي تىرىشچانلىق نىشانى بولغان مەسىلىگە يەكدىل بېرىلىش بولمايدىكەن، ئادەمنىڭ چەكلىك ھاياتىدا ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەندۇرۇس ۋە شارائىتلىرى بار تۇرۇپمۇ نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمەسلىكى دىققەتنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئىجادىيەت قىمىسى ئۈستىگە يىغمىغانلىقى، شۇئىشتا يەكدىل بولمىغانلىقىدۇر. ئالايلۇق شۋېتسارىيىلىك بىر ئادەم 80 ياشلىق ئۆمرىنى ھېسابلاپ 26 يىلىنىڭ ئۇخلاشقا، 22 يىلىنىڭ خىزمەتكە، ئالتە يىلىنىڭ تاماققا، بەش يىلىنىڭ ۋاقتى - سائىتىدە كەلمىگەنلەرنى ساقلاشقا، 228 كۈنىنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىشقا؛ 26 كۈنىنىڭ بالا - چاقىسىنى تەنبىھ قىلىشقا، 18 كۈنىنىڭ بەلباغ باغلاش ۋە گالستۇك تاقاشقا، 46 سائەتنىڭ كۈلۈشكە سەرپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئەمما، ئادەم ھاياتىدا بىردىنبىر مۇھىم ئادىمىلىكنى بالداقمۇ بالداق كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان تەپەككۇرغا قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلغىنىنى ھېسابلاپ كۆرمىگەن. بۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە بېرىلىپ ئويلانمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىجادىيەتشۇناس ئوسبورىن «ئىجادىي تەسەۋۋۇر» دېگەن كىتابىدا يەنە بىر ئالىمنىڭ سۆزىنى مىسال كەلتۈرۈپ، تەسەۋۋۇرغا يەكدىل بولۇشنىڭ ئۆزىگە تەلەپ قويۇش ئارقىسىدىلا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئالىم مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادىكى ئادەملەر ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، كاللىسىنى ئىشلىتىدىغان ئادەم-



لەر؛ ئىككىنچىسى، ئېغىزىنى ئىشلىتىدىغان ئادەملەر؛ ئۈچىنچىسى، ھەر ئىككىسىنى قىلمايدىغان ئادەملەر. ئەگەر سەن بىرىنچى خىلدىكى ئادەملەرگە مەنسۇپ بولمايدىكەنسەن، ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنكى، سەن زۆرۈر بولغان زېھنىڭنى ئەڭ زور چەكلىمىدە تەسەۋۋۇر قىلدۇرالايدىغان زۆرۈر پائالىيەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈشنى مەڭگۈ بىلەلمەي كېتىسەن.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، يەكدىل بولغاندا، ئۆزىمىزنى مېڭىسىنى ئىشلىتىپ تۇرىدىغان ئادەملەر قاتارىدا قويۇپ پىلانلىق تەسەۋۋۇر يۈرگۈزگەندە، ئاندىن تەسەۋۋۇرنىڭ ئىجادىيلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتالايمىز.

— بىرنەچچە ئايدىن بېرى مەن شىركىتىمىزنى بىزنىڭ بارلىق شېرىكلىرىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمكارلىق كارخانىسىغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، — دەيدۇ ئوسبورىن. شۇ كىتابىدا، — بىر كۈنى كەچتە مېتروغا چۈشۈش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، بىر پارچە گېزىت سېتىۋالماقچى بولدۇم. شۇ ھامان يەنە تۇساتتىن: «مۇشۇ 20 مىنۇتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈم ئىزدىنىۋاتقان ئۇسۇل توغرىسىدا ئويلىنىۋالايچۇ» دېگەن ئويغا كەلدىم - دە، پويىزنىڭ بىر ئورۇندۇقىغا بېرىپ ئولتۇرۇپلا خاتىرە يېزىشقا باشلىدىم. ۋاگوننىڭ ئىچى قىستا - قىستاڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىدى. لېكىن، مەن مۇشۇنداق مۇھىتتا ئۆزۈم ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدەپ كەلگەن بىر ئۇسۇلنى تېپىۋالدىم. ناۋادا مەن شۇ گېزىتنى سېتىۋېلىپ ئوقۇغان بولسام، بۇ ئۇسۇلنى ئۆمۈرۋايەت ھەل قىلالماس ئىكەنمەن، بەلكى، مەن خاتىرە يېزىش ئارقىلىق دىققىتىمنى ئاشۇرۇپ بارمىغان بولسام، ئۆزۈمنىڭ ئۇ مەسىلىنى ئاشۇنداق ھەل قىلىپ كېتەلىشىمگە ئىشەنمەيمەن. ئەمەلىيەتتە، مەيلى قايسى يەردە تۇرايلى، ماڭايلى ياكى ئولتۇرايلى، ئەتراپ جىمجىت ياكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولسۇن، خاتىرە دەپتەر بىلەن قەلەم ھەر قاچان بىزنىڭ تەسەۋۋۇر-

مىزغا ناھايىتى ياردەم بېرىدۇ. مۇنداق يەكدىللىك جەزمەنكى، تەسەۋۋۇردىكى ئىجادىيلىقنىڭ ھەقىقىي ئاچقۇچىدۇر.

ئوسبورىندىن باشقا نۇرغۇن ئالىملارمۇ دىققەتنى تەكىتلەيدۇ. بىز بۇنى ئەقىل تەركىبىدە بايان قىلدۇق. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىر دوقمۇشتا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋەرسەك، ئىجادىي تەسەۋۋۇر بولمايدۇ، مەسىلىنى كۆڭۈلگە سېلىپ قويۇپ، پىكىر خىيالىمىزنى يەكدىللىك بىلەن يىغساق، تەسەۋۋۇرىمىزدا ئىجادىيلىق ئۆسۈپ، بىزنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىمىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزىدۇ.

## §3. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئۇسۇللىرى

### 1. ئىجادىي تەپەككۇر زامانىۋى ئىلمىي ئۇسۇللارغا موھتاج

بىز بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى باشقىلاردىن سوراپ كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئۆزىمىزگە سوئال قويۇپ باقايلى. تالانتلىق يازغۇچى، ئالىملار قانداق جەريان ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئۇلۇغ كەشپىيات، ئىختىرالارنى ياراتقان؟ ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانى ۋە بۇ جەرياندىكى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، كىشىلەرگە بىلدۈرسە، كىشىلەر ئۇلارنى ئۆگىنىۋالالىسا، ئادەتتىكى نورمال كىشىلەرمۇ ئۇلۇغ ئىختىرا، كەشپىياتلارنى يارىتالامدۇ - يوق؟ ئەگەر بۇنداق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالسا ۋە ئۇنىڭغا پسىخولوگىيە، چوڭ مېڭە فىزىئولوگىيىسىنى تەتبىقلىيالىسا، ھەرقانداق ئادەم ئىجادىيەت قۇدرىتىگە ئىگە بولالامدۇ - يوق؟



بىز مۇشۇنداق سوئاللاردىن بىر قاتارنى ئۆزىمىزگە قويغاندا، ئۆزىمىزنىڭ ئاددىي ئادەم بولۇشىمىزغا قارىماي، ھەر قانداق بىر ئىشنىمۇ مەلۇم ئۇسۇل ياكى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئويلايمىز. شۇنداق بولمايچۇ! بىز ئاددىي ئىش قىلىۋاتقان بىلەن، بىز ئۇنى بىلمىگەن چاغدا ئۇمۇ سىرلىق دۇنيا ئىدى، بىراق بوۋىلىرىمىز قەۋەتلىك ئىمارەت ئەمەس، ھەتتا ئاددىي بىر كەپە ياساپ ئولتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىجادىي ئىزدىنىشلەردە بولغان. بىز مانا مۇشۇنداق جەريانلارغا ئاساسەن يۇقىرىقى قويغان سوئاللىرىمىزغا ئۆزىمىزلا «تامامەن مۇمكىن» دەپ جاۋاب بېرىمىز ھەمدە ئاددىي ناملار بۇرۇنقى مۇرەككەپ قارالغان ئىشلارنىڭ ھازىرقى ئىخچام كۆرۈنۈشى بولغانىكەن، ھازىرقى مۇرەككەپ ئىشلار ۋە شەيئىلەرنىمۇ ئىجادىي يوسۇندا ئاددىيلاشتۇرۇپ، تۇرمۇش ۋە خىزمىتىمىزگە خىزمەت قىلدۇرالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچ قىلىمىز - دە، ھەممە ئادەم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئۆگىنىشكە بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرىمىز.

بىراق، ھەممىمىز ئويلايمىز — تەپەككۇر قىلىمىز. ئەمما ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە كۆپ بىلمەيمىز. بەزى ھاللاردا ئۇ بىزگە سىر بولۇپ تۇيۇلىدۇ. تەپەككۇرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلدى دېگەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ يەنە نەچچە ئىلمىي ئېقىم بويىچە ئوتتۇرىغا چىقىشى بىزنى چەكسىز تالاش - تارتىشقا ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىچىمىزدە ئىجادىيەت — ئىجادىي تەپەككۇر قانۇنىيىتى ياكى ئۇسۇلى دېگەن زادى نېمە؟ دەپمۇ قالىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ بىزنىڭ بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تېپىۋېلىپ، شۇ بويىچە ئىجاد قىلىپ كەتسەكلا ئىش پۈتسە ئىكەن دېگەن تەمەدە بولغانلىقىمىز ياكى ئىجادىيەت يولىنى ۋاللىدە يورۇتۇپ بېرىدىغان مەخپىي رېتسېپنى

ئەزدىگەنلىكىمىز ئۈچۈندۇر. ئۇنداقتا ئەگەر ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ قانۇنىيىتى بولسا، ئۇنى مەلۇم ئۇسۇل بىلەن ئورۇندىغىلى بولامدۇ؟

بۇنداق سوئاللارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن يەنە بىر ئويلاپ كۆرسەك، تەپەككۇرنىڭ قانۇنىيىتىنى ۋە بۇ قانۇنىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇللار ھەققىدە تالاي - تالاي جاۋابلارغا ئىگە بولىمىز. ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى، ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى، دېدۇكسىيە ئۇسۇلى، تىزگىنلەش ئۇسۇلى، سىستېما ئۇسۇلى، ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئىلھام تەپەككۇرى، تۈزلىنىيىلىك تەپەككۇر، جانلىق تەپەككۇر، بىرىكتۈرمە تەپەككۇر، مەركەزلەشتۈرۈش تەپەككۇرى، تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى... دېگەنلەر كاللىمىزدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلايدۇ. بىراق، مەسىلە شۇ يەردىكى، تەپەككۇر ئۇسۇللىرى كۆپ بولغان بىلەن، بۇنداق ئۇسۇللارنى شۇنداقلا تەتبىقلاپ ئىجادىيەتتە نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەممە ئىجادىيەت خىمىيىۋى تەجرىبىلەردەك سەۋەبى نېمە بولسا، نەتىجىسى ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇنداق بولسا ئىجادىيەتتىكى سىر نېمە؟ بۇ يەردىكى سىر ئىجادىيەت ئەھۋالىغا قارىتا ياردەمچى ئۇسۇل تاللاشتۇر. ئالايلۇق، بىر رەسسام بىر مەزگىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتلارنى ئىپادىلەيدىغان سىزىش ئۇسۇلى تاپقان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئۇنىڭ ئىپادىلەپ بەرمەكچى بولغان مۇددىئاسىنى ئىپادىلەشكە يارىمىغان چاغدا، ئۇ يەنە مەلۇم بىر كۈنى يېڭى بىر ئۇسۇل تېپىپ مۇددىئاسىغا يېتىشى مۇمكىن. دېمەك، يېڭى ئۇسۇلغا ئىگە بولغان رەسسام تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئىگە بولۇپ، ئىجادىيەتتە سەكرەش ھاسىل قىلىش مۇمكىن. بۇ ھال بىزگە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن كېلىدىغانلىقى ۋە ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلى-



قىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق ئەمەلىيەتكە ئاساسەن بىز ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئادەمنىڭ پىسخىكىسىدا تەكشەش، قوزغاش، ئىلھام ھاسىل قىلىش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ۋاستىسى ئىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كېلىمىز.

دېمەك، ئىجادىيەت ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك قورالى ياكى ئادەملەرنى ئۆزگەرتىدىغان ئەسۋاب ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ پىسخىك ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋاستە.

بۇنىڭغا ئاددىي بىر سېلىشتۇرمىنى مىسال قىلىپ ئالايلۇق: فوتوگرافلار ئادەتتە ئىشلىتىدىغان فوتو ئاپپاراتنىڭ كۆزى 50 مىللىمېتر بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا مەنزىرىلەرنى ھەيۋەت چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان 1000 مىللىمېترلىق كۆزدىن بىرنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان بولساق، فوتو ئاپپاراتنىڭ كۆزىگە چۈشىدىغان مەنزىرە دەرھال كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە يوغىنايدۇ. بۇ كۆز فوتوگرافنى 50 لىك كۆزدىن 1000 لىق كۆزدە رېئاللىقنى كۆرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئاپپاراتقا چۈشۈرۈلگەن مەنزىرىدە ئۆزگىرىش بولغانىكەن، رېئال جەمئىيەتكە بولغان بىلىشتىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى كىشىلەرنى مەسىلىلەرنى تۈرلۈك تەرەپلەردىن بىلىشكە يېتەكلەپ، بىزنىڭ تەپەككۇر ساھەمىزنى كېڭەيتىدۇ؛ كىشىلەرنى ھەرىكەتلىك، زىددىيەتلىك، قىزغىنلىق بىلەن تولغان چەكسىز مول رېئال جەمئىيەتتە تېخىمۇ كەڭلىكنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنى ئۆزلىرى بىلىمەن دەپ يۈرگەن ئەمما تېخىچە بىلىپ يەتمىگەن ساھەلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. روشەنكى، بۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىز ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە تېخىچە ئېچىلمىغان قابىلىيىتىمىزنىڭ خەزىنىسىگە كى-

رەلەيمىز. تەپەككۇرىمىزنىڭ ئىجادىيلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كىشىلەر ھازىرغىچە كۆز بىلەن كۆرەلمىگەن، قول بىلەن تۇتالمىغان نەرسىلەرگە ئىچكىرىلەپ كىرەلەيمىز.

دېمەك، تەپەككۇر ياخشى ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلسا، ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

## 2. ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

پەننىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلار ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ بەلگىلىك كۆلەم ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىش بىلەن بىر چاغدا، مۇشۇنداق ئەمەلىيەت پائالىيىتى سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىنسانلار تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەنمۇ زىچ باغلىنىدۇ. ئوخشاش بولغان تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنىڭ پەننىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئالايلۇق، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تەجرىبىنى پەنگە ئايلاندۇرۇش ئاچقۇچ بولدى. قەدىمكى يۇنانلىقلار ساپ تەپەككۇرغا ماھىر خەلق ئىدى. ئۇ يەردىكى پەيلاسوپلارنىڭ كۆپچىلىكى رېئاللىقتىكى كونكرېت ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئابستراكت بولغان پرىنسىپلار ئۈستىدە ئىزدىنەلەيتتى. ئۇلار ئۇقۇم شەكلىدىكى پىكىر قىلىشقا ئامراق بولغاچقا، بىر مۇنچە شەيئىلەردىكى ھادىسىلەرنى ھەتتا پۈتكۈل دۇنيانى چەكلىك بولغان ئاددىي ئۇقۇملار ئىچىگە يىغىنچاقلىيالايتتى. بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۇلارنى دېدۇكسىيىلىك ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشقا خۇشتار قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېدۇكسىيە ئىلمى قەدىمكى يۇنان روھىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك مەھسۇلى بولۇپ قالدى. ئەمما، يالغۇز ئابستراكت تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەنلا ئىلمىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا،



ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى چەكلىك بولغاچقا، ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن يېقىنقى زامان ئىلىم - پېنى ئەنە شۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىش ئارقىسىدا دۇنياغا كۆز ئاچتى. يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش، ئىلاھىيەت ۋە مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ كىشەنلىرىنى چىقىپ تاشلاش، تەبىئەتنى بىلىش يولىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئېچىش ئۈچۈن، دېكارت ھەممىنى ئەقىل ئارقىلىق يېڭىباشتىن بىلىپ چىقىشنى تەرغىپ قىلدى.

گالىلېي بولسا ئارىستوتېل ئوتتۇرىغا قويغان بىر مۇنچە پرىنسىپلاردا دەللەشكە زۆرۈر بولغان بىر مۇنچە قۇراللار كەم، بۇلارنى تولۇقلاش كېرەك، بۇ قۇراللار دەل تەجرىبىلەردۇر، دەپ قارىدى. ئۇ گىلبېرتنىڭ تەجرىبە ئۇسۇلى بىلەن ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى، ماتېماتىكىلىق يېشىم ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ، فىزىكا ئىلمىنىڭ ھەقىقىي ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە تۇرغۇزدى.

بېكون يالغۇز ھېسسىي تەجرىبىنىڭ تەبىئەتنى بىلىشكە يېتەرسىزلىك قىلىدىغانلىقىنى، تەجرىبىدىن ھاسىل قىلىنغان ماتېرىيال ئۈستىدە يەنە بەلگىلىك پىششىقلاش ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى، ئىندۇكسىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق بۇنداق تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ھەزىم قىلىش لازىملىقىنى بىلىپ يەتتى. ئۇ ئىندۇكسىيىلەشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، تەبىئىي ھادىسىلەرنى شۇنداقلا جۇغلاپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنى تەجرىبىخانا ئارقىلىق سىناپ كۆرۈش كېرەك، دەپ قارىدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بېكون، گالىلېي، دېكارتلار قوللانغان ئىلمىي ئۇسۇللار ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما تەپەككۇرنى ئىلمىي تەتقىقاتقا تەتبىقلاش ئۇسۇلى جەھەتتە يەنى ئابستراكتسىيىلەش بىلەن ئەمەلىيەتچانلىقنى بىرلەشتۈرۈش

جەھەتتە ئوخشاش بولغان. ئابستراكتسىيىلەش بىلەن ئەمەلىيەتچانلىقنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر ئۇسۇلى يېقىنقى زامان ئىلىم - پېنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم ئامىل بولغان. بۇنىڭغا نيۇتوننىڭ مۇشۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ماتېماتىكىلىق ھادىسىلەر بىلەن فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى بىرلەشتۈرۈش شەكلى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىنتېگرال ۋە دىففېرېنسىئالنى كەشپ قىلغانلىقى ۋە كلاسسىك مېخانىكىنى ئىجاد قىلغانلىقى تىپىك مىسال بولالايدۇ.

دېمەك، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ھەر قاچان ئۇسۇلنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا، يەنى توغرا ئۇسۇلنىڭ تاللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇسۇل زامانىۋى بولسا، ئىلىم - پەن ئىجادىيىتىدە ۋە باشقا بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەردە بۆسۈش بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئىجادىيەتنىڭ مېخانىزمى تەرىقىسىدە تەكىتلەيمىز.

ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تەكىتلىگەندە، بىز يەنە ئىجاد قىلىنىشىلا ئەمەس، ئىجاد قىلغان نەرسىلەرنى قوغداشنىمۇ نەزەردە تۇتىمىز. چۈنكى ئىجادىيەت مېۋىسى يېپيېڭى نەرسىلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەس بولۇپلا قالماستىن، ئېتىراپ قىلىنىشىمۇ تەس بولىدۇ. خۇددى جېمىس: «ھەر قانداق تەلىمات ئۈچ باسقۇچتىن ئۆتىدۇ، ئاۋۋال ئۇنى ئەقىلغا سىغمايدۇ دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا تەنە قىلىشىدۇ، كېيىن تۇرقىدىن ئاز بولسىمۇ، مەلۇم دەرىجىدە ھەقىقەتكە ئوخشايدۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشىدۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ غايەت مۇھىملىقىنى تەن ئېلىشىدۇ - يۇ، كېيىن مەن ئىجاد قىلدىم دەپ تالىشىدۇ» دېگەندەك ئەھۋال تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى توغرا بولمايدىكەن، ھەقىقەتكە، دەسلەپكى باسقۇچتا قىلىنىۋاتقان ھۇجۇمغا - بىمەنىلىككە رەددىيە بېرىپ، كەشپىيات مېۋىسىنى خەلق ئاممىسىغا تۇتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس.



شۇڭا، بىز ھازىرقى كۈندىكى ھەر بىر ئىجادىيىتىمىزدە ئەڭ توغرا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىمىزگە تازا ئۇيغۇن بولغانلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ئەڭ توغرا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى دېگىنىمىز ـ ئاساسلىقى پەن - تېخنىكا ئۇسۇلى بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنە ئىجتىمائىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدىكى ئىجادىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. پەن - تېخنىكا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ھەم ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ جەريانى، ۋاستىسى، ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان نەزەرىيە سىستېمىسىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، تەبىئەت بىلىملىرىنى تۇرغۇزۇش، تېخنىكا ئىختىرالىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەتقىق قىلىدىغان ئەمەلىيەت ھەم نەزەرىيە سىستېمىسىدۇر. ھەقىقىي بولغان ھەر قانداق ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى، كېلەچەكنى مۆلچەرلەيدىغان قورال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېتودولوگىيىلىك فۇنكسىيىگە ئىگە. ئەمما، كۆپلىگەن ئىلىم - پەن نەزەرىيىلىرى ۋە تېخنىك پرىنسىپلىرى پەقەت ئۆز دائىرىسىدە، ئۆز ساھەسىدە ئۇسۇلغا ئايلىنالايدۇ. ئەگەر بىر پەن ساھەسىدىكى نەزەرىيىلەر جۈملىدىن ئۇ قوللىنىۋاتقان ئۇسۇللار باشقا بىر مۇنچە پەنلەر ۋە ساھەلەردىمۇ تەتبىقلانسا، بۇنداق پەنلەرنى مېتودولوگىيىلىك پەن ياكى مېتودولوگىيە دەپ ئاتايمىز.

مېتودولوگىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان جانلىق پاكىتلار ئۇسۇلدىن مېتودولوگىيىگە ۋە مېتودولوگىيىدىن ئۇسۇلغا ئۆتۈشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھازىر، نۇرغۇن ئۇسۇللارنىڭ بىر پەن دائىرىسىدىن ھالقىپ كۆپلىگەن پەنلەردە ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىغا ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئۈستىدىكى ئالىملارنىڭ

كۆپچىلىكى قايىل. ئەمما تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئورتاق بولغان ئۇسۇللار بارمۇ - يوق دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى مۇنازىرە ھېلىمۇ كۈچلۈك كېتىۋاتىدۇ. بىزنىڭچە بۇ مۇنازىرىدىمۇ جاھىللىق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئورتاق ئۇسۇللار ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

ئالايلۇق، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا كەڭ تەتبىقلىنىشىغا ۋە تىزگىنلەش نەزەرىيىسى، سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا ماتېماتىكىلىق قوراللارنى كۆپلەپ تەتبىقلاش يولى بىلەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي جەريانلارنىڭ مىقدار تەرىپىنى ئېچىپ بېرىش ئىقتىسادىي جەريانلار ۋە ئىجتىمائىي جەريانلارنىڭ مىقدار قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش باشلىنىپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي پەنلەر ماتېماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنى تەتبىقلاش مۇمكىنچىلىكىمۇ تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەردە ماتېماتىكىلىشىش ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئىستېمال ماتېماتىكا مودېللىرى بىلەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىپ باردى، بۇلار ئىقتىساد، نوپۇس، شەھەر قاتنىشى، كارخانا باشقۇرۇشتىن تارتىپ سىياسىي، قانۇنشۇناسلىق، تارىخ، ئارخېئولوگىيە بەدىئىي ئىجادىيەتكىچە قوللىنىلدى. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ماتېماتىكىلىشىشىغا مۇناسىپ ھالدا پەلسەپە پەنلىرى نورماللاشقان بىلىش مېتودلىرىنى، ھازىرقى زامان لوگىكىسىنى ۋە تىل پەنلىرىنى تەتقىق قىلىشقا يۈزلىنىپ، يېقىنقى يىللاردا توختىماستىن تەرەققىي قىلىپ باردى. ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئانالىز قىلىشنىڭ توغرىلىق، پۇختىلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئىجتىمائىي سىستېما جەريانىدا مەۋجۇت بولىدىغان نۇرغۇن ماتېماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە ھېسابلاش ئېلىپ بېرىشقا كۈچلۈك قورال بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە تۈرلۈك ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا تەتبىقلاندى، بۇ ھال تەتقىقاتنىڭ ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي پەنلەرنى تەدرىجىي ھالدا تەبىئىي پەنلەرگە ئوخشاش «قاتتىق» پەنلەرگە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مەنىۋى تۇرمۇش ھەققىدىكى نەزەرىيىلەر يالغۇز ئىدىيە ۋە خاراكتېرى بېكىتىلگەن شەرھچىلىك بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە تەجرىبە قىلىشقا ۋە سىناپ كۆرۈشكە بولىدىغان تېما بولۇپمۇ ئىپادىلەندى. بەزى ساھە ۋە مەسىلىلەردە ماتېماتىكىلىق مودېل بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىنى مودېللاشتۇرۇش، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا «مودېللاشتۇرۇش تەجرىبىسى» ئىشلەش، تەجرىبە نەتىجىسىگە ئاساسەن يولغا قويۇش لايىھىسىنى تاللاش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىمۇ «تەجرىبە» ۋاستىسىگە ئىگە بولدى. چەت ئەللەردىكى بەزى ئالىملارنىڭ 1900 - يىلدىن بۇيانقى ئىجتىمائىي پەنلەردە قولغا كەلگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، بۇ نەتىجىلەر ئىچىدىكى مىقدارلىق تەتقىقات ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن، 1930 - يىلدىن بۇيان مىقدارلىق تەتقىقات زور تەرەققىياتلارنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىنى ئىگىلىگەن. ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ماتېماتىكىلىشىشى ماتېماتىكا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كېرەكلىك بولغان بەزى تارماقلار (ماتېماتىكا تارماقلىرى) نى بەرپا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بارغانسېرى نۇرغۇن ماتېماتىكلار ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە يۈزلىنىپ، خىزمەت ئىشلەشكە باشلىدى.

دېمەك، ھازىر تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۇنۇمى ۋە ئۇسۇللىرى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرمەكتە. ھەر كۈنى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغىنى شۇكى، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى، سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ ئۇقۇم ۋە ئۇسۇللىرى تېخىمۇ تېزلىك بىلەن ھەر قايسى ئىجتىمائىي پەنلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بەزى ئۇسۇللىرىنى ئۆز دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، شۇ ئاساستا تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىسىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇساپىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئىجتىمائىي پەنلەر سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشى، كەسىپلەردە چوڭقۇرلىشىشقا ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئەنئەنىۋى چېگرالىرىنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشىغىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. تۈرلۈك ئىجتىمائىي پەنلەر ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىدىغان ئۇنىۋېرساللىق ھادىسىسى يۈز بەردى. «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوزغالغان مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش دولقۇنى پەلسەپە، تارىخشۇناسلىق، سوتسىيالوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، ھەربىيشۇناسلىق، سىياسىشۇناسلىق، ئەدەبىيات پەنلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا سىڭىپ كېتىشى ۋە يېقىندىن ھەمكارلىشىشىدا ئىپادىلەندى. پەنلەردە چېگرا ئاتلاش ۋە كۆپ پەنلەر ھەمكارلىقىنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ كەڭ تۈردە تەتبىقلىنىشى زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ روشەن ئۆزگىچىلىكىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۆز دائىرىسىدە ئورتاق بولغان ئىجادىيەت



ۋە ئەمەلىيەت ئۇسۇللىرى بولۇپلا قالماستىن، ئىككى تەرەپ كىرەلەشكەن چاغدىمۇ ئورتاقلىشالايدىغان ئۇسۇللار مەۋجۇت بولۇپ، ھازىرقى دەۋر تەبىئىي، ئىجتىمائىي، تېخنىك پەنلىرىنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىشىش دەۋرى بولۇپ، تەبىئىي پەنلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە بولغان ھەل قىلغۇچ رولىنى كۆرمىگەندە ۋە بۇنداق رولنى تەكىتلىمىگەندە، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، تەبىئىي پەنلەرنىڭ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكى «يېڭىلىق يارىتىش ۋە ھەقىقەت قوغلىشىش» تىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە پەلسەپە پەنلەرنىڭ بىر بۆلىكى، ھەتتا تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى پەن بولغاچقا، مۇقەررەركى مۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ. تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا پەنلىرى ئۇسۇللىرى تەبىئەتنىڭ ماھىيىتى، قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ۋاستىسى، يولى، فورمىسى ۋە ماھارىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، سۇبيېكتىپ ئامىل بولغان نوپۇزلۇقلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى بويىچە چۆگىلەپ يۈرمەيدۇ، بەلكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. يۈكسەك دەرىجىدە توغرا بولۇش، نىسبەتەن تەكەممۇل بولۇش ۋە ئەمەلىيەتتە ئۈنۈم بېرىش جەھەتلەردە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەلىپىدىنمۇ ئۈستۈن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئىي ۋە تېخنىك پەنلىرىنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى ئىجتىمائىي پەنلەردە تەتبىقلاش يۇقىرى ئۈنۈم بېرىپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ئارقىدا ماڭغانلىقتىن، تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۇسۇلىنى ئىجتىمائىي پەنلەردە ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈرىيەت ۋە ئۆتكۈنچىلىككە ئىگە بولىدۇ. تەبىئىي ۋە تېخنىك پەنلىرىنىڭ بۇن-

داق ئۇستۇنلۇكىنى بەزىلەر ۋاقتىدا كۆرۈۋالالمايدىغان، شۇ سەۋەبتىن خۇددى ئىجتىمائىي پەنلەر ھەممىنى بەلگىلەيدۇ دەپ چۈشىنىۋالىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولىدۇ. بۇنداق ئاغمىچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى، يەنى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەبىئىي پەنلەرنى تەققەززا قىلىشىدىن كۈچلۈك بولۇپ كېتىشى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئاجرىلىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن تەبىئىي ۋە تېخنىك پەنلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى، بولۇپمۇ تەبىئىي ۋە تېخنىك پەنلەردىكى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سەنئەت پەنلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ھەم سەنئەت پەنلىرى جەزمەن تەبىئىي ھەم تېخنىك پەنلەرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن كۆپلەپ ئۇزۇق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش زامانىمىزدىكى جىددىي مەسىلىدۇر. تارىختا بارلىققا كېلىدىغان ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ مۇھىم رولى ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە ئەمەلىيىتىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ يېڭى يەكۈن ۋە يېڭى ئەمەلىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۇسۇل ھەم ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدۇر. ھازىرقى كۈندە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئايرىلىقلارنىڭ بۇزۇلۇشى، ھەر خىل پەنلەر ھەمكارلاشقان ئۇنىۋېرسال تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ئىنسانىيەتنى تار كەسىپلەر ۋە ئىش تەقسىماتىنىڭ قۇلى بولۇشتىن قۇتۇلدۇرماقتا. بۇرۇنقى زاماندا دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئالىملار، بولۇپمۇ گرېتسىيە پەيلاسوپلىرى دۇنيانىڭ ئىلمىي بىرلىكىنى ئىزدىگەن. ھازىرقى كۈندىمۇ ئېينىشتېين، ماكسۋېل، بولۇپمۇ دوكتور ئابدۇسالام بارلىق تەبىئىي كۈچلەرنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىپ كۆپلىگەن ئىزدىنىشلەردە بولدى ۋە ئاجىز ئېلېكترنىڭ بىر



پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زور نەتىجىلەر قازاندى. بۇلاردىن بىز ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىلىم — پەن بىلىمى، ئىلىم — پەن نەزەرىيىسى، روھىي پەنلەر، تەپەككۇر پەنلىرى ۋە ھەرىكەت پەنلىرىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى، بۇنداق موھتاجلىقنى قاندۇرۇشتا ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە مېتودولوگىيىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى بايقىۋالالايمىز.

بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي بۇلىقىنى ئېچىشتا، جەمئىيەت ۋە باشقا ئوبيېكتىپ شارائىتلار ناھايىتى مۇھىم، ئەمما ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئىجادىي پائالىيەتلەردە بىر ئۆمۈر ھەپىلىشىپ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئادەملەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئەھۋالىدا ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، ئۆزىنى كەم چاغلاش، نەزەر دائىرىسى تار بولۇش، ئىچى تار، ھەسەتخور بولۇش قاتارلىقلار يامان رول ئويناشتىن باشقا، توغرا ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بولماسلىقىمۇ ناھايىتى يامان رول ئويناپ، خۇددى توپاننى سەلكىن شامالدا سورىماي، بوراندا سورۇپ بۇغداينى ئۇچۇرۇۋەتكەندەك يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئادەم قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى لاۋۇلدىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال زامانىمىزدا ئەڭ توغرا دەپ قارىلىۋاتقان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىيەت، پرىنسىپ كاتېگورىيىلىرى بويىچە ئۇنىۋېرسال تەتبىقلاشتا ماھىر بولۇش لازىم.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتىمۇ باركى، ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى پەنلەرمۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇلار ئىچىدە كەسپىيات خاراكتېرى ۋە ئاساسىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر تېزلا پايدا كۆرسىتىدىغان بىر خىل تېخنىكىغا ياكى شۇ زامات ھۇزۇر بې-

رىدىغان بىر خىل بەدىئىي ئىجادىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئا-
ساسىي پەنلەرگە سەل قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «پەنسىز
تېخنىكا» ياكى بىر قىزىقچىنىڭ كىشىنى ۋاقىتلىق خۇش قىلى-
شى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق قاراش خۇددى ئىنسانلار
نەچچە ئەسىردە بىر خىل سايمان ياساپ چىققان قەدىمكى
ئاددىي تېخنىكا ئىختىرا قىلىش دەۋرلىرىدىكى تەقلىدچىلىككە
يېقىن بولۇپ، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا بىرىن-
چى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسىز بو-
لۇپلا قالماي، پەنلەردە ۋە شۇ ئاساستا بارلىق تېخنىكا، زاما-
نىۋى تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە تەرەققىياتنى قولغا كەل-
تۈرۈشكىمۇ پايدىسىز. چۈنكى ھازىرقى مەۋجۇت بولغان ئاسا-
سىي پەنلەر ئىنسانلارنىڭ 500 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارى-
خىنى نېگىزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپلا قالماستىن، بۇنىڭدىن
كېيىن تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان ئاساسىي پەنلەرمۇ بارلىق
تېخنىكا ئىختىراچىلىقىنىڭ ئاساسى بولىدۇ، شۇنداقلا خەلقنىڭ
ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيانىڭ بارلىق مەدەنىيەتلىرىنى ھەزىم
قىلىش ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئىلغار مەدەنىيىتى ھاسىل قى-
لىشىنىڭمۇ ئاساسى بولىدۇ. ئالىم ئابدۇسالام ئارقىدا قېلىپ ئەمدى تەرەق-
قىي قىلىۋاتقان ئەللەر خەلقلىرىگە مەغلۇبىيەت يولىغا قايتا قە-
دەم قويۇپ قالماسلىقنى جاكار قىلغاندا، تۈركىيىنىڭ ئېچىنىش-
لىق ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتكەن ۋە بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشنى
تەۋسىيە قىلغان. 1799 - يىلى تۈركىيە پادىشاھى سېلىم III
ياۋروپانىڭ مىلتىق ياساش تېخنىكىسى بىلەن رىقابەتلىشىش
ئۈچۈن ماتېماتىكا، ترىگونومېترىيە، مېخانىكا ۋە مېتال تاۋلاش
تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى كىرگۈزگەن، فرانسىيە ھەم شۋېتسىيە-
لەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ مائارىپنى كۈچەيتكەن. ئەمما،
زادىلا ياۋروپاغا يېتىشىۋالالمىغان، بۇنىڭ سەۋەبى تۈركىيە مۇ-
ناسىپ پەن ئاساسلىرىنى تەكىتلىمىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ-



نىڭدىن كېيىنمۇ تېخنىكىدا بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن چەزمەن
مۇناسىپ پەن ئاساسلىرىنى چىڭ تۇتۇش، يېڭى پەن ئىجادىيە-
تى ئارقىلىق تېخنىكىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئىنىڭ ئاددىي ئە-
مەلىيەتلەرگە قارايدىغان بولساقمۇ، بۇ نۇقتىنى مانا مەن دەپ
چىقىپ تۇرىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جاۋاب بېرەل-
مىگەن مەسىلىگە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئاسانلا
جاۋاب بېرەلەيدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جا-
ۋاب بېرەلمىگەن بىر مەسىلىگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇ-
چىسى ئاسانلا جاۋاب بېرىدۇ. بۇ پاكىت مەدەنىيەت ئاساسى
ۋە ئاساسىي پەن بىلىملىرى قانچە يۇقىرى، پۇختا بولغان ئا-
دەملەرنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشى شۇنچە تېز بولىدىغانلىقىنىمۇ
ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە مېتودولوگىيىسى ئۈس-
تىدە ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا ئاساسىي پەن بىلىملى-
رى، بولۇپمۇ بىز يېڭىدىن قوبۇل قىلىۋاتقان تېخنىكىنى ھەزىم
قىلغۇدەك ئاساسىي پەن بىلىملىرى كۆز قارىشى بولۇشىمۇ ناھا-
يىتى مۇھىم.

بىز ھازىرقى كۈندە تەكىتلەۋاتقان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى
ئىجادىيەتشۇناسلىق يەكۈنلەپ چىققان نەتىجە بولۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئىستېمال قىممىتىگە
ئىگە. ئۇ بىزنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىختىرانى قانداق ئېلىپ بې-
رىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ ئى-
جادىيىتىمىزگە مۇۋەپپەقىيەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز
ئۇنى ئىگىلەيدىغان، ئاڭلىق تەتبىقلايدىغان ۋە شۇنداق ئۇسۇل-
لارنى ئۆزىمىزمۇ ئىجاد قىلالايدىغان بولساق، ئاندىن ئاڭلىق
ئىجادىيەتچى بولالايمىز.

ئىجادىيەتنىڭ ئۇسۇللىرى يىغىپ ئېيتقاندا، ئىجادىي تە-
پەككۇرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا كونكرېت تەتبىقلىنى-
شىدۇر. ئىنچىكىرەك ئېيتقاندا، ئۇ ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تەرەق-

قىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن يەكۈنلەپ چىقىلغان ئىجاد قىلىش ۋە ئىختىرا قىلىشنىڭ بەزى پرىنسىپ، ماھارەت، ئۇسۇللىرىدۇر. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەپ چىقىلغان بۇ ئۇسۇللارنى باشقا ئىجادىيەت جەريانلىرىغىمۇ ئەينەك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ رولى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، ئۇ مەلۇم ئىجادىيەت ساھەسىگە بىۋاسىتە تەتبىقلىنىدۇ ھەمدە تەتبىقلانغان ساھەسىدە بىۋاسىتە نەتىجە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئەمەلىيەتچان يېتەكچىلىك قىلىش رولى بولۇپ، ھازىرقى ئىجادىيەتشۇناسلار بۇنداق رولنى «قاتتىق ۋاسىتىلىك رول» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەندە كىشىلەر ئىجادىيەت جەريانىدا زۆرۈر بولىدىغان ساپا ۋە ئۇسۇلغا ئىگە بولىدۇ، يەنى بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى ئۆسىدۇ. بۇنداق رولنى ئىجادىيەتشۇناسلار «يۇمشاق ۋاسىتىلىك رول» دەپ ئاتايدۇ.

ئەمما شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش لازىمكى، ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى ھەممىگە قادىر ئۇسۇل ئەمەس. ئۇ پەقەت مۇئەييەن ئىلمىي قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ، ئېچىلمىغان ئىجادىي ئىقتىدارلىرىنى ئاچىدۇ. ئەمما، ئۇ شەخسلەر ئىجادىيىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئەگەر بىز خاتا ھالدا بۇنداق ئۇسۇللارنى بىلىۋالغاندىن كېيىنلا ئىجادىيەت دەرىخىدىن مېۋە ئۈزەلەيمىز دەپ ئويلىساق، بۇ، مېۋە ئۈزۈش تۇگۇل ئىجادىيەت بوستانىنىڭ ئىشىكىدىنمۇ كىرەلمىگەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ھەقىقىي تۇردە ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالىرىمىزغا يېتەكچى قىلىش، ئۇلارنى ئىلمىي يوسۇندا ئىگىلەش، تەتبىقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەيدانىغا كەلگەنلىكىنى، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلىنىپ چىقىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ بايقىلىشى ھازىرقى زامان ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەنلىكىنى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىش پرىنسىپلىرى بارلىقىنى بىلىشىمىز، بىزمۇ ھازىرقى ئەمەلىيىتىمىز داۋامىدا يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ چىقىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، ھەرقاچان جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ يېڭى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، ئىلىم - پەن ساھەسىدە يېڭىدىن بايقالغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزنى تېخىمۇ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشىمىز، بولۇپمۇ ئىجادىيەتنىڭ قانۇن ۋە پرىنسىپلىرىنى پۇختا ئىگىلەش ھەم تەتبىقلاشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. ھازىرقى دۇنيادا قوللىنىۋاتقان ئىجادىيەتنىڭ ئۇسۇللىرى 300 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ھازىرمۇ داۋاملىق ئىجاد قىلىنماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چەكسىزلىككە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى نىسبىي مۇقىملىقتا بولىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئورتاق پرىنسىپلىرى ۋە نۇقتىلىق تۈرلىرى بىلەنلا تونۇشۇپ ئۆتىمىز.



### 3. ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپلىرى

ئىجادىيەتنىڭ ئاچقۇچى ئىجادىي يېڭى ئوينىڭ پەيدا بولۇشىدۇر. چۈنكى، باشقىلار ئويلىمىغان ياكى ئويلاپ يېتەلمىگەن يېڭى نەرسىلەرنى ئويلىغاندىلا، ئىختىرا قىلغىلى، يېڭىلىق ياراتقىلى، ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ. ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت يولىدىكى مۇشۇنداق يېڭى ئويلار ئىلھامنىڭ ئۇچقۇنى بولالايدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇنداق ئىلھام ئۇچقۇنلىرىنى قانداق قىلغاندا پەيدا قىلغىلى ۋە قوزغىغىلى بولىدۇ؟ ياپونىيىلىك ئىجادىيەتشۇناسلار بو-

ھەقتە يەتتە پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ پرىنسىپلارنى دۇنيادا خېلى كۆپ ئالىملار توغرا تاپتى. دۇنيادا بۇ ھەقتە يەنە يېڭى بايقاشلار بولۇۋاتىدۇ، ئەمما تېخى تولۇق بىرلىككە كېلىپ بولغىنى يوق. شۇڭا، بىز بۇ يەردە ياپونىيىلىكلەر ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپ بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1) جانلىق بولۇش پرىنسىپلىرى

ئىختىرا قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدىيىدە جانلىق، تېتىك، دادىل، ئازادە بولۇش، ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەك. ھەيرانلىق ھېسسىياتى كۈچلۈك. مەسىلە قويۇپ ئىزدىنىش روھى ئۈستۈن بولۇش كېرەك. مەسىلەن، فرانسۇز مىكروبىئولوگى ۋە خىمىكى پاستېر بىر قېتىم شىرە ئۈستىدە تۇرغان بىر بوتۇلكا قېتىقنى ئېلىپ: «سۈت قانداق بولۇپ چۈچۈمەل قېتىققا ئايلىنالايدۇ؟ خىمىيىلىك ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىنمۇ ياكى مىكروئورگانىزمنىڭ تەسىرىدىنمۇ» دەپ خىيال سۈرگەن. ئۇ چاغدا بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەن. ئۇ، بېرىلىپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە قېتىقنىڭ ھاسىل بولۇشى مىكروئورگانىزمنىڭ تەسىرىدىن ئىكەنلىكىنى تاپقان. ئەگەر پاستېردا ھەيرانلىق ھېسسىياتى كۈچلۈك بولمىغان بولسا، قېتىقنىڭ قانداق ئۇيۇيدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلالمىغان بولاتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئامېرىكا مىكروبىئولوگى فلېمىن سىر ئالېكساندىر ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر شەكىللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزىگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان شەيئىگە ناتونۇش شەيئىي قاتارىدا مۇئامىلە قىلمىغان بولسا، پىنىسىلىننى ئىجاد قىلالمىغان بولاتتى. شۇڭا ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئەنئەنىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مەسىلە قويۇپ ئىزدىنىشكە جۈرئەت قى-



لىش كېرەك. بولمىسا ئىجاد قىلىش مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بىزنىڭ تۈرلۈك پەننىي كىتابلارنى ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىمىز باشقىلارنىڭ پىكىرلىرى ياردىمىدە ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل پىكىرلىرىمىزنى يارىتىش ئۈچۈن بولۇپ، بىزنىڭ ئىدىيىمىزدە جانلىقلىق بولسا، ئوقۇغانلىرىمىزنى تولۇق ھەزىم قىلىپ، قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلىپ، پىكىرچان يازغۇچىلىق تەرىپىگە قەدەم قويالايمىز. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇر جەھەتتىكى جانلىقلىق ئىجادچانلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، بۇ تۈرلۈك تەپەككۇر خىسلىتىدىكى ئەڭ مۇھىم خىسلەت. بۇ ئەقلىي ئەمگەكنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدەك كىشىلەر ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇقەررەر ئالدىنقى شەرتى. ئىلىم - پەندە يېڭى تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويالىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جانلىق ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش خىسلىتىگە ئىگە بولىدۇ.

تەپەككۇر جەھەتتىكى جانلىقلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى بەدىئىي ئىزدىنىش بولۇش، تەبىئىي پەنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كەشپىيات يارىتىش، نەزەرىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىرىشىپ يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلمىي يوسۇندا تېرىقچىلىق قىلىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش، ئىشچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخنىكا يېڭىلاش، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوقۇشتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرىلەش روھىغا ۋە ئىلمىي ئۇسۇلغا ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق ئىشتا ئەسلىدىكى سەۋىيىدە توختاپ قالماستىن، بەلكى شۇ ئاساستا تەسەۋۋۇر قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، شۇ ئارقىلىق ئالدىنقىلار ھەل قىلالمىغان مەسىلەرنى يېڭىچە ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئالىملار ئىدىيىدە بۇنداق جانلىق بولۇشنى ھەمىشە بىلىمىدىنمۇ

تۆۋەن بولغاندا كىشىلەرنىڭ پائالىيەت ساھەلىرىگە تولۇق يېتىپ با-
رالمايدۇ — دە، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى
تولۇق ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇچۇرلارنىڭ يەتكۈزۈلۈش
سەۋىيىسىنى توغرىلىقىنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ مېڭىنى ھەقىقىي
تۈردە غىدىقلاش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ھەم
ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. ئۇي-
غۇرلاردا «شەھەر كۆرگەندىن قورق» دېگەن گەپ بار. ئۇ ئەنە
شۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۇچۇر مەيدانلىرىدىن كەلگەن ئادەملەر-
گە قارىتىلغان بولۇپ، بىز بىكىنمە ھالەتتە ياشاۋاتقاندا يات
شەھەرلەرنى ئايلىنىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەر جەھەتتە باش-
قىلاردىن ئۈستۈن پىكىرگە ئىگە بولۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە پەم-
پاراسەت بىلەن باشقىلارنى مەلۇم ئىشلاردا كونترول قىلىپ كې-
تەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق بىكىنمە ھالەتتە
تۇرغاندا، «شەھەر كۆرگەندىن قورق» دېگەننىڭ ئەكسى بويىچە
ئۇچۇرنىڭ سەۋىيىلىك، سۈپەتلىك مەيدانلىرىغا بېرىشنى تە-
شەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئارقىدا قالغان
مەدەنىيەتسىز بىر بىكىنمە جايدىكى تۆۋەن سۈپەتلىك ئۇچۇر
بىزنى ھەرگىز زامان سەۋىيىسىدە ئىجاد قىلىشقا يېتەكلىيەلمەيدۇ.

### 3) ئارزۇ بولۇش پرىنسىپى

ئىجاد قىلىش ئارزۇسى — ئىجادىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈر-
گۈچىسى. رېئال ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى، ئەنئەنىۋى نەرسىلەردىن
بۆسۈپ ئۆتۈشنى ئويلىمىغاندا، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجاد
قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، تولستوي ياشلىق ۋاقتىدا
قىمار ئويناپ، ھاراق ئىچىپ، ئەيش — ئىشرەتكە بېرىلىپ بىر
يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھوشىنى تاپقان. بولۇپمۇ يۇقىرى
قاتلام زاتلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، ئۆز قىلمىقلىرىدىن



نومۇس قىلىپ، بۇنداق ياشاشنىڭ بەدىنى ياۋايى ھايۋانلار-
نىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۆزىنىڭ
تۇرمۇشتا شاللاقلىشىپ، ئىرادىدە بوشىشىپ كەتكەن تەرەپلىرىنى
يەكۈنلەپ تۈۋا قىلغان ۋە ئەيش — ئىشرەتلىك، شاللاقلىق تۇر-
مۇشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا نىيەت قىلغان. ئەگەر تولستوي
ئاشۇ تۇرمۇشقا، يەنى رېئاللىققا رازى بولۇپ، يۇقىرى قاتلام
كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ئۆزىنى تارتمىغان بولسا،
ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ چىقالىشى مۇمكىنمىدى؟
شۇڭا، ئىجاد قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىجادىيەت ئارزۇسى بو-
لۇش كېرەك.

ئالىم پىسارېۋ: «ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى كېلەچەكنىڭ يار-
قىن ۋە مۇكەممەل ئۇچىقىدا تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولسا ياكى
ئۇنى ئارزۇ قىلىشنى بىلمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئاشۇ كېلەچەك-
نى دەپ شۇنچە مۇشەققەتلىك قۇرۇلۇشلارنى تىكلەشكە، ئۈزلۈك-
سىز ئېلىپ بېرىشقا، ھەتتا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا ئۇنى
ھېچنېمە مەجبۇرلىمىغان بولاتتى» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىز
ئارزۇ ياكى نىشانىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرىمىز.
بىر كىشى مەلۇم بىر قىزىقىشتا بولسا ياكى بىر نەرسىگە ھە-
ۋەس قىلسا، ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىگە ئاك-
تىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ياخشى ئارزۇ ئاساسىدىكى قىزى-
قىش، ھەۋەس ئادەمنىڭ زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققىتىنى
يىغىدۇ، ھەتتا كىشىنىڭ بىرەر نەتىجە يارىتىشتىن ئىبارەت ئار-
زۇسى كىشىنى پۈتۈنلەي شۇ ئىشقا بەند قىلىپ، ئۇنىڭ تاماق-
نىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا مۇناسىۋەتلىك شەيئىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە
كۆزىتىشىگە، ئىجادىي ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئېلىپ بېرىشىغا سەۋەب
بولىدۇ. شۇڭا، كاتتا ئالىم فرانس نۇرغۇن ئەمەلىيەت تەجرى-
بىلىرى ئاساسىدا يەنە: «ئارزۇغا مايىللىقنى ساقلاش بۈيۈك دا-
نىشمەنلىكتۇر. ئارزۇلار دۇنيادا گۈزەللىك ۋە مەنە بەخش ئېتى-

ھۇ. ئارزۇلار ئىنچىكە ۋە ئاساسلىق بولسا، ئۆز ئۆلچىمى ۋە قىياسى بىلەن رېئال دۇنيا يارىتىش يولىدا يەنىمۇ سوزۇلۇپ بارىدۇ» دېگەن.

ئالايلۇق، ئامېرىكىلىق ۋېنىر 1948 - يىلى تىزگىنلەش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا باشقىلارنىڭ پىكرىنى تولۇقلاش ئەمەس، بەلكى سەكرەش خاراكتېرلىك رېكورت يارىتىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى دۇنيا قاراش خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم پەن تارمىقى بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەن تارمىقىمۇ دەسلەپتە ۋېنېرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەنگەندىمۇ، ناھايىتى يىرىك يېزىلغانىدى. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن شۇ چاغدا خاتا ماتېماتىكىلىق بايانلار، خاتا فورمۇلىلار، چىرايلىق، ئەمما قۇرۇق ئۇقۇملار، مەنتىقە جەھەتتىكى بىمەنىلىكلەر ۋە مەنبە جەھەتتىكى نۇرغۇن خاتالىقلار بىلەن تولغان ئەسەر ئىدى. ئەمما ئۇنىڭدىكى يېڭى پىكىر بىرمۇنچە يېتەرسىزلىكلىرى ۋە نۇقسانلىرىنى يېپىپ، ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلغۇچى كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ناھايىتى ئاز ساندىكى تەنقىدچىلەرلا ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىكى ئىشنىڭ ھاسىل بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇ ھال دەل يېڭى پەن تارمىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىن، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ بىرەر مۇھىم فورمۇلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، بىرەر يېڭى تېئورېما ۋە يېڭى قانۇنىيەتنىڭ تېپىپ چىقىلىشى، بىرەر كونا نەزەرىيىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىشى سەۋىيىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش مەسىلىسىگە ياتىدۇ، دەپ ئويلىدى - دە، ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى باشقىلارنىڭ نەزەرىيىسىنى تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش ئۈستىگە ئەمەس، سەكرەش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان، ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يۇقىرى سەۋىيىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مەسىلە ئۈستىگە



قويۇپ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي كۆز قارىشىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، تىزگىنلەش نەزەرىيىسىنىڭ تاكامۇل دەرىجىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. دېمەك، ئىجاد قىلىش ئارزۇسى رېئال ئەھۋالدىكى نامۇۋاپىقلىقلارنى تۈزىتىپ، يېڭى رېكورت يارىتىشتا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولىدۇ. ياخشى ئىجادىيەت ئارزۇسىدا بولغاچقا، تاپا - تەنە ۋە دوق - لەنەتلەرمۇ ۋاقىتلىق، ئانچىكى نەرسە بىلىنىدۇ - دە، بۇلار ئۇنىڭ ئۆزۈپ چىقىشىغا ھەيدەكچى بولىدۇ. يەنى ئىجادىي پائالىيەتتە ياخشى ئارزۇ مەۋجۇت رېئاللىقتىن قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئارزۇ بولۇش زۆرۈر.

### 4) مۇھىت پرىنسىپى

ئىجاد قىلىش، ئىختىرا قىلىش ئىدىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەۋزەل ئىجتىمائىي ۋە پسىخىك مۇھىتنىڭ بولۇشىغا موھتاج، ئۇ تالانتلىقلار قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئويلاپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك بويىچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ.

ھەرقانداق پەننىڭ ئىجاد بولۇشى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بولۇپ، ئەگەر جەمئىيەتتە ئۇ پەنگە ئېھتىياج بولمايدىكەن، ئۇ پەن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى پەيدا بولۇش بىلەنلا، ئۇ تېزلىكتە دۇنياغا تارقالدى. ئوسبورننىڭ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ «ئەقلىغا ئىلھام بېرىش ئۇسۇلى»نى ئىجاد قىلىشى ئەنە شۇنداق بولغان. ئوسبورن 21 ياشقا كىرگەندە ئىشسىز قالغان ۋە بىر گېزىتخانىغا بېرىپ ئىمتىھان بەرگەن، ئۇنىڭ ئىمتىھانىنى تەكشۈر-

گۆچى ئۈنىڭغا: «ماقالىڭىزدىن قارىغاندا، يېزىقچىلىق تەدبىرىڭىز ۋە ماھارىتىڭىز تۆۋەن ئىكەن، جۈملىلەرمۇ راۋان ئەمەس، ئەمما ماقالىڭىزنىڭ مەزمۇنى مول، ئىجادىي ئىكەن، شۇڭا سىزنى گېزىتخانىمىزغا ئالىدىغان بولدۇق» دېگەن. ئوسبورىن مۇشۇ سۆزدىن ئىجادچانلىقىنىڭ قەدىرلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ۋە خىزمەتكە كىرگەن كۈندىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىجادىي ئىشلىگەن. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ناھايىتى كاتتا كارخانىچىغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن «پىكىر قىلىش ئۇسۇلى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ، دۇنيادا ئەقلىغا ئىلھام بېرىشنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇلىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، جەمئىيەتتىكى ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىش ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى قەدىرلەپ ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىت ئوسبورىننىڭ پائال ئىجاد قىلىش پىسخىكىسى — ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىجادىيەت بىلەن زىتلاشماستىن، بەلكى ئۇنى قوللاپ — قۇۋۋەتلەيدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ھۆرۈنلۇقتىن خالىي بولغان «ھەرقاچان ئىجاد قىلىپ ئالغا باسىمەن» دەيدىغان ئوت يۈرەك ئادەم بولۇش كېرەك.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجادىيەت مۇھىتى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە سۇبيېكتنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپتە يەنە نۇرغۇنلىغان ئامىللار بولىدۇ. ئىجادىيەتتىن تۈزۈكرەك نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، مۇشۇ ئىككى تەرەپتە ئەۋزەللىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىز ئاساسەن ئەۋزەل مۇھىت بولغاچقا، بىز كىشىلەرنىڭ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىنى مىسالغا ئالايلۇق:

كەيپىيات بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى



رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، دۈشمەنگە قاتتىق نەپرەتلىنىش كىشىلەرنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە چوڭ تۆھپە يارىتىشىنىڭ كۈچ مەنبەسى بولغانىدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن قايناق ھېسسىياتقا تولۇشى كىشىلەرنى قەيسەر شىجائەت بىلەن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشقا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. شۇڭا لېنىن: «ئادەمدە ھېسسىيات بولمىسا، ئادەم ھەقىقەتكە ئەسلا ئىنتىلمىگەن ۋە ئىنتىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 – توم، خەنزۇچە نەشرى، 255 – بەت) دېگەن. دېمەك، قايناق ھېسسىيات سۇبيېكتتىكى بىر خىل ئەۋزەل مۇھىت بولۇپ، ئۇ پەيدا قىلغان كەيپىيات تەپەككۇرنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، ئىلھاممۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇرغاي كېلىدۇ. سۇس ھېسسىياتتىن پەيدا بولغان كەيپىيات تەپەككۇر ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىجادىي تەپەككۇر ئۈنۈمىگە ئىگە بولالمايلا قالماستىن، بەلكى ئىش ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، تەپەككۇر ھەرىكىتىمۇ ھېسسىياتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەم ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتتە غەلىبە قازىنىمەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلسا، ئۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن زور مەنىۋى كۈچ – قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراش ئېھتىمالى بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك باسىدۇ. مانا بۇ سۇبيېكت مۇھىتىدىكى ھېسسىيات بىلەن تەپەككۇرنىڭ بىر – بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

نۇرغۇن ئالىملار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، تارىخىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش، سەنئەتنى ۋە مۇزىكىنى قىزغىن سۆيۈش، داڭلىق



٢

رەسىملەردىن زوقلىنىش قاتارلىق يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ شېرىن تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇلار ئېگىز قەد كۆتۈرگەن ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ سەلتەنەتلىك پەيزىدىن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى چەكسىز ئورمانزارلىقلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىلھام ئېلىپ، مول ئەقىل - پاراسەت مېۋىلىرىنى بەردى. بۇلاردىن بىز ئەمەلىي پائالىيەت ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ ھېسسىياتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىمىزنى كۆرەلەيمىز. ئېيىنشتېيىن پۈتۈن ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى سوتتا داۋا بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ شۇنداق بېسىملار ئاستىدا تۇرۇپ 1000 خىلدىن ئارتۇق ئىختىرا ياراتقان. ئەگەر بىزدىمۇ ئاشۇنداق ئۆزگىچە مۇھىت بولسا، نېمىدېگەن ئۇلۇغ مۆجىزىلەر دۇنياغا كېلەتتى - ھە!

## 5) سېلىشتۇرۇش پرىنسىپى

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرقىنى تېپىش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەقەللىي ساۋات. ئىجادىيەت ئىددىيىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. ئەمما، سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك پىسخىك ھادىسىنى تۈگىتىش كېرەك. ئۇنىڭ بىرى، ئۆز ئەتراپىدىكى تونۇشلۇق نەرسىلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ كۆرمەسلىك، پەرقىنى تاپالماسلىق ھادىسىسى؛ يەنە بىرى، ناتونۇش يېڭى شەيئىلەرنى «كۆرسىمۇ تونۇغىلى ئۇنىماسلىق»، پەرقلەرنى تاپالماسلىق، شۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرالماسلىق ھادىسىسىدۇر. تونۇشلۇق نەرسىلەرنى قەستەن ناتونۇش نەرسىلەر قاتارىغا قويۇپ، يېڭى بىر نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى بىر نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاش كۆزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ كۆرمەس-



لىك پىسخىكىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر. ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناتونۇش نەرسىلەر ئىچىدىن ئۆزگىچە تونۇشلۇق بولغان ئالاھىدىلىك ۋە قىسىملارنى تېپىپ، راستىنلا ئوخشاش بولمىغان نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش «كۆرۈپ تۇرسىمۇ تونۇغىلى ئۇنىماسلىق»نى تۈگىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر.

پەن تەتقىقاتى كىشىلەرنىڭ تونۇشلۇق بولمىغان ئوبيېكتنى ۋە ئوبيېكتنىڭ تونۇشلۇق بولمىغان تەرەپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى ئارقىلىق بىلىش ھەرىكىتىدۇر. كىشىلەر ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان ساھە ئۈستىدە ئىزدەنگەندە كۆپىنچە ئۇنى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ساھە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تونۇشلۇق بولمىغان ئوبيېكتنىڭ تونۇشلۇق بولغان ئوبيېكت بىلەن بولغان ئورتاقلىق تەرىپىنى تېپىپ چىقىدۇ، ئاندىن بۇ ئورتاقلىقنى كۆۋرۈك قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان تەرەپلەرنى قىياس قىلالايدۇ. شۇڭا، سېلىشتۇرۇشنىڭ پەن تەتقىقاتىدىكى رولىمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

سېلىشتۇرۇش ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، ئۇزۇن لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرۇش. مەسىلەن، بىر خىل شەيئىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش؛ بىر ئىجتىمائىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىياسىي تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي يۆنىلىشىنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. يەنە بىر خىلى، توغرا لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرۇش، مەسىلەن، ئوخشاش بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سېلىشتۇرۇش، ئوخشاش بىر خىزمەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇندا ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىغا كىرىدۇ. بۇنداق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە

بىر خىل بىلىنمەسلىك بولۇپ، بىزنى ئەنئەنىۋى مودېللارغا چاپلىشىۋالىدىغان، ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى شەيئىلەرگە پاسسىپ قارايدىغان قىلىپ قويغانىدى. ھالبۇكى، تارىخ ھامان تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ۋە ئارتۇقچىلىقىنىلا كۆرۈپ، كەمچىلىكى ۋە يېتەرسىزلىكىنى كۆرمىگەندە، شەيئىلەرنىڭ تۇرغۇن ھالىتىنى بىردىنبىر ھالەت دەپ ھېسابلاپ، ھەممە نەرسىنى ياخشى دەپ قارايدىغان، ئاددىي نەرسىلەر بىلەن خۇشاللىنىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ تۆۋەن ھالىتى بىلەن قانائەتلىنىدىغان روھىي ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ - دە، ئىجادىي ئوي - پىكىر جەھەتتە ئاجىز بولۇپ، ئۆزگىرىش ياساشقا كۈچلۈك ئىنتىلمەيدۇ. ئەمما، تاشقى مۇھىتتا يەنە بىر ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭغا لايىقلىشىش ھاجەت بولغاندا، بۇنداق ئىدىيىۋى ئاساسى ئاجىز ئادەملەر يەنە ئۆزگىرىشلەر ئىچىدىكى ياخشىلىقلارنىڭمۇ بۇرۇنقى نەرسىلەر ئىچىدىن ئۆسۈپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۆزى قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يامانغا چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاپلىشىۋېلىش ياكى ئىنكار قىلىش بىلەن مۇستەقىل ئىجاد قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئېلىمىزدە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى بىردىنلا كېڭەيدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇزۇن لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرۇش بىلەن توغرا لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە باشلىدى ھەمدە بۇنداق سېلىشتۇرۇش داۋامىدا ئۆزىگە بىر خىل بېسىم چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جەھەتتە كۈچلۈك ئارزۇ ۋە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھ بارلىققا كەلدى. روشەنكى، بۇنداق روھ پەن تەتقىقاتى ۋە بارلىق پائالىيەتلەردە ئىجادىي ئىشلەشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، بىز ئىجادىيەت جەريانىدا سېلىشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىمىز ۋە [illegible]



### 6) قۇرۇلما پرىنسىپى

مەنىۋى ياكى ماددىي جەھەتتىكى ھەرقانداق ئىجادىيەت يېڭى بىر قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ. يەنى كىشىلەر تاللىۋالغان بىلىپ بولغان ماددا ياكى پرىنسىپلار يېڭىباشتىن پارچىلىنىدۇ، قوشۇلىدۇ، قۇراشتۇرۇلىدۇ. زامانىمىزدىكى ئەڭ مۇرەككەپ ئىختىرا ۋە ئىجادىيەتلەردىنمۇ مۇشۇنداق قانۇنىيەتنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاپوللو ناملىق ئالەم كېمىسىگە ئىشلىتىلگەن تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ بۇرۇن ئىجاد قىلىنمىغان تەييار تېخنىكا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ياسىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ مەسىلە يېڭىدىن ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش ۋە قۇراشتۇرۇش بولدى. يەنە مەسىلەن، پاستېر كۆپ قېتىم تەجرىبە قىلىپ، مىكروبنىڭ ماددىلارنى چىرىتىدىغان باش جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى تاپتى. ئەنگلىيىلىك لېستېر دېگەن دوختۇر پاستېرنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن يارا ئېغىزىنىڭ يىرىڭلاپ كېتىشىدىكى سەۋەبنى كېسەل مىكروبنىڭ ھەرىكىتىدىن بولىدىغانلىقىنى تاپتى. ئۇ پاستېرنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا مىكروبسىزلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، كاربون كىسلاتاسى بىلەن ئوپېراتسىيە ئەسۋابلىرىنى، تېڭىق ماتېرىياللىرىنى ۋە دوختۇرنىڭ قوللىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوپېراتسىيىسى مىكروب تەسىرىگە ئۇچرىماي، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقتى. دېمەك، لېستېرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ قۇرۇلما نەزەرىيىسىنى تەتبىق قىلغانلىقىنىڭ، بىئولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى دوختۇرلۇق ئوپېراتسىيىسىگە ماھىرلىق بىلەن تەتبىقلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولدى.

## 7) ئېھتىماللىقنى ستاتىستىكا قىلىش پرىنسىپى

نۇرغۇنلىغان ئىجادىيەت، ئىختىرا ھادىسىلىرىنى ستاتىستىكا قىلىپ كۆزىتىشتىن كېلىپ چىققان سانلىق مەلۇماتلار ئۇستىدىكى تەھلىل ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر كۆپ بولغانسېرى ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئېھتىماللىقىمۇ زور بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىيەت تەسەۋۋۇرلىرىنى كۆپەلەپ ھاسىل قىلىش ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچ تۈرلۈك: بىرى، پەقەت ئىجادىي تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىجادىيەت ۋە ئىختىرانىڭ نىشانىنى تاپقىلى، ئاڭلىق تۈردە ئىجادىيەتكە كىرىشكىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر گەرچە كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىدىكى ئىجادىيەت ئۈچۈن بەزى تەجرىبىلەرنى توپلاپ بېرەلەيدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى كۈچلۈك ئىجادىيەت ئارزۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش شەرت.

## 8) بېسىم پرىنسىپى

ئادەتتە ھېچكىم بېسىم ئاستىدا تۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئەمما، ھېچقانداق بېسىم يوق شارائىتتا ھاۋادا ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرگەن بىلەنمۇ ئادەم ئەركە ھەم ھورۇن بولۇپ كېتىدۇ - دە، ئىجاد قىلالمايدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا ۋەھىمە ئاستىدا قالغانلارنىڭ قەستەن ھورۇنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇستىدە پەقەت بېسىم يوق ئادەملەرنىڭمۇ



ۋەھىمە ئاستىدىكى ھورۇنلاردىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ئىجادىيەتسىز ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئۇستىدىكى بېسىمنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندە، ئادەملەردە ھورۇنلۇق ھەم ساختىلىق ئۆسۈپ كېتىدۇ. نورمىدىن ھالقىغان مۇنداق بېسىم ئاستىدىكى ھورۇنلۇق مەزگىلىدە ئادەم ئىجاد قىلالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۇزاققىچە داۋام قىلسا، ئېغىر بېسىم ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى بوشاپ، ئەقىل - پاراسىتى خوراپ كېتىدۇ، ئاخىرىدا قابىلىيەتسىز بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا زىيالىيلار ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق ياكى باشقا چىرىك ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر سۈنئىي بېسىملار ئارقىسىدا ھەققانىي ئىجادكارلار يېتىم قالىدىغان قايغۇلۇق ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما، نورمال بېسىم بولمىسىمۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولمايدۇ. ئەگەر نورمال بېسىم بىلەن ئىدىيە ئازادلىقى ئاستىدا جىددىي ئىشلىگەندە ئادەم بارغانسېرى تېتىكلىشىپ، روھلىنىپ، ئەقلىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىجاد قىلالايدۇ. دېمەك، بېسىم يۇقىرى بولسا ياكى زادىلا بېسىم بولمىسا، ئەقىل بۇلىقى ئېتىلىپ قالىدۇ. بېسىم مۇۋاپىق بولغاندا كىشىنىڭ بىلىم ئېلىش تەشنالىقى، كەسپىي ئىنتىلىشى ۋە ئىزدىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجادىيەتكە ئۇل ھازىرلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەم ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ جەھەتلەردە نورمال بېسىم بار شارائىتتا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، ئادەم ھەرقاچان ئۆزىنى بېسىم بار يەردىن قاچۇرۇشنىڭ كويىدا بولماي ۋە ياكى تۇرمۇشنىڭ بەزى سىناقلىرى ئالدىدا ئۈمىدسىزلەنمەي، بەلكى مۇۋاپىق بېسىم ئاستىغا قويۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بېسىم ئۇستىدىن غالىبە قىلىش جەريانىدا ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتى مۇقەررەر راۋاجلىنىپ بارىدۇ. بۇ ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدىكى بىر خىل قانۇنىيەت

بولۇپ، بېسىمدىن قورققاندا چىقىش يولى بولمايدۇ. ئالايلۇق، ئۆزىمىزنى ئىقتىسادىي بېسىم ئاستىغا قويغاندا بىرمۇنچە پايدا ئالىمىز. ئادەمنىڭ تەلەپلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىقتىسادىي تەلەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ نېگىزلىك تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئالدى بىلەن ئادەم ھايۋانلاردەك فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، ئۆز ھالىتىگە مەڭگۈ قانائەت قىلماسلىق ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئاندىن قالسا، ئادەمدە نىسپىي ھۇرۇنلۇق پسىخىكىسى بولۇپ، مەلۇم مەقسىتى قاندۇرۇلغان ھامان ئالغا باسماي تۇرۇپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى بۇنداق ئاجىزلىقنى ئىقتىسادىي بېسىمنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش چارىسى بىلەن داۋاملىق تولۇقلاپ ماڭغاندا، مۇنداق ھۇرۇنلۇق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئادەمنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئىجاد قىلىدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئىقتىسادىي جەھەتتە بېسىم قوبۇل قىلىش چارىسى «سەن قانچىلىك ئەقىل ئىشلەتسەڭ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن شۇنچىلىك تولۇقلاش بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق مېخانىزم كىشىنى توختىماي ئالغا باسىدىغان قىلىدۇ. بۇ خۇددى بىر خىزمەتچىنىڭ 10 — 20 يىللىق مائاشىنى بىر قېتىمدا بەرمەي، ھەر ئايدا ئاز ـ ئازدىن بېرىپ، ئۇنى دائىم ئىشلەتكەنگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئەگەر 10 يىللىق توختام بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەمگە بىر قېتىمدىلا 10 يىللىق مائاش بەرگەندە ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ھۇرۇنلۇقنى داۋاملىق چەكلەپ تۇرىدىغان تەبىئىي تەڭشەش بولماي قالىدۇ ـ دە، جەمئىيەتكە ئۇ كىشىنىڭ قوشىدىغان ھەسسىسى ئاز بولىدۇ. ئىجادىيەتمۇ ئەنە شۇنداق ئىش بولغاچقا، قانچىلىك ئىجاد قىلسا، شۇنچىلىك قەلەم ھەققى ياكى مۇكاپات بېرىش چارىسى بىلەن ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرى بېسىم بىلەن ھەق



بېرىلمىسە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكىدەك ئىجادىيەتچىلەر سۇلشى خۇسۇسىيەت ياكى ساختا ھۆرۈنلاردىن بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، جەمئىيەت مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىلمەيدۇ. ئەگەر ئىجادىيەتچىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالدىن ھەق بېرىپ قويۇپ ياكى كۆپ ھەق بېرىپ قويغاندا، ئۇنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپ قېلىپ، ئەركىنلىشىدۇ ياكى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ھۇرۇنلۇق تېخى ئىجاد قىلىنمىغان ئەسەرگە كەلگەن ھەققى يەپ، يېتىپ كۆچىيىدۇ ـ دە، جەمئىيەتكە بېرىلىدىغان مەنىۋى ئوزۇق يەنىلا دېگەندەك بولمايدۇ.

خىزمەت ئورنىدىكى بېسىمنى ئالساقمۇ ئەھۋال يەنە شۇنداق بولىدۇ. خىزمەت يەڭگىل بولۇپ قالسا، كىشى تاماشىغا بېرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. خىزمەت ھەددىدىن زىيادە ئېغىر بولۇپ كەتسە، ئادەم بۇرۇن كاردىن چىقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. مۇۋاپىق بېسىم بولغاندا بولسا، ئەقىل نىشانلىق جارى قىلدۇرۇلۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىدارىمىزدە ھېچقايسى باشلىق خىزمەت تاپىلىمىسا ياكى بىر كۈنلۈك ئىشنى 10 كۈندە ئورۇندىساقمۇ باشلىقلارنىڭ كارى بولمىسا، بىزنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. باشلىقلار بىر كۈندە 10 كۈنلۈك ئىش تاپىلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەردىمىزنى قايناتقىدىغان گەپلەرنى قىلىپ كۆزىمىزگە كىرىۋالسا، بىز قەستەن ھۇرۇنلىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. باشلىقلار بىر كۈندە بىر كۈنلۈك ياكى بىر كۈندە ئىككى كۈنلۈك ئىش تاپىلاپ، يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ئۇنى ئورۇنداشقا ئىلمىي مەسلىھەت بېرىپ ئىلھام بەرسە، بىز بىر كۈندە ئىككى كۈنلۈك، ئۈچ كۈنلۈك ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىشىمىز مۇمكىن. ئىجادىي پائالىيەتلەرمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، نىسپىي مۇقىم بولغان خىزمەت ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئېنىق بولغان خىزمەت ۋەزىپىسى،

يۇقىرى سەۋىيىلىك خىزمەت تەلىپى، مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش چارىسى قاتارلىقلار بىزنىڭ ئەقلىمىزنى تولۇق ئىشقا سېلىشقا پايدىلىق بولىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، بېسىم ئوبيېكتىپ جەھەتتىنمۇ، سۇبيېكتىپ جەھەتتىنمۇ كېلىدۇ. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىدە تاشقى بېسىم ھاسىل قىلىش روھى ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىكى تەشەببۇسكار بولۇش، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا بېسىش ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ۋەكىللىك قىلغاچقا، غەلىبە قىلىۋاتقان تەقدىردىمۇ ئۆزىگە تەمەننا قويماي، ئەتراپتىكىلەردىن ئىجادىي پائالىيەت جەريانىدا ھالال ئەمگەك بىلەن ئۆتۈپ كېتىش يولىدا ئۆزىگە ئۆزى مۇسابىقە ئېلان قىلىش ھالىتىدە تۇرغاندىلا غايەت زور ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. ئۆزىنى ئۆزى ئەنە شۇنداق كۆزلەشكەن يۈكسەك نىشانغا ھەيدەش ئەنە شۇنداق تاشقى بېسىم ھاسىل قىلىشتۇر. مەسىلەن، بالزاك «ئىنسان كومېدىيىسى» نى يېزىش ئىجادىيەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، تۆت نەشرىيات سودىگەرلىرى بىلەن نەشر قىلىش ئىشىنى شېرىكلىشىپ ھۆددىگە ئېلىش توختامى تۈزگەن. 1842 - يىلى بالزاك «ئىنسان كومېدىيىسىگە كىرىش سۆز» يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا ئەدەبىي ئەسەر يېزىش مەقسىتى بارلىقىنى شەرھلىگەن. 1845 - يىلى ئۇ يەنە «ئىنسان كومېدىيىسىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى» نى يېزىپ چىققان. بالزاك ئۆز كۆڭلىدە ھاسىل قىلغان ئىنتايىن چۈشىنىشلىك تاشقى بېسىمىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئىرادىسىدىن يانماي، جاپالىق ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۈرۈشلەشكەن ئەسەردىن 91 نى پۈتتۈرگەن، 20 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى تۆت - بەشتىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ئۇ ھەر كۈنى ئون سائەتلەپ ئۈستەلدىن باش كۆتۈرمىگەن، كۆپىنچە ئۇدا ئىشلىگەن



ۋاقتى 18 سائەتكە يەتكەن. «گورىيو بوۋاي» دېگەن داڭلىق ئەسىرىنى ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىلا پۈتتۈرگەن. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئاخىرقى ئۈچ يىللىق ئىجادىيىتىدە يەنە ئالتە رومان يازغان، ئەمما بۇ ئالتە رومانىنى 1845 - يىلىدىكى «ئىنسان كومېدىيىسىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى» گە كىرگۈزمىگەن. گەرچە ئۇ ۋاپات بولغۇچە ئىجادىيەت پىلانىنى ئورۇنداپ بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارىتىگە كېيىنكىلەر ئاپىرىن ئوقۇماقتا.

يەنە مەسىلەن، تەقۋادارلىقنى ئىلىم - پەن ئۈستىدە ئىزدىنىشكە سىڭدۈرگەن ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇسالام ياش ۋاقتىدىلا «ئاللا ياراتقان تەبىئەت دۇنياسى» نى تەتقىق قىلىپ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى كىچىكلىتىش ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى تېپىش، ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك كۆرەش نىشانى قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىگە تاشقى بېسىم ھاسىل قىلغان. بۇ بېسىم تۈرتكىسىدە تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىزدىنىپ، 1946 - يىلى 10 - ئايدا كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغان ۋە 1948 - يىلى كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى فىزىكا، ماتېماتىكا پەنلىرى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئەلاچى بولۇپ تاماملاپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. 1952 - يىلى نەزەرىيە فىزىكىسى جەھەتتە پەلسەپە دوكتورى بولغان. 1951 — 1954 - يىللاردا پاكىستاننىڭ لاھور ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور ۋە ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۇرتى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدە نادانلاشتۇرۇش يولىغا ماڭغانلىقتىن، مۇنداق ئالىملار ئاستا خاراكتېرلىك نابۇت قىلىنىش تەھدىتىدە قالغاچقا، ئۇ ئەزىز ۋەتىنىدىن يەنە لوندونغا قايتىپ، «ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى تاپا -

تەنلەرگە قارشى پىكىرلەرگە ھەممىدىن بەكرەك سەۋر-تاقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، باشقا ئالىملار بىلەن ماسلىشىپ، تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتىنى، ماسلىقنىڭ گۈزەللىكىنى ئېچىش يولىدا ھارماي - تالماي ئىزدەنگەن. ئۇ: «ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ بارلىقى ماسلاشقان، ئىخچام بولۇپ، كۆرۈمسىز، سەت، چۇۋالچاق، پارچە - پۇرات نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ھېسابلاپ، قالايمىقان، پارچە - پۇراتتەك كۆرۈنگەن ھادىسىلەر بىلەن كۆمۈلۈپ ياتقان تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماسلىقنىڭ گۈزەللىكىنى تېپىپ ھەممە ئىنسانلارغا ئۇقتۇرۇش بىلەن، ئارقىدا قالغان ئىنسانلارنى ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىدىكى بىرلىككە قاراپ ئىنتىلدۇرۇپ، «تەرەققىي تاپقان خەلقلەر قىلالىغاننى قىلالايدىغان قىلىش — مەندەك بىر ئەمەلىيەتچى مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى» دەپ قاراپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاجىز يادرو كۈچى بىلەن ئېلېكتر ماگنىت كۈچىنىڭ بىرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاساسىي تەبىئىي كۈچلەرنى تەتقىق قىلىشتا ھەتتا ئەينى چاغدا ئېينىشتېيىن 20 يىل جاپا چېكىپ ھەل قىلالمىغان بەزى مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلغان.

مانا بۇلار ئۆز كۆڭلىدە ھاسىل قىلغان تاشقى بېسىمنىڭ كۈچىدۇر. ئۇ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ رولىنى زور دەرىجىدە قوزغايدۇ؛ ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئاجىز بولغان يوشۇرۇن كۈچىنىمۇ قوزغاپ، ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۇلۇغ خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. بالزاك ۋە ئابدۇسالاملار ئەنە شۇنداق تىپ ئەمەسمۇ؟ بىز مۇشۇنداق بىر پرىنسىپقا ئاساسەن، ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئىشلەيدىغان تۇرلۇك ئامىللار ئىچىدە، تاشقى ۋە ئىچكى بېسىمدىن ئىبارەت بۇ ئامىلنى چىڭ



تۇتۇپ، ئۆزىمىز شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتكە زور دەرىجىدە قىزىقىش ئارقىلىق، ئۇ خىزمەتنى ئۆزىمىز قىلمىساق بولمايدىغان بىر خىل بېسىمغا. قىلغانسېرى قىلغۇمىز كېلىدىغان بېسىمغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئىچكى دۇنيايىمىزدىن ئىجادىيەتكە قوزغىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئالىم ۋە سەنئەتكارنى باشقىلار ھەيدەپ يۈرۈپ ئالىم ياكى سەنئەتكار قىلىپ قويغان ئەمەس، ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۆزىگە - ئۆزى بېسىم قىلىش ئارقىلىق بىلىم ھەم ماھارەتلىرىنى ئاشۇرۇشتا ماھىر بولۇش، تاشقى بېسىملاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا، بىز ھاياتىمىزغا خەۋپ سالمايدىغان تۇرلۇك بېسىملارنى بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز كېرەك، شۇنداقلا، ھەدېسىلا دېۋەيلەپ ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى خاراب قىلىدىغان يامان بېسىملاردىن مۇداپىئەلىنىشىمىز ھەم ئۇلارنىڭ ئىجادىي قۇدرىتىمىزنى خاراب قىلىۋېتىشىدىن ھەزەر قىلىشىمىز كېرەك.

### 9) ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش پرىنسىپى

ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش ئۇسۇلى تۇرلۇك ئۇچۇر ۋە ئاخباراتلارنى توپلاش ۋە بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئىجادىيەتكە تەتبىقلىنىشى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىكى زور بىر يۈزلىنىشتۇر. بۇنداق يۈزلىنىشنى يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن ئۈچ قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىرىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى پار ماشىنىسىنى قول ئەمگىكى (قول سانائەت) ئورنىغا دەسسەتتى. ئىككىنچى

قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى پار ماشىنىسى-
نىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، يەنە بۇ ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاب
ئالدىنقىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئەمما،
ئۈچىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى كۆپ خىل تېخنىكىلارنى
ئۇنىۋېرسال گەۋدىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ
ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم يۈزلىنىشى
بولۇپ قالدى. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە
كەلگەندە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلىنىش
يۈزلىنىشى گەۋدىلىنىپ، ئاساسىي پەنلەرنىڭ بىرى يەنە بىرىگە
سىڭىپ كېتىش كۈن ساناپ كۈچىيىپلا قالماستىن، ئاساسىي
پەنلەرنىڭ تەتبىقلىنىشى جەريانىدا بىرمۇنچە تېخنىكا پەنلىرى
كېلىپ چىقماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھازىرقى جەمئىيەت
ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىرمۇنچە مەسىلىلەر ئومۇملۇق
خاراكتېرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇنداق مەسى-
لىلەرنى ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، نەزەرىيە ياكى
ئەمەلىيەت جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان زور مەسىلىلەرنى
بىرەر ئاساسىي پەن ياكى بىرەر تېخنىكا پېنى ئۆز ئالدىغا
ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسال
خاراكتېرلىك تېخنىكىلار كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، ھاياتلىققا
دائىر پەننى ئالساق، ئۇ بىئولوگىيە بىلەنلا چەكلەنمەي، يەنە
خىمىيە، فىزىكا، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى جەھەتلەردىكى
بىلىملەرگە ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. مۇھىت تەتقىقاتىنى ئالساق،
ئېكولوگىيە، يەر شارى خىمىيىسىنىڭ قائىدىلىرىنى ئاساس
قىلىپ، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، جۇغراپىيە،
تىبابەتچىلىك، قۇرۇلۇش ئىلمى جەھەتتىكى بىلىملەرنى
ئومۇملاشتۇرۇپ تەتبىقلاشقا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى
جەھەتتىكى پەننى ئۇنىۋېرسال پەن دېيىش مۇمكىن. بۇلاردىن
باشقا، يېزا ئىگىلىك پېنى، ئېنېرگىيە پېنى، ماتېرىيال



پېنى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىۋېرساللىقى ناھايىتى
كۈچلۈك بولغان پەنلەردۇر. ئەمەلىي تۇرمۇش ئېھتى-
ياجى بويىچە ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلار بىزگە
يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان مۇرەككەپ ۋە كاتتا نەرسىلەرنى قويۇپ
تۇرۇپ، ئەڭ ئاددىي مەھسۇلاتلارغا نەزەر سالساقمۇ ئۇنىۋېرسال-
لىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۈنئالغۇغا رادىئو قوبۇللىغۇچ، ئاۋاز
كۈچەيتكۈچ، مىكروفون، ئېلېكترونلۇق ۋاقىت ھېسابلاش ئەسۋا-
بىنى قوشقاندىن كېيىن، ئۈنئالغۇ بىرمۇنچە ئىش قابىلىيىتىگە
ئىگە بولدى. ئاپتوموبىل بىلەن زەمبىرەكنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى
ئارقىسىدا تانكا كېلىپ چىقتى، چىش پاستىسى بىلەن دورىنىڭ
بىرىكتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا دورىلىق چىش پاستىسى ھاسىل بول-
دى. ماي قەلەمنىڭ قاپچۇقىغا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ئەسۋا-
بىنى قوشقاندىن كېيىن، ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچى ماي قەلەم
كېلىپ چىقتى. قېرىنداشنىڭ بىر ئۇچىغا رېزىنكە بېكىتكەندىن
كېيىن، ئۆچۈرگۈچلۈك قېرىنداش كېلىپ چىقتى... دېمەك،
ئەسلىدە ئالاقىسى يوق نەرسىلەرنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇپ بىر
گەۋدە قىلغاندا، يېڭى ئىقتىدار پەيدا بولىدۇ.

ئۈچىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىدىكى مۇشۇنداق ئۇنى-
ۋېرساللىق يۈزلىنىشكە ئاساسەن، سوتسىيالوگلار زامانىمىزدىكى
ئىلىم چولپانلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئەھۋالى ئۈستىدىمۇ
تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ تار كەسىپ دائىرىسىدە
چەكلىنىپ قالمىغان ئۇنىۋېرسال بىلىمگە ئىگە ئالىملار ئىكەن-
لىكىنى بايقىدى. مەسىلەن، ئامېرىكىدا بەزىلەر 11 تەتقىقات
ئورنىدىكى 1311 نەپەر تەتقىقاتچى ۋە مۇتەخەسسىس ئۈستىدە
ئۇدا بەش يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات
نەتىجىلىرىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماقالىسى، پاتېنت
ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كەشپىياتى، شۇنىڭدەك دەرىجىسىنى ئۆستۈ-
رۈشكە يېزىلغان باھا سۆزى ۋە خۇلاسىسىنى كۆزىتىپ، ئىلىم-

پەن جەھەتتە زور بۆسۈش ھاسىل قىلغان ۋە تېخنىكا جەھەتتە
زور كەشپىيات ياراتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى كۆپ خىل بىلىمگە
ئىگە ئىختىساسلىقلار ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئەمەلىيەتتە، XIX
ئەسىردە بىردە مەخسۇسلاشقان، كۆپكە قادىر ئىختىساسلىقلارنىڭ
ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتى
ئەڭ كۆپ بولغان. مەسىلەن، ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى
كەسپىي فىزىك كەشپ قىلماستىن، بىر دوختۇر كەشپ قىلغان؛
ئۇ ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى فىزىكا جەھەتتىكى تەت-
قىقات ئارقىلىق كەشپ قىلماستىن، بەلكى ئادەم بەدىنىدىكى
ئېنېرگىيىنىڭ ئالمىشىشىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئېنېرگىيە-
نىڭ ساقلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ مۇھىم فىزىكا قانۇنىنى
بايقىغان. كىلىتكا تەلىماتى كىلىتكىنىڭ بايقىلىشىغا تايىنىد-
غان بولسىمۇ، لېكىن كىلىتكىنى تۇنجى قېتىم بىر فىزىك
بايقىغان. دارۋىن بىر بىئولوگ، بۇنىڭدا شۈبھە يوق، ئۇ بىئو-
لوگىيىنىڭ تارماق پەنلىرىدە، بولۇپمۇ زوئولوگىيە ئىلمى ۋە
بوتانىكا جەھەتتە تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى چۈشەندۈ-
رۈشكە ئائىت ئىنتايىن مول ماتېرىياللارنى توپلىغان. لېكىن،
شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئۇ ئېدىنبورگ ئۇنىۋېر-
سىتېتىدا مېدىتسىنانى ئۆگىنىشنى ئۆزىنىڭ تۇنجى كەسپى
قىلغان، كېيىن ئۇ كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ئوقۇغاندا
بىئولوگىيىگە ئالاھىدە قىزىققان. دارۋىن ئۇ يەردە 1831 -
يىلىدىن 1836 - يىلىغىچە ئۆز ھاياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى
ئۈچۈن ئاساس سالغان. ئۇ «بېگىل» ناملىق ھەربىي پاراخوتنىڭ
ئارخېئولوگى بولۇش سۈپىتىدە يەر شارىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا
يەنە لىل چارلېزنىڭ گېئولوگىيە قائىدىلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق
قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئالىم نامىغا
ئىگە قىلغىنى بىئولوگىيە ھەققىدىكى ئەسىرى بولماستىن، بەلكى
1842 - يىلى نەشر قىلىنغان گېئولوگىيە ھەققىدىكى «مارجان



خادا تاشلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى» دېگەن
ئەسىرى بولغان ۋە ئۇ لوندوندا گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى-
نىڭ كاتىپى بولغان. ئۇنىڭ جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققى-
يات نەزەرىيىسى ھەققىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ماھىيەتتە ئۇنىڭ
لىل چارلېزنىڭ گېئولوگىيە ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ۋە
ئۇسۇلىنى بىئولوگىيىدە تولۇقلاپ ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتى-
جىسى، دارۋىن جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى ياشاش
ئۈچۈن رىقابەتلىشىش ۋە تەبىئىي يوسۇندا شاللىنىپ كېتىش
توغرىسىدىكى يەكۈننى چىقىرىشتا، ئالدى بىلەن، بىئولوگىيە
ھەققىدىكى ماتېرىياللاردىن ئىلھام ئالغان بولماستىن، بەلكى
مالتۇسنىڭ «نوپۇس نەزەرىيىسى» دىن ئىلھام ئالغان. دېمەك،
دارۋىننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇنىڭ كەسپىي دائىرىسىدە
مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى يەنە بىلىملىك
ۋە كۆپكە قادىر بولغانلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. XIX
ئەسىردە ئىلىم - پەن جەھەتتە يەنە ئالاھىدە مۇھىم بىر كەش-
پىيات بولدى، ئۇ بولسىمۇ مېندېل گېرىگورى يوھاننىڭ «ئىر-
سىيەت قانۇنى» (يەنى «خاراكتېر ۋە تۈزۈلۈشنىڭ ئايرىلىش قا-
نۇنى» ۋە «ئەركىن جۈپلىشىش قانۇنى») بولۇپ، ئۇ بۈگۈن
تەلىماتىنىڭ باشلامچىسى بولدى. مېندېل گېرىگورى يوھان
ئۆزىنىڭ كۆك پۇرچاقنى شالغۇتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مەشھۇر
تەجرىبىسى ئارقىلىق بۇ كەشپىياتنى ياراتقان. ئۇ ئوخشاش بول-
مىغان خاراكتېر ۋە شەكىلدىكى كۆك پۇرچاقنى شالغۇتلاشتۇرغان-
دىن كېيىنكى ئەۋلادنى پۈتۈنلەي سانلىق ستاتىستىكا قىلىپ،
شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاددىي رەقەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى-
نى بايقىغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ دەۋر بۆلگۈچ بۇ ئۇلۇغ مۇ-
ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشىدىكى سەۋەب دەل ئۇنىڭ ماتېماتىكى-
لىق، فىزىكىلىق مۇقىم مىقدار ئۇسۇلىنى بىئولوگىيە ئىلمىدە
قوللانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغدا فىزىكىغا ئالاھىدە قىزىقىدىغانلىقى ھەمدە ئاتاقلىق فىزىك توفلېرنىڭ «ئۈلگە كۆرسىتىش ياردەمچىسى» بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە مائارىپ ئارقىلىق ئادەم تەربىيلەشتىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىۋېرسال بىلىم بېرىشنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ بارغان. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ ماسا چۇست شۆيۈەنى تەبىئىي پەنلەر شۆيۈەنىگە تەرەققىي قىلغان؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى قۇرغان؛ ھازىر ئۇ تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، ئىجتىمائىي پەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلاندى. ئەسلىدە سانائەت پەنلىرىلا بولغان بۇ مەكتەپتە ھازىر ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش پەنلىرىمۇ بار. ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتى بېكساس داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور تيەن چاڭلىننىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ماسا چۇست تەبىئىي پەنلەر شۆيۈەنى ئىقتىسادشۇناسلىقتا، تىلشۇناسلىقتا ئامېرىكا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. بۇ مەكتەپنىڭ تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي پەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەككىز خىل دەرسلىكنى تولۇقلاش لازىملىقىنى، جەمئىي 72 ئوقۇتۇش سائىتى ئىچىدە ئاساسىي پەن ئوقۇتۇش سائىتىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلىشى لازىملىقىنى، ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى بولسا ئالىي ماتېماتىكا، فىزىكا، بىئولوگىيە، خىمىيە، ئۇچۇر سىستېمىسى، ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى، يەر شارىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىرنەچچە خىل تەبىئىي پەن دەرسىنى تولۇقلىشى لازىملىقىنى، جەمئىي 108 ئوقۇتۇش سائىتىدە مۇشۇ كەسىپنىڭ ئوقۇتۇش سائىتى 27% نى ئىگىلىشى لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. ئۇنىۋېرسال داشۆنى ئاساسىي گەۋدە



قىلغان غەربىي گېرمانىيە ئالىي مائارىپ سىستېمىسىمۇ بارا-بارا تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، ئىجتىمائىي پەننى ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇشقا قاراپ راۋاجلانماقتا، ئادەتتىكى ئۇنىۋېرسال داشۆلەر سانائەت پەنلىرى دەرسلىكى تەسىس قىلغان، سانائەت پەنلىرى داشۆلىرى بولسا ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكى تەسىس قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياپونىيىمۇ ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرىنى گىرەلەشتۈرگەن ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. ئۇلارنىڭ مائارىپچىلىرى «ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش بولمىسا، ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەننى تەكىتلىمەكتە.

ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش مەيلى قايسى نۇقتىدىن بولمىسۇن دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، پەنلەرنىڭ يۈزلىنىشى، تۈرلۈك بىلىملەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇش قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك ئىجادىيەتلەردە رول ئوينايدىغان پرىنسىپتۇر.

## 4. ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئۇسۇللىرى

ئىجادىيەت ياكى ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئۇسۇللىرى ھازىر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چەت ئەللەردە بۇنى 300 خىلغا بۆلۈپ تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىش ئارقىلىقمۇ تۈرلۈك تەلىماتلار بارلىققا كەلمەكتە. بۇ تەلىماتلار بويىچە قارىغاندا، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىشتا يەنە بىرمۇنچە ئوخشاشمىغان پىكىرلەرمۇ بار. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قانۇنىيەتلىكى، كۈچلۈكرەك بولغان نۇقتىلىق ئۇسۇللارنى چۆرىدەپ، ھەر قاچان ئىشلىتىلىدىغان ۋە بىز ئۇلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىسىدا يېڭى ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىشقا تازا پايدىلىق بولغان ئۇسۇللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

# 1) ئۇسبورن ئۇسۇلى

ئۇسبورن ئۇسۇلى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن تېخنىكىلىق ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات نىشانى ئادەمدىكى ئىجادىي قابىلىيەت بولۇقىنى قىسقا مۇددەتتە ئېچىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى كۆپچىلىك ئويچە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئۇسۇل ئېنگلىز تىلىدا Brainstorming دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، روھىي كېسەللەرنىڭ ساراڭلىق قىلغاندىكى سۆزلىرىنى سۈپەتلەشكە ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە، بۇ ئۇسۇلنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئۇنىڭ مەزمۇنغا ئاساسەن ھەر خىل تەرجىمە قىلىنغان. دۆلىتىمىزدە ئۇنىڭ بىر نەچچە خىل نامى بار بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئىدقىلغا ئىلھام بېرىشنى ئاساس قىلغاچقا، شۇ نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ ۋە ئىنگلىز تىلىدىكى ئاتالمىسىغا ھۆرمەت قىلىپ BS ئۇسۇلى دەپ قىسقارتىپ ئاتىلىدۇ.

ئۇسبورننىڭ بۇ ئۇسۇلىدا ئالاھىدە مەجلىس چاقىرىپ، ئىشتىراكچىلارنى بىرى بىرىنىڭ سۆزلىشىشىگە ئىلھام بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىدىكى بىلىم كەملىكىنى تولدۇرۇش ھەمدە شۇ ئارقىلىق زەنجىرسىمان ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى شەكىللەندۈرۈپ، بىرمۇنچە ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇل بويىچە چاقىرىلغان مەجلىس مۇنداق بولىدۇ: ئىشتىراكچىلار ئوندىن ئاشمايدۇ، مەجلىس ۋاقتى 20 — 60 مىنۇت بولىدۇ، مەجلىسكە كېلىشتىن بۇرۇن ئىشتىراكچىلارغا مەجلىسنىڭ تېمىسى ئۇقتۇرۇلىدۇ. مەجلىستە ھەر كىمنىڭ ھەر نېمە دېيىشىگە (ھەر قانداق تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا) رۇخسەت قىلىنىدۇ. مەجلىس تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

1. مەجلىستە ھېچكىم ھېچكىمنى تەنقىدلەشكە ۋە ئەيىب-



لەشكە يول قويۇلمايدۇ.

2. ئەركىن ئويلاش، يېڭى، قىزىقارلىق ئويلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

3. مەجلىستە ھەر قانداق كىشى ئوتتۇرىغا قويغان ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ، مەجلىس ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاندىن باھا بېرىلىدۇ.

4. ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى قانچە كۆپ ئوتتۇرىغا قويسا، شۇنچە ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

5. ھەر قېتىملىق مەجلىستە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تېما بەك كىچىك، تار ياكى چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بولۇشقا بولمايدۇ، ئەمما مۇھاكىمە قىلىنىدىغان نۇقتا نىشانلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە دىققەت شۇ نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ.

6. مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە باپباراۋەر مۇئامىلە قىلىنىدۇ، بىر كۆزدە قارىلىدۇ.

7. مەجلىستە باشقىلارنىڭ پىكرىنى چېچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن خۇسۇسىي پاراڭ قىلىشقا بولمايدۇ ھەمدە ھەركىمنىڭ پىكرىنى مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى تولۇق بىلىپ ماڭىدۇ.

8. كوللېكتىپ پىكىر باھانىسى بىلەن شەخسنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇرىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

9. باشقىلارنىڭ ئويلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىلھامىنى قوزغاش ياكى بىرنەچچە كىشىنىڭ ئويلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقا بىر يېڭى ئويغا كېلىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

10. مەجلىسكە ئىشتىراك قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى ياخشى – يامان دەپ ئايرىلماي، بىردەك خاتىرىلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇل ئامېرىكىدا كەڭ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن،

باشقا ئەللەرگىمۇ تارقالدى. ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى بۇ ھەقتە تەتقىقات ھەم ئۆزلەشتۈرۈش ئېلىپ باردى. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئەقىلغا ئىلھام بېرىشنىڭ مەجلىس ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىغا ئەڭ زور ئىمكانىيەت ياراتقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بىرەر كىشىنىڭ يالغۇز پىكىر قىلىشىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئەۋزەل بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر قېتىملىق ئەقىلغا ئىلھام بېرىش مەجلىسىدە نەچچە ئون خىل، ھەتتا يۈز خىلغا يېقىن تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئەقىل ئالماشتۇرۇش ئىشى ماددىي نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇشتىن پەرقلىق بولغاچقا، بۇ شەكىل ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ھوسۇل ھەقىقەتەن زور بولىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇ بىرەر ساھە ياكى بىرەر كەشپىياتقا قارىتىلغان ئۇسۇل بولماستىن، تۈرلۈك ئىختىرا ۋە كەشپىيات يارىتىشقا، بارلىق ئەقىل ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەردە قوللىنىشقا بولىدىغان ئەپلىك ئۇسۇل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەقىلنى قوزغاش دائىرىسى كەڭ، ئۈنۈمى مولدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ دۇنيا مىقياسىدا كەڭ قوللىنىلىپلا قالماي، ئىجادىيەت مائارىپىدا ئوقۇتۇلىدىغان مۇھىم مەزمۇنغا ئايلاندى. شۇنداقلا تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ ئىجادىيەتشۇناسلىرى بۇ ئۇسۇلنى ئۆز مىللەتلىرىنىڭ ئادەتلىرى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجلىرى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەقىلغا ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنىڭ تارماقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

ئالايلۇق، ئىتتىپاق گېرمانىيىسىنىڭ ئىجادىيەتشۇناسى ھالگىن نېمىس مىللىتىنىڭ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئويلاش ئادىتىگە ئاساسەن، سۈكۈت بىلەن يېزىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئەقىلغا ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلدى. ياپونىيىنىڭ ئىجادىيەت بۇلىقىنى ئېچىش ئالىمى گاۋچياۋچېڭ ئوسبورننىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، كارتوچكىغا يېزىشتىن ئىبارەت ئەقىلغا



ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ ئۇسۇل بەلكى بارغانسېرى شاخلاپ دۇنياۋى پىكىر قىلىش شەكىللىرى بولۇپ قېلىشى ۋە كەلگۈسىدە مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈشى مۇمكىن.

ھېچكىمنىڭ يادىغا يەتمىگەن بۇ ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ئوسبورن: «بىراۋ بىر خىل تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، كىشىلەر ئۇنى قىزغىن قوبۇل قىلمايدۇ ۋە قۇۋۋەتلىمەيدۇ، بەلكى بۇنداق تەسەۋۋۇرنى رەت قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدۇ». ئۇ بۇ نېمە ئۈچۈن دەپ ئويلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنى ھەل قىلغان. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قارىشى تۆۋەندىكىچە:

1. يېڭى، مۇستەقىل ئىجادىيلىققا ئىگە تەسەۋۋۇرلار كىشىلەر ئادەتلىنىپ كەتكەن قېلىپلارغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، دەماللىقتا ئەنسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. تەسەۋۋۇرنىڭ يېڭىلىقى كىشىلەر ئادەتلىنىپ قالغان ئادەت ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوچۇيدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر يېڭى تەسەۋۋۇرغا قارشى تۇرىدىغان ھەقىقەتكە ئىگە بولمىسىمۇ، ستېخىيىلىك ھالدا: «بۇنىڭ يېڭى دېگۈدەكلىكى يوق؛ كىشىنى تولۇق قايىل قىلالمايدۇ؛ تولىمۇ غەلىتە ئىكەن، ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ؛ ئۇنچىۋالا قىممىتى يوق» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ياكى تەلىمات خاتا بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بەزىلەر ئەڭ بىمەنە دەۋاتقان بەزى تەسەۋۋۇرلار ئەڭ ئىجادىي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق تەسەۋۋۇردىكى يېڭىلىق تۈپەيلى كىشىلەر تونۇپ يەتمىگەن ھەقىقەتنى بىلىپ يەتمىگەن ياكى يېڭىلىق تۈپەيلى بۇ تەسەۋۋۇرنى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىپ يېتىشىگە دەخلى قىلىۋاتقان كەملىكلەر تولۇقلانمىغان شارائىتتا، «غەلىتە

ئىكەن» دېيىش ھەقىقەتنىڭ كۆزىنى يورۇتماستىن كور قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق چاغدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەستىن، بىر تەتقىقات كومىتېتى تەشكىللەپ، بىلىملىك ئادەملەرنى ئەقىللىشىپ ئانالىز قىلىشقا، تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا مەسئۇل قىلىش كېرەككى، تەكشۈرمەي، تەكشۈرگەندىمۇ غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ ئىنكار قىلماسلىق كېرەك.

2. رىقابەت كەسكىن كېتىۋاتقاندا، بىر كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر يېڭى تەسەۋۋۇر - لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتىدىغان ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ لايىھەسى قوبۇل قىلىنىدىكەن، ئۇ شۇ زامان باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتۈپ، بۇرۇنقى ئورنىنىڭ قانداق تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۆتىۋەرلىشىپ ماڭىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، رىقابەتچىلەرنىڭ قەستەن چاتاق تۇغدۇرۇشىمۇ تەبىئىي يۈز بېرىدۇ. چۈنكى رىقابەتچىلەر مۇشۇنداق بىر ئىجادىي پىكىرنى رەت قىلماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۈستۈن مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئىجادىيەتنى جەمئىيەتكە چىقىرىش ئۈچۈن، ئەڭ ئەسەبىي پىكىر بولسىمۇ، ئەڭ قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلاپ بېقىش كېرەككى، بوغۇپ قويماسلىق كېرەك.

3. يېڭى بىر تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر كوللېكتىپ ئىچىدىمۇ ئۇ تەسەۋۋۇرغا قوشۇلمايدىغانلار بولىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇر توغرا بولغان تەقدىردىمۇ ئەتراپىدىكىلەر ئېتىراپ قىلمايدىغان ئەھۋال بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەتكە مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەسەۋۋۇرنىڭ ئەڭ ئاز بولسىمۇ پايدىسى بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى كۆپلەپ تەسەۋۋۇر قىلىش ھېچ بولمىغاندا قاتماللىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان بوغۇشقا قارىغاندا، كىشىنى پىسخىك جەھەتتىن چېنىقتۇرىدۇ. ناۋادا كىشىلەر خاتا ھالدا بىرلا تەسەۋۋۇر بىلەن قانائەت قىلىپ قالسا، باشقىچە تەسەۋۋۇر بولالمايدۇ -



دە، ھەقىقەت ئىزدىگەن يەنە بىر تەسەۋۋۇر بوغۇپ تاشلىنىدۇ. بۇ خۇددى ۋېلىسىپىتتىن كۆچلۈك بولغان موتسىكلىتنى، ئاپتوموبىلدىن ئەۋزەل بولغان پويىزنى رەت قىلغانغا ئوخشاش ئەخمەقلىق بولىدۇ.

4. بىراۋ دەسلەپتە بىر خىل تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بۇنداق تەسەۋۋۇرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوپاللىراق، رەتسىزرەك بولغاچقا، ئۇنى پىششىقلاش، تولۇقلاش توغرا كېلىدۇ. تولۇقلاش ئۈچۈن بىز ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىكى ياللانمىلىق ۋە چاكىنىلىقنى تۈگىتىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىشىمىز كېرەككى، ھە دېسىلا ئۆزىمىزنىڭ توغرا تەسەۋۋۇرى تاكامۇللىشىشتىن بۇرۇن بەل قويۇپ بەرمەسلىكىمىز ياكى باشقىلار قارشى تۇردى دەپ ھەقىقەتنى بۆشۈكىدە بوغماسلىقىمىز لازىم.

مانا بۇلار ھاكاۋۇرلۇقنى تۈگىتىپ ئىجادىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا، گەپ تاكاللىشىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي ھەقىقەتكە بويسۇنۇشقا، ئۆزۈمنىڭ توغرا دەپ جاھىللىق قىلماي باشقىلارنىڭ توغرا پىكىرلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىشىمىزغا پايدىلىق بولغان ئۇسۇللاردۇر.

بىراق، ئەقىلغا ئىلھام بېرىش ئۇسۇللىرى ئەڭ ئاخىرىدا تاماملانغان ھەقىقەت بولماستىن، ئۇ پەقەت باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىشتىن بۇرۇن تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلىدۇر. ئوسبورنىنىڭ ئۇسۇلىدىن قالسا، مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆپلەپ تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغىنى «پارچىلاش ئۇسۇلى» دۇر.

## 2) گوردون ئۇسۇلى

ئامېرىكىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجادىيەت مائارىپىدا ئوسبورىندىن قالسا گوردون، كىرىستوپلار ئىجاد قىلغان ئەقىلغا ئىلھام بېرىش ئۇسۇللىرى ۋە ناھايىتى مەشھۇر بولغان مەسلىھەتچىلەر ئورگىنى روندىر شىركىتى ئىختىرا قىلغان دەلپى ئۇسۇلى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە ئوسبورىن ئۇسۇلىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇسۇللارغىمۇ دىققەت قىلىش، ئوسبورىن ئۇسۇلىنى تېخىمۇ پۇختا ھەم تولۇقى بىلەن ئالغا سۈرۈشىمىزگە، ئۆز ئالدىمىزغا باشقىچىرەك ھەم جانلىق بولغان ئەقىلغا ئىلھام بېرىش ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلىشىمىزغا پايدىلىق.

گوردون ئۇسۇلى ئوسبورىن ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇسۇلى جەھەتتە پەرقى بار. ئوسبورىن ئۇسۇلىدا «× × لەرنى ياخشىلاش ھەققىدە» دېگەننى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ پىكىر ئېلىنسا، گوردون ئۇسۇلىدا ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى كەڭ مەنىدىكى مەسىلىلەرگە سىڭدۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن، ئىشتىراكچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قوزغاپ، ئىجادىي قابىلىيىتىگە ئىلھام بەرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە تەدرىجىي ھالدا كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ.

گوردون ئۇسۇلىنىڭ مەجلىس چاقىرىش ئۇسۇلى ئوسبورىن ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ناۋادا مەجلىستە پىكىر چۈشمەي توختاپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بەرسە، رىياسەتچى ئىشتىراكچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنىڭ دائىرىسىنى كىچىكلىتىدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسىگە يېقىنلاشقاندا، ھامان ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە-



نىڭ ئۆزىنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويىدۇ - دە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مەسىلىنى تەتقىق قىلىدۇ. گوردون ئۇسۇلىدا ئېچىلىدىغان مەجلىستە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلىنى رىياسەتچى بىلىدۇ ياكى ئىشتىراكچىلارنىڭ يېرىمى بىلىدۇ ياكى ئىشتىراكچىلارنىڭ يېرىمى مۇشۇ مەسىلە بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مۇتەخەسسىسلەر بولىدۇ.

پروفېسسور گوردون ئۆز ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا: ئىختىرا - ئىجادىيەتكە ئوخشاش بىلىنگەن نەرسىلەرنى تەرىپلەمەي، شەيئىلەر ئارىسىدىكى بىلىنمىگەن باغلىنىشنى بايقاش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ جەريانى «ناتونۇش نەرسىلەرنى تونۇش نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇش» ۋە «تونۇش نەرسىلەرنى ناتونۇش نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچى قىسىمدا، تەھلىلگە ئەھمىيەت بېرىلسە، ئىككىنچى قىسىمدا ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئىجادىيەت جەريانىدا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھەر ئىككىسى، بولۇپمۇ ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەيرىي ئەقلىي ئامىللارغا تايىنىپ تۇرۇپ مۇناسىۋەتسىزدەك تۇيۇلغان نەرسىلەرنى باغلاش كېرەك، دەپ قارىغان. بۇ ئۇسۇل گرېك تىلىدىكى «Synectics» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولمىغان، مۇناسىۋەتسىز بولغان نەرسىلەرنى چېتىپ قويۇش دېگەن بولىدىكەن. گوردون ئوخشىتىش ياكى ئىشارە قىلىش بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دەپ قارىغان. شۇڭا، بۇ ئۇسۇلنى ئوخشىتىش ئۇسۇلى (analogy) دەپمۇ ئاتايمىز.

دېمەك، گوردون ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ئىككىدىن ئارتۇق شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ياكى ئوخشىماسلىق مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان تەپەككۇر جەريانى ۋە ئۇسۇلىدۇر. ئۇ، بەلگىلىك ئۆلچەمگە ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قانچە

شەيئى (ئوخشايدىغان شەيئى بولۇشمۇ، ئوخشىمايدىغان شەيئى بولۇشمۇ مۇمكىن) نى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇ شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئۇسۇلدۇر.

ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا، ناتونۇش ئوبيېكت بىلەن تونۇش ئوبيېكت سېلىشتۇرۇلىدۇ، بىلىنگەن نەرسىلەر بىلەن بىلىنمىگەن نەرسىلەر سېلىشتۇرۇلىدۇ. شۇ ئارقىلىق تەپەككۇرغا ئىلھام بېرىلىپ، بىر ساھەدىكى تېخنىكا يەنە بىر ساھەگە، بىر دۆلەتنىڭ تېخنىكىسى يەنە بىر دۆلەتنىڭ تېخنىكىسىغا ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق چەت ئەل ۋە باشقا جايلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى توغرا ئىگىلەپ، يۇرتىمىزنىڭ ۋە ئۆز ئورۇنلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتلارنى ئۆزلەشتۈرىمىز ۋە ئىشلەپچىقىرىمىز. ياپونىيە ئۆز ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش داۋامىدا باشقا ئەللەرنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي سانائەت تېخنىكىسىغا ئوخشىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، زور ئىقتىسادىي پايدىغا ئىگە بولدى. ياپونىيىنىڭ پولات تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولۇشمۇ ئوخشىتىش تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بولغان. ئۈستىدىن ئوكسىگېن پۈركۈپ پولات تاۋلاش تېخنىكىسى 1953 - يىلى ئاۋستىرىيىدە كەشىپ قىلىنغانىدى. 1956 - يىلى ياپونىيىنىڭ چوڭ پولات تاۋلاش شىركەتلىرىدىكى تەتقىقاتچىلاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئورنى پولات تاۋلاشنىڭ ئوخشىتىش تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، ئىككى يىل ئۆتكەندە، چەت ئەلنىڭ ئۈستىدىن ئوكسىگېن پۈركۈپ پولات تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆيمىگەن كېرەكسىز گازلارنى قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلدى ۋە ئۈستىدىن ئوكسىگېن پۈركۈپ پولات تاۋلاشقا كېرەكلىك مۇكەممەل يېڭى ئۈسكۈنىمۇ ياساپ چىقتى.



ھەرقايسى ئەللەرنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەك تېخنىكىسى چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن. خەلقئارادىكى كەسكىن رىقابەتتە بەزى تېخنىكىلارنى ئىگىلەش، رىقابەتچىنىڭ سەۋىيىسى ۋە يۈزلىنىشىنى چۈشىنىش ھامان ئوخشىتىش قورۇلۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشىتىش ئۇسۇلى مۇشۇ ئەسىرىمىزدە دۇنيادا ناھايىتى تېز راۋاجلاندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېغىر سانائەت ساھەسىدىلا ئەمەس، ھەتتا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئۇششاق تەرەپلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە رولىنى جارى قىلدۇردى. مەسىلەن، ئىتنىڭ پۇراش سېزىمىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئوخشىتىش ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق «ئېلېكترونلۇق ئاپشاركا» كەشىپ قىلىندى؛ شەپەرەڭنىڭ ئاۋاز سېزىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ئوخشىتىش ئارقىلىق ئەمالار ئىشلىتىدىغان «دەرىجىدىن تاشقىرى ئۈنلۈك كۆز» كەشىپ قىلىندى؛ پاقىنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ئوخشىتىش ئارقىلىق «ئېلېكترونلۇق كۆز» كەشىپ قىلىندى.

تۇرمۇشىمىزغا ئەڭ يېقىن بولغان ئىمارەتچىلىكنى ئالىدىغان بولساق، ئوخشىتىش ئۇسۇلى شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە ئولتۇراق ئۆيلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدا شۇنداق نەتىجىلەرنى بەردىكى، نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە ھاسىل قىلغان مىللىي ئەنئەنىلەر بىلەن ھەربىر مىللەت شەھەر ۋە ئىمارەتلىرىنى زامانىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى يار بەرگەن دەرىجىدە بۇرۇنقى سېھىرگەرلەرمۇ ئويلىمىغان دەرىجىدە گۈزەللەشتۈردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غۇرۇرى سۈپىتىدە باش كۆتۈرگەن ئېلىمىزنىڭ زامانىۋى شەھەرلىرى ۋە بېيجىڭدەك شەھەرلەردە قۇرۇلغان ئىلىم - پەن شەھىرى، تەنتەربىيە شەھىرى قاتارلىق تارماق شەھەرلەرنىڭ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان گۈزەللىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئارقىدىراق مېڭىۋاتقان شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ قارىساقمۇ، بۇرۇنقى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى تۈزخۇنلارنىڭ، نەچچە ۋە ئون نەچچە قەۋەتلىك بىنا-

لارنىڭ دېرىزىلىرى گۈزەل كوچىلارغا قارىتىپ ئېچىلغانلىقىنى،
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قايناق شەھەرلىرىدىن خوتەن، قەشقەر،
ئاتۇش، ئاقسۇ، كورلا، تۇرپان، غۇلجا، بورتالا قاتارلىق شە-
ھەرلىرىدە ئەجدادلار تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان ۋە ئەنئەنىمىزنى
زامان تەلىپىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىمارەتلەردىن شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئورۇنلاشقان گۈمبەز-
لىك بىنالارغىچە گويا شاھلىق لىباس كىيىۋالغان بىر دۇنيانى
شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق تەرەپ-
لەنگەن كانادالىق بىر ئوقۇغۇچى ھەتتا ئېگىز بىر تال تۈۋرۈك
ئۈستىگە ئۆي سېلىپ بىخەتەر ئىشىك بېكىتىش بىلەن ئۆيلەر-
نى قار بېسىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ ئۆيلەرنىڭ
ئىچىگە بىر خىل شوخ رەڭ بېرىش ۋە مۇۋاپىق دەرىجىدە يو-
رۇتۇش ئەسۋابى بېكىتىش بىلەن زىمىستان كېچىلىرىنىڭ
زېرىكەرلىك غىدىقلاشلىرىنى يورۇتۇش يولى بىلەن ھەل قىلىش،
شامال ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ سوغۇقتىن ساقلىنىش ھەمدە
ئېنېرگىيە زاپىسى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش لايىھىلىرىنىمۇ
ئويلاپ چىققان. بولۇپمۇ بۇ ئۇسۇل قۇرۇلۇشلارنىڭ تاشقى كۆ-
رۈنۈشىنى ئاجايىپ گۈزەل ھەم ھۇزۇرلۇق لايىھەلەشلەردە زور
رول ئوينىدى.

كانادالىق موما ئۈستىگە ئىمارەت سالماقچى بولغان ھې-
لىقى بالا بار مەكتەپنىڭ بىر تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكى بىرەي-
لەن ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ شارنى قاتناش قورالىغا
ئايلاندۇرۇش ھەققىدە تەسەۋۋۇر يۈرگۈزگەن. ئۇ:

شار شەكلى ئارقىلىق بوشلۇقتا يۈك توشۇشقا بولىدۇ؛

ئەينەك تالالىق شار ماتورلۇق كېمىلەرنى ھەرىكەتلەندۈ-
رۈشكە ئىشلىتىلىدۇ؛

گاز ئورۇندۇقلۇق پاراخوتلاردا ئىشلىتىلىدۇ؛



گازلاندۇرۇلغان شارغا دەسسەپ مېڭىشقا بولىدۇ؛

..........................................................................

دېگەندەك تۈرلۈك جاۋابلارنى تاپقان.

كەسىپ ئەھلى بولمىغان ۋە بۇنداق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن
خەۋەرسىز بىر ئادەم يۇقىرىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ «تازا بىمەنە
لىك ئىكەنغۇ، بۇ» دەپ قېلىشى مۇمكىن. بىراق، بۇنداق تەت-
قىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئىلھامنىڭ ياردىمى
بىلەن بۇ تەسەۋۋۇرلارنى قىلغان ھەمدە ئەمەلىيەتتە كەلگۈسىدە
قوللىنىشقا بولىدىغان ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنىڭ مودېلىنى ئىجاد
قىلغان. نۇرغۇن ئالىملار ۋە ئىنژېنېرلار بۇ ئۇسۇلغا ئەھمىيەت
بېرىپلا قالماستىن، خىزمەتتە بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، مەيلى
مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مەيلى مەسىلىلەرنى ھەل قى-
لىشقا بولسۇن، گوردون ئۇسۇلى كىشىنىڭ كۆڭلىنى قاندۇرغۇدەك
نەتىجە بېرىدىغان ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. بۇنداق بولۇشى، ئوخ-
شىتىپ پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئوخشىتىلغان شەيئىدىكى تاللىۋې-
لىنغان نۇقتا ئىلھام قوزغىغۇچى بولىدۇ. ئىلھام قوزغىغۇچى
ئەسلى شەكىل ــ ئوبراز ياكى ئەسلى شەكىل ئوب-
رازنىڭ مەلۇم بىر قىسمى پىكىر قىلغۇچى-
نىڭ كاللىسىغا كىرىدۇ ــ دە، كاللىسىغا كىرگەن بۇ شەكىل
ياكى ئوبرازنىڭ ئۇنىڭ پىكىر ئوبيېكتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان
تەرىپى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى چىگىش پىكىرلەرنى ھەش ــ پەش
دېگۈچە راۋانلاشتۇرۇپ، پىكىر قىلغۇچىنى بىردىنلا نەتىجىگە
ئىگە قىلىدۇ.

يەنە كېلىپ دۇنيادا ئوخشاشلىق ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت
بولىدۇ. بۇ خۇددى ئىنسانلار ئاق تەنلىك، سېرىق تەنلىك، قارا
تەنلىك ۋە ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەپ ئىرقلارغا بۆلۈنۈشىدىن
ۋە تۈرلۈك ئىقلىملاردا ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى دېگۈ-
دەك تاش قورال دەۋرى، ساپال قورال دەۋرى، مىس قورال

دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەنگە ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت ... لەرنى بېسىپ ئۆتكەنگە ئوخشايدۇ. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئالىدىغان بولساق، ئېدىسون بىلەن فارادېي ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇلۇغ كەشپىياتچىلاردىن بولۇپ چىققان. داروۋىن بىلەن ۋاللاس جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى تەبىئىي تاللىنىش نەزەرىيىسىنى بىرلا ۋاقىتتا بايقىغان. نيۇتون بىلەن لېيبنىز ئىككىسى دىففېرېنسىئاللاش ئۇسۇلىنى بىرلا ۋاقىتتا بايقىغان، يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، تېئىل بېلىقنىڭ ئومۇرتقىسى بىلەن يىلاننىڭ تاڭلاي سۆڭىكىنىڭ شەكلىدىن ئىلھام ئېلىپ ھەرىنى ئىجاد قىلغان. ئېلىمىزدىكى ئۇستا ھۈنەرۋەن لۇبەن ئادەمنىڭ كىيىم - كېچەككە ۋە ئېتىگە تېگىپ كەتسە تىلىۋېتىدىغان شۇمشىدىن (قىياق ئوت) ئىلھام ئېلىپ ھەرىنى كەشپ قىلغان. بۇلار پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىمۇ ئوخشاشلىق مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، ئەدەبىياتتا تەكىتلەنگەن تىپ، ستىلىستىكىدا تەكىتلەنگەن ئوخشىتىش، تەسۋىرلەش، جۈپلەش ئۇسۇلى، كۆچەيتمە، تەكداش بۆلەك قاتارلىقلار، رەسىمچىلىكتىكى ئەينەن ئوخشىتىش، مۇزىكىدىكى قايتىلاش، تەكرار ئىپادىلەش، شېئىر ۋە دراممىلاردا تەكىتلەنگەن قاپىيە، ئاھاڭ، شەكىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئوخشىتىش ئادىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

دېمەك، ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى ئىجادىيلىقتا ناھايىتى باي ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ گەرچە تەييار بىلىملەرنىڭ ياردىمىگە تايانغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت جەريانىدا شۇ بىلىملەرنىڭ مۇتلەق چەكلىمىسىگە ئۇچراپ توختاپ قالمايدۇ. ھەتتا بەزىدە تېخىمۇ مەلۇم ساھەدىكى ئالاھىدە بىلىمگە تايىنىپلا، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ.



ئومۇمىي دائىرە ئىچىدە بولسا، ئوخشاشمايدىغان شەيئىلەرنى بىرىنى بىرىگە باغلاپ تۇرۇپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشاشماسلىق ئىچىدىن ئوخشاشلىقنى تاپىدۇ، ئوخشاشلىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئوخشاشماسلىقنى كۆرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىيلىقتا باي بولغان ئىلمىي ئىدىيىلەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئەمما، ناتونۇش شەيئىلەردىن تونۇش نەرسىلەرنى تېپىش، تونۇش نەرسىلەردىن ناتونۇش نەرسىلەرنى تېپىشتىن ئىبارەت ئوخشىتىش ئۇسۇلىنىڭمۇ كەمچىلىكى بار، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈن ياكى تېپىپ چىقىلغان لايىھە مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. بۇ ھال مۇئەييەن شارائىتتا تېپىپ چىقىلغان ئوخشاشلىق قانۇنىيىتىنى مۇئەييەن كاتېگورىيىدىلا ئىشلىتىپ، ھەممىلا يەرگە قوللىنىۋەرمەسلىك لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوخشىتىش ئۇسۇلىنىڭ شەكلى ھەم تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، پروفېسسور گوردون ئاساسلىقى تۆت تۈرلۈك ئوخشىتىشنى تەكىتلەيدۇ.

بىرىنچى، بىۋاسىتە ئوخشىتىش ئۇسۇلى. بۇ — ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ۋە مىنېرال ماددىلار، ئېلېكترونلار ساھەسىدە بىز ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىلەرنى بىز بىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن باغلاپ تۇرۇپ ئىجاد قىلىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ جەرياندا ئىككى نەرسىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە تېخنىكىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئورتاق تېپىپ چىقىلىدۇ. مەسىلەن، ئاتاقلىق دوختۇركەننى قان ئايلىنىشقا ئوخشىتىپ، ئىقتىسادىي ئوبوروت تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان، تيەنشيۇڭ چاڭجى ئادەمنىڭ قان ئايلىنىش سىستېمىسىنى پارۋاينىڭ ئايلىنىش سىستېمىسىغا ئوخشىتىپ پارۋاينى ياخشىلىغان ۋە ئۇنىڭ ئىختىراسى ياپونىيىدە ئۇن چوڭ ئىختىرانىڭ بىرى ھېسابلانغان. كولت پاراخوتنىڭ رول تۇتقۇچىغا

ئوخشىتىپ سولخاي تاپانچا ئىجاد قىلغان. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بىر ساھەدىن يەنە بىر ساھەگە ئۆتۈش بىئونىكا جەھەتتىن باشلانغان بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا ئوخشىتىپ ئايروپىلان ئىجاد قىلىش، بېلىقلارنىڭ سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈشىگە ئوخشىتىپ سۇ ئاستى پاراخوتلارنى ئىجاد قىلىش، ئادەمنىڭ قولى ۋە قولىنىڭ فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن مېخانىك قوللارنى ئىجاد قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئوخشىتىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مانا مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، يۇنۇس بېلىقنىڭ تېرىسىنى، مۇشۇكنىڭ ئۇچىيىنى، ئاققۇلارنىڭ پۇتىنى، قۇملۇقلاردا ياشايدىغان توشقانلارنى، توك تارقىتىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق رادار قاتارلىقلار ئىجاد قىلىندى ۋە باشقا نەتىجىلەرمۇ قولغا كەلتۈرۈلدى.

بىۋاستە ئوخشىتىشنى تېخىمۇ ئۇنۇملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، شەخسىي ياكى كوللېكتىپنىڭ ئوخشىتىشقا تەتبىقلايدىغان بىلىمى قانچە مول بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ. بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا، ئوخشاشمايدىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر كۆپرەك بولسا، تېخىمۇ كەڭرى تەسەۋۋۇر قىلىشقا پايدىلىق. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئوخشىتىش ھەرگىز ھەر جەھەتتىن ئوخشاپ كېلىش دېگەن گەپ ئەمەس. مەسىلەن، ئات بېدە، سامان يەيدىغان توغرىغا بىلەن ئات تېزەكلەيدىغان تېزەكداننىڭ رولى ئوخشاش بولمىسىمۇ ئوخشىتىش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى باشقا جايلاردا جارى قىلدۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

ئىككىنچى، ئوبرازلىق سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى (symbolicanalogy قىسقارتىلىپ SA دەپ ئاتىلىدۇ). بۇ ئۇسۇل بىز ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە بىلەن ئوبرازلار، خىياللار، شەرتلىك ئالامەتلەر، رىۋايەتلەرنى باغلايدۇ. يەنى بۇ



ئۇسۇل بىزنى ئىختىيارسىزلىقتا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئادەتتە بەزى ئىجادىيەتلەرنى ئوخشىتىدىغان ئوخشاش تۈردىكى ئوبيېكتلار بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاسىتىلىك سېلىشتۇرۇش قىلىشقا، بىر خىل ئوبراز شەكلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئوخشىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، ئوخشاشلىقى بولمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر، كەسىپلەردە بۇ ئارقىلىق ئىلھام قوزغاپ، يېڭى ئىجادىي كۈچىنى قوزغاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ھاۋا تەركىبىدىكى مەنپىي ئىئونلار ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا ۋە ھاردۇق چىقىرىشقا پايدىلىق، ئۇنىڭ بىلەن يەنە برونخىت، زىققىنەپەس، يۇقىرى قان بېسىم، يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىرىنى داۋالاشقا بولىدۇ. ئەمما مەنپىي ئىئون تاغلاردا، ئورمانلاردا، دېڭىز ساھىللىرىدا ۋە كۆللەرنىڭ بويلىرىدا بولىدۇ. ئىختىراچىلار ئوبرازلىق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سۇلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى كەشپ قىلىپ مەنپىي ئىئون ئالغان.

ياپونىيىلىك كەشپىيات پادىشاھى جۇڭسۇڭ يىلاڭنىڭ كىلەمگە چۈشكەن نۇردىن ئىلھاملىنىپ «گولف توپى يېنىك كالتىكى» ياسىغانلىقى، تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش-قونۇش ۋاقتىدا ھاسىل بولغان چاڭ-توزاننى كۆرۈپ «دېھقانچىلىق دورىسىنى پۈركۈگۈچ» نى كەشپ قىلغانلىقى، توك سىمىنىڭ كۈچلۈك بوراندا چىقارغان شاۋقۇن ئاۋازىنى كۆزىتىپ، «ھاۋا بوشلۇقىدا توك يوللاش قۇرۇلمىسى» نى لايىھىلىشىمۇ ئەنە شۇنداق ئوبرازلىق باغلانما تەسەۋۋۇرنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئۈچىنچى، ئادەمگە ئوخشىتىش ئۇسۇلى (Personalanalogy قىسقارتىپ PA دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ ئۇسۇلنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى، ئادەم ئۆزىنى تەتقىق قىلىنىۋاتقان سىستېمىنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېس قىلىشتۇر. يەنى تەتقىق قىلغۇچى تەتقىق قىلىنغۇچى مەسىلە بىلەن بىرىكىپ كېتىشتۇر. شۇڭا، ئادەمنى تەتقىق قىلىش مەيدانىدا تۇرغاندا، شۇ مەيداندىلا

تەتقىقاتچى تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇش كېرەك. ئەگەر ماشىنا، زاپچاسلار ئۈستىدە تەتقىقات بولۇۋاتقان بولسا، ئادەم ئۇ ماشىنىلارنىڭ بىر قىسمى بولسا ھەم بولىدۇ. باشقا تۈرلۈك نەرسىلەرنى تەتقىق قىلغاندىمۇ تەتقىقاتچى ئادەم شۇ نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىشى كېرەك بولىدۇ. ئادەم ماشىنا زاپچاسىنىڭ بىر قىسمى بولۇش ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كېتىش كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئىجادىيەت جەريانىدا ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇنداق ئامىللارنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇنداق ئۇسۇل پىششىق ئىگىلىنىۋالىدىغان بولسا، ئادەمگە ئوخشىتىش ئۇسۇلى تازا جانغا ئەسقاتىدۇ. چۈنكى دەسلەپتە ئەقىلغا ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىلەر ئاقىۋەتتە ئەقىلغا ئۇيغۇن بولماي قالمىسىلا بولۇۋېرىدۇ. سۆڭەك ئوپېراتسىيىلىرىدە تۆمۈرنى ئادەمنىڭ بىر قىسمى دەپ پەرەز قىلىپ، داتلاشماس نەرسىلەر بىلەن سۆڭەكلەرنى مىخلاپ تۇراقلاندۇرۇش مۇمكىن بولغانىكەن، ئەكسىچە ئادەمنى نەرسىلەرنىڭ ۋە ماشىنىلارنىڭ تەركىبىدە ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن. مۇنداق قىلىش بىزنى تەتقىقات جەريانىدىكى پىسخىك ھەم روھىي توسالغۇلاردىن يەڭگىللىتىپلا قالماستىن، يەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆزىمىزنىڭ ئەكسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بۇنداق ئوخشىتىش جەريانىدا بىز ئۆزىمىزنى ئىتقا، مۈشۈككە، ئۈستەلگە، ئەخلەتكە... ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر بىزنى «قاملاشمايدىغان بىر نېمە ئىكەن» دەپ قېلىشى، ھەتتا بىزدىن بىزار بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۇنداق ئادەملەرنىڭ «ئەجەب نوچى ئىكەن»، «پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل» دېگەن باھالىرىنى قوغلىشىدىغان بولساق، ئاشۇنداق پاخپاق گەپلەرنىڭ ھامىيسى بولۇپ كېتىمىز ـ دە، ھېچنېمىنى ئىجاد قىلالمايمىز.



مەسەل، چۆچەك، ھېكايىلەردىكى ئادەمدەك سۆزلەيدىغان ۋە شۇنداق ھوشيارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ھايۋانلار، قۇشلاردىن زېرىكىپ قالمايمىزغۇ، چۈنكى بۇلار كېلىشتۈرۈپ ئوخشىتىلغان. شۇڭا، بىزمۇ نېمىنى تەتقىق قىلساق شۇنىڭغا ئۆزىمىزنى ئوخشىتىپ، كەڭ تۈردە تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز كېرەككى، سۆلەتۋازلىق قىلىپ كىشىلەر تەرىپىدىن سەل قارىلىپ قالغان ئىختىيارسىزلىق بايلىقلىرىنى قېزىشنى كېچىكتۈرمەسلىكىمىز كېرەك.

شۇنىمۇ بىلىشىمىز كېرەككى، ئوخشىتىش ئىجادىيەتشۇناسلىقتىكى ئالاھىدە ساھە بولۇپ، بۇ ئۇسۇل يالغۇز تېخنىكىلىق مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشىمىزدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى مەسىلىسىدۇر. بۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغاندا، مۇۋاپىق قوللىنالماي مەيۈسلىنىپ قالىدىغان، ھەتتا ئەگرى ـ توقاي يوللارغا كىرىپ قالىدىغان، باشنى قاتۇرىدىغان مەسىلىلەر ئالدىدا تېڭىرقاپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق چاغلاردا تېخىمۇ قىزغىن بولۇش، ئۆگىنىش كېرەككى بەل قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

### 3) NM ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلنى ياپونىيە جىنزى سانائەت داشۆسىنىڭ پروفېسسورى جۇڭشەن جېڭخى ئىجاد قىلغان بولۇپ، NM دېگەن نام جۇڭشەن جېڭخى ئىسمىنىڭ رىمچە قىسقارتىپ يېزىلىشىدۇر. بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى مەھسۇلاتلارنى لايىھىلەش ۋە ئۆزگەرتىشتە قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى ئەگەر ئادەم مېڭىسىنىڭ فۇنكسىيىسىگە ئوخشاش بىر ئېلېكترلىك ھېسابلاش ماشىنىسى لايىھىلەنسە (Haman Briain computer) ئۇ قانداق بولىدۇ، دېگەن ئارزۇ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ،

ئىجادىي پائالىيەتتە چوڭ مېڭىنى HBC تىپتىكى مودېللاشتۇ-
رۇش قىياسىنى ئاساس قىلىپ، دېدۇكسىيە يۈرگۈزۈش (مەنتىقىي
يول بىلەن ئومۇمىيلىقتىن جۈزئىيلىككە قارىتا خۇلاسە
چىقىرىش، ئومۇمىي ھۆكۈملەردىن جۈزئىي خۇلاسە چىقىرىش)
ئۇسۇلىدۇر. دېدۇكسىيلەش ئارقىلىق گوردون ئۇسۇلىنىڭ
توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولۇپلا قالماستىن، چۈەنشىتيەن
ئەرلاڭ ئىجاد قىلغان KJ ئۇسۇلىنىمۇ چۈشىنىپ كەتكىلى
بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل كىشىنى مەسىلە ھەل قىلىشقا ياردىمى
تېگىدىغان ئىلھامچىلارغا دىققەت قىلدۇرىدىغان بىر يۈرۈش
زۆرۈر تەرتىپلەرنى يەكۈنلەپ چىققان. شۇنداق بولغاچقا،
بۇ ئۇسۇلنى بىۋاستە ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەر پەيدا قىلىدىغان
ئۇسۇل دېگەندىن كۆرە، ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ھاسىل
قىلىدىغان مېڭەھاسىل قىلغۇچى ئۇسۇل دېگەنگە يەتمەيدۇ. NM
ئۇسۇلى H تىپى ۋە T تىپى دەپ ئىككى تىپقا بۆلۈنىدۇ. بۇ
ئىككى تىپ ئايرىم- ئايرىم ھالدا قاتتىق تېخنىك ۋە يۇمشاق
تېخنىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدۇ.

H تىپى ئادەتتە تېخنىك ئىختىراچىلىقىغا تازىمۇ مۇۋاپىق
بولغاچقا، بۇ ئۇسۇلنى بەزىلەر «قورال تىپى» (Hardwar)
دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئۇسۇلدا مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە ھۆكۈم
قىلىشقا قارىتا (ئاچقۇچلۇق سۆز — KW، key — word دەپ
ئاتىلىدۇ) بىر ئوخشىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ
ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئۇزۇل — كېسىل ئېنىقلاپ چىقىش بىلەن
ئۇيپىكىرلەرنى تولۇقى بىلەن مەيدانىغا چىقىرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ
ئىجادىيەتشۇناسلىرىدىن چى چاڭزى، خۇ چۈەنشۇلار بۇ ئۇسۇلنى
بەش باسقۇچقا بۆلگەن ۋە بۇ باسقۇچلارنى ئايرىم — ئايرىم
ھالدا KW، QA، QB، QC ۋە خۇلاسە دەپ ئاتىغان ھەمدە
ھاۋانىڭ نەملىكىنى ئۆلچىگۈچنىڭ خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى
مىسال قىلىپ، بۇ ئۇسۇلنى چۈشەندۈرگەن.



KW يەنى ئاچقۇچلۇق سۆز باسقۇچى، بۇ باسقۇچتا مەسىلە
بېكىتىلىدۇ. ئىنتايىن ئاستا مېڭىۋاتقان ئۆلچىگۈچ ستربېلكىسىنىڭ
ساناق خاتىرىلىشى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

QA يەنى سېلىشتۇرۇش — ئىشارە قىلىش باسقۇچى.
بۇ باسقۇچتا تەبىئىي شەيئىلەر تەتقىق قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە
سېلىشتۇرۇلىدۇ. بۇ يەردە بىز ناھايىتى ئاستا مېڭىۋاتقان
ستربېلكىنى قۇلۇلىگە ئوخشاتساق بولىدۇ.

QB يەنى ئارقا كۆرۈنۈشنى سېلىشتۇرۇش باسقۇچى. بۇ
باسقۇچتا شەيئىلەرنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان فۇنكسىيىلىرى ۋە
سەۋەبلىرى سېلىشتۇرۇلىدۇ. قۇلۇلە سىيرىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن
جايدا ئۇنىڭ نەملىكەن ئىزى قالىدۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن
قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ دەرمەھەللىك ياكى قىسقا مۇددەتلىك
خاتىرىدۇر.

QC يەنى ئەپلىك چارە تېپىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا
مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئىزدىلىدۇ. نەملىك ئۆلچىگۈچ
ستربېلكىسىمۇ تېزلىكتە قۇرۇپ كەتكەن بىر ئىزنى سىزىپ
بېرىدۇ.

خۇلاسە باسقۇچى يەنى تەسەۋۋۇرنى تاماملاشنى پىلانلاش
باسقۇچىدۇر. نەملىكنى ئۆلچىگۈچكە كوبالىت خلورىد سۈركۈلىدۇ.
ئۇ سۇغا تەگكەن ھامان قىزىرىدۇ، قۇرۇغان ھامان يېشىللىنىدۇ.
ستربېلكا سۇ ئۆتمىدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك
نەملىكنى ئۆلچەش ئەسۋابى مانا مۇشۇنداق لايىھىلىنىدۇ.
مۇشۇنداق قىلغاندا، نەملىكنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ستربېلكا
ئايلىنىدۇ، ستربېلكىنىڭ ئۇچى قالدۇرغان ئىزغا قاراپ نەملىك
دەرىجىسىنىڭ ئۆرلەش ياكى چۈشۈش ئەھۋالىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

T تىپى مۇشۇ تەرتىپنى ئىختىرا قىلغۇچى ياپونىيىلىك
ئالىم گاۋچياۋ فاۋ ئىسمىنىڭ رىمچە يېزىلىشىنىڭ باش ھەرپى

بۇيىچە ئاتالغان. بۇ تىپنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئوخشىتىشلارنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق كۆپلىگەن ئىلھامچان ئويلارغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە ھۆكۈم قىلىش. بۇ باسقۇچ ئادەتتە «ئاچقۇچلۇق سۆز» (KW — key — worod) دەپ ئاتىلىدۇ.

2. بۇ ئاچقۇچلۇق سۆزگە «... گە ئوخشاش بولسا» دېگەن سوئال نەزەرى قويۇلىدۇ. بۇ سوئال «ئوخشىتىش سوئالى» (QA — Qnestion Analog) دەپ ئاتىلىدۇ.

3. بۇ ئوخشىتىشقا قارىتا «بۇنداق بولغاندا نېمە ھاسىل بولىدۇ؟» دېگەن سوئال نەزەرىقويۇلىدۇ. بۇنداق سوئال نەزەرى «ئارقا كۆرۈنۈش سوئالى» (QB — Question Backgroumd) دەپ ئاتىلىدۇ.

4. «ئارقا كۆرۈنۈش سوئالى» دىن مەيدانغا كەلگەن ئۇچۇر ماتېرىياللىرىغا قارىتا بىر - بىرلەپ «بۇ ماتېرىيال مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا قانداق ئىلھام بېغىشلايدۇ؟» دېگەن سوئال نەزەرى قويۇلىدۇ. بۇ «ئوي - پىكىرلەر سوئالى» (QC — Question conce ption) دەپ ئاتىلىدۇ.

### 4) KJ ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلنى ياپونىيىلىك ئالىم چۇەنشىتيەنشىر 70 - يىللاردا ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدا ئۇلانما تەپەككۇرغا ئىلھام بېرىش يولى بىلەن ئىجادىيەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: مۇتەخەسسىسلەر مەجلىسى چاقىرىلىدۇ. مەجلىستە ھەركىم ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئەركىن - ئازادىلىك بىلەن بەھۇزۇر سۆزلەش تەلەپ



قىلىنىدۇ. سۆزلىگەنلەرنىڭ تەپەككۇر يولى قانچە كەڭرى بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ؛ باشقىلارنىڭ پىكىرلىرى ھەرقانچە بىمەنە بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز قارشى تۇرۇلمايدۇ. مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، پىكىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مەجلىس رىياسەتچىسى پىكىرلەرنى رەتلەپ چىقىدۇ ھەمدە قارار چىقىرىدۇ.

مەسىلەن، بىر كىشى بىر ھايۋانات باغچىسى ياسىماقچى بولۇپ، بىرمۇنچە ماتېماتىكلارنى يىغىپ KJ ئۇسۇلى بويىچە بىر مەجلىس ئاچقان. مەجلىسكە يولۋاسنى قانداق تۇتۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ ئىشتىراكچىلار نۇرغۇن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بىر توپولوگىيە مۇتەخەسسىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: «بولدى ئەمدى، گەپنى قويۇڭلار، يولۋاس ئاللىقاچان تۇتۇۋېلىندى! مەن بىر توپولوگىيىلىك ئالماشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قوياي: قەپەسنىڭ ئىچىنى تېشىغا، تېشىنى ئىچىگە ئالماشتۇرىدىغانلا بولساق، يولۋاسنى مەيلى قەيەردە بولسۇن تۇتقىلى بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھەممىنى تۇتقىلى بولىدۇ!» دېگەن.

توپولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلە، شۇنداقلا ئاڭلىماققا ئاجايىپ بىمەنىلىك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، ھايۋانات باغچىسى سالماقچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىلھام ئېلىپ تەبىئىي ھايۋانات باغچىسى قۇرغان. بۇ تەبىئىي ھايۋانات باغچىسىدا يولۋاس ۋە باشقا ھايۋانلار تەبىئىي مۇھىتتا ئەركىن ياشىغان بولسا، ھايۋانلارنى تاماشا قىلغۇچىلار ئەسلىدە ھايۋانلارنى سولاپ قويىدىغان سىم توسۇقلار ئىچىدە يۈرۈپ ئۇلارنى كۆرگەن ياكى پۇختا ئورالغان ماشىنىلاردا يۈرۈپ ئۇلارنى تاماشا قىلغان. مۇشۇ ئۈلگە ئارقىلىق ھازىر دۇنيادا ناھايىتى كۆپ ھايۋانات باغچىسى شۇ تەرىقىدە قۇرۇلدى. ھازىر روشەنكى، بىزمۇ ئاشۇنداق باغچىغا بارساق

هەم تاماشا قىلىمىز، هەم ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئىگىلەشكە قىزىقىمىز.

KJ ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىش دائىرىسى ناهايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ كونكرېت مەسىلىلەرنى هەل قىلىش ئارقىلىق، پۈتكۈل ساھەلەرنى جانلاندۇرالايدۇ. ئۇ كەشپىيات، ئىختىرا قىلىشقا ياراپلا قالماي، يەنە مۇنداق تەرەپلەردىمۇ كارغا كېلىدۇ:

ئالدى بىلەن ئەمەلىي خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسۇلنى قوللانغۇچىنىڭ كاللىسى قېلىپباز ياكى ھەممىنى شۇنداق، ياكى شۇنداق ئەمەس دەپ تۇرۇۋالىدىغان قاتماللىقتىن قۇتۇلۇپ، بارغانسېرى جانلىقلىشىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ كىچىككىنە مەسىلىنى ھەل قىلالماي، باش قېتىمچىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى روھىي جەھەتتىن داۋالاپمۇ قويىدۇ. بۇ خۇددى جىم يېتىۋالغانلار سەمرىپ كېتىپ ئاغرىپ قالسا، ئەمگەك قىلىپ ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن بارا - بارا ساقىيىپ قالغانغا ئوخشايدۇ.

KJ ئۇسۇلىنىڭ مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىش ← باھالاش ← ئەقلىلىشىش ← پىلانلاشقا قاتنىشىشتىن ئىبارەت يۈرۈشلەشكەن جەريانى پۇختا مەنتىقىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇلار ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە تەشكىللاتچىلىقتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئادەملەر ئارىسىدا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خىزمەتلەر ۋە پائالىيەتلەردە ئۆز ئارا ماسلىشىشقا كۆۋرۈك بولىدۇ.

### 5) ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى

ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ئىجادىيەت داۋامىدا ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىدۇر. ئۇلانما تەسەۋۋۇر دېگىنىمىز — بىر شەيئىدىن يەنە بىر شەيئىنى ئويلاشتىن



ئىبارەت پىسخىك ھادىسىدۇر. يەنى بىر شەيئى ئۈستىدىكى تەسەۋۋۇر، سۆز ياكى ھەرىكەتتىن يەنە بىر شەيئى ئۈستىدىكى تەسەۋۋۇر، سۆز ياكى ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئۇلانما تەسەۋۋۇر دەپ ئاتىلىدۇ. ئالايلۇق، بىز قۇش دېگەن سۆزنى قىلغاندا، گەرچە بىز قۇشنى قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرمىساقمۇ، ئۇنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى، ئۇچالايدىغانلىقى. سايرايدىغانلىقى، ئۇۋا ياسايدىغانلىقى، تۈكى ۋە پەيلىرى بارلىقىنى ئويلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپلا قالماي، بۈركۈت، قارچىغا، تۇز، لاچىن، كەپتەر...لەردىن توخۇ، ئۆردەك، غازلارغىچە بىرمۇنچە قۇشلارنىمۇ ئويلاپ تەسەۋۋۇر قىلىمىز. ئۆي دېگەن سۆزگە داخىل بولغاندىمۇ، تۈرلۈك ئۆيلەرنى ئويلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپلا قالماستىن، يەنە كېسەك، خىش ياكى بېتونلار بىلەن ئۆيلەرنى ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. شۇڭا، ئۇلانما تەسەۋۋۇر ھەممە نەرسە ئۈستىدە پەيدا بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، ئۇلانما تەسەۋۋۇردا ھاسىل بولغان نەرسىلەر ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، چوڭ مېڭىمىزنى غىدىقلىغۇچى نەرسىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان تەجرىبە، ھەرىكەت ياكى شەيئى ھاسىل بولسا، ئوخشىتىش تەسەۋۋۇرى (similarity) دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن، ئوتتىن سەرەڭگىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ياكى مۈشۈكنى كۆرگەندە شىرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئوخشاش تەسەۋۋۇرلار مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. چوڭ مېڭىمىزنى غىدىقلىغۇچى نەرسىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان، قارىمۇقارشى بولغان نەرسىلەر تەسەۋۋۇر قىلىنسا، بۇنى سېلىشتۇرما تەسەۋۋۇر (melapher) دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن، يەردىن ئاسماننى، ئاسماندىن يەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ياكى پاكار ئادەمدىن ئېگىز ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئوخشاش تەسەۋۋۇرلار مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. چوڭ مېڭىمىزنى زامان ياكى ماكان جەھەتتىن غىدىقلىغۇچى نەرسىگە يېقىنلاپ كېلىدىغان نەرسە ھاسىل بولسا، بۇنى يېقىنلاش تەسەۋۋۇرى دەپ ئاتايمىز.

مەسىلەن، تۇغانسىز دەريادىن قۇرغاق جايلارنى سۇغىرىدىغان سۇ ئامبىرى، سۇ ئامبىرىدىن ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش، قىزىلگۈلنى كۆرگەندە قىزىل بالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، كىچىك بالىنىڭ كىيىمىنى كۆرگەندە، ئوماق بالىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئوخشاشلار مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەسەۋۋۇرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەزى ئىجادىيەتشۇناسلار مۇنداق بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرگەن: تاغ ← دەريا (سېلىشتۇرما تەسەۋۋۇر) ← بېلىق (يېقىنلاش تەسەۋۋۇرى) ← راك (ئوخشىتىش تەسەۋۋۇرى).

دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەيلى قانداقلا بولسۇن بىرەر باغلىنىش بولغاچقا، ئۇلانما تەسەۋۋۇرنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىلىنىڭ قايسىبىرىنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىپلىق باغلىنىشنى تېپىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلانما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئادەمنىڭ بىلىمىنىڭ كۆپىيىشىگە، تەجرىبىلىرىنىڭ مولىيىشىغا ئەگىشىپ ئېشىپ بارغاچقا، كۆپلەپ بىلىم ئېلىشقا، ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلغاندا ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى كۆپلەپ كۆزىتىشكە، ماتېرىيال ھەم ھۆججەتلەرنى كۆپلەپ كۆرۈشكە، باشقىلار بىلەن شۇ ھەقتە كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشقا، كۆپ تەپەككۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق بىر كىيىم لايىھىلىگۈچى كىيىم لايىھىلەشتە كىيىملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىپلىق باغلىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇ ھەقتىكى بىلىملەرنى كۆپلەپ ئۆگىنىش بىلەنلا قالماستىن، ئەتراپىدىكى تۈرلۈك كىيىملەرنى كۆزىتىپ بارغاچقا، ئۇزاقىقچە كىشىلەر لايىھىلەپ چىقالمىغان سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى لايىھىلەپ چىقىپ پاتېنت ئالغان. ئۇزاق ئىزدىنىپ تاپالماي يەنە شۇ ھەقتە كۆزەتكەچ سەيلە قىلىۋاتقاندا، ئۇ ئاسمىسى يوق بىر توي كىيىمى كىيگەن چوكاننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ قېلىپ،



دەرھال سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن، ئاسمىسى يوق يېڭى تىپتىكى سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى لايىھىلەپ چىققان. بۇ سۇ ئۈزۈش كىيىمى تېزلىكتە ئىنتىۋارلىق ھەم كۆپ سېتىلىدىغان تاۋارغا ئايلانغان.

دېمەك، ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزى ئەتراپىدىكى يېڭىلىش ھەم ئىختىرا قىلىش لازىم بولغان يەرلەردە قوللانغاندا، كىشى ئۆزىمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەن نەتىجىلەرگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىر پېنتسىللىننى ئوكۇل قىلغاندا، ئاۋۋال سىناق قىلىدۇ. بۇنىڭغا 20 مىنۇت ۋاقىت كەتكەندىن باشقا يەنە كېسەللەر ئازابلىنىدۇ. شاڭخەي شىنگاڭ ئۇچاستىكىسى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى جۇجۇڭشىڭ بۇنداق ئوكۇل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە قەسەم ئىچىپ، يېقىنلاش ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىجادىيەتكە كىرىشىپ «پېنتسىللىننى ئوكۇل قىلىشتا كۆرۈلىدىغان ئەكس تەسىرنى تېزلىكتە سىناپ كۆرۈش ئۇسۇلى» نى ئىختىرا قىلغان. ئۇ پېنتسىللىننىڭ ئەكس تەسىرىنى سىناق قىلىش داۋامىدا، تېز سۈرئەتلىك پېنتسىللىن قۇرۇلمىسىدا مەنپىي زەرەتلىك كىسلاتا رادىكالى بارلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئېلېكتر ئۆتكۈزۈش قانۇنىدىن پايدىلىنىپ پېنتسىللىننى تېرە ئاستىغا ئۇرغان. ئۇ، مۇشۇ تەسەۋۋۇر تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلغان. تۆۋەن بېسىملىق تۇراقلىق توك پېنتسىللىننى تېرە ئاستىغا كىرگۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى توك ئېقىمى قان ئايلىنىش، بەدەن سۇيۇقلۇقىنىڭ ئېقىش ھەرىكىتى ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك رولى ئارقىلىق تەجرىبىنىڭ سېزىمچانلىقىنى ئۆستۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن سىناق پەقەت بەش مىنۇتتىلا ئورۇندالغان. مانا بۇ يېقىنلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا قوللىنىلىدىغان ئۇلانما

تەسەۋۋۇرلارنىڭ تۈرلىرى يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن چەكلەنمەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇل ئاساسلىقى قەدىمكى يۇنان ئالىملىرى يەكۈنلەپ چىققان قانۇنىيەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەكۈنى يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇل ئاساسىدا بۈگۈنكى كۈندىمۇ رول ئوينىغاندىن باشقا، ئۆزىنى قويۇۋېتىپ ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن زۆرۈر بولغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش (چەكلىك ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىش) ئۇسۇللىرىمۇ بار.

كۆڭلى - كۆكسىنى ئەركىن قويۇۋېتىش ئىندىۋىتنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىجاد قىلغۇچى كىزى كەلگەندە ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇھىم ئويلىرىنى چوڭقۇر ھەم تەلتۆكۈس ئويلاش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن كۆرۈشمەي ئۆيگە كىرىۋېلىش، دالىلارغا چىقىۋېلىش، دەريا ياكى باغۇ - بوستانلاردا خۇددى شېرىن چۈشلىرىدە ئۇچۇپ يۈرگەن ھالەتتە ھېچقانداق دىلغەشلىكى يوق ئەركىن نەپەس ئېلىپ، ئەركىن ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى زىددىيەتلىك پىكىر مەيدانلىرى ياكى تەنقىدچىلەر بىلەن تولغان سورۇنلاردا ئىجادىي ئويلار ئۈزۈل - كېسىل بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىجادىي ئويلار دەپنە قىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. گوللاندىيىلىك مىكرولوگ لېۋېنخوك ئانتونىۋان مىكرو ئورگانىزمنى بايقاشتا ئەنە شۇنداق ئەركىن ئۇلانما تەسەۋۋۇرغا تايانغان.

بىر كۈنى لېۋېنخوك ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ مىكروسكوپ بىلەن تالادا يېغىۋاتقان سىم - سىم يامغۇرنى كۆزىتىدۇ. كۆزى تالغاندىن كېيىن ئىشخانىسىدىن پېشايۋانغا چىقىدۇ، پېشايۋاندا ئارام ئالغاچ ئىشخانىدا كۆزەتكەنلىرىنى خۇلاسىلىۋېتىپ، «يېغىۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىدا يەنە باشقا نەرسىلەرمۇ بارمىدۇ؟» دېگەننى خىيالىدىن كەچۈرىدۇ - دە، بۇ ئويى بىلەن



بىرلەپچىگە بىرنەچچە تامچە يامغۇر سۈيىنى ئېلىپ مىكروسكوپ بىلەن كۆزىتىپ، يامغۇر سۈيىدە بىر مۇنچە «كىچىك جانىۋار»لارنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ، بۇ يېڭىلىقتىن ناھايىتى بەك خۇشال بولسىمۇ، بۇ كۆرۈۋاتقىنىغا يەڭگىللىك بىلەن ئىشىنىپ كەتمەستىن، يەنە بىرنەچچە تامچە يامغۇرنى ئېلىپ تەكشۈرىدۇ، بۇنىڭدىن «كىچىك جانىۋار» لار كۆرۈنمەيدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كۆزىتىدۇ، يەنە شۇنداق «كىچىك جانىۋار» كۆرۈنىدۇ. مانا مۇشۇنداق تەكرارلاش ئارقىسىدا بۇنداق «كىچىك جانىۋار»لار يەنە ئاسماندا، ھاۋا بوشلۇقىدا، سۇدا... ھەممە يەردە بار، ئەمما بۇلارنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەبىئەتنىڭ بۇ سىرى يېشىلىپ، ھاياتلىق ھەققىدىكى يېڭى سەھىپە ئېچىلىدۇ. مانا بۇ ئەركىن ئۇلانما تەسەۋۋۇرغا ئۈزلۈكسىز ئىلھام بېرىش ئارقىلىق، زەنجىرسىمان ئىنكاس ھاسىل قىلىش بىلەن ئىجاد قىلىشتۇر.

ئەركىن تەسەۋۋۇر ناھايىتى كۆپ تەسەۋۋۇرلارنىڭ كاللىدا پەرۋاز قىلىشىغا سەۋەب بولسا، چەكلىك ئۇلانما تەسەۋۋۇرمۇ مەقسەتلىك ھالدا بىر كونكرېت مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئالاھىدە ئىشلەيدۇ. ئىجادىيەتشۇناس ئوسبورىن بۇ ھەقتە ئېلان ئىجادىيەتچىسى ئا. ۋاتنى مىسالغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن 20 يىلدىن بۇيان ئېلان مۇتەخەسسىسى ئا. ۋاتنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مول ئىجادىيلىق بارلىقىنى بايقىدىم، بۇ ئۆزگىچىلىك كىشىنى تازىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىجادىيلىقىنى «ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش شەرتى» بىلەن ئورۇندالغان بىر خىزمەت دېسەك، كىتابخانلىرىمىزدىن بەزىلەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلغان. شۇڭا، مەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قانداق تۇتۇۋېلىش ھەققىدە تەلىم سورىدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

«مەن مۇستەقىل تەپەككۇرنىڭ ئۇسۇللىرىنى تولۇق بىلمىسەممۇ، ئەمما بىر ئىشنى قىلاي دېگىنىمدە ئۈزۈمنى دالدىغا ئالىمەن -دە، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن باشقا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قايرىپ قويىمەن، بۇ مەندىكى ئەڭ نېگىزلىك تېپىشماق. مەن مۇشۇنداق ئويلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، كاللامغا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلەيمەن، بەلكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز خاتىرىلەيمەن، قىلچىمۇ قالدۇرمايمەن. مۇشۇنداق قىلغىنىمدا ئۇزاقىقچە ئايلانمىغان كاللامنىڭ چاقى ئايلىنىدۇ، مەلۇم بىر تۈرلۈك نادىر ئىجادىي خىيال خۇددى تېلېگراممىا ئارقىلىق يېتىپ كېلىۋاتقاندەك قەغەزگە چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ئاۋارىگەرچىلىك بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇقۇشقان بىردىنبىر ئۇسۇلدۇر.»

ئەركىن تەسەۋۋۇر بىلەن چەكلىك تەسەۋۋۇرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئالدىنقى ئۈچ خىل ئۇلانما تەسەۋۋۇرغا قوشۇپ دەڭسەپ كۆرگەندە، ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئىجادىيەتكە باي بولغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر. ئەمما، دوكتور ئوسبورنىڭ ئېيتقاندەك، ئۇلار «فورما» ياكى «ئىلمىي فورما» ئەمەس، بەلكى ئىجادىيەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قارىتا جانلىق تەتبىقلىنىدىغان ئۇسۇللاردۇر.

بىراق، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، نۇرغۇن كىشىلەر ۋە مۇستەقىل، ئىجادىي ئويلىمايدىغان تەتقىقاتچىلار ئۇلانما تەسەۋۋۇرنىڭ كۆپلەپ تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىشىغا سەل قاراپ، بىرنەچچە كىشى سۆزلىسە ۋە بىر - ئىككى تەسەۋۋۇر بولسىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئىجادىيەتكە ئىگە بولالايمىز، دەپ قارايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەتكە توسقۇنلۇق قىلىش ياكى ئىجادىي پىكىرلەرنى بېسىپ قويۇپ قارىغۇلارچە گەپ يورغىلىتىشتۇر.



## 6) پىسخىكىلىق تەتقىقات ئۇسۇلى

بىز بازارغا چىققىنىمىزدا، تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ ئالاھىدە ئىشلەنگەن ماركىلىرىغا كۆزىمىز چۈشىدۇ. ھەتتا كەمپۈت قۇتىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئوماق باللارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلسە، سوپۇن ۋە قول سومكىلىرىنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق قىزلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئۈرۈمچىنىڭ يەل - يېمىش بازارلىرىغا كىرگىنىمىزدە، باققاللارنىڭ ئانارنى قەشقەرنىڭ، ئەنجۈرنى ئاتۇشنىڭ، بادامنى يېڭىسارنىڭ، قوغۇننى پەيزاۋاتنىڭ، نەشپۈتنى كورلىنىڭ، ئۈزۈمنى تۇرپاننىڭ، ئالمىنى ئىلىنىڭ دەپ ماختاۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلايمىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

خوتۇن - قىزلارغا ۋېنېرا، چولپان، يۇلتۇز، قۇياش، ئايگۈل دېگەندەك گۈزەللىك سىمۋولىدىكى سەييارىلەرنىڭ ناملىرىنى ئات قىلىپ قويۇش بىلەنلا قالماي، گۈلبوستان، گۈلچېھرە، گۈلباھار، ئالتۇنگۈل دېگەندەك گۈل سىياقى چىرايلىق ناملارنى ئات قىلىپ قويىمىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

روشەنكى، بۇ كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىدىكى گۈزەللىكنى قوغلىشىش، چىرايلىقلارغا ھەۋەس قىلىشتىن ئىبارەت پىسخىك يۈزلىنىشىدىن كېلىپ چىققان يۇمۇرلۇق تۇرمۇش ھادىسىلىرىدۇر. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى تۈرلۈك ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك ھەم خىزمەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە سەزگۇ، ئىدراك، ياد ئېتىش، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، رازىمەنلىك، خۇشاللىق، خاپىلىق، ياخشى كۆرۈش، بىزار بولۇش، مۇھەببەت باغلاش، نەپرەتلىنىش، قورقۇش، باتۇرلۇق قىلىش قاتارلىق ھېسسىيات ھەم ئىرادىگە تاقىلىدىغان مۇرەككەپ پىسخىك جەريانلارغىمۇ

ھامىي بولىدۇ. بۇنداق پسىخىك ھادىسىلەر ئادەمنىڭ ئېھتىياجى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلا ئادەمدە مۇددىئا پەيدا قىلىدۇ، ئىرادە شەكىللەندۈرىدۇ ۋە شۇ نەرسىگە ئېرىشىدىغان ھەرىكەتنى پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر بىرەر نەرسىگە موھتاج بولغانلىرىدا روھىي ھالىتىدە جىددىيلىك يۈز بېرىدۇ. موھتاجلىقنى قاندۇرىدىغان نەرسىگە ئىگە بولغانلىرىدا روھىي ھالىتىدە مەمنۇنىيەت ۋە خۇشاللىق يۈز بەرسە، ئىگە بولالمىغانلىرىدا تىت - تىت بولۇپ، ئېسىت دەپ كېتىدۇ. كىشىلەر يەنە ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىنى ياخشى كۆرسە، ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىلەرنى يامان كۆرىدۇ. بۇ خۇددى كىنولاردا پېرسوناژلارنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرى كەلگەندە: «پاھ، بارمۇ سەن!» دەپ كەتسە، ياخشى كۆرمەيدىغانلىرىغا يولۇققاندا ئەتەي كۆرمەسلىككە سالىدىغان ئەھۋاللارغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي كىشىلەر تېخى ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىگە ئېرىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلارغا ۋە ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىلەرنى تاڭغۇچىلارنى كۆرگەندە غەزەپلىنىدۇ، ئۇنىڭغا نەپرەت ئوقۇيدۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئىچىدە ئۇنى ئۆچ كۆرىدۇ. مانا بۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا ۋە بارلىق تۈرلىرىگە پسىخىكىلىق ھادىسىلەر يامراپ كەتكەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى ئۆسۈپ كەتكەچكە، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئۇسۇل - چارىلەرمۇ پۇلغا يارايدىغان بولۇپ كەتتى. قىزىلگۈلگە بولغان ئىشتىياق ۋە قويۇق يۇرت ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان خوتەن «قىزىلگۈل شارابى» نىڭ بازار تاپقانلىقىنى بىلىدىغانسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش گۈل نۇسخىلىرى كېلىشكەن رەختلەر، كېلىشتۈرۈپ تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ بازاردىكى چاپچاپلىقىنىمۇ كۆرگەنسىز، يەنە بەزىلەر تېخى بەزى ئىچىملىكلەرگە «سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن» دېگەن ماركىلارنى چاپلاپ قويۇپمۇ خېلى



ئوقەت قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، قىممىتى بولسىمۇ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر مۇنچە ماللار بازاردا كاسات بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق قارام سودىگەرلەر ھەتتا دەسمايىدىنمۇ ئايرىلىدۇ. بۇنداق ئەمەلىي پاكىتلار كىشىلەردە ئورتاق بولغان گۈزەللىككە ئىنتىلىش پسىخىكىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئەگەر ئىجادىي پائالىيەتلەردە بۇنداق پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىنسا، كىشىلەرنىڭ پسىخىك ھالىتى كۆزدە تۇتۇلسا، كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېڭى نەرسىلەر ئىجاد قىلىنسا، ئىجاد قىلىنغان نەرسە مەيلى ماددىي، مەيلى مەنىۋى جەھەتتە بولسۇن كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

مەسىلەن، «جۇڭگو مالىيە - سودا گېزىتى» نىڭ 1982 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىدا «سۆيۈش جەھەتتىكى ئەدەب - قائىدە ۋە سۈتلۈك كەمپۈت ئېلانى» دېگەن ماقالە بېسىلغان، بۇ ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن مىسال بۇ مەسىلىنى تازا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى ھوبسون ئىسپانىيە - ئامېرىكا ئۇرۇشىدىكى كۈرەش قەھرىمانىدۇر، چىكاگودا ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش يىغىنىدا، ئالدى بىلەن ئىككى نەپەر ياش ئايال ئالدىغا چىقىپ قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى سۆيۈپ قويغان، بۇنىڭدىن باشقا ئاياللارمۇ تەسىرلىنىپ شۇنداق قىلغان. كېيىن ئۇنى بارغانلا يېرىدە مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئاياللار سۆيۈپ قويغان. گېزىتلەر ئۇنى ئاياللار ئەڭ كۆپ سۆيگەن كىشى دەپ تەشۋىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، بىر كەمپۈت شىركىتى ئىستېمالچىلارنىڭ مودا قوغلىشىشىغا، نامى چىققان كىشىلەرگە ھەۋەس قىلىدىغان روھىي ھالىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، بۇ ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ «ھوبسوننى سۆيۈش» دەپ ئىسىم قويۇلغان بىر خىل سۈت كەمپۈتنى ئىشلەپ چىقارغان، بۇ كەمپۈتنىڭ بىر مەزگىل تازا بازىرى چى-

ۋېپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ھەسسە پايدا بولغان. سۆيۈش بىلەن سۈت كەمپۈتىنىڭ ئەسلىدە بىر - بىرى بىلەن زادىلا مۇناسىۋىتى يوق، لېكىن قوشۇپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق، كەمپۈت يېيىشتىن ئىبارەت فىزىئولوگىيىلىك تەلەپ بىلەن ھوبسوننى مەن سويىمەن، ھوبسوننىمۇ مېنى سۆيىدۇ دېگەن تۇيغۇنى ھاسىل قىلىدىغان پسىخىك تەلەپ بىرلەشتۈرۈلگەن. مانا بۇنىڭ ئۆزى پسىخىكىلىق تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ سەنئىتىدۇر①.

پسىخىكىلىق تەكشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نېگىزلىكى كۆزىتىش، تەكشۈرۈش، تەجرىبە قىلىشتىن ئىبارەت كۆزىتىش ئۇسۇلىدا. ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ نېمىگە خۇش بولۇپ، نېمىگە خاپا بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىش يولى بىلەن كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان مەلۇم نەرسە تېپىپ چىقىلىدۇ. مەسىلەن، ماگىزىن ۋە دۇكانلاردا كىشىلەرنىڭ تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، كىشىلەرنىڭ نېمىگە، قايسى رەڭگە، قايسى تۈرگە ئامراقلىقىنى تېپىپ چىقىپ، شۇ تۈردىكى تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلىنىدۇ؛ ئەمگەكتىكى پوزىتسىيىسىگە قاراپ، كىشىلەر بىزار بولۇۋاتقان ئېغىر ئەمگەك تۈرلىرى ئىسلاھ قىلىنىدۇ.

تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدا ئاساسلىقى، بىۋاسىتە كۆزىتىشكە بولمايدىغان ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش، مەسىلەن، ئوخشىمىغان رايون خەلقىنىڭ پسىخىك ئەھۋالىنى ئۇ يەردىكى مال ساتقۇچىلار ۋە باشقا ئەھۋال بىلىدىغان ئادەملەردىن ئىگىلەش ئارقىلىق، شۇ يەردىكى خەلقلەرگە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى ئىشلەپ چىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، خاڭجۇدا ئىشلەنگەن شىپەك تاۋارلىرى كۆپرەك شىنجاڭ مىللەتلىرىگە يا-

① «ياشلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى توغرىسىدا قىزىقارلىق پاراڭ» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 201 — 202 - بەتلەر.



رايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بازىرى شىنجاڭدا ئىتتىك. خوتەندە ئىشلەنگەن سۇلياۋ ئاپتوۋا ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلغان. يەنە فابرىكىلاردا ئىشلىنىۋاتقان ئەتلەسلەر ۋە باشقا مىللىي بۇيۇملارمۇ شۇنداق تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ئىشلەپ چىقىرىلغان. بۇنداق تەكشۈرۈش ناھايىتى كونكرېت بولىدۇ، چۈنكى ھەر يەردىكى كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىدا پەرق بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا كالا دېگەننى ئادەملەرنىڭ تەلۋە، بۇقتۇما، مۆرىمەسلىرىگە جاۋابەن ئىشلىتىسەك، سىندى خەلقى ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ؛ بىز تۆگىنى يوغان، كېلەڭسىز ئادەملەرنىڭ قوپال ھەرىكىتىگە سىمۋول قىلساق، ئەرەبلەر ئۇنى ئۇلۇغلاپ، بالىلىرىنى «بوتىلىقىم» دەپ تۆگىنىڭ بالىسىغا ئوخشىتىپ ئەركىلىتىدۇ. بىزدە بالىلارنى «قوزام» دەپ ئارزۇلاش بولسا، بەزى مىللەتلەردە قاۋان كۈچىكىنى ھەتتا ئىت كۈچىكىسى ئارزۇلاپ، شۇلار بىلەن لەززەتلىنىش بولىدۇ. پسىخىكىلىق تەتقىقاتنىڭ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدا ئەنە شۇنداق ئۆزگىچىلىكلەر تولۇق ئېتىبار بىلەن تەكشۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى جىنس، ياش - قېرى، قىز - ئوغۇل ... قاتارلىق ئادەم تۈرلىرىمۇ تەكشۈرۈلىدۇ.

تەجرىبە ئۇسۇلىدا ئاساسلىقى تاۋار مودېللىرىنى ياساپ چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنى كېرەك قىلىدىغان خېرىدارلارغا قاراپ يېڭى تىپتىكى تاۋارلارنى ئىشلەپ چىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈلىدۇ.

دېمەك، پسىخىكىلىق تەكشۈرۈش ھېسسىياتىنى تاۋارلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە باغلىنىپ كەتكەن. بۇنداق ئۇسۇلنى مەيلى قايسى پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بولسۇن ئورتاق تەتبىق قىلالايدۇ. ماددىي ھەم مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلارمۇ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە گەۋدىلەندۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ھەممە بەدىئىي ئىجادىيەتلەر-

دىمۇ رول ئوينايدۇ.

## 7) ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى

ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى دېگىنىمىز — كىشىلەرنىڭ «ئارزۇ» نى ئاساس قىلىپ ئىختىرا قىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل نۇقسان ۋە كەمتۈكلۈكنى تېپىش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدۇ. نۇقسان ۋە كەمتۈكلۈكنى تېپىش ئۇسۇلى تەييار نەرسىلەرنىڭ كەمتۈكلۈكىگە ئاساسەن ھەر خىل ياخشىلاش تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ — دە، شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي تىپىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا بۇ پاسسىپلىق تىپىدىكى بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئاكتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تەشەببۇسكار ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن ئىجاد قىلغۇچى جەزمەن ئۆزىدە نېگىزلىك بولغان ئىجادىي ساپا تۇرغۇزۇشى كېرەك. تېخىمۇ ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئىجادكاردا رېئال ئەھۋالدىن ھالقىپ چۈشىدىغان پوزىتسىيە ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. مەسىلىنى بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز، دۇنيا يارىلىشنىڭ ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ياخشى — يامانلىقنىڭ ئەڭ توپ بۇلىقىنى ئاساس قىلىپ، ئىجادىي قابىلىيەتنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنى داۋاملىق قوزغاپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەيلى تەبىئىي خۇشلۇق ياكى ناخۇشلۇقنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچرايدىغان ھايۋانات ھەرىكىتى بولسۇن ياكى ئەقلىي بولغان خۇشلۇق ياكى خاپىلىقنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچرايدىغان ئىنسانلار ھەرىكىتى بولسۇن، ئومۇمەن بىر خىل نەپس تەلەپ ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق نەپس تەلەپ نېگىزلىك بولسۇن، ئەمما قارىغۇلارچە بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ. نەپس تەلەپ يالغۇز ئىنسانىيەتتىلا ئەمەس، بارلىق



مەۋجۇداتلاردا بولىدۇكى، بۇنداق تەبىئىيلىك بولمىسا، ئىنسانىيەت ياكى ھايۋانلار دۇنياغا تۆرەلمىگەن بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، نەپس تەلەپ بارلىق قەبىھلىك ھەم ساۋابلىقنىڭ ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ئىنە شۇنداق تەبىئىيلىك ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئاڭلىق ھەم تەبىئىيلىككە ئوخشاش قوزغىلىپ تۇرىدىغان ياخشى ئارزۇ ئاساسىدىكى قانائەتسىزلىكنى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى ئەگەر بىر كىشى رېئال تۇرمۇشقا شۈكرى قىلىدىغان ياكى رېئاللىقنى پۈتۈنلەي جەزملەشتۈرىدىغان بولسا، ھەممە نەرسىنى توغرا، ياخشى، گۈزەل، مۇكەممەل دەۋەرسە، ئۇلارنى تېخىمۇ توغرا، ياخشى، گۈزەل، مۇكەممەل قىلىشقا ئىرادە قىلمىسا، بۇنداق ئادەمدە «ئارزۇ» مۇ بولمايدۇ، ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىجادىي پائالىيەتكىمۇ كىرىشەلمەيدۇ. پەقەت رېئاللىقتىن قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان، تەييار تەجرىبىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنمايدىغان، شۆبھىلىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، رامكىۋازلىق ۋە رامكىلارنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغان كىشىلەردىلا ئارزۇ تۇغۇلىدۇ ۋە ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىجادىي پائالىيەت بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئازغىنا شامالغىمۇ ئىلىنىۋېرىدىغان پىرقىرىغۇچ بولۇپ قالماستىن، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم يېتەكچىلىكىدە كوممۇنىزم غايىسىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە، بارغانسېرى كۆپرەك ئارزۇ ۋە ئىجادىيەتلەردە بولىدۇ.

ئالايلۇق، خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئەنگلىيىلىك توماس · مور 1516 - يىلى «ئۇتوپىيە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ، غايىۋى ئارال جەمئىيىتىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن؛ 1602 - يىلى ئىتالىيىلىك كامپانىللا «قۇياش شەھىرى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ، گېنۇيە ساياھەتچىسىنىڭ يىراق بىر سەھرادا كۆرگەن گۈزەل ئىجتىمائىي

تۈزۈم ھەققىدىكى كەچۈرمىشىنى ھېكايە قىلغان. ئېنگېلسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار «غايىۋى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خىيالىي تەسۋىرى» نى قىياس قىلغان. بۇ ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە مەيلى قانداق خىيال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر ئۇلاردىن تۇنجى قېتىم: خۇسۇسىي مۈلۈكنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈش، ئىشلىمەي چىشلەيدىغان ھادىسىلەرنى تۈگىتىش، ھەممە كىشى ئەمگەك ۋە پەن - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش، سىنىپىي زۇلۇمنى، ئىشچى - دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شەھەر - يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوقىتىش، ئەمگىكىگە قاراپ ھەق بېرىش قاتارلىقلار ھەققىدە تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغان. ئۇلار تەتقىق قىلغان ئوبيېكتتا ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىيەت بولغاچقا، ئۇلاردا ئۆز ھاياتىدا رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسى بولغاچقا، ئاشۇ ئىجادىي پىكىردە بولالىغان، گەرچە ئۇنى ھەل قىلالمىغان بولسىمۇ.

پرولېتارىيات ئۇستازلىرى ئاشۇلارنىڭ ۋە XIX ئەسىردىكى ئۈچ خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ قىياسلىرى ئاساسىدا سوتسىيالىزمنى خىيالدىن پەنگە ئايلاندۇردى. XIX ئەسىردە ئۇلۇغ سەنئەتكار ئالىم داۋىنچى ئادەم كۈچى بىلەن ئۇچۇرۇلىدىغان بىر ئايروپىلاننى لايىھىلەپ سىناق قىلغان. داۋىنچىنىڭ ئادەم كۈچى بىلەن ئۇچىدىغان ئايروپىلانى ھازىرقى زامان پېنىدە مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارزۇسىنى كىشىلەر يۈز يىللاپ ئىزدىنىپ XX ئەسىردە ئىشقا ئاشۇردى. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئارزۇ بولۇش، بولغاندىمۇ توغرا مەقسەتلىك ئارزۇ بولۇش ئىنسانچىلىقنى ھاسىل قىلىشنىڭ ئىپتىدائىيسى. ئەمەلىيەتتىمۇ «ئالدىرىماي ماڭىدىغان كىشى، ئەگەر ئۆز مەقسىتىدىن ئايرىلمىسىلا كەتمەيدىغان بولسا، مەقسەتسىز تەمتىرەپ يۈرگەن كىشىگە قارىغاندا ھامان تېز ماڭىدۇ». ئىجادىيەتتىمۇ ئارزۇ بولغاندا، ئارزۇسى يوق بولسىمۇ، توغرا غايىسى يوق كەپ-



ئادالاردىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدۇ. بىر مۇنچە ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ئەسلىدە خىيالىي سوتسىيالىستلارغا ئوخشاش رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىدىكى كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاشۇ ئارزۇ بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زاماندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاش بىلەن ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرلارنى قىلغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى تەبىئەتتە ياكى جەمئىيەتتە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالدىن قىلىنغان قىياسلىرى بولۇپ چىقتى. بىز ئاشۇ ئالىملارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يوللىرىنى تاپتۇق. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئىنسان بولۇش ياخشىلىق، بۈيۈكلۈك، تېخىمۇ گۈزەللىكنى قوغلىشىش بولۇپ، ئۇ، گادايلىق، خورلۇق، ئاجىزلىق، نائىناقلىق، بىغەملىك، چۈشكۈنلۈك، بىخودلۇق، نادانلىق ۋە تۈرلۈك پەسكەش ئاجىزلىقلار تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئېغىرچىلىق ۋە شۇملۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ياخشى ئارزۇلاردا بولۇش بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى مانا مۇشۇنداق ئارزۇغا ئىگە بولىدۇ ۋە شۇنداق ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتقانلارنىڭ غەلىبىسىدىن پەخىرلىنىدۇ. مانا بۇ يېزىتنىڭ تۇغمىلىقتىن ياكى تەبىئىي نەپس تەلەپتىن ئۈستۈن بولغان غايىۋى ئادەملىكنى سېزىش ئېڭىمىزدۇر. بۇنداق مەنىۋى غايىلەر ئاساسىدىكى ئارزۇنى تۇغما پەزىلەت دېيىش ياكى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىدىغان ھايۋانىي نەپسى تەلەپ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش گويا ئوقۇماي ياكى مەشق قىلماي تۇرۇپمۇ ئىجاد قىلىمەن دېيىشتۇر، ئەلۋەتتە. دېمەك، ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە يېڭى تەتقىقات ساھەلىرىنى ئېچىشقا، ئىنسان بولۇشنىڭ بارلىق پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان باشلامچىدۇر.

ئارزۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىجاد قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: ئارزۇنى تەھلىل قىلىش مەجلىسى چاقىرىلىدۇ، 5 — 10 كىشى قاتنىشىدۇ، مەجلىس 1 — 2 سائەت داۋاملىشىدۇ، مەجلىستە رىياسەتچى ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئىشتىراكچىلار ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە بىردىن كارتوچكىغا ئۆز پىكرىنى يېزىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ كۆرۈشكە باشلايدۇ، بۇلار 50 — 100 گىچە ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پىكىرنى ھاسىل قىلدۇرىدۇ - دە، مەجلىس تۈگەيدۇ. رىياسەتچى ئۇ پىكىرلەرنى رەتلەپ، رېئاللاشتۇرۇشقا بولىدىغانراق پىكىرلەرنى تاللىۋېلىپ تەكرار تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، كونكرېت ئىسلاھات لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە باشلايدۇ.

ھازىر بۇ ئۇسۇلمۇ دۇنيا مىقياسىدا قوللىنىلىۋاتقان نۇقتىلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ، ئەمەلىيەت بۇ ئۇسۇلنى ئىگىلىۋالغاندا، ئەقىلنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىجادىيەتنى ئەۋج ئالدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

### 8) نۇقسان تېپىش ياكى كەمتۈكلۈكنى تېپىش ئۇسۇلى

نۇقسان تېپىش ياكى كەمتۈكلۈكنى تېپىش ئۇسۇلى شەيئىلەرنىڭ نۇقسان ۋە كەمتۈك جايلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ لايىھەسىنى پىلانلاشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىدۇر.

بىر نەرسىدىكى نۇقسانىنى تېپىش مەسىلىنى سېزىۋېلىش بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئىجاد قىلىش بولىدۇ. كۈندىلىك ئۆگىنىش، تۇرمۇش، خىزمەتتە كەمچىلىكلەرگە جىددىي قارىغاندا، مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرمىغاندا، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىرادىسى بويىچە ئىلگىرىلىگەندە، كەمچىلىكنى ئارتۇقچىلىققا



ئايلاندۇرغىلى بولغاندەك، ھەر قانداق نەرسىدىكى نۇقسانىنى بايقىۋېلىپ ئۇنىڭغا جىددىي قارىغاندا ۋە ئۇنى ئوڭشاشقا بەل باغلىغاندا، ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ. كىر ئالغۇنىڭ كەشىپ قىلىنىشى كىشىلەرنى قول بىلەن كىر يۇيۇشتىن ئازاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كىر ئالغۇدا يۇغان كىيىملەرگە ئۇششاق يىپلار چاپلىشىپ قالاتتى، شۇڭا كىشىلەر كىيىمنى بىراقلا پاكىز يۇيۇش ئۈچۈن، كىر ئالغۇدىكى ئاشۇ نۇقسانغا جىددىي قارىدى، شۇنىڭ بىلەن قېلىن توقۇلغان ئىلوندا خالتىچاق ياساپ ئىشلىتىش ئارقىلىق چاپلاشقۇچى يىپلارنى سۈزۈۋېلىپ، كىر ئالغۇدىكى نۇقسانىنى ئوڭشىدى.

ياپونىيىدە كىشىلەر بولكا يەيدىغان بولغاندىن كېيىن سېرىق ماي قۇتىسى ئەتىۋارلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇنداق قۇتىنى ياسىغان كارخانىلار تازا پايدا تاپتى، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىچىك كارخانا بۇنداق قۇتىنى ياسىماقچى بولدى، ئەمما يەنە شۇنداق قۇتا ياسىغاندا، دېگەندەك پايدا ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇ قۇتىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، كىشىلەردىن «بۇ قۇتا تازا ئەپلىك ئىكەن، ئەمما پىچاق قويىدىغان يېرى بولمىغاچقا، پىچاقنى قۇتىغا سېلىپ قويسا، ماي چاپلىشىۋالىدىكەن، ھەر قېتىم سېرىق ماي يېگەندە پىچاقنىڭ سېپىنى سۈرتۈشكە توغرا كېلىدىكەن» دېگەن ئىنكاسنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال قۇتىغا پىچاق قويىدىغان بىر قەۋەت چىقىرىپ ياسىدى - دە، ناھايىتى كۆپ پايدا ئالدى. تۇرمۇشتا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. قاتتىق ئورۇندۇقتىن دىۋانغا، سافاغا تەرەققىي قىلىشىمىز، ھارۋىدىن ۋېلسىپىتكە، ماشىنىغا تەرەققىي قىلىشىمىزمۇ ئەنە شۇنداق ئەنئەنىۋى نەرسىلەردىن نۇقسان ۋە كەمتۈكلۈك تېپىش ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىپ ئوڭشاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، مەشغۇل بولۇۋاتقان تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزدە ۋە

ئىشلىنىۋاتقان تۈرلۈك بۇيۇملىرىمىزدا كەمتۈكلۈك ۋە نۇقسان بولماي قالمايدۇ. ھەر كىم ئۆزى قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشنى ياخشى قىلىشنى ئويلايدۇ، ھەممە ھۈنەرۋەن ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتىنىڭ بازارلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز خىزمەتلىرىدىكى ۋە ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان بۇيۇملاردىكى كەمچىلىك، نۇقسانلارنى تېپىشقا ئېرىنچەكلىك قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، خېلى كۆپ ئادەملەر ماختانچاق كېلىدۇ، يەنە خېلى كۆپ ئادەملەر غاپىل بولىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىلىرىگە تەمەننا قويۇپ، ئىسلاھ قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ رېئال ئەھۋالىدىن قانائەت ھاسىل قىلىدىغان بۇنداق پسىخىك ھادىسە كىشىلەرنى تېزلىكتە ئالغا باسقىلى قويمايدۇ، بولۇپمۇ بەزى كىشىلەر تەدانلىق قىلىمەن دەپ، ھە دېسىلا ماھىيەتسىز نەرسىلەر بىلەن قانائەت قىلىپلا قالماستىن، كىشىلەر كۆرۈپ تۇرغان ئەيىبلىك تەرەپلىرىنىمۇ يوشۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە زىيان ئۆزىگە بولىدۇ. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بۇنداق قىلىقلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلغاندا، ئادەتكە ئايلانغان خاتا نەرسىلەر، ماھىيەتسىز شاكال نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلىغاندىلا تەرەققىياتقا يۈزلەنگىلى بولىدۇ. ھەرقانداق شەخس ۋە مىللەت ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئويغۇنلاشمايدىكەن، ئۇنىڭ ئارقىدا قالغىنى قالغان. شۇڭا، نۇقسان ۋە كەمتۈكلۈكنى تېپىش ئۇسۇلىنى ئالغا ئىنتىلگۈچى ھەرقانداق شەخس ۋە خەلق قولغا ئېلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ كەم يەرلىرىنى كۆرەلىگەن، تولدۇرالىغانلارلا يېڭىلمەستۇر.



## 9) ئامماباب ئۇسۇللار

40 - يىللاردا ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئەللەردە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئۈستىدە تەتقىقات باشلانغاندىن تارتىپ بولغان يېرىم ئەسىر جەريانىدا، ئالىملار مىليونلىغان پۇقرالار ھەم كېلەچەكنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان باللارغا ئويغۇن ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلىشتا ئالاھىدە تۈرلۈك ئۇسۇللارنى بارلىققا كەلتۈردى.

بۇ ئۇسۇللاردا ئورتاق تەكىتلىنىدىغان بىر نۇقتا ئەسلىدىكىگە ئوخشاپ قالماسلىق بولۇپ، ئاساسلىقى قانداق قىلغاندا ئەسلىدىكىدىن ياخشى ۋە ئەسلىدىكىگە ئوخشاپ قالمايدۇ، يەنى ئىجاد قىلىمەن دەپ تالاي ھەرىكەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن يەنە ئەسلىدىكى شەكىلگە قايتىپ قالىدىغان تەكرارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىشان قىلىنىدۇ. بۇلارنى تۈرلىرى بويىچە كۆرسەتكەندە تۆۋەندىكىچە:

1. قوشۇش: بىر نەرسىنى چوڭايتىش، قېلىنلىتىش، ئېغىرلىتىش قاتارلىقلار. بىز قوشۇش ئارقىلىق بىر خىل نەرسىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرەلەيمىز ياكى بىر خىل ئىشقا ئىشلەيدىغان نەرسىنى كۆپ خىل ئىشقا ئىشلىتەلەيمىز. قېرىنداش بىلەن ئۆچۈرگۈچنى قوشۇپ، ئۆچۈرگۈچلۈك قېرىنداش ياساش، ئۈچ قەلەم بىلەن دۈۋەتنى قوشۇپ، گاڭبى قەلەم ياساش، رادىئو بىلەن ئۈنئالغۇنى قوشۇپ، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ ياساش، چىش پاستىسىغا دورا قوشۇپ دورىلىق چىش پاستىسى ياساش، ئىككى ئەينەك ئارىسىغا بىر خىل ئالاھىدە ماتېرىيال قوشۇپ سۇنمايدىغان ئەينەك ياساش قاتارلىقلار. بۇنداق قوشۇش يالغۇز جىسىمنى جىسىمغا قوشۇشتىلا رول ئويناپ قالماستىن، مەنىۋى مەھسۇلاتلار ئىجادىيىتىدىمۇ رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، پىس

خولوگىيە بىلەن پېداگوگىكىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا مائارىپ پسىخولوگىيىسى بارلىققا كەلدى؛ جۇغراپىيە بىلەن ئىختىسادشۇناسلىقنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا ئىقتىسادىي جۇغراپىيە بارلىققا كەلدى ... بىرىكتۈرۈش، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇ نەرسىنىڭ بىر نەرسىنى قوشۇپ بىر ھەسسە ئېگىزلەتسەم قانداق بولىدۇ، بىر ھەسسە ئۇزارتىپ باقسام قانداق بولىدۇ، بىر ھەسسە قېلىنلىتىپ باقسام قانداق بولىدۇ، ۋاقىتنى ياكى قېتىم سانىنى ئۇزارتسام قانداق بولىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللار بىلەن تۈرلۈك ئىجادىيەت لايىھەلىرىنى تاللاش مۇمكىن.

2. ئېلىۋېتىش: بىر نەرسىنى كىچىكلىتىش، يېنىكلىتىش، ئازايتىش، پەسەيتىش، تەبىئىيكى بۇ ئۇسۇل قوشۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەكسىچە بولغان قىياس، پەرەزلەر ئاساسىدا ئىجادىيەت يولىنى ئاچىدۇ.

3. كېڭەيتىش: بىر نەرسىنى كېڭەيتىش، يوغىنىتىش، يالپاقلاش، بۇنداق كېڭەيتىشنى بىر نەرسىنىڭ شەكلى، ئېغىرلىقى، باھاسى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتلەردىن ئويلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، زاپچاس قوشقاندا قانداق بولىدۇ؟ ئېگىزرەك، ئۇزۇنراق بولغاندا قانداق بولىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆرۈش.

4. مۇجۇش: بىر نەرسىنى مۇجۇپ ئەسلىدىكىدىن كىچىكلىتىش. مەسىلەن، بۇنى تەقى - تۇرقى، باھاسى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتلەردىن ئويلاشقا بولىدۇ. بىر نەرسىنىڭ مەلۇم زاپچاسلىرىنى ياكى قىسمىنى ئېلىۋېتىش ياكى ئەسلىدىكى تۇرقىنى مۇجۇپ كىچىك، قىسقا، نېپىز، پاكار، يەڭگىل قىلغاندا قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش.

5. ئۆزگەرتىش: بىر نەرسىنىڭ شەكلى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى، رەڭگى - رۇخسارى، تەمى قاتارلىقلارنى ئۆزگەرتىش. مەسىلەن، يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇپ باقساق قانداق بولىدۇ، ھەرىكەت ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ باقساق قانداق بولىدۇ، باشقىچە شە-



كىلدە ياساپ باقساق قانداق بولىدۇ، دېگەنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش.

6. ياخشىلاش: بىر نەرسىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ؟ ئامىللىرىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ؟ ئاساسىي ئۆلچەم ۋە قەدەم باسقۇچنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ دېگەنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش.

7. جۈپلەش: بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە جۈپلەش.

8. دوراش: باشقا نەرسىلەرنىڭ تەقى - تۇرقى، قۇرۇلمىسى، رەڭگىنى دوراش.

9. ئورنىنى ئىگىلەش: باشقا بىر مەھسۇلات، ماتېرىيال، زاپچاس، ئۇسۇللار ئارقىلىق ئورنىنى ئىگىلەش، بۇنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان باشقىچە ماتېرىيال بارمۇ؟ باشقىچە تەركىب بارمۇ؟ باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ياساپ چىقىش مۇمكىنمۇ؟ دېگەنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئېنېرگىيىنى ئالىدىغان بولساق، ئۆسۈملۈك ئېنېرگىيىسى، خىمىيۋى ئېنېرگىيە، ئاتوم ئېنېرگىيىسى، يادرو ئېنېرگىيىسى، ھىدرو ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەر بىرىنىڭ ئورنىنى يەنە بىرى ئىگىلەش خاراكتېرىگە ئىگە.

10. يۆتكەش: ئورنىنى ئالماشتۇرۇش، باشقىچە ياخشى تەجرىبە، تېخنىكا پرىنسىپلارنى يۆتكەپ قوللىنىش.

11. تەتۈرسىگە ئۆرۈش: بىر نەرسىنىڭ ئوڭى بىلەن تەتۈرىنى، ئۈستى بىلەن ئاستىنى، سولى بىلەن ئوڭىنى، ئالدى بىلەن كەينىنى، توغرىسى بىلەن ئۇزۇنىنى، ئىچى بىلەن تېشىنى تەتۈرسىگە ئۆرۈش، يەنى ئاشۇنداق تەتۈرسىگە ئۆرۈگەندە ۋە قانداق ئۇسۇلدا ئۆرۈگەندە، ئۈنۈمى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈش.

12. بېكىتىش: ھەرقايسى مەسىلىلەرگە قائىدە، تۈزۈم بەلگىلەش. مەسىلەن، خىزمەت ۋاقتى ۋە تۈزۈمى، ماشىنىلارنى

ئىشلىتىش، مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسى، شەكلى، دائىرىسى قاتار-
لىقلارنى بېكىتىش.

13. ئۆزلەشتۈرۈش: بۇ نەرسىنىڭ ئۈنۈمىنى ھاسىل
قىلىدىغان باشقا بىر نەرسە بارمۇ؟ بۇ نەرسىدىن باشقىچە بىر
نەرسىنى ھاسىل قىلغىلى بولامدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى قويۇپ
ئىجاد قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش پرىنسىپلىرىنى تەتبىقلاشتىن
ئىبارەت تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر، مۇنداق ئۆزلەشتۈرۈش مۇۋەپپە-
قىيەتلىك بولغاندا، تەييار بار بولغان ماتېرىيال، تېخنىكا
سەۋىيىسى ئاساسىدا ئويلاپ باقمىغان يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىش-
كىلى بولىدۇ. زامانىمىزدا تۈرلۈك ھەربىي سانائەت تېخنىكىلى-
رىنى خەلق تۇرمۇشىغا ئۆزلەشتۈرۈشكە ئوخشاش مۇرەك-
كەپ تېخنىكىلارمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولغان.

14. شالغۇتلاشتۇرۇش: بۇ خۇددى زوئولوگىيە ۋە بوتا-
نىكا پەنلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ھايۋانات ھەم
زىرائەت، مېۋىلەرنى شالغۇتلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئەسلىدىكى
نەسلىدىن ئەلا بولغانلىقىغا ئوخشاش ئىش بولۇپ، بۇ پەنلەردە
قازىنىلغان مۇۋەپپەقىيەتنى ئىلمىدىمۇ قوللىنىشقا
بولىدۇ. سورتلار ياكى ئۆزلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ يېڭى سورت
ۋە تۈرلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ.

15. يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇش: قۇراشتۇرۇش ئەمەلىيەتتە
تەشكىللەش شەكلىدۇر. ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىدە
بوتىرىن كىلاتاسى بىلەن چۆمۈلە كىلاتاسىنىڭ كاربون،
ھىدروگېن، ئوكسىگېنلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى. بىراق قۇرۇل-
مىسى ئوخشاش بولمىغانلىق ئۈچۈنلا ئايرىم ماددا
بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ تەركىبى
ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى ئوخشاش بولمىغانلىقى
ئۈچۈنلا ئۈنۈمى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، برىلىيانت بىلەن



سۈرمە تاشنىڭ خىمىيەۋى تەركىبى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولسىمۇ،
باشقىچە رېئاكسىيىلەشكەنلىكتىن، بىرى قاتتىق، بىرى يۇمشاق
نەرسە پەيدا بولغان. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن، نۇرغۇن نەرسى-
لەرنى يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇش مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى-
نىڭ ھەر قانداق ئەسلىدىكى خىيالىمىزنى ئۆزگەرتىش ۋە
باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر نۇقتىدىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا
قويۇش ھەم ھەل قىلىشنى شەرت قىلىدۇ. ئالىملارنىڭ ئىجادى-
يەت ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ دەل بىزنىڭ ئوخشىماي-
دىغان نۇقتىلاردىن مەسىلىلەرنى ئويلىشىمىزغا ۋە شۇ ئارقىلىق
ئالدىمىزغا يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئىلھام بېرىشتىن
ئىبارەت. ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەر مەسىلىلەرنى ئوخشى-
مايدىغان نۇقتىلاردىن ئويلاش ۋە باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ئىش-
لەشتىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن
ئىمارەتكە پېشايۋان چىقارغان، ئاندىن پېشايۋاننى قىزىق ئاپ-
تاپ كۈنلىرىدە ۋە يامغۇر ياغقاندا يۆتكەپ ئىشلىتىشنى ئويلاپ
سايىۋەن ياسىغان، پېشايۋاننى يۆتكەپ سايىۋەن ياساش مە-
سىلىسىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يەڭگىل ھەم ھەر
كىم ئۆز ئالدىغا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان كۈنلۈك ئىجاد قىلغان.
شۇنداقلا قەدىمكى يايلاق تۇرمۇشىدا ئىشلەتكەن ئاق ئۆيلەرنى
ئۇزۇلۇكسىز ئۆزگەرتىپ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق ئۆيلەردە
ياتىدىغان قىياس بىلەن گۈمبەزلەرنى ئىجاد قىلىپلا قالماستىن،
زامانىمىزدىكى ئەڭ ئالىي ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگىمۇ شۇ يايلاق
ھاياتىمىزنىڭ خاتىرىسى بولغان گۈمبەز شەكلىنى چىقىرىپ
ھەم زامانىۋى ھەم ئاتا - بوۋىمىزدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەن-
ئەنىۋى، ئۆيلىرىمىزدىكى مورا ۋە مېھراب شەكىللىرىنى ئۆينىڭ
ئىچىدىن بىنالارنىڭ سىرتىغا كۆچۈرۈپ ھەم تارىخىمىزنى
ئەسلەيدىغان ھەم زامانىۋى بىناكارلىقنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپا-

دىلەيدىغان ئۆزگىچىلىكنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئۇردا – ساراي، مەسچىت – مەدرىس ۋە ئۆيلىرىمىزنىڭ ئىچىگە چىقىرىدىغان نەقىشلەرنى ئىمارەتنىڭ سىرتىدىغا كۆچۈرۈپ پۈتكۈل شەھەر ھەم يول – كوچىلارغا گۈزەللىك بېغىشلايدىغان بەدىئىيلىكمۇ يارىتىلدى. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا قارىساقمۇ ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت بىلەن تولغان دۇنيانى كۆرىمىز. مەسىلەن، شىرماندۇق ۋە چامادانلار كۆتۈرۈشكە بىسەپ بولغان كات ۋە ساندۇقلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادى؛

پاتېفون تەخسىسى تىل چوتكىسىنىڭ تەقلىدىي ئەۋلادى؛

چاسا ئۈنئالغۇ يوغان ھەم يۇمىلاق ئۈنئالغۇنىڭ ئەۋلادى؛

ساقال قىرغۇچى بېرىتۋالار ئۇستىرىنىڭ بالىسى؛

ھازىرقى تۈرلۈك كۆركەم پىچاقلار قەدىمكى غىلاپلىق ئاددىي پىچاقنىڭ ئەۋلادى؛

ھازىرقى ئاپتوموبىللار ھارۋىدىن تەرەققىي قىلىپ چىققان؛

ھازىرقى تۈرلۈك ئايروپىلانلارنى كىشىلەر لەگلەك ياكى قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا تەقلىد قىلىپ ئۇزۇن مۇددەت تەتقىقاتتىن كېيىن ياساپ چىققان.

........................

جانلىق تۇرمۇشتا ھەركۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كىيىم-كېچەك نۇسخىلىرى ۋە گۈزەللىك قوغلىشىپ ئىجاد بولۇۋاتقان تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا قاراپلا، دۇنيانىڭ پەقەت قولايسىز، ئەقىلغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئەپلىك بولمىغان، ئىلمىي بولمىغان نەرسىلەرنى ئادەتتىكە قارشى ھالدا يېڭىلاش، بار مەھسۇلات ياكى سايمانلارنى ياخشىلاش بىلەن بىر چاغدا يېڭى مەھسۇلاتنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق گۈزەللىك بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. دېمەك، ھە دېسىلا كونىلىققا ياكى كۆنۈكۈپ كەتكەن قېلىپبازلىققا قارشى بولغان بىر ئاددىي تەسەۋۋۇر رېئال تۇرمۇ-



شىمىزغا ۋە كونكرېت خىزمەتلىرىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىمىزدە چوڭقۇر ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىراق، خىياللار بۈيۈك بولسىمۇ، ئۇنىڭ نىشانلىق ئورۇنلىشىلا بەرىكەتلىك ھەرىكەت پەيدا قىلالغاچقا. بىز كاللىمىزدا ئويلىغان تۈرلۈك خىياللارنى يۇقىرىدىكى 15 تۈرلۈك ياكى يېڭى ئىجاد بولغان بەزى ئامىباب ئۇسۇللار بىلەن يۈگۈرتۈپ ماڭساق، تەكرارلىق ۋە بۇرۇن باشقىلار ھەم بىز ئۆزىمىز ئويلاپ بولغان قېلىپلارغا كىرىپ قالماي يېڭى پىكىرلەرگە كىرەلەيمىز. چۈنكى بىز ئويلىغان ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئىختىيارسىز ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ۋە تۇرمۇش پوزىتسىيىسىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنى بىز ئېلىمىزنىڭ ئىجادىيەتشۇناسلىرى ئاتىغان تىل بىلەن بالىباب ئەقىلدار ئۇسۇللار دەپ ئاتىساقمۇ، ئەمما ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى، مائارىپ قەدەم باسقۇچلىرىدا ھەممە تۈرلۈك ھۈنەرۋەنچىلىكلەردە قوللىنىلسا يۇقىرى ئۈنۈم بېرىدۇ. بۇ يەردە فېيگى ئوتتۇرىغا قويغان: «ئاددىي بىر تەسەۋۋۇرنىڭ كونكرېتلىشىشى چوڭقۇر بىر مەيدان ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

## 10) ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى

ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى – باشقا نەرسىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە فۇنكسىيىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىجادىيەت مەقسىتىگە يېتىشكە ئېيتىلىدۇ، يەنى مەلۇم بىر ساھەنىڭ پەن-تېخنىكا پرىنسىپلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى يەنە بىر ساھەگە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلى – ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇ-

لى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئۆزلەشتۈرۈش ئىجادىيتى كىشىلەرنى تەييار بار بولغان ئىدىيە، ماتېرىيال ۋە تېخنىك سەۋىيىسى جەھەتتە ئويلاپ باقمىغان يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ھەربىي تېخنىكىسى پىلانلىق تۈردە خەلق ئىشلىرى تېخنىكىسىغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، غايەت زور يېڭى قىممەتلەر يارىتىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ھاۋا قاتناش ئىشلىرىدا گاز پۈركۈش تىپىدىكى ماتورلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن بۇرمىسىمان پالاقلىق ماتورلارنىڭ ئورنىنى ئالدى. پۈرژىنىلىق ماتورلار يەنە يۇقىرى سۈرئەتلىك كېمىلەرگە ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەنە ئاجايىپ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

باشقا جەھەتلەردىكى تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش جەريانلىرىغا نەزەر سالساقمۇ، يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى كۆپلەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىسى ئۆسۈملۈكلەر يىلتىزىنىڭ تۇپراقتا تۈۋىنى قاماپ تۇرغان قۇرۇلمىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىسىدا ئىجاد قىلىنغان. سۈرەتتارتىش تېخنىكىسى مەتبەئەچىلىككە ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ناھايىتى ئىلغار بولغان سۈرەتكە ئېلىپ بەت ياساش تېخنىكىسى ئىجاد قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدا قوللىنىلىدىغان كۆزىتىش ئۇسۇلى دېدۇكسىيە ئۇسۇلى، بىۋاسىتە سەزگۈ ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللارنى تېخنىكا يېڭىلاش ساھەسىگە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. پسىخولوگىيە پرىنسىپلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. نۇرغۇن كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنىڭ كەسىپ ئەھلى بولمىغانلار ياكى باشقا ساھەدىكىلەر تەرىپىدىن مەيدانغا كېلىشىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىجادىيەت مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى كۈندە بىز قوللىنىۋاتقان نۇسخا ئېلىش تېخنىكىسىمۇ پاتېنت ئالغان بىر ئادۋوكات



ئىجاد قىلغانىكەن. سىرتىمنى بىر مېخانىكا تېخنىكى ئىجاد قىلغانىكەن، ماي قەلەمنى رەسسام بىلەن خىمىك ئىجاد قىلغانىكەن، ۋېلىسىپىتنى بىر دوختۇر ئىجاد قىلغانىكەن.

ئىجادىيەتشۇناسلارنىڭ پەرىزىچە، زامانىمىزدا پەنلەرنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىش، سىڭىشىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان ساھەلەرنىڭ گىرەلىشىپ كېتىش ۋە گىرەلىشىش جەريانىدا يېڭى تېخنىكا ھەم يېڭى ساھەلەرنىڭ ئېچىلىشى كۆپىيىپ مېڭىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ رولى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار (تۈرلۈك تېخنىكا ساھەسىدە) مۇشۇنداق چوڭ يۈزلىنىشنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر بىلىشى، ساھەلەر ئارا تېخنىك ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ناھايىتى زور يۈزلىنىش بولۇپ قېلىشىنى مۆلچەرلىشى، تار كەسىپىي دائىرىدىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تۈرلۈك ساھەلەردىكى پەن - تېخنىكىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك.

### 11) تەڭ قىممەتتە ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلنى ياپونىيىلىك پروفېسسور شىچۇەن گۇيجيۇمېي ئىجاد قىلغان. ئۇ، بۇ ئۇسۇلنى تەبىئىي نەرسىلەردە بولىدىغان قۇرۇلما ئالمىشىشىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئۇسۇل تەبىئىي شەيئىلەرگە ئوخشىتىش جەھەتتە پروفېسسور گوردىن ئىجاد قىلغان ئوخشىتىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇنىڭغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. شىچۇەن گۇيجيۇمېي بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلنى پىلە قۇرتىنىڭ پەرۋانىگە ئۆزگىرىپ كېتىشىگە، ئۇجمە خازىنىڭ مەشۇتقا ئۆزگىرىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇ، پىلە قۇرتى پەرۋانىگە ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇچمە خازىڭى مەشۇتقا ئۆزگىرىپ كەتتى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بۇ ئىككى شەكىل ۋە سۈپەت ئۆزگەردى. ئەمما، بۇ ئۆزگىرىش پىلىدىن ئىبارەت بىر شەيئىنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈز بەردى، بۇ پىلىنىڭ بۆلۈنۈش ۋە يېڭىباشتىن بىرىكىشىنىڭ نەتىجىسى. ئىلىم - پەن ئۈستىدىكى ئىجادىيەتتىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇ، ھەر قانداق بىر خىل ئىجادىيەت مەۋجۇت بولغان شەيئىلەردىن ئۆزگىرىپ مەيدانغا كېلىدۇ. كىشىلەر شەيئىلەر ئۈستىدە «پارچىلاش» ياكى «ئابستراكتسىيىلەش» ئارقىلىق، مەۋجۇت شەيئى بىلەن كەلگۈسى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلىق بولغان تەڭ قىممەتلىك مۇناسىپلىق مۇناسىۋەتنى ئىزدىسە، يېڭى بىر شەيئىنى ئىجاد قىلالايدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئەمەلىيەتتىمۇ مۇشۇنداق ئىجادىيەتلەرنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى ياپونىيىدىكى ئىجادىيەتلەر ئارقىلىق مىسالغا ئېلىپ، تيەنشيۇڭ چاڭچىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئۆگەنگەن «قان ئايلىنىش» توغرىسىدىكى بىئولوگىيىلىك بىلىمگە ئاساسەن، تيەنشيۇڭ تىپىدىكى پار قازىنىنى ئىجاد قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن.

پروفېسسور شىچۈەن گۇيجيۇمىي تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىش ئالمىشىش شەكىللىرىنى ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈپ كۆرسەتكەن.

بىرىنچى تۈرى، ئۆزلۈكىدىن ئۆسۈش تىپىدىكى ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇنداق ئۆزگىرىشلەر پىلىنىڭ ئۇرۇق ھالىتىدىن قۇرتقا ئۆزگىرىشىگە، ئالمىنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ پىشىشىغا، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا ئوخشايدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تەبىئىي تىپلارنىڭ ئۆزگىچىلىكى تەدرىجىي يوسۇندا ئۆزگىرىپ پىشىشقا ئەگىشىپ، يېڭى بىر ئۆزگىچىلىك شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، پىلىنىڭ يۇمران قۇرتى قورچاققا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆپ ساندىكى



ئەزالىرى ئامىنو كىسلاتالىرىغا پارچىلىنىپ كېتىدۇ، ئامىنو كىسلاتالىرى يەنە يېڭىباشتىن بىرىكىپ قۇرت ئۆزگىچىلىكى بولغان ئەزالارغا، مەسىلەن، قانات، يېڭى پۇت، كۆپىيىش ئەزالىرى قاتارلىقلارغا ئۆزگىرىدۇ، ئاخىرى بېرىپ قۇرت بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى، ئىش قوشۇش تىپىدىكى تەڭ قىممەتتە ئۆزگەرتىش بولۇپ، بۇ ئۇچمە خازىڭىنىڭ مەشۇتقا ئۆزگىرىش جەريانىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردىكى تەڭ قىممەتتە ئۆزگەرتىشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، پىلە بىر تۈرلۈك يىپەك پىششىقلاش ئۈسكۈنىسى، ئۇچمە يوپۇرمىقى خام ئەشيا، يىپەك بولسا مەھسۇلات دەپ قارىلىدۇ. ئۇچمە يوپۇرمىقى پىلىنىڭ ھەزىم قىلىش ئەزالىرى ئارقىلىق تالقان بولۇپ، پارچىلىنىپ، ئاندىن يىپەك بەزلىرى ئەزالىرىنىڭ بىئوخىمىيىلىك بىرىكتۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا مەشۇت بولۇپ قۇسۇلىدۇ.

ئۈچىنچى تۈرى، ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش تىپىدىكى تەڭ قىممەتلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ.

### 12) ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلنى ئامېرىكىدىكى بۇراسكا داشۆسىنىڭ پروفېسسورى كوفخار ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى ئىختىرا ئوبيېكتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، شۇ خۇسۇسىيەتلەر ئىچىدىن ئىسلاھ قىلىش، ياخشىلاش، ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىدۇ. بۇ ئۇسۇل كۆپ ھاللاردا بۇيۇم ياكى تاۋارلارنى ياخشىلاش، يېڭى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى بەزىلەر تەھلىل قىلىپ ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم،

ئىسلاھ قىلىنىدىغان ياكى ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ئاسان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، بىر ماشىنىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئەقىلغا ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان بولساق، يېڭى تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بولۇشىمۇ تەسرەك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئالاقىدارلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى بولغانلىقتىن، بىر مەۋقەگە كېلىش تەس بولىدۇ. ئەگەر ماشىنىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئويلاشقىنىمىزدا، مەسىلەن، چاق، ئاغدىما، ماتور... قاتارلىقلارنى ئىسلاھ قىلىشنى ئويلاشقىنىمىزدا، ئاسانراق نەتىجە ھاسىل بولىدۇ. ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق كونكرېت بۆلەكلەرنى ئاساس قىلىپ ئىختىرا قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.

پروفېسسور كوفخار بۇ ئۇسۇلنى چۈشەندۈرۈپ، تۆۋەندىكىدەك تەرتىپ بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغاندا، ياخشى تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بىرىنچىدىن، ئالدى بىلەن ئىسلاھ قىلىدىغان ئوبيېكتنى بېكىتىش، نېمىنى ياخشىلاش ۋە ياخشىلاشقا تېگىشلىك مەسىلىنىڭ نەدىلىكىنى بېكىتىش كېرەك. بولۇپمۇ چوڭ مەسىلە ياكى چوڭ بىر تەشۋىقات تېمىسىنى بۆلەكلەرگە، ئەڭ ياخشىسى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئاندىن ئىسلاھ قىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىش كېرەك. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئادەتتە ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىل جەھەتلەردە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ياخشىلىماقچى بولغان مۇشۇ قىسىم ياكى زاپچاسنىڭ تەپسىلىي جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىش، يەنى سوئال قويۇش ئارقىلىق ئىسلاھات تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئاندىن بۇ تەسەۋۋۇرلار ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى، يولغا قويغىلى بولىدىغان تەسەۋۋۇرنى تاللاش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ھەر قايسى قىسىملار بىلەن بىر پۈتۈنلۈك-



نىڭ خۇسۇسىيىتى جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىش، شۇنداقلا بۇ نەرسىنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ قولايلىق تەرەپلىرىنىمۇ جەدۋەللەشتۈرۈش.

تۆتىنچىدىن، مۇشۇ تاللىغان نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدىكى مەقسەتكە ئىشلىتىلىش تەرەپلىرىگە، فۇنكسىيە قۇرۇلمىسىغا ئۇيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكىنى، يېڭى تەلەپلەرنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇ بۆلەكنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە شۇ يەرگە قويۇلىدىغان شەرتلەرنى ئۆزگەرتەلەمدۇ - يوق، تەتقىق قىلىپ كۆرۈش.

ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئامېرىكىدىكى بىر داشۆنىڭ پروفېسسورى كوفخارنىڭ بۇ ئۇسۇلنى تەتبىقلاش ئەھۋالىغا قاراپ ئۆتەيلى. ئۇلار ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىدىكى ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى نۇقتىلارنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغان.

بىرىنچىدىن، ياخشىلايدىغان ئوبيېكتنىڭ ئىسىم ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مەسىلەن، ئەگەر ئىشخانا ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش توغرا كەلسە، شىرەنى مىسالغا ئالساق. شىرەنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، قىسىملارغا بۆلۈنۈشى، ماتېرىيالى، ياساش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئالدى بىلەن ئىسىم ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇلارنى قانداق ياخشىلاش مەسىلىسىنى ئويلانغان.

شىرەنىڭ تەركىبىي قىسمى «تارتما»، «پۇت». «يۈز»، «قۇلۇپ» ۋەھاكازالار دەپ كۆرسىتىلگەن؛ شىرەنىڭ ماتېرىيالى «ياغاچ»، «تۆمۈر» قاتارلىقلار دەپ كۆرسىتىلگەن؛ ياساش ئۇسۇلى «ئۇلاش»، «سۇۋاركىلاش». «پىرېسلاش» قاتارلىقلار دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئىككىنچىدىن، يۇقىرىدىكىلەرگە ئۇلاپلا سۈپەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مەسىلەن، شىرەگە مۇناسىۋەتلىك بول-

غان سۈپەت سۆزلىرى چوڭ، كىچىك، كەڭ، تار، ئېگىز، پەس، ئېغىر، يەڭگىل قاتارلىقلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئۈچىنچىدىن، پېئىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، «يۆتكەش»، «مىدىرلىتىش»، «كىتاب قويۇش»، «خەت يېزىش»، «خىزمەت بېجىرىش» قاتارلىق شىرەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان پېئىل سۆزلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى قانچە تەپسىلىي گەۋدىلەندۈرۈلسە، شۇنچە ياخشى تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. سايرايدىغان چەينەك مانا مۇشۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئىجاد قىلىنغان. بۇ چەينەكنىڭ ھور چىقىدىغان تۆشۈكى چەينەكنىڭ ئاغزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، چاي قاينىغان ھامان ئۆزلۈكىدىن ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدۇ؛ ئەمما چەينەك ئېغىزىنىڭ ئۈستىدە كامار يوق بولۇپ، ھور چىقىش بىلەن قولنى كۆيدۈرمەيدۇ؛ بۇ چەينەكنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى پىرىسلاش ئارقىلىق چىقىرىلغان ۋە چەمچەك كەپشەرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، كۆرۈنۈشمۇ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، ئاز ئوتتا قاينايدىغان، ئېنېرگىيىنى تېجەيدىغان، ئاغزىنى ئېچىپ تەكشۈرىدىغان ئاۋارىچىلىقمۇ يوق، قولايلىق بولۇپ چىققان. ھازىرقى كۈندە ئىشلىتىلىۋاتقان بىر مۇنچە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەم سايمان، ھەم زىننەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ئىشلىتىلىشى ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.



## 13) قىياس لايىھىلەش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلنى ئامېرىكا ماساچۇست تېخنولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ئارنوت ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئادەتلەنگەن تەپەككۇر ئۇسۇلىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، يېڭىچە ئۇسۇل، دادىل تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق زور ئىجادىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەيدۇ.

— ئالىم بىرىنچى نۆۋەتتە ئىجادىي خىيال سۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، خىيال خۇددى سەنئەتتىكىدەك پەندىمۇ غايەت مۇھىم رول ئوينايدۇ، — دەيدۇ ئا. ئى. فېرسمان، راست دېگەندەك مەيلى قايسى خىل ئىجادىي پائالىيەتتە بولسۇن، فېرسمان ئېيتقان خىيال ۋە قىياسنىڭ مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى ۋە تەييار نەرسىلەرگە چوقۇنۇش ھەمدە ئاللىقاچان ئىجاد قىلىنغان نەرسىلەرنى شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ ھېسابلاشنىڭ تەرەققىياتىمىزغا ئېلىپ كېلىۋاتقان توسالغۇلىرىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرىمىز. شۇڭا، قىياس — خىياللارنىڭ ئالغا سۈرۈش رولى بىلەن تەييار نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇش ھالىتى بىزنى خىيال سۈرۈشكە، ئويلاشقا، قىياسلار ھامىسى بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

نېمىس گېئوگرافى ۋېرگىنا خەرىتە كۆرۈۋېتىپ، ئاجايىپ بىر ھادىسىدىن تەسىرلەنمىگەن ۋە شۇ بويىچە قىياس قىلمىغان بولسا «چوڭ قۇرۇقلۇقلارنىڭ كۆچۈشى ھەققىدە تەلىمات» مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى. ئۇ بىر كۈنى خەرىتە كۆرۈۋېتىپ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى برازىلىيىنىڭ چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر بۆلىكى بىلەن ئافرىقىنىڭ كامېرون قىرغىقىدىكى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن بىر بۆلىكىنىڭ شەكلى ناھايىتى ئوخشى-

شىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دېڭىز - ئوكيانلار ئايرىپ تۇرغان مۇشۇ ئىككى بۆلەك زېمىننى قوشۇش مۇمكىن بولسا، خۇددى ئەسلىدە بىر پۈتۈن يەردەكلا گىرەلىشىپ كېتىدىكەنغۇ؟ مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ناھايىتى يىراق قەدىمكى زاماندا، بۇ ئىككى پارچە چوڭ قۇرۇقلۇق بىر بولغىدىمۇ - يا؟ دېگەن ئويغا كېلىدۇ - دە، ۋېرىگنا كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ناھايىتى تەس بولغان بۇ قىياسنى كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ئىسپاتلاشقا ئاتلىنىدۇ.

— ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى دەۋر ئاچقان، ئۆز ئەسىرىگە شان - شۆھرەت كەلتۈرگەن بۈيۈك پىكىرلەر، كەشپىياتلار، ئىختىرالار ۋە غايىلەر پەمسىزلىك، ئەخمەقلىق ۋە ئىشەنچسىز ئۇتوپىيە دەپ ئاتالغان، — دەيدۇ ئە. ژىراردېن.

ۋېرىگنا مەيلى كىشىلەر پەمسىز، ئەخمەق، ساراڭ دېسۇن ياكى باشقا بىر نېمىلەرنى دەپ خاپا قىلسۇن، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ، ئۆزىنىڭ پۇتىغا پالتا چاپىدىغان ياكى ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە كەم چاغلاپ ئىجادىيەت قۇدرىتىنى بوغىدىغان پىكىرلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت باش چۆكۈرۈپ ماتېرىيال توپلاپ تەتقىق قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ، بۇ ئىككى قۇرۇقلۇق شەكلىنىڭ ئوخشىشىپ كەتكەنلىكىنىلا ئەمەس، بۇ ئىككى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق ئەھۋالنىڭ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ئافرىقا قىتئەسى ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاسىيا ۋە ياۋروپا، ئاۋستىرالىيە، ئانتاركتىكىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىۋېلىپ، «چوڭ قۇرۇقلۇقلارنىڭ كۆچۈشى ھەققىدە تەلىمات»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ گەرچە بۇ تەلىماتنى تولۇق ئىسپاتلاپ بولالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر مۇنچە ئالىملار ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.



بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بىز قىياس لايىھىلەش ئۇسۇلىنى ئاڭلىق قوللىنالايدىغان بولساق، ۋاقىتتىن ئاۋۋال ئېيتىپ قويۇلىدىغان ھەقىقەتلەردىن ئىبارەت — ئۇتوپىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجادىيەتلەردە بولالايمىز.

پروفېسسور ئارنوت بۇ ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويغاندىمۇ شاگىرتلىرىنى ئەنە شۇنداق ئىجادكارلىققا يۈزلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئۇ شاگىرتلىرىغا مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن باشقا بىر پلانېتتا تۇرىدىغان بولساڭ، ئەگەر سەن تۇرغان ئۇ پلانېتنىڭ ئېغىرلىق تېزلىكى يەر شارىدىن 11 ھەسسە چوڭ بولسا، ئۇ يەردە قۇش... قاتارلىق جان - جانىۋارلار بولسا قانداق بولىدۇ؟... ئۇ ئەنە شۇنداق قىياس بىلەن باشقا بىر پلانېتنى ھەر تەرەپلىمە سۈرەتلەپ بولغاندىن كېيىن، شاگىرتلىرىغا ئۇ پلانېتنى رېئال مەۋجۇدىيەت دەپ بىلدۈرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق مۇنداق پلانېتتا ئىشلىتىدىغان قاتناش قوراللىرىنى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى لايىھىلەتكۈزگەن ھەمدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك قىياسلارنى لايىھىلەشكە ئۇيۇشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كونا ئىدىيەلەرنىڭ ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلۇشقا قاراپ ماڭغان. كېيىنچە، پروفېسسور ئارنوت ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇسۇلنىڭ مۇۋاپىقلىقى جەمئىيەتكە تونۇلۇپ، بىرمۇنچە مەكتەپلەردە قوللىنىلىپلا قالماستىن، بارا - بارا كارخانىلاردىمۇ قوللىنىلىپ زور ئۈنۈم بەرگەن. ھازىر بۇ ئۇسۇلنىڭ قوللىنىلىشى ئىككى قەدەمگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى قەدەمدە، ئۆزى ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە ئېھتىياجغا ئاساسەن قىياس قىلىنىدۇ (چەكسىز ھەم خالىغانچە ئەمەس، ئېھتىياجغا ئاساسەن)، بولۇپمۇ ئوخشاشمايدىغان مەقسەتلەرنىڭ تەلىپى بويىچە قاراتمىلىقى بار بولغان قىياس لايىھىلىنىدۇ. مەسىلەن، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا «باشقا بىر

پلانېتتا ياشايدىغان بولساق» دېگەندەك قىياسلارنى مەشق قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. زاۋۇتلاردا بولسا، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق قىياسلارنى لايىھىلەشنى مەشق قىلدۇرۇشقا بولىدۇ: كەلگۈسىدە ئاپتوموبىللارغا ئورنىتىلىدىغان كۆرسەتكۈچلەر كۆپىيىپ كەتسە، يالغۇز كۆزگە تايىنىپ ماشىنا ھەيدەشكىلا بولمايدۇ؛ كەلگۈسىدە ئېلېكترون سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئېلېكترون زاپچاسلارنىڭ تەننەرخى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن...

ئىككىنچى قەدەمدە، قىياس لايىھىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە تەسەۋۋۇر يۈرگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى ئىككى مەسىلىگە مۇنداق تەسەۋۋۇرلاردا بولۇشقا بولىدۇ: (1) ئاپتوموبىللاردا ئاۋاز ئارقىلىق سىگنال قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھازىرقى كۆرسەتكۈچنىڭ رولىنى ئۆتەشكە بولىدۇ. (2) رىقابەت نۇقتىسىدىن ئويلانغاندا، ئېلېكترونلۇق زاپچاسلار تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي ھازىرقى تۈرلۈك تاۋارلارنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش كېرەك.

دېمەك، قىياس پىلانلاش ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ كونا تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىجادىيلىقنى قوزغاشتا، باشقۇرۇش دائىرىسىدە كۆپلەپ ئاخبارات توپلاشتا، پەنلەرنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشىنى بايقاشتا، تۈرلۈك يېڭى تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى ياخشىلاشتا مېتود قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.



# VIII باب خاسلىق ۋە ئىجادىي خاسلىق

## §1. خاسلىق ۋە ئۇنىڭ ساغلاملىقلىقى

### 1. خاسلىقنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتتىكى ئورنى

تالانت بىلەن ھېسابلانغان ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي ئىقتىدار ھەممە ئادەمدە بار تۇرسا، يەنە كېلىپ ئادەمدە بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ھەرقانداق ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا قادىر تۇرسا، نېمىشقا ئاز ساندىكى ئادەملەر تالانتلىق بولۇپ يېتىلىپ، باشقىلار يېتىلەلمەيدۇ؟

ھەممە ئىشقا ھەيران قالىدىغان، سوراپ ھارمايدىغان، ھاياتقا بولغان قىزغىن ۋە شېرىن ھېس تۇيغۇلار كۆڭلىگە تولۇپ تاشقان بىر بالا ھېچكىشىگە ئوخشىمايدىغان گەپلەرنى قىلالايدۇ - يۇ، جىددىي، كونىلىق تەرەپتارى بولغان، بىر مۇنچە مەسىلىلەردە بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا مەپتۇن بولغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر قىران ئادەم نېمىشقا ئۇ بالىچىلىك ئەركىن ئويلاپ كۆرمەيدۇ؟

ھازىرقى زامان مائارىپىدا ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن ۋە ئىجادىي تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ھەققىدە مەلۇماتلىق بىر ئەقىل ئىگىسى ئۆز ئىجادىيىتىگە ئۇيغۇن مۇھىت ھەم پۇرسەتكە ئىگە بولسىلا، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىرەر تېخنىكا ئىختىرا قىلىپ ياكى بىرەر كەشپىيات يارىتىپ بېرەلەمدۇ؟ بىز ئۆزىمىزگە مۇن-

داق سوئاللارنى قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرىدىغان بولساق، تالانت تەربىيىسىدە ئىجادىي بولغان تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيلىقنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان باشقا قابىلىيەتلەر ئۈستىدىلا ئويلىنىپ، ئادەمنىڭ تالانتىنى رېئاللاشتۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى بىز پوزىتسىيىمىزنىڭ پاسسىپ بولۇشى بىلەن داھىي، ئالىم، ھەتتا ئەۋلىيا بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدۇق، ئەركىن ئويلاپ ھەتتا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار، يەر ئاستىدىكى قېزىلمىلار ھەققىدە سوئال سوراپ بىزنى دۇدۇقلىتىۋېتىۋاتقان باللىرىمىز ئالدىدا چېنىپ قالدۇق، ئوقۇغان ھەتتا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولساقمۇ، كەشپىيات، ئىختىرالارنىڭ يېنىغا بارالمىدۇق. دېمەك پوزىتسىيە ناھايىتى مۇھىم نەرسە. ئۇنىڭ ئاكتىپ ھالدا ئۆز غۇرۇرى بىلەن ئېتىلىپ نۇرۇشى ۋە غۇرۇرىنى تاشلىۋېتىپ پاسسىپ ھالدا سالپىيىپ تۇرۇشى تالانت ھەرىكىتىدە تامامەن ئوخشىمايدىغان نەتىجە بېرىدۇ. ئويلاپ باقايلى: يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن پادىشاھ ناۋخۇەن تۆمۈر 36 يىل پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، دەسلەپكى چاغلىرىدا مەككار ۋەزىرلەرنىڭ ئالىقىنىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ قالغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ، كۆڭلى خالىغان ئىشلارنى قىلىپ رەسۋالىشىپ، دۆلەتنى ۋە ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىقى ئەنە شۇنداق ئۆزىدىكى ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ئاچالمىغانلاردۇر. پادىشاھلىق ئوردىسىدا بولسىمۇ، چىرىكلىككە قارشى سەپتە تۇرۇپ ئىنسانىيەتكە ئۇلۇغ «تارىخىي خاتىرىلەر» نى قالدۇرغان سى ماچيەن، «قۇتادغۇ بىلىك» نى قالدۇرغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەڭ ئاددىي بىر كەپىدە تۇرۇپ ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك يادىكارلىق قالدۇرغان مىڭلىغان ئىجادكارلار ئۆزىدىكى ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ئاچالىغانلاردۇر.



بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئادەمنىڭ تالانتلىق بولۇشى بىلەن بولالماسلىقىنىڭ پەرقى تۇغما ئالاھىدىلىكتىن قالسا، مۇھىت ۋە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشتا ماھىر بولۇش - بولالماسلىقىدا. بۇنداق ماھىرلىق نەدىن كېلىدۇ؟ ئالىملارنىڭ تەكرار تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، ئادەمنىڭ خاسلىق تەربىيىلىنىشىدىن كېلىدۇ. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى بويىچە قارىغاندا، ھەممىمىزدە يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت بولىدۇ ھەمدە ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ساھەلىرىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىماي دىلىمىزدا ئوخشاش بىر پسىخىك جەريان ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇنداق پسىخىك جەرياننى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن مەشق قىلدۇرۇپ ئۆستۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىز مېڭىمىز ساق بولغان شارائىتتا ھەممىمىز تۇغما ئالاھىدىلىكىمىزنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئىجادىيەتنى بايراق قىلغان تالانت ئالدىدا ئۆزىمىزنى تەڭ ھېس قىلىمىز، ھەمدە ئۆزىمىزگە: ھەممىمىز يوشۇرۇن قابىلىيىتى ناھايىتى قۇدرەتلىك بىلەن ئېلېكترونلۇق مېڭىگە ئوخشايمىز، ئەمما بىزدە ھەر قاچان كەمچىل بولغىنى ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ مەخپىي نومۇرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەشغۇلات شەرھىسى، بۇنداق مەشغۇلات شەرھىسىنى بىلىۋېلىش ئۇستازلىرىمىز، رەھبەرلىرىمىز، ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ نىشانىسى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىمىزنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى دېگەن يەرگە كېلىمىز. ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى بويىچە قارىغاندا، بۇنداق بىلىۋېلىش دەل ئۆزىنى بايقاش ۋە ئۆزىدە يوشۇرۇنغان تالانت ئۇستۇنلۈكىنى ئۇزلۇكسىز ئېچىشتۇر. مۇشۇنداق بولغاندا، تالانت بۇلىقىنى ئېچىش بىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئادەمدىن باشقا، ئۆزىنى ئېچىشقا ئىنتىلىسىمۇ تولۇق ئىنتىلەلمىگەن ئادەملەرنىڭ نۇزغۇلۇچان خاھىشىقا ۋە ھەر ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرىش ئۈچۈن غۇرۇر

بىلەن ئىنتىلىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇشقا بېرىپ تاقىلىدۇ.
— تالانت ئۈزلۈكسىز تىرىشىشتىن ھاسىل بولغان كۈچ-
تۇر، — دەيدۇ ئېلبېرت ھوببارد، — مەغلۇبىيەت بىلەن مۇۋەپ-
پەقىيەتنىڭ چېگرىسى ئىنتايىن ئىنچىكە. شۇڭا، بىز ئۇنىڭدىن
سېزە — سەزمەس ئۆتۈپ كېتىپ قالىمىز. ئۇ شۇ قەدەر ئىنچىككى،
بىز ھەمىشە ئۇنىڭغا دەسسەپ تۇرۇپمۇ سەزمەي قالىمىز. نۇر-
غۇن كىشىلەر بۇ خىل ئازراق تىرىشسىلا، يەنە بىرئاز چىدى-
سىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان چاغدا، ئۇنى قولدىن بېرىپ
قويىدۇ. بۇ خۇددى دېڭىز سۈيى پۈتۈنلەي پەسلەپ، يەنە يې-
ڭىباشتىن كۆتۈرۈلگەنگە ئوخشايدۇ. ئىشلاردا بەزىدە ئىستىقبال
ئىنتايىن تۇتۇق كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ دەل بۇرۇلۇش
بولغان ۋاقىتتۇر. يەنە بىرئاز چىڭ تۇرسىلا، يەنە بىرئاز
تىرىشسىلا، ئۈمىد قالمىغان ئۈمىدسىزلىك شانلىق مۇۋەپپەقى-
يەتكە ئايلىنىدۇ. قايتا سىناپ كۆرمىگۈچە، ئۇنى مەغلۇبىيەت
ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئىچكى سەۋەب بولمىسىلا، ئۇنى ئوڭۇش-
سىزلىق دېگىلى بولمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن
مەقسەتكە يېتەلمىگەندىن باشقا، ئاتالاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان
ھەقىقىي توسۇق يوق.

دېمەك، تالانت ئۈچۈن كېتىۋاتقان ھايات سەپىرىنى
پەقەت خاسلىق چېنىقىشلا ئاخىرقى نىشانغا ئېلىپ بېرىپ،
ئادەمنى سېزە — سەزمەي دومىلاپ كېتىدىغان مەغلۇبىيەت تە-
رەپتىن قۇتۇلدۇرۇۋالالايدۇ. ئەقىل، تەپەككۇر ئۇسۇلى، مۇھىت
پۇرسەتلىرى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا تالانتلىق بولۇپ كەت-
مەيدۇ، بەلكى ئىجادىيەتتىكى شەرتلەرنى رېئاللاشتۇرغۇچى پىسى-
خىك پەزىلەتكە ئىگە ئادەملەر تالانتلىق بولالايدۇ. ياخشى
ئادەم يامان ئادەمگە، يامان ئادەم ياخشى ئادەمگە ئۆزگەرگەن-
دەك، بۇنداق پىسخىك پەزىلەتنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرمى-
غانلار ئىجادكارلىقتىن كونىلىقنى ساقلاشقا تەرەققىي قىلسا، كۆ-



ڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن ۋە ئۇنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇر-
غانلار ئاددىيلىقتىن ئۇلۇغلۇققا قاراپ ماڭىدۇ.

بىز ھازىر مۇستەقىل تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان
مەدەنىيەت بىزدىن تېخىمۇ دادىل ئىجادىي تەپەككۇرغا ئۆتۈشنى
تەلەپ قىلىۋاتقان بىر زاماندا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ زاماندا قەدىم-
دىن بۇيان ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈ-
چىسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا تېخىمۇ موھتاج
بولۇۋاتىمىز. كىشىلەر ھازىر ئۆز جىسمانىيىتىنىڭ تولۇقسىز
نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۆز يۈرىكىنىڭ چوقۇنغۇچىلىكى يوقلۇقى-
نى، پەقەت چوڭ مېڭىدە ھۆكۈم سۈرىدىغان ئىجا-
دىي پىكىرنىڭ ئۆتمۈشتىكى بىلىمدىن قىممەت، بارلىق قىممەت
نەرسىدىن قىممەت ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا چەكسىز زىلزىلە پەيدا قىلى-
دىغان ئۇلۇغ ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى كۈچ ئىكەنلىكى-
نى تولۇق تونۇدى. بىراق بىزدىكى ئىجادىيەت خاسلىقىنى
قوزغايدىغان ۋە بوغىدىغان پىسخىك ئالاھىدىلىكلەر، بولۇپمۇ
ئىجادىيەت خاسلىقىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلار ھاياتىنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشى ۋە گۈللەپ — ياشنىشىدىكى جەۋھەر ۋە
ئىنسانلاردىكى بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ يادروسى
ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئادەمدىكى ئىنسانلار تارىخىنى ئۈزلۈكسىز
يېڭىلاپ ماڭىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتكە يول باشلايدىغان
ۋە بۇنداق ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تولۇقلاپ،
ئۇنىڭ ياشلىق باھارىنى ساقلايدىغان رولىغا بولغان تونۇش
يېتەرلىك ئەمەس.

يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرمىلاردىن مەلۇمكى، خاسلىقنى
ساغلاملاشتۇرۇش ھايات شارائىتلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن
قوزغىلىپ تۇرىدىغان ئاكتىپ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى بولۇپ،
ئادەمدىكى پوزىتسىيە ئاكتىپ بولسا، يېڭىلىق يارىتىش،
ئىجاد قىلىش، ياخشىلىق قىلىش تەرىپىدە تۇرىدۇ. شۇنداقلا

بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. يەنى خاسلىقنىڭ ساغلاملىقى بىلەن ئاشكارىلىنىپ تۇرىدىغان، ساغلامسىزلىقى بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان ئىككى تەرىپى بار. تالانت ئۇنىڭ ئاشكارىلىنىپ تۇرىدىغان ساغلاملىق تەرىپىگە، ئىجادىيلىق تەرىپىگە موھتاج.

زور كۈچ سەرپ قىلىنىپ تەھلىل قىلىنىۋاتقان خاسلىقنى قىسقارتىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئادەمنىڭ مۇھىم پسىخىك ئۆزگىچىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىرخىل قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. ئادەتتە ئادەمنىڭ تالاغا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. ئاشكارىلانمايدىغان، ۋاستىلىك ھالدا سىناپ كۆرگىلى ۋە دەلىللەپ چىققىلى بولىدىغان خۇسۇسىيىتىمۇ بولىدۇ. مۇقىم ھەم باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئالاھىدە خۇسۇسىيەت ئەندىزىسى ئادەمنىڭ ھەرىكىتىدە بەلگىلىك خاھىشچانلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ، مۇشۇنداق خاھىشچانلىق ئادەمدىكى خاسلىقنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ ئىندىۋىدنىڭ پوزىتسىيە سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلىنى ئىپادىلەپ، بۇنىڭ بىلەن ئادەملەر بىرى - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ پەرق ھەرقاچان ئىندىۋىدنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىندىۋىدنىڭ ئوبيېكت بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، خاسلىقتا سۇبيېكتنىڭ ئاڭ خاھىشچانلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تەسىرى يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇ ئادەمنىڭ تېشىدىن ئىچىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ،



ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان ھەقىقىي شەخسىيەت — پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

خاسلىق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان ۋە ياكى ئۇنى باشقا ئادەملەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغان مۇستەقىل شەخسىيگە ئايلاندۇرىدىغان نەرسە بولغانلىقتىن، ئۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا ۋەكىل بولغان ھالدا بىر قەدەر مۇرەككەپلىك بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ ھەربىر ئادەمدە ھەممە ئادەم بىلىدىغان تەرەپ، ياخشى - يامان تەرەپ ۋە ھېچكىم بىلمەيدىغان سىرلىق تەرەپ بولۇپ ئىپادىلىنىپ، ئادەمنىڭ ئىچىدىكى بىلمەكنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تەس ئىشلار ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھەرقانچە دۆلەتمەن، پىچىقى كېسىۋاتقان ئادەملەرمۇ كېلەچەك توغرىسىدا كېڭەش قىلغانلىرىدا «ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ قالسا» دېگەن ئېھتىيات سۆزىنى تاشلىمايدۇ. بۇ گەپ يەنى خاسلىقتىكى بىز تىلغا ئالغان ئۈچ تەرەپ بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭدا ياخشى بىلەن يامانلىقنىڭ بىللە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ۋە بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. يەنى بىز بىر ئادەمنى ياخشى دېگەندىمۇ ئۇنىڭ بىزگە ئۇقتۇرمايدىغان يامان تەرىپى بولىدۇ، بىز بىر ئادەمنى يامان دېگەندىمۇ ئۇنىڭ بىز تېخى كۆرۈپ يېتەلمەيۋاتقان ياخشى تەرىپى بولىدۇ. كىشىلەر يوشۇرۇۋالىدىغان بۇنداق يامان تەرەپ پەقەت ئاز - كۆپلۈك دەرىجىسى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ناۋادا، بىر ئادەمنىڭ پەزىلەت تەربىيىلىنىشى ئاجىزلىشىپ كەتسە، ئۇنىڭدىكى يامان تەرەپ ئۆسۈپ كېتىشى، ئاغزىدا ئۆزىنى ماختاپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى

يوشۇرۇن يامانلىق كىشىگە، جەمئىيەتكە نىسبەتەن تەھدىت بولۇپ شەكىللىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى يوشۇرۇن تەرەپلەرنى تېپىش، ئادەم روھىدىكى ئەڭ رەزىل ھەم ئەڭ پاك نەرسىلەرنى ئايرىپ خەلققە ئۇقتۇرۇش، خەلقنى رەزىللىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى قوغداش، بېكىنمىلىككە قارشى تۇرۇپ پەن – مەدەنىيەتكە يۈزلىنىشكە دەۋەت قىلىش يازغۇچىلىق ۋە پسىخىكا تەتقىقاتىدىكى بۇيۇك ۋەزىپە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

دېمەك، خاسلىق ھەربىر ئادەم ئۇچۇن ياخشى يېتىشتۈرمىسە بولمايدىغان ئەڭ تىپىك ھەرىكەت پەزىلىتى بولسا، ئىجادىيەتچى ئۇچۇن چىنىقىش ئارقىلىق ئۆزىدە يېتىشتۈرمىسە بولمايدىغان پسىخىك ئاساس. كىمىكى مۇشۇنداق ئاساسنى ياخشى قۇرسا، ئۇنىڭدا ئاكتىپ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ھەم ئاكتىپ تۇرمۇش ھەرىكىتى ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق ئادەم رىغبەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ – دە، بىلىمسىز كونسېرۋاتىپلار ۋە جاھىللىقلارغا تەسلىم بولماي ئىجادىيلىققا ئۆتەلەيدۇ. شۇڭا، بىز ئىجادىي خاسلىقنى تالانتنىڭ قانتى بويىچە ئۆگىنىشنى شەرت قىلىمىز. خاسلىق ھەققىدە تەبىر بەرگەن ئالىملار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە زامانىمىز قوبۇل قىلىۋاتقان قاراشلار تۆۋەندىكىچە:



## ھازىرقى زامان خاسلىقىنىڭ تەبىرلىرى

| ئاپتور | ۋاقىت (يىل) | تەبىر |
|---|---|---|
| ۋوئودۋورت | 1947 | خاسلىق — ئىندىۋىد ھەرىكىتىنىڭ پوتكول پەزىلىتى. |
| كامىرون | 1947 | خاسلىق — ئۆزئارا بىرىككەن ھەرىكەت سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قۇرۇلمىسى، ئۇ باشقىلار ۋە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇھىتىدا ئۆگىنىش تارىخىدىن تەرەققىي قىلىپ چىقىدۇ. |
| لاپېيرىي | 1949 | خاسلىق — شەخسىي ئىجتىمائىيلىشىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىر پۈتۈن گەۋدە. |
| مىكلېللاند | 1951 | خاسلىق — بىر ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىدىن ئابستراكتسىيىلەنگەن نەزەرىيىۋى شەرھى. |
| ئۇۋسىنكى | 1955 | خاسلىق — ئىندىۋىدنىڭ ئىرسىيەت ۋە مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەمەلىي ۋە يوشۇرۇن ھەرىكەت ئەندىزىسىنىڭ يىغىندىسى. |
| كارىن | 1955 | خاسلىق — بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بارلىق ئاساسلىق پسىخىك مۇساپىسى. |
| گيولفورد | 1959 | خاسلىق — ئادەمنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئەندىزىسى. |
| لۇندىن | 1961 | خاسلىق — ئىندىۋىدنىڭ ئۆزىنىڭ يېتىلىشىدىكى ئالاھىدە ئەھۋالدا ئېرىشكەن ئۆزگىچە ھەرىكەت ئۇسكۇنىسى. |

داۋامى

| | | |
|---|---|---|
| كاتېلل | 1965 | خاسلىق — بىر خىل خاھىشچانلىق بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ بېرىلگەن ۋەزىيەتتىكى قىلمىشلىرىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ، ئۇ ئىنديۋىدنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەرىكىتى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. |
| لەيرىد | 1968 | خاسلىق — بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى. |
| يانىن | 1969 | خاسلىق — ئالاھىدە خۇسۇسىيەت، ئاددىي ھەرىكەت ئەندىزىسى ياكى ھەرىكەت خاھىشچانلىقى، خاسلىق ئالاھىدە خۇسۇسىيەتنىڭ ئەندىزىسى. |
| باۋوگمان | 1972 | خاسلىق — شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشتىن ئېرىشىلگەن قىياس سىستېمىسى. |
| لىنىدېزېي ھىبلل | 1975 | خاسلىق — ئۆزگىچىلىكنىڭ بىر خىل قۇرۇلمىسى، ئۇ شۇ ئادەمدە مەۋجۇت بولۇپ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. |
| لازارۇس | 1979 | خاسلىق — ئىچكىرلىك ۋە تۇراقلانغان پسىخىك قۇرۇلما ۋە جەريان. ئۇلار ئادەمنىڭ تەجرىبىسىنى تەشكىل قىلىدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە مۇھىتقا بولغان ئىنكاسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. |
| مىشل | 1980 | بىرقەدەر كۆپىرەك پسىخولوگلار قوشۇلغان قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، خاسلىق — شەخسنىڭ پسىخىك ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشىدۇر. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر ئادەمنىڭ ئاشكارا ھەرىكىتى ۋە يوشۇرۇن ھەرىكىتىنى بەلگىلەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىدىن تۇراقلىق پەرققە ئىگە قىلىدۇ. |



تالانت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىجادىيەت پاراسىتىنى نەزەردە تۇتىقاندا، ئادەمدە ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك خاسلىق قۇرۇلمىسى ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان يەزىلەتلەر بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قەتئىيلىك بىلەن ئېچىشتىكى ئىزچىللىق، ئىلمىيلىك بىلەن ئىجادىيلىك ئىرادىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشكىلچانلىق، ئۇزۇل - كېسىللىك بىر ئادەمنىڭ خاسلىقىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئۇل تاش بولۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، ئۇ ئادەمنى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ھەرىكەتچان، ئۆزگىچە - ئۆزى خوجايىن، ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان، بۇرۇنقى ھالىتىدىن ھالقىيدىغان، ئۆزىدىن ھالقىيدىغان قىلالايدۇ - دە، ئادەم ھەر قاچان ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئۈرلەش ھالىتىدە تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىز خاسلىق ھەققىدىكى بارلىق تەبىرلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆگىنىشنى شۇ يەننىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭ ساغلاملىق، ئىجادىيلىك تەرىپىنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىمىز. ھازىرقى كۈندە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا كۆپرەك پسىخولوگلار ياقلاۋاتقان ئالىملار ئاللپورت، روجېس ۋە ماسلوۋ بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئالىملىرىدىن چىن جۈكىي، جاڭ يۇشىنلەر تۈزگەن «پەزىلەت پسىخولوگىيىسى» دە ئاللپورتنىڭ ساغلام خاسلىق ھەققىدىكى تەلىماتىنى ياقلىغان. ئاللپورتنىڭ قارىشىچە، خاسلىق ئالدى بىلەن ھەقىقىي ئادەمدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ كەينىدە، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا تۇرۇپ رول ئوينايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ جانلىق، مۇكەممەل ھالدا رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى پسىخىكىلىق فىزىك سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قۇرۇلمىسى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ھەرىكەت ۋە ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىچىلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللپورتنىڭ قارىشىچە، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ قۇرۇلما

(dynamic organizatiou) خاسلىقنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەشكىلىي قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خاسلىق ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان نەرسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى شۇ زاماندا ئۆزگىرىۋاتقان (becoming) نەرسىدۇر. بىر ئادەم گەرچە بىر خىل تەجرىبىدىن يەنە بىر خىل تەجرىبىگە ئۆتۈشتە بەلگىلىك ئوخشاپ كېتىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ئوخشاشلىقنى ساقلىغاندەك (identity) تۇرسىمۇ، ئەمما مەلۇم ئالاھىدە تەجرىبە ئالدىدا باشقا بىر ئادەمگە تامامەن ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئاللىپورت بۇ ئىدىيىنى قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن پەيلاسوپ ھىراكلىتنىڭ «بېكىتىلىپ كەتكەن نەرسە بولمايدۇ، ھەممە ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىدىن قوبۇل قىلغان. خاسلىق دەل ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئۇ قۇرۇلما شەكلىدە بولىدۇ، داۋامچان بولىدۇ، ئەمما ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ياكى ئوخشىمايدىغان تەرەپكە ئاغىدۇ.

پسىخىك فىزىك سىستېمىسى (psychophsicalsystems) دېگىنىمىز — پسىخىكىلىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك سىستېما دېگەن بولۇپ، خاسلىقنىڭ تامامەن پسىخىك بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى تامامەن نېرۋولوگىيىلىك بولۇپمۇ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ قۇرۇلما جىسمانىيەت ۋە پسىخىكىلىق مېخانىزمغا ئىگە بولۇپ، ئىككى تەرەپ بىر — بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىدە بىرىكىپ، بىر ئادەمدە بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىدۇ.

ئاللىپورت ۋە باشقا ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، خاسلىقنىڭ ئاساسى ئالاھىدە خۇسۇسىيەت (farit) بولۇپ، خاسلىق كاتېگورىيىسىدە ئېيتىلىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەت مۇكەممەل پەزىلەت ياكى خاسلىقنى ھاسىل قىلىدىغان ئايرىمچە پسىخىك ئۆزگىچىلىك ياكى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مۇلايىم، قوپال، بىپەرۋا،



ياكى باتۇر قاتارلىق ئىبارىلەر بىلەن بىر ئادەمنىڭ پسىخىكىسىنى، ھەرىكەت خاھىشچانلىقىنى سۈرەتلىگەندە، بۇ ئىبارىلەر بۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىزچىللىق ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى ئادەملەر خىلمۇ خىل بولغانلىقتىن، ئادەم خاسلىقىدىكى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىبارىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئالاھىدە خۇسۇسىيەت تەلىماتىنىڭ ئىجادچىسى ئاللىپورت ئادەمنىڭ ھەرىكەت، ئىدراك، تەپەككۇر ۋە چۈشەنچىلىرىنى 18000 خىل ئىبارە بىلەن سۈپەتلەپ، ئۇلارنى توپلاش ۋە رەتلەش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پەزىلەت ئالاھىدىلىكلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتىدە دائىم، مۇقىم ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان مەلۇم خۇسۇسىيەتلەرلا ئالاھىدە خۇسۇسىيەت دائىرىسىگە كىرەلەيدۇ ھەمدە بىر ئادەمنىڭ مۇكەممەل خاسلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، ئالاھىدە خۇسۇسىيەت دېگىنىمىز — خاسلىقنىڭ پسىخىكىلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھەرىكەت ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بىرمۇنچە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتنىڭ بىر ئادەمنىڭ خاسلىقىدا بىرىكىشى بۇ ئادەمنىڭ باشقا ئادەملەردىن پەرقىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بىرى يەنە بىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى تاشقى دۇنياغا مۇستەقىل ئاڭلىتىشقا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما، پسىخىك جەريانلىرىنى مەشق قىلدۇرۇپ، پەزىلەت يېتىلمىزلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك مەنىۋى دۇنيادا ئۆستۈرۈشكە ئۇلگۈرەلمىگەنلەر ئۆز ئاۋازىنى تولۇق، قىزغىن، توغرا ئاڭلىتالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پسىخىك تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇتۇش، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى نۇر بىلەن ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى يورۇتۇش شەرت بولىدۇ.

بىزنىڭ خاسلىق تەربىيىلىنىشىمىزدىكى مەقسەت ئەنە شۇنداق ئۆزىمىزنى ھەم باشقىلارنى يورۇتالايدىغان بولۇشتۇر.

ئومۇمەن قىلغاندا، خاسلىق ئىنسانىيەتتە يوشۇرۇن تۇرىدىغان ناھايىتى زور بايلىق بولۇپ، ئۇنى چىنىقتۇرۇش ئارقىلىق ئىجادىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسىدۇر. چۈنكى خاسلىقنىڭ رولى ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىدە ھازىرلانغان ئۆزگىچىلىك تەرىپىدىنلا بەلگىلىنىپ قالماستىن، ئىجادىيەت جەريانى، ئىجادىيەت نەتىجىسىدە ئىپادىلىنىدىغان ئۆزگىچىلىك تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنلىكتىن، ھەر قانداق دەۋردە پەقەت ساغلام ۋە ئىجادىي خاسلىققا ئىگە ئادەملەر شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيىتىدە مۇبارەك ئىز بولىدىغان مودا تۇرغۇزالايدۇ. تازا زەن قويۇپ تەكشۈرىدىغان بولساق، بارلىق ئۇلۇغۋار پىلانلار، ئىلمىي كەشپىياتلار، ئىختىرالار، بەدىئىي ئەسەرلەر ھەر دەۋردىكى خاسلىقنىڭ خاسىيىتى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، خاسلىق ئادەمنىڭ ئۇسلۇبىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئېتىقادى، جۈملىدىن ئىدراك، كەيپىيات، قىزىقىش، ئىرادە قاتارلىق تۈرلۈك پىسخىك پەزىلەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدىغان خاھىشچانلىق بولغاچقا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي ئىقتىدارلىرىنىڭ ھەممىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، ئادەمنى ھەممە تەرەپتىن باشقۇرۇپ بىر نىشانغا يېتەكلەيدۇ. خاسلىق ساغلام يېتىلگەندە ئادەمنى مۇشۇنداق يېتەكلەش بويىچە ئەنە شۇنداق بۈيۈك لايىھە، كەشپىيات، ئىختىرا، بەدىئىي ئەسەرلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇلارغا ئېلىپ بارمىغاندىمۇ ئادەمنى تىرىشچانلىق ئارقىلىق ھەر قانداق تالانتلىق كىشىلەر قىلغان ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. تالانتلىق ئادەملەر قىلغان ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىنى تولۇق بەرمىدى دېگەندىمۇ، ئادەمنى بىر ئىشقا پايپېتەك



قىلىش ئارقىلىق غەم - قايغۇ ياكى بەختسىزلىكتىن خالاس قىلىدۇ. خاسلىق ساغلام يېتىلمىگەندە، ئادەم ئۆزىدىكى بوشىشىپ كېتىشلەرگە يول قويۇپ، ئازراقلا تىرىشسا يېتىدىغان نىشانغا ئۇلىشالمايدۇ، ئۆتمۈش ئەزرائىلىغا، كەلگۈسى ئۆزىگە مەنسۇپ تۇرسىمۇ، كىچىككىنە زەربىدىن كېيىنكىگە داجىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلايدۇ...... قىسقىسى تالانت بوسۇغىسىدىن ئۆتەلمەيدۇ. ھەتتا ئەڭ رەسۋا ئىشلارغا يۈرۈش قىلىدۇ.

### 3. خاسلىقنىڭ ساغلاملىق ئالامەتلىرى

خاسلىقنىڭ ساغلام يېتىلىشى بىلەن ساغلامسىزلىقى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولغانلىقتىن، ئالىملار ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۈستۈرۈشتە ساغلام خاسلىق يېتىلدۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. ساغلام خاسلىق ئاساسلىقى ئەمەلىيەتكە، رېئال دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەن پىسخىك ھالەتنى، مەۋجۇتلۇقنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشنى نىشان قىلغان ئاكتىپ پوزىتسىيە بولۇپ، ئۇ ھەرقاچان يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش، باشقىلارغا كۆيۈنۈش، مۇھەببەت قىلىش ۋە ئۆزىنى قەدىرلەش قاتارلىق ياخشىلىقلارغا ھامىي بولىدۇ. بۇلارغا قارشى كونسېرۋاتىپلىق، قېلىپبازلىق، ۋەھشىيلىك، رەھىمسىزلىك... قاتارلىق ناچارلىقلارغا قارشى تۇرىدۇ. ئالىملار بۇنداق پوزىتسىيە تۇرغۇزۇشنى ئىنسانلىق كامالىتىنى ئىزدەشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھازىرلىنىشى ئىجادىيلىقنىڭ باشلىنىشىغا ئۇل تاش بولۇپلا قالماي، ساغلام خاسلىققا ئىگە ئادەملەرنى جاسارەتلىك ھەم پاراسەتلىك قىلىدۇ. پاراسەت (ئىجادىي تەپەككۇر) بىلەن جاسارەت دەل تالانتنىڭ ئىككى قانىتىدۇر.

ساغلام خاسلىق ھەققىدە دۇنياۋى تالاش - تارتىشلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئالىملار كۆپرەك ئالىپورت، روجىس،

ماسلوۋلارنىڭ قارىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئاللپورتنىڭ قارىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئاللپورت بولسا ساغلام بالاغەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ خاسلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنىڭ مىغىزلىق مەزمۇنى ساغلام بالاغەتكە يەتكەن خاسلىقتۇر.

ئاللپورت ساغلام بالاغەتكە يەتكەن خاسلىقنى تەكىتلىگەندە، ئۇنى ھايۋانات، بالىلار، ئۆتمۈشتىكى ھالەتلەر، نېرۋا كېسەللىكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن نەقىل ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئېھتىمال كىشىلەر قەدىرلەيدىغان پاكلىق، ئۇلۇغلۇق، ئىجادىيلىق ئۆرنەكلىرىنىڭ تازا تۇشۇق ئادەملەردە كۆپرەك كۆرۈلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. نېرۋا كېسەللەر بىلەن ساغلاملار مۇددىئاسىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرىنى كۆرسەتكەندە، نېرۋا كېسەللەرنىڭ مۇددىئاسى ئۆتمۈشتە بولىدۇ، ساغلاملارنىڭ مۇددىئاسى كەلگۈسىدە بولىدۇ، دېگەننى ئالغا سۈرگەن. ئىجادىيلىق ياكى تالانت كەلگۈسىگە قاراپ تەرەققىي قىلغاچقا، بۇ يەردە ئاللپورت ساغلام بالاغەتكە يەتكەن ئادەملەرنىڭ خاسلىقىنى ئۆگىنىشنى تەكىتلىگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قارىشى بويىچە ساغلام خاسلىق مۇنداق ئالتە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ:

1) ئۆزىنى كېڭەيتىش قابىلىيىتى بولىدۇ. ساغلام بالاغەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يار - بۇرادەرلىرى، ھەۋەس - قىزىقىشلىرى بولىدۇ ھەمدە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي پائالىيەتلەردە خېلى ئاكتىپ بولىدۇ.

2) باشقىلار بىلەن قىزغىن ئالاقە قىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ. ساغلام بالاغەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتى سەمىمىي بولىدۇ، ئەمما تەمەخورلۇق، ھەسەتخورلۇق قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەملەردە يەنە ھېسداشلىق كۈچلۈك بولۇپ،



ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن قىممەت قارىشى ۋە ئېتىقادى جەھەتتىكى ئاساسلىق پەرقلىرىگە چىداپ تۇرالايدۇ.

3) كەيپىيات جەھەتتە بىخەتەرلىك ھېسسىياتى ۋە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ساغلام بالاغەتكە يەتكەن ئادەم تۇرمۇشتا ساقلانغىلى بولمايدىغان توقۇنۇش ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا چىدايدۇ، بارلىق بەختسىز كەچۈرمىشلەرگە بەرداشلىق بېرىدۇ، ئۇلاردا ئۆزلىرىگە نىسبەتەنمۇ ئاكتىپ پەرەز ياكى قاراش بولىدۇ.

4) ئىپادىلىرى رېئاللىق خاراكتېرىدىكى ئىدراكقا ئىگە بولىدۇ. ساغلام بالاغەتكە يەتكەن ئادەم شەيئىلەرگە قارىغاندا، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىدۇكى، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈمىدىدىكىدەك بولۇشىغا ئاساسلانمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ۋەزىيەتكە قاراش ۋە زىددىيەتكە ماسلىشىش جەھەتتە ناھايىتى زېرەك بولىدۇ. «زېرەك ئادەم» بولىدۇكى، «دۆت ئادەم» بولمايدۇ.

5) ئۆزىنى ئوبيېكتلاشتۇرغان ئىپادىلىرى بولىدۇ. ساغلام بالاغەتكە يەتكەن ئادەم ئۆزىدىكى بارلىق كەمتۈكلۈكلەرنى ناھايىتى ئېنىق ۋە توغرا بىلىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي «مەن» بىلەن غايىۋى «مەن» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئۆزى ئۆزىگە قانداق قاراش بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىمۇ بىلىدۇ.

6) ئىزچىللىققا ئىگە كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى بولىدۇ. ساغلام بالاغەتكە يەتكەن ئادەملەر ئىزچىللاشقان نىشان بولۇشقا، بەلگىلىك مەقسەت ئۈچۈن ياشاشقا، بىر خىل ئاساسلىق ئارزۇ بولۇشقا موھتاج بولىدۇ. ئاللپورتنىڭ قارىشىچە، بۇنداق نىشان خاراكتېرى جەھەتتە دىنىي خاراكتېرلىك بولۇشى ناتايىن. ئىدېئولوگىيە، پەلسەپە، ئەقىدە، تۇرمۇشتىكى ئالدىن سېزىم ياكى ئىستىقباللارنىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى بارلىق ھەرىكەتلىرىگە

ئىجادىي يۈكسەلدۈرۈش كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ.

روجىس خاسلىق مەسىلىسىدە ئاكتىپ، پائالىيەتچان «مەن»نى ۋە ئادەمنىڭ «ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش»ىنى قۇۋۋەتلىگەن ھەممە ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى «ئۆزىنى ـ ئۆزى يېتەكلەش قابىلىيىتى»نى جارى قىلدۇرۇشنى خاسلىقتىكى ساغلاملىققا ئىنتىلىش دەپ قارىغان. ئۇ: ئادەم پەقەت «ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش» پوزىتسىيىسىدە تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى بىلىۋالالايدۇ، ئاچالايدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى مۇھىت ياكى ئۆتمۈش بەلگىلەيدۇ، دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئادەمنى ئوراپ تۇرغان ماددىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي شارائىتلار پەقەت ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىش دائىرىسىنى كىچىكلىتەلەيدۇ، چوڭايتالايدۇ. ئىرسىيەت ۋە مۇھىت ئامىلىدىن باشقا يەنە ئادەمنىڭ ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش ۋە ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشقا تايىنىپ قوزغىغان ئىجادىي قابىلىيىتى ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق ئامىل بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھەمدە مۇشۇ ئىدىيە قارىشى بويىچە يەنە: ئىندىۋىد ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش بولىدۇ، بۇنداق ئارزۇ ئاز ياكى كۆپ دەرىجىدە بېسىمغا ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ھەربىر ئادەمدە بولۇۋېرىدۇ، شۇڭا يېڭىچە ئىجادىي تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشقا مايىل ئادەملەر ئۆزىنى ئاسانراق رېئاللاشتۇرالايدۇ، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم تەجرىبىلەرگە چوڭراق قۇچاق ئاچىدىغان، تېخىمۇ ئىچكى بولغان باھالاش ئېڭىغا ئىگە، ئاممىلار ۋە ئۇقۇملارنى بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتى بار بولسا ئىجادىيلىقى جەھەتتە ئاسانراق ئۆسۈپ بارىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇلار ئادەمنىڭ ئىچكى جەھەتتە ئۆزىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتلەرنى ئاچىدىغان شەرتلەردۇر. ئۇنىڭ تەجرىبىلەرگە قارىتا قۇچاق ئېچىش ياكى ئېچىۋېتىلگەن بولۇش دېگىنى كۆز قاراش، ئېتىقاد،



ئىدراك ۋە قىياسلار ئالدىدا جەسۇر بولۇش، پەلپەتىش ئىشلار ئالدىدا سەۋرچان بولۇش ۋە توقۇنۇشۇۋاتقان ئۇچۇرلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، بېكىنمە ھالەتكە كىرىپ قېلىشقا قارشىدۇر. تېخىمۇ ئىچكى بولغان باھالاش ئېڭى دېگىنى ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان ئىجادىي مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى باھالىيالايدىغان دىت بولۇش، باشقىلارنىڭ كەمسۇندۇرۇشىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەسلىك دېگەنلىكتۇر. ئاممىلار ۋە ئۇقۇملارنى بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتى يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك شەرتتىن تۆۋەنرەك تۇرسىمۇ، بۇ تەرەپ كەم بولسا، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى كۈچلۈك بولمايدۇ.

روجىسنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق تاشقى شەرتلەر: ئادەمنىڭ تېخىمۇ چوڭ پسىخىك خاتىرجەملىك ھېس قىلىشى بىلەن ئادەمنىڭ تېخىمۇ چوڭ پسىخىك ھالقىشىدىن ئىبارەت. خاتىرجەملىك ئادەمنىڭ ئىزدىنىش ھەرىكىتىگە بولغان ئېتىراپ، تاشقى جەھەتتىكى باھالاشتىن خالىي تۇرۇش، ھېسسىيات جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشتىن كېلىدۇ. پسىخىك ھالقىش دېگىنىمىز ـ ئادەمنىڭ ئۆز ئىدىيە ۋە ھېسسىيات خاسلىقىنى سىمۋول خاراكتېرلىك ئىپادىلەش بولۇپ، خالىغانچە ئىش قىلىش دېگەن مەنەنى بەرمەيدۇ. ھالقىش ــ ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ھالدا تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشتۇر. چۈنكى ئىجادىيلىقى كۈچلۈك ئادەملەر مۇرەككەپ، تەكشى بولمىغان تەسەۋۋۇرلارغا بەك قىزىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن، ئوتتۇراق بولغان ئەقىل كۆزى بىلەن يېڭىلىقنى كۆرۈشكە موھتاج بولىدۇ. ئىجادىي قابىلىيىتى تۆۋەن ئادەملەر سىممېترىك، قاتمال مەنزىرىلەرگە بەك قىزىقىدۇ. شۇڭا، ئىجادىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇنداق مۇھىم بىر خاھىشچانلىقنى ئوبدان

ئىگىلەش كېرەك.

ئاللىپورت ۋە روجېرسلارنىڭ قاراشلىرىدا بەزى يېتەرسىزلىكلەر بولۇپ، ئالىملار ئۇلارنىڭ پىكرىدىكى كەملىكنى داۋاملىق تولۇقلايدۇ — يۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشنى، ئادەمنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئۆزى يارىتىشنى ئالاھىدە ياقىلايدۇ. بۇنداق ياقىلاشتىكى سەۋەب شۇكى، ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىجادىيلىقى ئۈستۈن ئادەملەر ئېچىۋېتىلگەن ساغلام خاسلىق بولۇپ ئىپادىلەنسە، ئىجادىي قابىلىيىتى تۆۋەن ئادەملەر دورامچى، كۆزى كۆرمىگەننى ئويلىيالمايدىغان قېلىپباز بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىجادىي قابىلىيىتى ئۈستۈن ئادەملەر يەنە باشقا نوپۇزلۇقلاردىن قورقۇپ كەتمەيدىغان، ئۇلاردىن ھالقىپ كېتىشكە تەمشىلىدىغان كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى توغرا بىلىپ، ساغلام خاسلىق تۇرغۇزۇپ ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى تولۇقلاپ بىر نىشانغا ئىنتىلسە، مۆجىزە يارىتىدىغان تالانتلىقلار تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. بۇنداق قاراشنى زامانىمىزدىكى ئەڭ داڭلىق مائارىپشۇناسلاردىن ئامېرىكىلىق كارنېگمۇ ياقلىغان.

— ياراتقان ئىگەم كىشىلەرنى پۈتكۈل يەر شارىغا خوجايىن قىلىپ قويدى، — دەيدۇ كارنېگ، — بۇ ئىنتايىن زور بىر سوۋغا. ئەمما، مەن ھەر قانداق دەرىجىدىن تاشقىرى ئىمتىيازلارغا قىزىقمايمەن، مەن پەقەت ئۆزۈمگە ئۆزۈم خوجايىن بولۇشقا، ئۆزۈمنىڭ پىكىر قىلىشىغا، ئۆزۈمنىڭ قەلبىگە ۋە ئۆزۈمنىڭ روھىي دۇنياسىغا خوجايىن بولۇشقا قىزىقىمەن. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇ يەردىكى، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەرىكىتىمنى تىزگىنلىسەملا، بۇ يەنە مېنى ئۆزۈمنىڭ ئىنكاسىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان قىلىدىغانلىقىنى، مەن بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم خالىغان ھەرقانداق چاغدا بۇنداق تىزگىنلەش ۋە خوجايىنلىقنى كىشىلەرنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزەلەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن.



مەن، سىز ۋە مەن تاقابىل تۇرۇش شەرت بولغان ئەڭ زور مەسىلە — ئەمەلىيەتتە ئۇ ئالاھازەل بىز تاقابىل تۇرۇش شەرت بولغان بىردىنبىر مەسىلە — توغرا پىكىر قىلىشنى تاللىۋېلىش ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلالايدىغان بولساق، بىزدىكى بارى — يوق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ①.

ئەگەر سىزدە ئۆزىڭىز ئېتىقاد قىلىدىغان بىر پىكىر بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ گېپى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۆزىڭىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭ سىزگە دېگىنىنى ئاڭلاڭ.

راست، بىزدە ئېتىقاد قىلىدىغان بۇنداق بىر خىل پىكىرنىڭ بولۇشى بىر خىل ئىشەنچە. بۇنداق ئىشەنچە ناھايىتى قۇدرەتلىك پسىخىك قۇدرەت. ئۇ، بىزدىكى پسىخىك ئامىللارنىڭ بىر نىشان ئۈچۈن ئۈنۈملۈك كۈرەش قىلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇنداق ئەڭ ئەلا پسىخىكا ھالىتى يەنە بىزدە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، چوڭ مېڭە نېرۋا ھۈجەيرىلىرىمىزدىكى گورمونلارنى جانلاندۇرۇپ، تەپەككۇرىمىزنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان شوخ ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىزدە كىشىلىك ھاياتقا، ئۆزىمىزگە، باشقىلارغا نىسبەتەن بىر خىل ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىش ھادىسىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئىجادىيەت ئۈستىدىكى مۇۋەپپەقىيەت تەرتىپلىك بولغان بىر خىل سەپەر بولغانلىقتىن، مانا مۇشۇنداق ئېسىل پسىخىك ھالەتكە، قاتلاممۇ قاتلام ئېچىلىپ كىرەلەيدىغان تەرتىپكە ۋە ئۆزىگە ئۆزى جاۋابكار بولۇش روھىغا موھتاج بولىدۇ. تالانت ئۆز ئىدىيىسىگە خوجايىنلىق قىلالماي ھەر نېمىگە تەڭلا قىزىقىپ كەتكەن گادىرماچ كاللىدا چىقىش يولى تاپالماي تېڭىرقاپ قالىدۇ — دە، خۇددى بىر ئادەم ئىككى ئاتقا تەڭ

① «كارنېگ ھېكمەتلىرى» دىن ئېلىندى.

مىنىمەن دېسە، بىرىكىمۇ مىنەلمەي قالغاندەك ئېگىزدىن پەسكە دومىلاپ كېتىدۇ. بىزدىكى ساغلام خاسلىق ئەنە شۇلداق ئۆزىمىزنىڭ قەلبىمىزگە ئۆزىمىزنى خوجايىن قىلىدىغان تىزگىندۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئادەم ئۆمۈرۋايەت تىرىشىپ ئېيىنىشتېيىن ياكى ئېدىسوندەك ئالىم، كەشپىياتچى بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. لېكىن، مېڭىسى جايىدا بولسىلا بىرەر تەرەپتە ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن. بۇ تامامەن خاسلىق تەربىيىلىنىشىگە باغلىق. ئەگەر مەسىلىنى مۇنداق ئويلىماي ئۆزىنى ئىلىم - پەنىنىڭ چوققىسىغا پات - يېقىندا چىقالايدىغاندەك ياكى ھەممىگە قادىردەك ھېسابلىغان بىلەن، ئاقىۋەتتە نەتىجىسىز خىياللارنىڭ قۇلى بولۇپ، ھاياتىنى ھەسرەت بىلەن داغلايدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ساغلام خاسلىق تەربىيىسى كۆرمىگەن بەزىلەرنىڭ ئۆزىنى بىلىش جەھەتتە ئىلمىي بولماي، ئۆزى ئىشلەۋاتقان كەسىپ نېمە بولسا شۇنىڭدا چوققىغا چىقىشىنىڭ كويىدا بولۇشى ياكى بۇ كەسىپتىن ھالقىغان يەنە بىر كەسىپتىمۇ ئۆزىنى مۆۋەپپەقىيەت قازانغۇچى قاتارىغا قويۇشى، شۇنىڭ بىلەن ئىشنى باشتىلا ئۆزىدە بار تالانت خاسلىقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ساھەلەردە باشلاپ مەغلۇپ بولۇشى، ئەنە شۇنداق ئەھۋاللاردۇر. ئالايلۇق، بەزىلەر ئارتىسلىقتىن رېژىسسورلۇقنى ياخشى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ سەھنىدە كۆرسىتەلەيدىغان قىممەتلىك ماھارىتى ۋە بۇ ماھارەت بىلەن شاگىرت تەربىيىلەيدىغان ئۇستازلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ؛ ئۆزى تەنتەربىيىگە لايىق تۇرۇپ، ئاۋاز پەردىسىدىن ئىبارەت تۇغمىلىق ئاساسى يوق تەرەپتىكى ناخشىچى بولۇشنىڭ كويىدا پالاقلايدۇ، ئۆزىنىڭ تالانت خاسلىقىغا ئۇيغۇن بولمىغان بۇ كەسپلەردە مۆۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى بېرىپ چۈشكۈنلىشىدۇ ھەتتا ئاتا - بوۋىسىنىڭ نەسەبنامىسىنى



كۆز - كۆز قىلىشقا ئوخشاش تېتىقسىز ئىشلار بىلەن ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئاشۇنداق ھەسرەتلىك ئاقىۋەت بولماي نېمە؟ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەمدە ئالاھىدە زامان ۋە ماكاندا، ئالاھىدە بىر ساھەدە، ئالاھىدە شارائىتتا چېنىقمىش ئارقىلىق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كامالەت كۆرسىتىشكە بولىدىغان ئالاھىدە ئەقلىي ئىقتىدار ياكى ماھارەت بولغانلىقتىن، بۇنداق ئەقلىي ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ داڭقى چىققان ئالىملاردىن باشقىچە بىر ساھەدە يۈكسەك ئوبراز تۇرغۇزۇشقا ئىنتىلمەسلىكمۇ ئادەمنى داغلايدىغان ھەسرەتلەرگە قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر شارىغا خوجايىن بولۇشنى دورىماي ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇش يولى بىلەن ئەجدادلارنىڭ روھىنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر رېكورت يارىتىشمۇ يازغۇچى، سەنئەتكار، ئالىم ۋە ئىختىراچىلارنى تىلغا ئالغاندا ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالمىغان چاغدىكى گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئەڭ ياخشى جاۋاب بېرىدىغان ساغلام خاسلىقتۇر.

ماسلوۋ ساغلام خاسلىق دەپ ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشقا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ئاكتىپ پوزىتسىيىنى كۆرسەتكەن. ئۇ دۇنيا بويىچە ناھايىتى كۆپ ئۆزىنى رېئاللاشتۇرغۇچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى توپلاپ ۋە ئۇلار ئۈستىدە تەھلىل، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنى رېئاللاشتۇرغۇچى ساغلام خاسلىققا ئىگە ئادەملەردە تۆۋەندىكىدەك 15 تۈرلۈك ئۆزگىچىلىك بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ ئادەمنىڭ مۆۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا مۇھىم شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

1. رېئاللىقنى توغرا، تولۇق بىلەلەيدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزىنىڭ چىن تۇيغۇلىرىنى بۇرمىلىمايدۇ.

2. ئۆزىنى، باشقىلارنى ۋە پۈتكۈل تەبىئەتنى ئەڭ زور

دەرىجىدە ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار ھەم ئاكتىپ شەيئىلەرنى قوبۇل قىلالايدۇ، ھەم پاسسىپ شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشىدىنمۇ ھەددىدىن زىيادە ھودۇقۇپ كەتمەيدۇ.

3. تەبىئىي، ساددا ۋە چىن بولغان گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى پەردازلىمايدۇ، ئۆزىنى ئالدىمايدۇ، بەلكى ئۆزىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچىدە بولىدۇ.

4. ئۆزىنىلا چۆرىدەيدىغان خىياللاردىن ئۆزىنى تارتىۋېلىپ، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرگە قارىتا بىرقەدەر كۈچلۈك ئىزدىنىش ئىگىدا بولىدۇ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە پىداكارلىق كۆرسىتىش پۇرسەتلىرىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولىدۇ.

5. ۋەقەلەر ئالدىدا ھودۇقمايدىغان، كاللىسىنى سەگەك تۇتالايدىغان، يېگانە ۋە پىنھان تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان پەزىلەتلەرگە ئىگە بولىدۇ.

6. تاشقى كۈچكە يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسى بولمايدۇ، ئارزۇلىرىنى ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرالايدىغان قابىلىيىتى بولىدۇ. مەۋجۇت مەدەنىيەت ۋە بار بولغان شارائىتلارنىڭ چىرمىۋېلىشىغا ئۇچراشنى خالىمايدۇ.

7. تۈرلۈك شەيئىلەرگە قارىتا يېڭىچە، خۇشاللىنارلىق پسىخىك تۇيغۇلاردا بولىدۇ ھەمدە پاك زوقلىنىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

8. يېڭى قىممەت ئىجادىيىتى جەريانىدا سىرلىق ۋە يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزمۇنلارنى ھېس قىلالايدۇ، پىداكارلىق بىلەن ئىزدىنىش روھى بولىدۇ.

9. جەمئىيەتنى ئىچىگە سىغدۇرالايدىغان كەڭ قورساق بولىدۇ، جاھاندارچىلىق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە مەدەنىيەت پەرقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلەن بولغان ئورتاقلىققا تېخىمۇ بەك يۈزلىنىدۇ.



10. كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ ناھايىتى كۆپ ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلمايدۇ، بىر نىسبەت، بىر مەقسەتتىكى سانى كۆپ بولمىغان ئادەملەر بىلەن چوڭقۇر ھەم ئۇزاق داۋام قىلىدىغان دوستانىلىقنى ساقلايدۇ.

11. دېموكراتىك بولغان قىممەت قارىشىنى باشقىلاردىن ئاسان قوبۇل قىلىدۇ.

12. ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئەخلاقىي مەنتىقە ئىگىسى بولىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ئىدىيىسى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش سەۋەبلىك ئۆزلىرىنىڭ ھەق - ناھەق، ياخشى - يامانلىق توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

13. ئاق كۆڭۈل، ئۆزىنى - ئۆزى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان يۇمۇرلۇق ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئۇلار كەڭ قورساق ھەم يۇمۇرلۇق، چاقچاقچى كېلىدۇ، ئەمما يۇمۇر ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ياكى باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. يۇمۇر ئوبيېكتلىرى ھەرقاچان ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

14. بىرقەدەر كۈچلۈك ئىجادىيلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئىجادىيلىق ئۆزىنى رېئاللاشتۇرغۇچىلارنىڭ تەجرىبىلەرگە قارىتا تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ھالەتتە تۇرۇشى ۋە ھېسسىياتىنىڭ تېخىمۇ تەبىئىي بولغان پاكىتلىرىدىن كېلىدۇ.

15. مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پاسسىپ مەدەنىيەتكە جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. شەخسنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئۇلار مۇنداق مەدەنىيەتكە تىز پۈكمەيدۇ.

# §2. ئىجادىي خاسلىق

## 1. ئىجادىي خاسلىقنى ئىگىلەشنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈشتىكى ئورنى

تالانت تەربىيىسىنىڭ باش ۋەزىپىسى — ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا يېتىش بولغانلىقتىن، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ بىر قانىتى، ھەتتا قانىتى ئەمەس يول باشچىسى ئىجادىي خاسلىق تەبىئىيكى بىزنىڭ دىققەت مەركىزىمىز بولىدۇ. ئىجادىيەت پاراستىدە رول ئوينايدىغان ئامىللار ئۈستىدە ئويلانغاندا، بىر مۇنچە كىشىلەر ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلەن ئىجادىيەتتە رېئاللاشتۇرىدىغان باشقا قابىلىيەتلەرگە دىققەت قىلىپ، ئىجاد قىلىش پوزىتسىيىسىگە سەل قارايدۇ. ئەمما، بىز ھەرقانداق ئىشقا پىكىر ئالغاندا «پوزىتسىيە بىلدۈرگەن» دەك، ئىجادىي خاسلىق ئىجادىيەتتىكە، بارلىق ياخشىلىقلارغا بىلدۈرۈلىدىغان پوزىتسىيە بولۇپ، ئۇ ساغلام خاسلىق ئاساسىدا يېتىلىدۇ. ساغلام خاسلىق ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ پەزىلەتلىرىدە ناچارلىقلار، ئاجىزلىقلار ھالاكىتىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ساغلام خاسلىققا ئىگە ئادەملەر ئومۇمەن ئەقىل بىلەن ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە شۇ ئاساستا ئىلغارلىق، ئىجتىمائىيلىق، ئىجادىيلىققا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئېچىش، ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ ئەمەلىيەتچىلىرى، ئىنسان بەختىنى خاراب قىلىدىغان ناكەس، رەزىل ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەللىكنى قوغداپ، ئاجىزلىقلارنى يوقىتىدىغان ئاكتىپ ھاياتنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇپ قالىدۇ. ئىجادىي خاسلىق دېگىنىمىز — مانا مۇشۇنداق ساغلام خاسلىق



ئاساسىدىكى ئۆزىنىڭ شۇ تۈرقىدىن ھالقىپ ئۆتۈش بولۇپ، ئۇ ئادەمدە ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا پايدىلىق، ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق خاھىشچانلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ تۇغما بولغان مىجەز تىپلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ مىجەز تىپلىرى قانداق مىجەز تىپىنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتكە ئەڭ باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ؛ لېكىن، ئوخشاش بولمىغان خاسلىقتا ئىجادىي قابىلىيەت ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئىجادىي خاسلىق دېگەن گەپ مەيدانغا كەلگەن.

ھەرقانداق ھالقىش ئىجادىي ئەمگەك ۋە ئىجادىي ئەمگەكنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئالىيجاناب پەزىلەت كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقتىن، ئىجادىي خاسلىقنىڭ يادروسى ئىلغار ۋە تەرەققىيپەرۋەر تۇرمۇش پوزىتسىيىسى بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى، بەخت - سائادىتى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بولغان كۆيۈنۈش ئىشقى بولۇپ يانسا، ھەرىكەت جەھەتتە ئۇنىڭغا پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى قوغداش يولىدا ھەتتا قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. تارىختا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان سىياسىيونلار، ئالىملار، ھەربىي سەركەردىلەر، سەنئەتكارلار، ئىختىراچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە جاھاندارچىلىق پرىنسىپلىرىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇلار بىردەك ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر بولغان. شۇنداق بولغاچقا، ئىجادىيەت خاسلىقى باشقا تىپتىكى ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلەردىن ئىجادىي پائالىيەتلەرگە زۆرۈر بولغان نورمال، ساغلام، پىسخىك ھالەتنى دائىمىي ساقلاش بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. يەنى ئىجاد قىلىدىغان ئادەم باشقىلاردىن پىسخىك تۇرمۇشىدىكى ئاكتىپلىق، مۇقىملىق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بىز ئىنسانىيەتكە ۋە ئادىمىي تۇرمۇشقا بولغان قىزىقىش ۋە قىزغىن مۇھەببەتكە ئىگە ئادەمدىلا ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان غۇرۇر

ئۆرلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىساق، ئۆزىمىزنىڭمۇ مۇشۇنداق ئاكتىپ ھەم مۇقىم بولغان پوزىتسىيە تۇرغۇزغاندىلا، ئىجادىي پائالىيەتنىڭ ئېگىزلىك شەرتىنى ھازىرلاپ، ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قۇدرەتنى باشقىلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقىدىغان ئىجادىي پىكىرلەرگە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىمىزنى، دېمەك، ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن روھىي ھالىتىمىزنى خاسلاشتۇرغۇچىلاردىن بولۇشىمىز لازىملىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداقمۇ؟ بىز ئىجادىيەت پاراسىتىنى قوزغىلاشقاندا، ئىنسانىيەتنى توسالغۇلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئالغا باسالايدىغان، تېخىمۇ گۈزەل ۋە بەختلىك ھايات مەنزىلىگە يېتەلەيدىغان قىلىشنى ئويلايمىزمۇ؟ بۇنداق ئالىيجاناب ھەرىكەت قانداقمۇ ئالىيجاناب روھ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىدىيىنىڭ باشلامچىلىقىدىن، نورمال، ساغلام، تۇراقلانغان پىسخىك پەزىلەتلەرنىڭ يېتەكلىشىدىن ئايرىلالىسۇن! روشەنكى، ئادەمدىكى ئىجادىيەت پاراسىتىنى ئالدى بىلەن ئادەمدىكى ستىخىيە، ئۆزگىچىلىك، يېگانىلىقنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ئىجادىيەت نەتىجىسىنى ئادەمنىڭ ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىدىكى ئالاھىدە تالانت كۆرسىتىش دېگەندىمۇ ئۇنىڭ ياراتقان قىممىتى ئىندىۋىت بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتكە قارىتا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەتتە چېكىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

— ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشقانلار، — دەيدۇ ئىلىمنىڭ گىگانت چولپانلىرىدىن بولغان ئېينىشتېين، — ئەڭ قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك، بۇنداق ئېيتىش پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا. ئەمما، كىشىلەر بۇ ئادەملەرنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا



يولۇقىدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ناھايىتى سەممىيەت بىلەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىر ئادەمنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى خىزمىتى ئۇلارنى مەنىۋىلىكنى ئۆستۈرىدىغان خىزمەتلەرگە ئىشتىراك قىلدۇرۇش ھەمدە شۇ ئارقىلىق ۋاسىتىلىك ھالدا ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆستۈرۈش بولۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىش خۇسۇسەن بۈيۈك سەنئەتكارلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئازراق دەرىجىدە بولسا ئالىملارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. دۇرۇس، بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆستۈرىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ تەبىئىتىنى بېيىتىدىغان نەرسە ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى چۈشىنىش قىزغىنلىقى، ياكى يورۇتۇش خاراكتېرىدىكى ئەقلىي ئەمگەك①.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بىر ئادەم ئىلمىي نەتىجە ياراتقاندا ئالدى بىلەن گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچى مەنىۋى دۇنياغا تايىنىدۇ. ئەگەر بىز نەتىجە بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىپ، مەنىۋى ئۈستۈنلۈك، پاكلىقنى قوغلاشمىساق، ئۆزىمىزنىڭ ياراتقان نەتىجىلىرىمىزنى قوغدىيالمايلا قالماستىن، كېيىنكىلەرنىڭ ئىجادىيلىقىغا يول ئاچىدىغان مەنىۋى ئوزۇقمۇ قالدۇرالمايمىز. بۇنداق ئىكەن، مەنىۋى دۇنيانى ئۆستۈرۈش، ئالىيجانابلىقنى، باتۇر ئىجادىيەت جاسارىتىنى يېتىلدۈرۈش، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلگىرىلەش روھىدا تۇرۇپ، چېكىنىشكە قارشى نۇر تارقىتىش خاسلىق يېتىلدۈرۈشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە بولىدۇ. بىر - ئىككى خىل نەتىجە بىلەن توختاپ قالماي، ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب مەنىۋىلىكنى قوغلىشىش ئېينىشتېيننى دەرىجىمۇ دەرىجە ئاتلىنىپ دەۋر بۆلگۈچ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ ئادەمنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان يېگانە مۆجىزى ۋە ھالقىش پاراسىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ نام - مەنپەئەت

① «ئېينىشتېين ئەسەرلىرىدىن تەرجىمە» خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 36 - بەت.

قوغلاشماي تۆھپە قوشۇشنىلا ئويلايدىغان قىممەتلىك پەزىلىتى
ۋە ھەرىكەت مىزانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مانا بۇ خاسلىق تەر-
بىيىسىدە ھەممىسىنى ئىسىمىزدە ساقلاشقا تېگىشلىك ئۈلگىدۇر.

تەجرىبىلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئامىللار-
نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئادەمنىڭ خاراكتېرى شەكىللىنىش
مەزگىلى، تۇراقلىنىش مەزگىلى، پىشىپ يېتىلىش مەزگىلى ۋە
ئالمىشىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى، ئوخشىمىغان
مەزگىللەردە خاسلىقنىڭ يادروسى بولۇپ تۇرغۇچى جاھاندارچى-
لىق پرىنسىپلىرى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىندىۋىدۇ-
ئاللىق ئىپادىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى، ئىجادىي
خاسلىقنىڭ تۇغما، ئۆزگەرمەس بولماستىن، بەلكى بەلگىلىك
شارائىتتا شەكىللىنىدىغان، يېتىشتۈرۈلىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرۇلى-
دىغان، شۇنداقلا غەيرىي ئىجادىي بولغان خاسلىقتا ئۆزگىرىپمۇ
كېتىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، ئېينىشتېيىندەك ئالىملارنى ئۈلگە
قىلىپ، مەنىۋى دۇنيانى ئۆستۈرۈش تېخىمۇ مۇھىمدۇر.

يەنە كېلىپ، خاسلىق ئادەمنىڭ غەيرىي ئەقلىي بولغان
پسىخىك پەزىلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمدىكى غەيرىي
ئەقلىي ئامىللار ئادەمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى، روھىي ئەھۋالى،
پسىخىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئادەمنىڭ
پائالىيەتلىرىدە باشقا ھېچنېمە ئورنىنى باسالمايدىغان يېتەكلەش
(يول باشلاش) ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتىكى
قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. ياخشى پەزىلەت ئامىللىرى ئىجادىي قابى-
لىيەتنىڭ كاتالىزاتورى، قۇۋۋەت مەنبەسى بولسا، ناچار پەزىلەت
ئامىللىرى ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ يۈرىكىگە قادالغان تىغ، كۆزى-
گە قادالغان مىخ بولۇپ، ئىجادىي قابىلىيەتنى ۋەيران قىلىدۇ.



شۇڭا، ئۇنى داۋاملىق توغرا بىلىۋېلىپ ئۇنىڭدىكى پايدىلىق
ئامىللارنى ئۆستۈرۈش بىر ئادەمنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىجا-
دىي خاسلىقىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئەلا تەدبىر بولسا، ئۇنىڭغا سەل
قاراش ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلماسلىق كىشىنى غەيرىي ئىجادىي
خاسلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق خەۋپ بولىدۇ. شۇڭا، ئىجا-
دىي خاسلىقتا بىزنىڭ ئاساسلىق كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز، ئەمەلى-
يەت جەريانىدا ئالغا ئىنتىلىدىغان ئىزدىنىش روھىدا ۋە يېڭىلى-
نىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئۆزىنى بىلىش
ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشتا چىڭ تۇ-
رۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك قوغلىشىدىغان باتۇر-
لۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچكى دۇن-
يادا تۇراقلانغان خاسلىق پەزىلىتىگە، ئىجادىي بولغان كىشىلىك
تۇرمۇش پوزىتسىيىسىگە، ئىجادىي قابىلىيەتنى كۈچلۈك قوزغاي-
دىغان ئىچكى ستېخىيىگە ئايلاندۇرۇش بولۇشى كېرەك. ئەگەر
ئادەم ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ مۇشۇ دەرىجىگە يەتسە، مەيلى ئۆز
ئىجادىيىتى جەريانىدا قانداق شەكىللەرنى قوللانسۇن، مەيلى
چوڭقۇر خىياللارغا بېرىلىپ مەستانە بولۇپ كەتسۇن ۋە ياكى
شۇ ئىش ئۇنىڭ پۈتۈن روھىي دۇنياسىنى چۇلغىۋالسۇن، ئۇ يە-
نىلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.
بۇنداق ئىكەن، ئىجادىي خاسلىقنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى نېمە؟

## 2. ئىجادىي خاسلىقنىڭ مەزمۇنى

ئىجادىيەت خاسلىقى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش
جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە

ھەرىكىتىنى تەڭشەپ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە لايىقلاشتۇرىدىغان ئىندىۋىدۇئال پسىخىك پەزىلەتلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېھتىياج، خاراكتېر، ھېسسىيات، ئىرادە، ئاقىلانىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېھتىياج بىلەن خاراكتېر خاسلىقتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

مەيلى ئىلمىي ئىجادىيەت بولسۇن ياكى بەدىئىي ئىجادىيەت بولسۇن، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاساسەن ئالىملار بىلەن سەنئەتكارلاردىن ئىبارەت شەخسلەر تەرىپىدىن بېجىرىلىدۇ. بۇنداق ئىجادىيەتلەر گەرچە كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيىتى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى ئاساسىدا بەرپا بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادىي خاسلىق مەسىلىسى — ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى يادرولۇق مەسىلە، شۇنداقلا پسىخىكا تەربىيىسىدىكى نۇقتىدۇر.

ئىجادىيەت خاسلىقى ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا شەكىللىنىدىغان ۋە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، ئادەم ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت خاسلىقىغا سىنىپىي تامغا بېسىلىدۇ. يەنە ھەربىر ئادەم مەلۇم مىللەت تەۋەلىكىدە بولغاچقا، ئۇنىڭغا مىللىي ھېسسىيات تامغىسىمۇ بېسىلىدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مىللەتلىك ئابستراكت ئىرقىي خۇسۇسىيەتنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت تارىخى كىشىلەرنىڭ خاسلىقىغا ئېلىپ كەلگەن پەزىلەت ئورتاقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزدىكى بەزى پسىخولوگلار ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى شارائىتىدا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجادىيەت روھىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بېيىتقان بولسىمۇ، دوگماتىزم بىلەن فېئوداللىقنىڭ تەسىرى بەزى ئادەملەرنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغاچقا،



يېڭىلىق يارىتىدىغان ۋە ئىجاد قىلىدىغان ئادەملەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە زەربىگە ئۇچراپ كەلدى. دۇنياغا يۈزلىنىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەر بىلەن مۇسابىقە ۋە رىقابەت قىلىش ئۈچۈن مىللەتلىرىمىزنىڭ مىللىيەتلىكىدە جەزمەن يېڭىلىنىش بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەرقانداق مىللەتتە ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىجادكارلىق بولىدۇ. لېكىن ھەربىر مىللەتنىڭ مۇھىتى پەرقلىق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پەزىلەتنى چۈشىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق پسىخولوگ تورّرانىسە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيلىق قىلىشىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ھەر خىل دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئەڭ ئەلا پەزىلەتكە بولغان قاراشلىرىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تېپىپ چىققان.

تۆۋەندىكى بەش دۆلەتتىكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىدە بۇنداق ھالەت ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تەجرىبە جەدۋىلىنىڭ ھەربىرىدە تۈرلۈك ئالاھىدىلىك كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 60 تۈرلۈكنىڭ 50 نەچچە تۈرلۈكى تەجرىبە تەتقىقاتىدا ئىجادىيلىق بىلەن ئوڭ ياكى تەتۈر باغلىنىشتا بولىدىغانلىقى بېكىتىلگەن. تورّرانىسە ئالدىنقى بەش دۆلەت ئوقۇتقۇچىلىرى جەدۋەللەشتۈرگەن 10 دەرىجە ئىچىدىكى پەزىلەت دەرىجىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرگەن:

## ئوقۇغۇچىلاردىكى ئىجادىيەت بىلەن باغلىنىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىشى

| فىلىپپىن | گرېتسىيە | ھىندىستان | گېرمانىيە | ئامېرىكا |
|---|---|---|---|---|
| تىرىشچان | زېھنى تولۇق | ھەيران بولىدىغان | سەممىي | مۇستەقىل ئويلايدىغان |
| ئىتائەتچان | ئۇلۇغ كۆرەش نىشانى بار | ئىتائەتچان | يۇمۇرلۇق | ھەيران بولىدىغان |
| ئەدەبلىك | ئوزۇل كېسىل | ۋاقتىدا ئىشلەيدىغان | تىرىشچان | يۇمۇرلۇق |
| ساغلام | سەممىي | ئەدەبلىك | مۇستەقىل ئويلايدىغان | ئەپۇچان |
| ئەپۇچان | قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدىغان | ساغلام | قېيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان | تىرىشچان |
| ۋاقتىدا ئىشلەيدىغان | خاتىرە قابىلىيىتى ئەلا | ئۆزگە ئىشىنىدىغان | مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىدىغان | كەمتەرلىك بىلەن دەرس ئاڭلايدىغان |



داۋامى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۆزگە ئىشىنىدىغان | ساغلام | تەشەببۇسكار | ھەيران بولىدىغان | قەتئىي |
| خاتىرە قابىلىيىتى ئەلا | شەخسىيەتچى ئەمەس | تىرىشچان | ئۆزگە ئىشىنىدىغان | تەشەببۇسكار |
| نوپۇزغا ھۆرمەت قىلىدىغان | ئۆزگە ئىشىنىدىغان | دىلخۇمار | ساغلام | سەممىي |
| دىلخۇمار | ئەدەبلىك | قەتئىي | تەۋەككۈلچى | ئوزۇل - كېسىل |

نوقۇتقۇچىلار پەزىلەت دەرىجىلىرىنى ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، توررانىسە يەنە 10 نەپەر ئىجادىيەت پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىمنى Q — sort تېخنىكىسىنى قوللىنىپ 62 تۈرلۈك پەزىلەتنى دەرىجىگە ئايرىتقان. بۇ چاغدىمۇ ئىجادىيلىق بىلەن باغلىنىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەردە ئىپادىلىنىشى پەرقلىق بولغان. دېمەك، ئىجادىيەت خاسلىقىنى يېتىشتۈرۈشتە ھەممە مىللەتلەردىكى ئورتاق تەرەپلەرنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىر چاغدا پەرقلىق تەرەپلەرگىمۇ قاراشقا، ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ مۇھىتلىرىدىكى ئىجادىي خاسلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۇيغۇن بولمىغان تەرەپلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن تەربىيىلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئىجادىي خاسلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرى مالىمانچىلىق ۋە تۈرلۈك پسىخىك ئاجىزلىقلار تۈپەيلى ھالاكەتكە يۈزلەنگەچكە، مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك بولىدۇ. چۈنكى، خاسلىق

مۆزلۈكىدىن پەيدا بولمايدۇ، بەلكى جەمئىيەت تەربىيىسى نەتىجىسىدە ئۆسۈپ بارىدۇ. ناۋادا بىر مىللەت ھەممە خۇراپىيلىق ۋە زەئىپ، بىكىنمە پىسخىك خۇسۇسىيەتلەرگە يېقىن بولسا، ئۇنىڭ ئىجادىي خاسلىق يېتىشتۈرۈشى قىيىن بولىدۇ.

لېكىن، خاسلىققا بېسىلغان مىللىيەتلىك تامغىسى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، سىنىپىي تامغىغا تەۋە بولغاچقا، مىللىيەتلىك خاسلىقنىڭ ئاساسىي تەرىپى بولالمايدۇ. ئىجادىي خاسلىقنىڭ سىنىپىيلىقى شەخسنىڭ دۇنيا قارىشىدا مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئېتىدۇ. شەخسنىڭ ئېتىقادى ۋە غايىسى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ئاساسىدا تىكلىنىدۇ. شۇڭا، دۇنيا قاراش خاراكتېرىنىڭ ئومۇمىي خاھىشىنى، يەنە رېئاللىققا بولغان پوزىتسىيىسىنى، مەقسىتىنى ۋە خاسلىقتىكى پىسخىكىلىق پەزىلەتنى بەلگىلەيدۇ.

ئەمما، خاسلىق ئادەمنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىدىنمۇ چوڭقۇر، يوشۇرۇن بولىدۇ ھەمدە مۇقىملىق ۋە خاھىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ شەكىللەنگەن ھامان ئۆزىنىڭ خاھىشچانلىقى بىلەن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى تەڭشەيدۇ. تاشقى مۇھىت ئىجادىيەت خاسلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە باسىدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۆزىنى بەرپا قىلغان ئاشۇ مۇھىتقا قارىتا قوغدىنىش پوزىتسىيىسىدە تۇرىدۇ. تېخى بۇنىڭدىنمۇ تەرەققىي قىلىپ، خۇددى ئىجتىمائىي مۇھىت پىسخىك خاسلىقنى پەيدا قىلغاندەك، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىجتىمائىي مۇھىتنى يېڭىباشتىن ئۆزگەرتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىجادىيەت خاسلىقى ئادەملەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئىجادىيەت خاسلىقى تەركىبىدىكى ھەربىر مەزمۇن ئىجادىيەتنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىجادىيەت خاسلىقىنى تەشكىل قىلىۋاتقان ئامىللارنىڭ رولىنى تولۇق مۆلچەرلەش كېرەك.

ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجادىيەت ناھا-



يىتى مۇرەككەپ بولغان پىسخىك جەريان بولغانلىقتىن، خاسلىقنىڭ ئىككى سىستېمىسىنى تولۇق ئىشقا سالىدىغان خاسلىققا ئىگە بولغاندا، ئاندىن چوڭ - كىچىك ئىجادىيەت جەريانلىرىنى ئورۇنداپ نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئىجادىي پائالىيەتنى بىر ئادەمنىڭ كۈچلۈك ئىجادىيەت مۇددىئاسى (ئېھتىياج) تۈرتكىلىكىدە، ئۆزىنىڭ تۈرلۈك بىلىش قابىلىيەتلىرى (پاراسەت قابىلىيەتلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئىچكى ۋە تاشقى ماتېرىيالغا تەتبىقلاش ئارقىلىق بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدىغان جەريان دەپ چۈشىنىمىز.

مۇنداق ئىكەن، مۇكەممەل بولغان خاسلىق سىستېمىسى نۇقتىئىنەزەرىنى ئاساس قىلغاندا، خاسلىقنىڭ ئىجادىيلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى تەرىپىنى، يەنى ئىجادىيەت ئېھتىياجى بىلەن ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ھەمدە بۇ ئىككى تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن ئامىللارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ماسلاشقان تەڭپۇڭلۇق بىرلىكىشىنى نەزەردە تۇتىمىز.

ئېھتىياجنىڭ ئىجادىيەتتە تۇتقان ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا: (1) ئىجادىيەت ئېھتىياجى بىئولوگىيىلىك دائىرىدە ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھايات دائىرىسىدە بولىدۇ؛ (2) ئىجادىيەت ئېھتىياجى ئىنسانىيەتتە تۇغما بولغان «تەبىئىي ماھىللىق» ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت ئارقىسىدا ئېرىشىلگەن ھەرىكەت ئەندىزىسى بولىدۇ؛ (3) ئىجادىيەت ئېھتىياجى يالغۇز بىر تۈرلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ تەقەززاسىدا ئەمەس، بەلكى بىرمۇنچە ئېھتىياجلاردىن تەركىب تاپقان «بىرىكمە» بولىدۇ. پاتېنتقا ئىگە بولغان بىر ئىختىراچىنىڭ ئىجادىيەت ئېھتىياجىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ قۇرۇلمىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە مۇددىئا بولىدۇ: ۋەتەن ھەم خەلقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، ئابرويىنى ئۆستۈرۈش، پۇل تېپىش، تارىختا ئۇنتۇلمايدىغان ئورۇنغا ئۆتۈش، ئۆز ئىجادىيىتىدىن زوقلىنىش ۋە باش-

قىلاۋ. شۇنداق بولغانلىقتىن، داڭلىق ئالىملار ۋە باشقا كارامەت كۆرسەتكەنلەر بىر – بىرىدىن ئەقلىي ئۈستۈنلۈك جەھەتتە پەرقلىنىپ تۇرىسىمۇ، لېكىن ھەممىسىدە كۈچلۈك ئىجادىيەت مۇددىئاسى بولغانلىقتىن، ئوخشىمىغان ساھەلەردە باش كۆتۈرىدۇ. بىر ئۆمۈر پايپاسلاپ يۈرۈپ نەتىجە چىقىرالمايدىغانلار تالانت ياكى تۇغما ساپاسىنىڭ كەملىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى زۆرۈر بولغان ئىجادىيەت مۇددىئاسىنىڭ كەملىكىدىن ئۆمرىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا ئىجادىيەت ئېھتىياجى بىلەن ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى بىرلىكتە كەلتۈرۈشتە، ئىجادىيەت ئېھتىياجى ئىجادىي خاسلىقنىڭ يادروسى بولىدۇ. شۇ تۈپەيلى، ئىجادىيەت ئېھتىياجى ئىجادىي پائالىيەتلەردە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئېھتىياجنى ئالدىنقى ۋە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ چۈشىنىمىز.

دەرۋەقە، مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ياكى تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى كۈچلۈك ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە ئەلا ئىجادىي ئىقتىدارنىڭ تەقەززاسىدا بولىدۇ، يەنى ئىككى تەرەپ تەڭ مەۋجۇت بولماي بولمايدۇ. بىراق، ئىجادىيەت ئېھتىياجىنىڭ بولماسلىقى تۇغما شەرتلەر ۋە قابىلىيەتلەرنىڭ ئاجىزراق بولۇشىغا قارىغاندا، ئىجادىي پائالىيەتكە تېخىمۇ كۆپ تەسىر يەتكۈزىدۇ. تۇغما شەرتلەر ۋە قابىلىيەتلەر سەل تۆۋەنرەك بولغان تەقدىردىمۇ ئىجادىيەت ئېھتىياجى ساغلام (ئىنسانىيەت ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئالىيجاناب ۋىجدان) بولغاندا، مەلۇم ئىجادىي قابىلىيەتلەرنىڭ كەملىكىنى پەزىلەت ياكى بىلىم، ماھارەت جەھەتتىكى تولۇقلاشلار بىلەن ئۈستۈرۈپ، ئىجادىيەتنى باشقا چىقارغىلى بولىدۇ. دېمەك، ساغلام خاسلىقتا مۇددىئا — ئېھتىياج سىستېمىسى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، يادرولۇق رول ئوينايدۇ. بۇنىڭغا ياندىشقان ھالدا خاسلىقنىڭ



شەكىللىنىشىگە مىجەز، خاراكتېر قاتارلىقلار مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئېھتىياج – خاسلىق ئاكتىپچانلىقى ۋە شەخسىي پائالىيەتنىڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولۇپ، ئىجادىيەت خاسلىقى قۇرۇلمىسىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئېھتىياج ئادەم ئورگانىزمىنىڭ بەلگىلىك تۇرمۇش شارائىتىغا بولغان تۈپ تەلپىي بولۇپ، بۇنداق تۇرمۇش شارائىتلىرى بولمىغاندا، ئادەم ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. ماددا ئالمىشىش بارلىق ئورگانىزملارنىڭ ئەڭ ئاددىي ھەم ئەڭ نېگىزلىك ئېھتىياجى بولغانلىقتىن، ھاۋا ياكى ئوزۇقلۇق ئۈزۈلۈپ قالغان ھامان ئورگانىزم ئۆلىدۇ. ئورگانىزمدىكى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ مەقسىتى ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇتلەق شەرت قىلىنىدىغان نەرسىلەرگە بولغان تەلەپنى قاندۇرۇشتۇر. بارلىق مەۋجۇداتلاردا مۇنداق تەلەپ بولغانىكەن، ئادەممۇ بۇنىڭ سىرتىدا بولمايدۇ. بىراق ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ھايۋانات ئېھتىياجىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، خالاس. شۇنداق بولغاچقا، خاسلىق ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەر ئادەمنىڭ ئېھتىياجىدىن پەيدا بولىدۇ. ئېھتىياج كىشىلەر تۇرمۇش ۋە ئەمەلىيىتىدە موھتاج بولغان شەيئىلەرنىڭ مېڭىدىكى ئىنكاسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى خاسلىق پسىخىك پائالىيىتىنىڭ خاھىشچانلىقىنى نامايان قىلىدۇ ھەمدە ئادەمنىڭ رېئاللىققا بولغان تۈپ پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئىندىۋىدتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېھتىياج ئادەمنىڭ ھەرىكەت ۋە تەرەققىياتىدىكى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ، ئادەم ئېھتىياجىنىڭ خاراكتېرى خاسلىقنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېھتىياجدىن باشقا خاسلىق پسىخىك ئامىللىرى بولغان مىجەز، ھېسسىيات، ئىرادە، قابىلىيەت، قىزىقىش، خاراكتېر... قاتارلىقلار پەقەت مۇددىئا – ئېھتىيا-

ياج سىستېمىسى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىشىشى كېرەك، ئاندىن مۇكەممەل خاسلىق قۇرۇلمىسى شەكىللىنىدۇ. مۇكەممەل خاسلىق قۇرۇلمىسى ھاسىل بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنى ئىجادىي خاسلىق دېگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، خاسلىق تەركىبىدىكى ھېسسىيات ئامىلى ناھايىتى مۇھىم، ئەمما بىر ئادەمدە يالغۇز ئىرادە پەزىلىتى ۋە مۇۋاپىق مىجەز تەبىئىتىگە ماسلىشىپ بېرىش شەرت بولىدۇ. تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئۆتۈپ كەتكەن قىزغىنلىقلا بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمىگەندە ئىش ئۆز ئەكسىگە قايتىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەقسىتى ئېنىق ھەم سۇباتلىق بىر ئادەمنىڭ ھە دېسىلا توڭلۇق قىلىشىمۇ كىشىنى يىرگىندۈرىدۇ.

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە تەتقىقاتى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئادەم ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى بىلەن تۇراقلىقلىقى ئادەمنىڭ خاسلىقىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە تۇراقلىق بولۇشىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى خىلمۇ خىل بولىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ مەڭگۈ بىر سەۋىيىدە قانائەتچانلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادەمنىڭ خاسلىقىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئادەم ئېھتىياجىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە تۇراقلىنىشى ئادەمنىڭ پەزىلىتى، خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئادەمنىڭ پەزىلىتى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خاھىشچانلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئادەم ئۆز ئېھتىياجىنى قامداش جەريانىدا سان - ساناقسىز يېڭى ئېھتىياجلارنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنداق يېڭى ئېھتىياجلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تۇراقلىنىپ تۇرۇشى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خاھىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر خىل تەبىئىيلىك كىشىلەرنى ئاڭلىق تۈردە توختىماي يېڭىلىق يارىتىشقا ئۈندەيدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە



شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئاشۇنداق ئېھتىياجلارنىڭ ئۇنىۋېرسال رولى جۇشقۇن راۋاجلانغان ئىجادىيەت تارىخىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، بىر خىل نەرسىگىلا تىكىلگەن ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئىنتىلمىگەن ئادەملەردە ئىجادىي ئىقتىدار قۇرۇيدۇ.

خاسلىق ئىككى سىستېما تەرەپتىكى ئۈچ خىل سەۋىيىگە ئىگە قاتلاملىق قۇرۇلما بولغانلىقتىن، ئېھتىياجمۇ ئۈچ قاتلاملىق بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجادىيەت پاراسىتى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئادەمنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى بولۇپ، ئۇ ئادەم ھاياتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەلا سۈپەتلىك بولۇشىدىكى مۇھىم ئالغا سۈرگۈچىدۇر. بۇنداق مەنىۋى ئېھتىياج يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەن قاتلاملىق ئېھتىياج ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىياجى ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن ئىبارەتتۇر.

مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجى ئىنسانىيەتكە ئالاھىدە بولىدىغان ئېھتىياج بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي ئېھتىياجدۇر. ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئەخلاقىي خۇسۇسىيەت ۋە ئەخلاقىي مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. ئادەمنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكى بىلەن فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىك ئېھتىياجلارنى تەقەززا قىلىدۇ ھەمدە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئېھتىياجلارنى بەلگىلەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ تەقەززا قىلىدۇ. خاسلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئادەمنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاقىي خىسلىتى، غايە قاتارلىق مەنىۋى ئېھتىياجلارغا بولغان قوغلىشىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. مۇنداق يۈزلىنىش ئادەمنىڭ خاسلىقىنى كۈندىن - كۈنگە ئەقىلغا مۇۋاپىق قىلىپلا قالماستىن، خاسلىقنىڭ مەزمۇنىنىمۇ بېيىتىپ بارىدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى پەيدا قىلىدىغان يېڭى مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ روھىي، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش تەرەپلەردىن

ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىرىغا بولغان قوغلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كەلگۈسى ئادەملەر پۈتۈنلەي يېڭىلانغان خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ماڭىدۇ. شۇڭا بىز خاسلىققا تۇپلۇك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئېھتىياجنى بىر پۈتۈن باغلىنىش ھالىتىدە چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئېھتىياج قۇرۇلمىسىغا نەزەر تاشلايمىز:

ئېھتىياجنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلمىسىدىن مەلۇمكى، ئېھتىياج خۇددى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇجەسسىمى بولغان ئادەمنىڭ ئۆزىدەك مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنى پەقەت ئەڭ تۆۋەن ھەم ئەڭ ئالىي ئېھتىياجغا ئايرىپ تۇرۇپ چۈشىنىش كېرەك. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئېھتىياج بىئولوگىيىلىك تەركىبلەرنى كۆپرەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، ئۇمۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ماددىي نەرسىلەرگە بولغان ئېھتىياج شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە ماددىي نەرسىلەرنى ئىگىلەشنى نېگىزلىك ئالاھىدىلىك قىلىدۇ. فېئوداللىق ۋە كاپىتالىستىك ئىگىلىك ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتلەردە ھوقۇق ھەم پۇلغا چوقۇنۇش ۋە ئۇلارنى قوغلىشىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئېھتىياجى تېخىمۇ مول ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، بۇمۇ ماددىي ئېھتىياج ئاساسىدا شەكىللىنىپ، مەنىۋى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى ئاساسىي بەلگە قىلىش بىلەن غايە قوغلىشىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بولغان بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، بىز مۇشۇ ئىككى خىل ئېھتىياجنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشنى، ئەڭ تۆۋەن دەپ ئاتالسىمۇ ئادەمنىڭ نېگىزلىك ئېھتىياجى بولغان بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئاساسىدا ئەڭ ئالىي بولغان



مەنىۋى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى تەكىتلەيمىز. ئەڭ ئالىي مەنىۋى ئېھتىياج ئادەتتە ئىجتىمائىي خاھىشچانلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خاھىشچانلىقى جەمئىيەت ۋە باشقىلارغا مۇئامىلىدە بولغاندا، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش، ھېسداشلىق قىلىش، ئۇچۇق كۆڭۈل بولۇش بىلەن شەخسىيەتچىلىك قىلىش، باشقىلارنى بوزەك قىلىش، قارا نىيەتلىك قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەمگەككە مۇئامىلە قىلغاندا، ئەمگەكچانلىق، ئىجادچانلىق ئەستايىدىللىق بىلەن ھورۇنلۇق، بىپەرۋالىق، كونسېرۋاتىپلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ماددىي بۇيۇملارغا مۇئامىلە قىلغاندا، تېجەشلىك بولۇش، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسراش بىلەن ئىسراپچىلىق قىلىش، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى بۇزۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىدە پرىنسىپاللىق، ئىنتىزامچانلىق، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش، پايدىلىق ئىشلارغا باتۇرلۇق قىلىش بىلەن پرىنسىپسىزلىق، ئىنتىزامسىزلىق، ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈش، جاھىللىق، قورقۇنچاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىز خاسلىق تەربىيىسىدە مۇشۇنداق تۆت جۈپ زىددىيەتنىڭ ئاكتىپ تەرىپىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ، پاسسىپ تەرىپىنى چەكلەشنى ۋە تىرىشىپ ئۆزگەرتىشنى نەزەردە تۇتىمىز. خاسلىقتىكى ئاكتىپ ياكى پاسسىپ تەرەپلەر ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن يېتىلمەيدۇ، بەلكى تىرىشىپ ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش ۋە تەربىيىلەش جەريانىدا يېتىلىدۇ. مەسىلەن، كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقاندىلا كوللېكتىپنى قىزغىن سۆيىدىغان خىسلەتنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. كوللېكتىپنى ھەم ۋەتەننى كۆزلەيدىغان نىشان شەخسنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ شەكىللەنگەندىلا، كوللېكتىۋىزملىق ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك شەخسىيىتىنىڭ ئېتىقادىغا ئايلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئىجادىيەت تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن تۇغۇلىدۇ.

ئېچكى ئېھتىياج (مۇددىئا) يۇقىرى سەۋىيىلىك بولغاندا، پارلاق ئىجادىيەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش، خەلق ھەم ۋەتەنگە بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت كىشىلىك ھايات غايىسى تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، تاشقى كاشىلىلاردىن ساقلىنىپ ئالغا بېسىش ئادەمنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. بولۇپمۇ بىر ئادەمنىڭ ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى تاشقى كۈچ بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، تالانت بىلەن تاشقى توقۇنۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش، مەنىۋى دۇنياسىدا شوخشۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى ئاسراپ قېلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇش پارلاق ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان قوغدىنىش قابىلىيىتىدۇر. بىراق ھازىرقى دۇنيادا، خاسلىققا باي بولغان ئىجادىيەت پاراسىتى، ئىجادىيەت ئىقتىدارى، ئىجادىيەت ھەرىكىتىنى تولۇق، ئەركىن راۋاجلاندۇرۇش، ئىچكى مۇددىئا ناھايىتى دۇرۇس بولغاندىمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. دۇنيادا يېگىلىق يارىتىش بىلەن كونسېرۋاتىپلىق، پۇل ۋە مەنسەپكە چوقۇنۇش بىلەن ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىدىغان ئىجادىي ئەمگەككە ئىخلاس قىلىش، ئەقلىي رىغبەت بىلەن تەبىئىي مەئىللىك ئوتتۇرىسىدىكى تېكىشىرقاش يەنىلا مەۋجۇت. بەزى جايلاردا ھەتتا ئىجادىيلىقنىڭ دۈشمەنلىرى، نادان دۈشمەنلىرى بار. شۇنداق بولغاچقا، ئۆزىدە ناھايىتى ئۇلۇغ ئىجادىي قۇدرەت يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئادەممۇ بەخىرامان يۈرۈپ ئىجاد قىلىشنى ئويلاش تولىمۇ رومانتىك خىيال بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت مۇددىئاسى جەھەتتە يۈكسەك بولۇپ، بىر ئامىللار بىلەن تاشقى توسقۇنلۇقنىڭ يۈرەك يارىسى قىلىدىغان جەبىرلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە، قىيىنچىلىق ۋە دۈشمەنلىكنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە

پەسەيتىشكە تىرىشىش كېرەك! يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىچكى مۇددىئا (ئېھتىياج) دېگىنىمىز ئۆز ئاساسلىقى دائىملىق ئىنتىلىش پسىخىكىسى بىلەن دائىملىق قىزىقىش پسىخىكىسىدۇر. ئۇزاق - ئۇزاقلاردىن كۆنۈككەن بۇنداق دائىملىق پسىخىكا بىلەن قىزىقىش تەبىئىيكى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تاشقى توسۇقلاردىن مۇقىم، تۇراقلىق بولغان ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ھەدېسىلا ماختانغان ياكى ماختالغان، ئەمما چىن يۈرەكتىن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا ئايلانمىغان نەرسىلەرنىڭ ئەل قاتارى بولۇپ قېلىپ، كۆچەپ يوققا چىقىرىلغان، ئەيىبلەنگەن، ھەتتا ۋەيران قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى ئەنە شۇنداق ئىچكى دۇنيادىكى ئىجادىيەت مۇددىئاسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك بولغانلىقىدۇر. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى پۇل، ئابروي، مەرتىۋە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنى رېئاللاشتۇرۇش، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئىنسانىيەتنىڭ، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ماختاپ قويۇشى، ياردەم قىلىشى ياكى تىللاپ قويۇشى، توسۇپ قويۇشى بىلەن كېرىلىپ كەتمەيدۇ ياكى چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە خەلقتىن ئىبارەت ھۆرمەت دەرياسى مەڭگۈلۈك ئېقىپ تۇرغانلىقتىن. خەلققە پايدىلىق ئەڭ كىچىك ئىجادىيەت قەدەملىرىنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، ئۆزىدىكى ساغلام خاسلىقنىڭ يۈرەكنى ئويىنتىپ تۇرغان ھەربىر ئۇرغۇسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىگەندە باشقىلار ھېس قىلالمايدىغان خۇشاللىققا چۆمىدۇ. ئۆمەر ھەييام قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم ۋە يازغۇچىلار تىلىدىكى

# ئادەمنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجلىرىنىڭ قاتلاملىق قۇرۇلمىسى

- ئادەمنىڭ ئېھتىياجى
  - ئالىي دەرىجىلىك ئېھتىياج (مەنىۋى جەھەتتىكى قانائەتلىنىشنى بەلگە قىلىپ، غايىگە بولغان قوغلىشىشنى كەۋدىلەندۈرىدۇ)
    - باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئېھتىياجى
      - پىداكارلىق ئېھتىياجى
      - تۆھپە قوشۇش ئېھتىياجى
      - خىزمەت قىلىش ئېھتىياجى
      - باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئېھتىياجى
    - پائالىيەت ئېھتىياجى
      - ئەمگەك ئېھتىياجى، ئىجادىيەت ئېھتىياجى، ئىزدىنىش ئېھتىياجى گۈزەللىكتىن بەھرىمان بولۇش ئېھتىياجى، ماھارەت كۆرسىتىش ئېھتىياجى، ئويۇن - تاماشا ئېھتىياجى، ئۆگىنىش ئېھتىياجى. ئالاقە ئېھتىياجى
        - جەمئىيەت ئۈچۈن مەنپەئەت ئىزدەش ئېھتىياجى، ئىقتىدارلى ئىشقا سېلىش ئېھتىياجى
    - مۇناسىۋەت ئېھتىياجى
      - كوللېكتىپ ۋە ۋەتەننىڭ ئېھتىياجى
      - تەۋەلىك ئېھتىياجى
        - ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى
        - ھېسسىياتنى ئۇچراشتۇرۇش ئېھتىياجى
      - ئەۋزەللىك ۋە ھوقۇق ئېھتىياجى
      - ئىززەت ۋە ئىشەنچ ئېھتىياجى
  - تۆۋەن دەرىجىلىك ئېھتىياج (ماددىي جەھەتتىكى ئېگىلەشنى بەلگە قىلىپ، پۇل، مالغا بولغان قوغلىشىشنى كەۋدىلەندۈرىدۇ)
    - تەرەققىيات ئېھتىياجى
      - ئائىلە ئېھتىياجى
        - نىكاھلىنىش ئېھتىياجى
        - تەبىئىي كۆپىيىش ئېھتىياجى
      - ساغلاملىق ئېھتىياجى
    - ھاياتلىق ئېھتىياجى
      - بىخەتەرلىك ئېھتىياجى
        - مال - مۈلۈكنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجى
        - ھاياتنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجى
      - ئاسسىملاتسىيە ئېھتىياجى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي، كۈن نۇرى، ھاۋا، سۇ قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياج

مەي ئىچىپ مەستخۇش بولۇش مانا مۇشۇنداق خۇشاللىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مەنىۋى دۇنيادا ئىجادىيەت مۇددىئاسىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تاشقى بېسىمنى پەسەيتىشكىمۇ ماھىر بولۇش كېرەك.

بىز، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئېھتىياج قارىشى ئابستراكت بولغان ئىنسان تەبىئىتىنى ئەمەس، بەلكى رېئال، جانلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەمنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىلا ئادەمنىڭ خاسلىقىنى يۈكسەك پائالىيەتچانلىق ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە قىلىدۇ. ئالىي دەرىجىلىك ئېھتىياج ياكى ئىجتىمائىي ئالىي خاھىشچانلىقى — ئېتىقاد، غايە، پوزىتسىيە، مەيدان قاتارلىقلار ھاسىل قىلغان باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ئېھتىياجى — پۈتكۈل ئېھتىياج سىستېمىسىدا يادرولۇق رول ئوينايدۇ. مۇشۇنداق تەربىيىلەنگەن ئادەملەرنىڭ خاسلىقىدا ئىجادىيلىق بارغانسېرى يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتۈپ، خەلققە، ۋەتەنگە، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىدىغان روھ ئۇرغۇپلا قالماي، جېنىنى تىكىپ قويۇپ ۋەتەننىڭ تەرەققىياتى ھەم خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىجاد قىلىدىغان ساغلام خاسلىق شەكىللىنىدۇ، دەپ قارايمىز.

خاراكتېر. ئادەمنىڭ خاراكتېرىدە ئىككى تەرەپ بولۇپ، بىرى ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئادەم ۋە شەيئىگە تۇتقان ئاساسىي پوزىتسىيىسى بولسا، يەنە بىرى، ئۆزىنى ـ ئۆزى تەڭشەپ ماڭىدىغان ئۇسۇل ۋە ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ سۆزدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇكى، خاراكتېر — بىر ئادەمنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان ھەرىكەت ئۇسۇلىدىكى بىرقەدەر تۇراقلانغان پسىخىك خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەپ بېرىدىغىنى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىدۇر. ئادەمنىڭ خاراكتېرى بىلەن خاسلىق ئالاھىدە زىچ



مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر ئوخشاش بولمىغان ئەخلاقىي قىياپەت كۆرسىتىش بىلەن خاسلىققا تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېكىن بىر ئادەمنىڭ خاسلىقى ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاق كۆڭۈل، قىزغىن، خەيرىيەتلىك، باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەملەر كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئەخلاقلىق بولىدۇ ۋە شۇ تۈپەيلى ساغلام خاراكتېر كاتېگورىيىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، تەرسا، بەتخۇي، تەكەببۇر، ھارامزادە، ئىچى يامان، چېقىمچى ئادەملەر دېگەندەك ئەخلاقلىق بولالمايدۇ ۋە شۇ تۈپەيلى ساغلام بولمىغان خاراكتېر كاتېگورىيىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇلار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئوخشاش بولمىغان قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خاراكتېر ھەركىمدە پەرقلىق بولۇش بىلەن بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمدىن ئايرىشنىڭ مۇھىم پسىخىك ئاساسى بولىدۇ. مۇستەقىللىق خاراكتېرى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتى چوڭراق بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ پىكرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئىشارىتى بىلەنلا ئىش قىلىشقا كۆنگەن مۆمىن ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتى كىچىكرەك بولىدۇ. چۈنكى باشقىلارنىڭ پىكرىنى تەنقىدسىز قوبۇل قىلىش ئادىتى، ئىجادىي پائالىيەتتە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېڭىلىق يارىتىشقا قارشىدۇر.

خاراكتېرنى سۈرەتلەشتە، بىر ئادەمنىڭ بىرنەچچە خىل ئۆزگىچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ سۈرەتلەش ياكى بىر خىل ئۆزگىچىلىكنى ئاساس قىلىپ سۈرەتلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم ئادەمنى بىرنەچچە خىل ئۆزگىچىلىكى بىلەن مۇڭداشقاق، خۇش ئاۋاز، ئىرىشچان،

جەڭ ئېلان قىلىدىغان قابىلىيەت شەكىللىنىدۇ. ئىجادىيەتشۇناس جاك تاكشىنىڭ بۇنداق ئامىللارنىڭ ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىدە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن:

1. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان قەتئىي ئېتىقاد؛

2. سىرلىق نەرسىلەر ئىچىدىن ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى بىلىۋېلىش؛

3. يېڭى شەيئىلەرنى ئالدىن تۇيۇش؛

4. ئادەتتىكە ئايلىنىپ كەتكەن ھادىسىلەر، مۇنكىر - نەكىرلەر ۋە نوپۇز خاراكتېرىنى ئالغان شەيئىلەرگە قارىتا ئاقىلانە تەھلىل قىلىش، گۇمانلىنىش، تەنقىدلەش پوزىتسىيىسى؛

5. ئەركىن، جانلىق ۋە مۇستەقىل تەپەككۇر؛

6. خېيىم - خەتەردىن قورقماسلىق، ئۆز قۇدرىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەرقاچان ھېس قىلىش؛

7. قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرۈش ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان چىداملىقلىق.



帕力达洪
依马木艾山
阿达来提·牙合甫
王钧兵


**成 才 之 路**

斯拉木江·谢日甫 编

疆大学出版社出版发行
乌鲁木齐胜利路14号 邮编：830046）
新疆新华印刷二厂印刷
0×1168毫米 32开本 18.375 印张
年11月第1版 1996年11月第1次印刷
印数：1——5000册

631—0806—8/G·461 定价：15.80元